


ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە مەجمۇئەسى

# قەشقەرنى ئەسلەيمەن

دىپلوماتىيە ئەمەلدارى خانىمىنىڭ ئەسلىمىسى

كاتارىن ماكارتنىي ( ئەنگلىيە )

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى


ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە مەجمۇئەسى

# قەشقەرنى ئەسلەيمەن

## دىپلوماتىيە ئەمەلدارى خانىمىنىڭ ئەسلىمىسى

كاتارىن ماكارتنىي ( ئەنگلىيە )

تەرجىمە قىلغۇچى : مەريەم مەتتىمىن



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

一个外交官夫人对喀什噶尔的回忆:维吾尔文/(英)马嘎特尼著;王卫平汉译;玛丽亚木维译,乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.9

ISBN7-228-06035-0

Ⅰ.一… Ⅱ.①马…②王…③玛… Ⅲ.马嘎特尼-回忆录-英国-维吾尔语(中国少数民族语言)

Ⅳ.K835.617

中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第69880号

一个外交官夫人对喀什噶尔的回忆

(维吾尔文)

〔英〕凯瑟琳·马嘎特尼 著

玛丽亚木·买买提明 译

---

新疆人民出版社出版

(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)

新疆新华书店发行

新疆工人时报印刷厂印刷

850×1168毫米 32开本 8.5印张 2插页

2000年9月第1版 2000年9月第1次印刷

印数:1—3,000

---

ISBN7-228-06035-0/K·873 定价:11.90元

# دىپلوماتىيە ئەمەلدارى خانىمى ۋە قەشقەر مېھرى

## مۇقەددىمە

ياڭ لىيەن

غەربىي رايونغا كۆڭۈل بۆلۈش ، غەربىي دىيارنىڭ يۈز يىللىق ئېكسپېدىتسىيە تارىخىغا كۆڭۈل بۆلۈش ھازىر كىتابخانلار ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئالاھىدە بىر كىتاب ئوقۇش خاھىشى ئىكەنلىكىگە كىشىلەرنىڭ دىققىتى چۈشكىلى خېلى ۋاقىت بولۇپ قالدى . بۇ چوقۇم 20 ـ 21 ـ ئەسىردىكى «يىپەك يولى قىزغىنلىقى » نىڭ داۋاملىق تۆردە ئۆرلەۋاتقانلىقى ،« كەڭ غەربىي شىمالنى ئېچىش » ۋەزىيىتىنىڭ مۇقەررەرلىكى ، جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىغا ئېتىبار بېرىۋاتقانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك .

ھازىر ئۈستىلىمدە :« غەربىي دىيار ئېكسپېدىتسىيە مەجمۇئەسى » گە كىرگۈزۈلىدىغان ئىككى قىسىم ئورىگىنال بار . بۇنىڭ بىرى ، كاتارىن ماكارتنېينىڭ ۋاڭ ۋېيپىڭ تەرجىمە قىلغان مەشھۇر ئەسىرى « قەشقەرنى ئەسلەش » ؛ يەنە بىرى دىئانا سىپتوننىڭ سۈي يەنخۇ تەرجىمە قىلغان داڭلىق ئەسىرى « قەدىمىي ماكان » . ئاپتورلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئەنگلىيە دىپلوماتىيە ئەمەلدارىنىڭ خانىمى .

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەشقەر ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە خېلى كۆپ ساندىكى كىشىلەر نەزەرىدە ئادەمنى قىزىقتۇرىدىغان ئەمما سىرلىق ، چۈشىنىش قىيىن ھەمدە بارماقمۇ تەس بىر ئۆزگە ئەل شەھىرى بولۇپ كەلگەنىدى .

19 ـ ئەسىر تارىخىدىكى چوڭ بىر ۋەقە ، يەنى ئەنگلىيە ئىمپېرـ

پىسىنىڭ جەنۇبىي ئاسىيادىكى چوڭ دۆلەت ھىندىستاننى مەجبۇرىي يوسۇندا ئۆز مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇۋالغانلىقى تۈپەيلى، جوڭگو خەلقىگە 1840 - يىلىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشى تېڭىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كېڭىيىش مەزگىلىدە تۇرغان يەنە بىر كۈچلۈك ياۋروپا - ئاسىيا دۆلىتى — رۇسىيە ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى غەربىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىۋالدى ھەمدە جەنۇبقا يۈرۈش قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئەنگلىيە، رۇسىيە پامىر ئېگىزلىكىگە قارىمۇ قارشى بولۇپ قالدى. بۇ قەدىمىي زېمىن ۋە جوڭگوغا بەكمۇ يىراق جايدىكى ئەنگلىيە، رۇسىيە زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان چىڭ خاندانلىقىنىڭ غەربتىكى قوشنىسىغا ئايلاندى - دە، بوستانلىق، قۇملۇق ۋە تاغ تىزمىلىرىدىن تەركىب تاپقان جوڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى ئىش - ھەرىكەتلەرگە ھەر ۋاقىت كۆز - قۇلاق بولدى. ئەنگلىيە بىلەن رۇسىيىنىڭ پامىردىكى تىركىشىشى تاغلىق دۆلەت ئافغانىستاننى قاتتىق ئازاب - ئوقۇبەتكە گىرىپتار قىلدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 70 - ، 80 - يىللىرىدا بولغان سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكىنىڭ قارشىلىشىشىمۇ ئافغانىستانغا يەنە بىر قېتىم بالا - قازا ياغدۇردى. ئەمەلىيەتتە بۇ، بىر ئەسىردىن بۇيان يېڭىش - يېڭىلىش ئايرىلماي كەلگەن تىركىشىشنىڭ داۋاملىشىشى ئىدى.

«قەشقەرنى ئەسلەش» 1931 - يىلى يېزىلغان. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن باشقا كىتابلارمۇ نەشر قىلىنغان. مەسىلەن، 1914 - يىلى ماكارتنېي دەم ئېلىشقا ئەنگلىيىگە قايتقاندا، ئۇنىڭ ئورنىدا ئىشلىگەن باش كونسۇل سېكىسنىڭ سىڭلىسى ئېلا 1920 - يىلى ئۆزىنىڭ قەشقەر ۋە تارىمدىكى تۇرمۇش ئەسلىمىسى «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قۇملۇق ۋە بوستانلىقنى كېزىپ ئۆتۈش» نى نەشر قىلدۇردى. بۇ ئەسەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ماكارتنېي خانىمنىڭ ئەسلىمىسىنىڭ ئورنىنى ھېچقايسىسى باسالمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. بۇ ئاپتورلار ئىچىدە ئۇنىڭدىن باشقا كىممۇ قەشقەردە 17 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت تۇرمۇش كەچۈرگەن دەيسىز؟

بۇ كىتاب سەپەرگە چىققان ۋاقتتىن باشلىنىپ، يۇرتىغا قايتىش بىلەن ئاياغلىشىدۇ.

كىتابنىڭ بېشىنى ئوقۇغاندا، بۇ 19 ــ ئەسىردىكى ئەنگلىيە ئايال يازغۇچىلىرى ــ مەسىلەن ئاۋستېن، ئاچا ــ سىڭىل بىرانتېلارنىڭ رومانلىرىغا تەقلىد قىلىنغان ئەسەرگە ئازراق ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن ئىككى بەتنى ئوقۇپ بولۇپلا، كىتابخان ئايال باش قەھرىمانىنىڭ جېيىن ئېيرمۇ، «تەكەببۇرلۇق ۋە ئاداۋەت» رومانىدىكى بانكىنايت خانىمىنىڭ ئامراق قىزى جېئانمۇ ئەمەسلىكىنى بايقايمىز. شۇنداقتىمۇ، ئاپتوركاتارىن مانكارتېپىنىڭ يۇقۇرىقى پېرسوناژلار بىلەن خېلىلا تونۇش ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز. ئۇنىڭ يازغىنى مۇھەببەت رومانى ئەمەس. ئۇنىڭغا كېرىكى پەقەت ئۆزىنىڭ ھەقىقىي تەسىراتىنى كىتابخانلارغا قانداق بولسا شۇ پېتى تاپشۇرۇش، خالاس. ئۇنىڭ باشتىن كەچۈرگىنى ئادەتتىكى ئاياللاردا بولىدىغان كەچۈرمىشلەردىن بولمىسىمۇ، ئەمما ئالغان تەسىراتى ئادەمدە ناھايىتى ئاسان ھېسداشلىق قوزغايدۇ.

ئۇ سەپەر ئۈستىدە ئاسالىقى رۇسىيە ۋە رۇسىيە زېمىنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، ئەسەرنىڭ بېشىدىلا بۇ يوللارنى تەسۋىرلەشتىكى ئۆزگىچە ئۇسلۇب كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. قەدىملەرنىڭ كۆپىيىشىگە رۇسىيىنىڭ تەرەپ ــ تەرەپنى تۇتاشتۇرىدىغان كارۋان سارايلىرى ماسلاشتۇرۇلىدۇ. بىرىنچى باب ۋە ئاخىرقى بابلاردا ①چەكسىز كەتكەن يوللاردىكى ئۇزۇن سەپەر تەسۋىرىگە كەلگەن ھامان كاتارىنىنىڭ ئاستىلاپ قالاي دېگەن قەلىمى ئاجايىپ جانلىنىپ ۋە قاناتلىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز ئىپتىدائىي داللاردا چېپىپ يۈرگەن پوچتا مەپىلىرى، تىمەنلىك ۋە چاققانلىقى تايغانلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئۆتەڭ ئاتلىرى، ھەممىلا يەردە ئۇچرايدىغان رۇسچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەنجاندا ئۇچرايدىغان دىئامېتىرى ئالتە ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان كۆتەك ھارۋىلار ــ بۇ قەدىمكى زاماندىكى قاڭقىللارنىڭ كونا

---

① 1 ــ بابتىن باشقا يەنە 11 ــ باب ۋە ئەڭ ئاخىرقى 14 ــ بابلاردا سەپەر ئۈستىدىكى ئەھۋاللار تەسۋىرلىنىدۇ.

زامان روھىنىڭ نەق ئۆزىنى ئوقۇيمىز ؛ رۇسىيە ئۆتەڭلىرىنىڭ يۇلۇ-چىلارنى تېز ۋە ئۇنۇملۇك تۇردە ئات ـ هارۋا ئالماشتۇرۇپ ماڭغۇزۇش-لىرى بىلەن تونۇشىمىز . بۇ هال پۇشكىننىڭ هېكايىلىرىنى ئەسلىتىپ ، مۇز تاغلاردىن ئېرىپ چۈشكەن قار سۈيى بىلەن ياشنايدىغان چېگرا شەھەر ئوشنىڭ مۇزلۇرىنى بېرىدۇ . . . ۋەھالەنكى ، ئۇنىڭ قار ـ بوران-لىق پامىر تېغىدىن ئۆتكەن چاغدىكى كەچۈرمىشلىرى ئادەمنى ھەممىدىن بەك ھەقىقىي يوسۇندا هاياجانغا سالىدۇ .

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........................................ 1

بىرىنچى باب لوندوندىن قەشقەرگىچە..................... 1

ئىككىنچى باب چىنىباغدىكى دەسلەپكى تەسىراتلار .......... 37

ئۈچىنچى باب قەشقەردىكى دەسلەپكى چاغلار ............ 47

تۆتىنچى باب جۇڭگو شىنجاڭغا بىر نەزەر ........... 58

بەشىنچى باب قەشقەر كونا شەھەر .............. 71

ئالتىنچى باب قەشقەر يېڭى شەھەر ، يېڭى شەھەردە خەنزۇلار

نىڭكىدە تۇنجى قېتىم مېھمان بولۇش ......... 85

يەتتىنچى باب ئۆي ئىشلىرىنى قىلماقنىڭ تەسلىكى .......... 96

سەككىزىنچى باب تۇنجى قېتىم دۆلىتىمىزگە قايتىپ دەم ئېلىش ،

جان سانىمىزنىڭ كۆپىيىشى ، قەشقەرگە

قايتىش .......................... 114

توققۇزىنچى باب قەشقەر قىز ـ چوكانلىرى ............. 133

ئونىنچى باب قىرغىزلار ماكانىدا سالقىنداش ..........149

ئون بىرىنچى باب نارىن ـ چىمكەنت ئارقىلىق ئەنگلىيىگە

قايتىش ........................ 165

ئون ئىككىنچى باب جۇڭگو ئىنقىلابى ....................... 199

ئون ئۈچىنچى باب قەشقەردىكى ئۆزگىرىش ................. 217

ئون تۆتىنچى باب قەشقەر بىلەن خوشلىشىش ، ئۇرۇش تۇمانلىرى

ئىچىدە ياۋروپا ئارقىلىق يۇرتقا قايتىش

سەپىرى ............. 235

# كىرىش سۆز

## پېتېر خوپكىرك ① ( ئەنگلىيە )

قەشقەر ئاسىيانىڭ كىندىكى ، جۇڭگونىڭ ئەڭ يىراق چېتىگە جايلاشقان چەت - ياقا چېگرا شەھىرى . بۇ شەھەر تېخى يېقىندىلا چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرگە ئېچىۋېتىلدى . لېكىن ئىلگىرى ئۇ يەرشارىدىكى چەت ئەللىكلەرنىڭ ئايىغى ناھايىتى ئاز تەگكەن شەھەرلەرنىڭ بىرى ئىدى . بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب ، ئۇنىڭ رۇسىيە چېگرىسىغا يېقىن ، سىياسىي جەھەتتە سەزگۈر جاي بولۇشتىن تاشقىرى ، ئۇنىڭ مۇھىتى ناچار ، چۆل بىر جايغا جايلاشقانلىقىدىن بولغان . چۈنكى قەشقەر ، خۇددى بىر مەھبۇسقا ئوخشاش ، ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى جۇغراپىيىۋى مۇھىت تەرىپىدىن قامال قىلىنغان .

قەشقەرنىڭ شەرق تەرىپى تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆ-تىدۇ . بۇ قۇملۇق سودا كارۋانلىرىنىڭ بىر كىرىپ كەتكەنچە ئىز - دې-رەكسىز غايىب بولۇپ كېتىشى بىلەن جاھانغا مەشھۇر . قەشقەرنىڭ شى-مال ، غەرب ۋە جەنۇب تەرىپىدە تەڭرىتاغ ، پامىر ۋە قارا قورۇم تېغىدىن ئىبارەت غايەت زور ئۈچ تاغ ئاسمان بىلەن بوي تالىشىپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ . ئەسىرلەردىن بۇيان ، قانچىلىغان ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ، ساياھەتچىلەرنىڭ تاغ باغرى ۋە جىلغىلاردا قارغا كۆمۈلۈپ قالغانلىقى ، ياكى ئۇستىخانلىرىنىڭ پىژغىرىم قۇملۇقتا قالغانلىقىنى بىلىپ بولمايدۇ . تې-لېگراما ۋە ئايروپىلان كەشىپ قىلىنىشتىن ئىلگىرى ، توپىدىن قوپۇرۇل-غان سېپىللار بىلەن ئورالغان قەشقەر دۇنيا بويىچە ئەڭ يېكىنمە ھالەت-

---

① پېتېر خوپكىرك — ئەنگلىيىلىك يازغۇچى ، مۇخبىر . « يىپەك يولىدىكى پەرەڭلەر » دېگەن ئەسىرى بار . بۇ كىتاب خەنزۇچە « يىپەك يولىدىكى چەت ئەللىك ئالۋاستىلار » دەپ تەرجىمە قىلىنىپ ، گەنسۇ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982 - يىلى نەشر قىلىنغان .

تىكى ، يەككە ـ يېگانە بىر جاي ، شۇنداقلا بېرىشمۇ ھەممىدىن قىيىن بىر شەھەر ئىدى .

ۋەھالەنكى ، ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن چار رۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش يولىدىكى 50 نەچچە يىللىق تالىشىشلىرى داۋامىدا ، قەشقەر بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئالدىنقى سەپ قورغىنى بولۇپ كەلدى . بۇ تالىشىشتا ، برىتانىيە ئاسىيادا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ، چار رۇسىيە بىلەن ئۇزۇن مۇددەتلىك ، مۇرەككەپ كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردى . بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ كىچىككىنە ئىمارىتى ئۈستىدە ئەنگلىيە بايرىقى لەپىلدەپ تۇردى . بۇ ، ھىندىستان بىلەن شىمالىي قۇتۇپ ئارىلىقىدىكى بىپايان زېمىندا لەپىلدىگەن تۇنجى ئەنگلىيە بايرىقى ئىدى . ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتىدىكى تۈركۈملىگەن ئەنگلىيە ئەمەلدارلىرى چار رۇسىيىنىڭ ( كېيىن مەيدانغا كەلگەن بولشېۋىك ھاكىمىيىتىنىڭ ) ئاخبارات ئورگانلىرى ۋە رەھبەرلەرگە رۇسىيىنىڭ سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىنى بىرنى قويماي دوكلات قىلىپ تۇردى . بۇنىڭدىكى ئارقا كۆرۈنۈش ، ھېچبولمىغاندىمۇ لوندون ۋە كالكۇتتادىكى تاكتىكا بەلگىلىگۈچىلەرنى رۇسىيىنىڭ بۇ رايوندىكى ئىش ـ ھەرىكىتى بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ چەت ئەلدىكى ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستاندىن ئىبارەت بۇ ئەڭ باي مۇستەملىكىسىنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەن ، دېگەن قاراشقا كەلتۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس .

ئوخشاشلا ، رۇسىيىلىكلەرمۇ قەشقەردىكى باش كونسۇلخانىسى ئارقىلىق ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بۇ يەردىكى ھەر قانداق بىر ھەرىكىتىگە كۆز ـ قۇلاق بولدى ھەمدە سان پېتېربورگدىكى ئاخبارات ئورگانلىرى ۋە رەھبەرلەرگە ئالاقىدار دوكلاتلارنى يوللاپ تۇردى . قەشقەر خىلۋەت ، بىكىنمە ھالەتتىكى بىر چەت ياقا جاي ، بوستانلىقتىن باشقا ۋاي دېگۈدەك يېرى يوق بولسىمۇ ، ئەمما « ۋىكتورىيە دەۋرىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى » مەزگىلىدە بەلكىم ئاخبارات يىغىشتىكى ئەڭ

ئوبدان جاي بولغان بولۇشى مۇمكىن . ئەنگلىيە ـ رۇسىيە تالىشىشلىرىدا قەشقەر پېتەرەپ دۆلەت جۇڭگو زېمىنىغا ، شۇنداقلا ئاۋات سودا يولىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ، ئىككى ئىمپېرىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تالىشىشلىرىدا ئالدىنقى سەپ بولۇپ قالدى .

سىرگېئورگى ماكارتنىي ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتى قەشقەردىن ئىبارەت بۇ كۆزىتىش نۇقتىسىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن تۇنجى ئەمەلدار . 1890 ـ يىلى 24 ياشلىق ماكارتنىي ئۆزىدىن ئىككى ياش چوڭ يوۋڭخوسبېن بىلەن بىللە قەشقەرگە كەلدى . ئۇ چاغدا ئۇ ئۆز پېشانىسىگە بۇ قاقاس ، چۆش قايناپ تۇرىدىغان شەھەردە 28 يىل تۇرۇشنى ، پۈتۈن ئۆمرىنى مۇشۇ ئىش بىلەن ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى . ئۇ باشتا ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى ، 1912 ـ يىلى باش كونسۇل بولدى . 1913 ـ يىلى ئۇنىڭغا سىر ئۇنۋانى بېرىلدى .

ماكارتنىينىڭ قەشقەردىكى ئاشكارا ۋەزىپىسى قەشقەر ۋە جۇڭگو شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ھىندىستانغا قاراشلىق ئەنگلىيىلىك پۇقرالارنى باشقۇرۇش بولۇپ ، بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ جايلاردىكى سودىگەرلەر ياكى جازانىخورلار ئىدى . ئۇنىڭ ئاشكارا قىلىنمايدىغان ۋەزىپىسى رۇسىيىلىكلەرنىڭ قەشقەردىكى سۇيىقەستلىك پائالىيەتلىرىنى ، بولۇپمۇ پېتروۋسكىيدەك ھىيلىگەرلەرنىڭ سۇيىقەستلىك پائالىيەتلىرىنى كۆزىتىش ئىدى . ماكارتنىي قەشقەرگە بارغان چاغدا ، ئۇ يەردە تۇرغىنىغا سەككىز يىل بولغان پېتروۋسكىي ئەمەلىيەتتە بۇ شەھەرنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇۋالغانىدى .

ئىرادە ئېلىشىش بولغان بۇ تالىشىشلار داۋامىدا ، ئادەتتىكىگە پەقەت ئوخشىمايدىغان ئائىلىۋى ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە ماكارتنىي رۇسىيىلىكلەر بىلەن بولغان ئالاقىدا ئاز ـ تولا ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدى . ئۇنىڭ دادىسى خالىد ماكارتنىي شوتلاندىيىلىك ، ئانىسى جۇڭگولۇق خەنزۇ ئايال ئىدى . ئۇنىڭ ئانىسى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز بەكمۇ ئاز ( ماكارتنىي ھېچقانداق بىر ئادەمگە ، ھەتتا ئۆز پەرزەنتلىرىگىمۇ ئانىسى

نىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەرمىگەن ) . مانا بۇ ئارقا كۆرۈنۈش ئۇنى
خەنزۇچىنى بىلىش ، خەنزۇ خەلقىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە تۇرمۇش
شەكىللىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە
بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى . شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇ
قەشقەرنىڭ ئامبىلى ۋە باشقا يۇقىرى ئەمەلدارلىرى ، ئاقساقاللىرى بىلەن
ئالاھىدە بىر خىل مۇناسىۋەت ئورنىتالىدى . ئەمما بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭ
رەزىل رەقىبلىرى بولغان رۇسىيىلىكلەر قىلالمىغانىدى . ئوخشاشلا ،
جۇڭگو ئەمەلدارلىرى پېتروۋسكىيدىن قورققانلىقى ئۈچۈن ، ماكارتنېي-
دىن مەسلىھەت سورىغاندىن باشقا ، ئۇنى قورقۇنچلۇق ، سۈرلۈك رۇسىيە
باش كونسۇلى ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ ئېرىشەلمەيدىغان ئاخباراتلار بىلەن
تەمىنلەپ تۇراتتى .

ماكارتنېي دائىم دېگۈدەك پېتروۋسكىينىڭ دوستانە ،
ئادەمگە ياقىدىغان جايلىرىنىمۇ بارلىقىنى بايقايتتى . ئەمما ئۇلار ئا-
رىلاشقان ۋاقىتنىڭ كۆپىرەكىدە ، بۇ ئىككىيلەننىڭ مۇناسىۋىتى
قىلدىن ئىنچىكە قىلىچتىن ئۆتكۈك بولدى . دەرۋەقە ، 1899 - يىل
نويابىردىن 1902 - يىل ئىيۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا ، پېترو-
ۋسكىي ھەتتا ماكارتنېيغا گەپمۇ قىلمىدى . شۇ چاغدا ، قەش-
قەردىكى بارماق بىلەن سانىغۇدەك ئاز ياۋروپالىقلار دائىرىسىدە
ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقى بۆلەكچە تۇراتتى ۋە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى
كەلمەيتتى .

ئۇلار ئارىسىدىكى بۇ خىل قاتماللىقتا ، ماكارتنېينىڭ
گوللاندىيىلىك دىن تارقاتقۇچى پوپ خېندرىكىس بىلەن بولغان
دوستلۇقى قىسمەن سەۋەب بولدى ، چۈنكى رۇسىيىلىكلەرنىڭ
بەكمۇ سىرلىق بۇ گوللاندىيىلىك پوپ بىلەن پەقەتمۇ خۇشى
يوق ئىدى . قەشقەرگە يېڭى كەلگەندە ماكارتنېي باشقا دوست-
لىرى بولمىغانلىقتىن ، بۇ پوپ بىلەن ئارىلاشتى ۋە بىرگە تۇر-
دى . شۇنىڭدەك ئۇنىڭ تېپىلماس بىر ئاخبارات مەنبەسى ئىكەن-
لىكىنى بايقىدى . ئوتتۇرا ئاسىيانى تەتقىق قىلغۇچى ئالىم ، سا-

ياھەتچى سېر ئاۋرېل ستەين[1] خېندرىكسنى « شۇ جايدىكى تىرىك گېزىت » دېگەنىدى . پوپ بىلەن ماكارتنېي پەقەت لاتىن تىلى بىلەنلا سۆزلىشەلەيتتى . ئەمما ماكارتنېي پوپنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ تۇردى . كېيىن ئۇنى چىنباغقا ئەكىرىۋالدى . چىنباغ قەشقەر دائىرىلىرى ئەنگلىيە ۋەكىلى ماكارتنېينىڭ تۇرۇشىغا بەلگىلەپ بەرگەن جاي ئىدى .

1988 - يىلى ، ماكارتنېي رۇخسەت بىلەن ئەنگلىيىگە دەم ئېلىشقا باردى . قايتىشىدا قەشقەرگە يېڭى كېلىننى ( بۇ كىتابنىڭ ئاپتورىنى ) ئېلىپ كەلدى . بۇنىڭ بىلەن خېندرىكس چىنباغدىن چىقىپ كېتەي دەپ تۇرىۋالدى ، ماكارتنېي بولسا ئۇتتۇقلۇق ھالدا جۇڭگولۇقلارنى ئۇنىڭغا شەھەردىن بىر ئۆي تېپىپ بېرىشكە ئۈندىدۇ . ۋەھالەنكى ، پېتروۋىسكىي جۇڭگولۇقلارغا بېسىم ئىشلىتىپ ، ئۇلارنى بۇ ئۆينى قايتۇرۇۋېلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ . رۇسسىيىلىكلەرنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب ھازىرغىچە ئېنىقلانغىنى يوق . بۇنداق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پۇت تېپىشىش يەرلىك كىشىلەرنىڭ بۇ ناھەقچىلىققا نارازىلىقى ۋە بۇ پوپقا بولغان ھېسداشلىقىنى قوزغاپ ، نامايىش قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . چۈنكى ئۇلار بۇ پوپنى بەك ھۆرمەت قىلاتتى . نەتىجىدە جۇڭگو تەرەپ ئۇنىڭغا كونا بىر ئۆينى تېپىپ بەردى . ئۇ تاكى ئۆلۈپ كەتكۈچە ماكارتنېيلار بىلەن يېقىن دوست بولۇپ ئۆتتى . تازىمۇ مەسخىرىلىك بىر ئىش شۇ بولدىكى ، خېندرىكس ئۆلگەندىن كېيىن ، پېتروۋىسكىينىڭ ئورنىنى ئەگىلىگۈچى ئۇنىڭغا ناھايىتى داغدۇغىلىق ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ۋە ئۇنى قەشقەردىكى رۇسسىيىلىكلەر قەبرىستانلىقىغا ( بۇ قەشقەردىكى بىردىنبىر ياۋروپالىقلار قەبرىستانلىقى ئىدى ) دەپنە قىلدى .

ماكارتنېي بىلەن ئايالى كاتارىن پوللاند كىچىكىدىن بىللە ئۆسكەنىدى . كاتارىننىڭ ئاتا - ئانىسى شوتلاندىيىلىك بولۇپ ، كاستىل دوۋگلاس يېزىسىدا تۇغۇلغان . دادىسى جامېس پوللاند يېزا مەكتىپىدە

---

① ستەين ( 1826 - 1934 ) — ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ھۇنگرىيىلىك ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىچى ، شىنجاڭغا بىر قانچە قېتىم ئېكسپېدىتسىيىگە كەلگەن ، ھەر نۆۋەت قەشقەردىن ئۆتكەن ۋە قەشقەردە تۇرغان . ئۇ دۇنخۇاڭ مەدەنىيىتى ھەققىدىكى ھۆججەتلەرنى يىغىپ ، توپلاپ ئەكەتكۈچى .

ئوقۇغان ، كېيىن خالىد ماكارتىنىي بىلەن دوست بولغان . ئۇلارنىڭ بۇ دوستلۇقى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە مىراس قالغان . خالىد ماكارتىنىي جۇڭگودا ۋەزىپە ئۆتىگەن چاغلاردا ، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى گېئورگې دۆلۈيچ ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتاتتى . ئەتىلنى پوللاند ئائىلىسىدە ئۆتكۈزەتتى ( جامېس پوللاند دېگىز ترانسپورت كەسپى بىلەن شۇغۇللىناتتى . شۇڭا پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن لىۋېرپولدا بىر مەزگىل تۇرغان . كېيىن لوندونغا كۆچۈپ كەلگەن ) . گەرچە ئۇلار ھېلى ئايرىلىپ ، ھېلى جەم بولۇپ ياشىغان بولسىمۇ ، ماكارتىنىي بىلەن ئاپالىنى بىللە چوڭ بولغان دېيىشكە بولاتتى . كېيىن ئۇلار توي قىلىشقا پۈتۈشتى . چاي ئىچكۈزۈلۈپ ئىككى يىلدىن كېيىن ، يەنى 1898 - يىلى ئالدىن خەۋەر قىلماستىنلا ، توساتتىن ئەنگلىيىگە قايتىپ كەلدى - دە ، كاتارىن بىلەن توي قىلدى . بۇ چاغدا كاتارىن 21 ياشتا ئىدى . ماكارتىنىي بىلەن توي قىلىش ئۇنىڭ ئېرى بىلەن چىنىباغدا توپتوغرا 17 يىلنى ئۆتكۈزۈشىنى بەلگىلىدى . قەشقەردە ئۇلار مېھماندوستلۇقى ، كىشىلەرگە بولغان ئىللىق مۇئامىلىسى بىلەن بۇ يەردىن ئۆتكەن - كەچكەن سايا- ھەتچىلەر ۋە ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ ئاپىرىن ئوقۇپ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى . كاتارىن چىنىباغدا ماكارتىنىيغا ئىككى ئوغۇل ، بىر قىز تۇغۇپ بەردى . ئۇلارنىڭ ئىسمى ئارايك ، روبىن ۋە خىلۇيا ئىدى .

بۇ كىتاب 1931 - يىلى تۇنجى قېتىم نەشر قىلىندى ۋە كىتاب- خانلارنى ناھايىتى كۈچلۈك جەلپ قىلدى . كىتابتا ئۇلارنىڭ ناھايىتى يىراق قەشقەردە ، ياۋروپالىقلارنىڭ كىچىككىنە دائىرىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن كۈندىلىك تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن ، شۇنداقلا كاتارىن ئۆزىنىڭ ئېرى بىلەن يوپ خېندرىكنىڭ ئولتۇرغان مۇناستىرغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئۆيىنى قانداق قىلىپ بىر ئۆيگە ، ئىنگلىزلارنىڭ ئۆيىگە ئۆزگەرتىپ چىققانلىقى ( ئۇ ھەتتا بىر ئامال قىلىپ ئەنگلىيىدىن كىچىكرەك بىر روياللى رۇسىيە ئارقىلىق قەشقەرگە ئەكەلدۈرگەن ) بايان قىلىنغان . بۇ كىتابتا نۇرغۇن جايلار ئاجايىپ مەزمۇنلۇق ، قالتىس يېزىلغانكى ، ئادەم كىتابنىڭ ئىچىگە كىرىپلا كېتىدۇ ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، كىتابتىكى بايانلاردىن ئادەم

دۇنيانىڭ رەھىمسىزلىك بىلەن تولغانلىقىنى ھېس قىلدۇ. مەسىلەن، ئۇلار قەشقەردىن چىقىپ، يەنى 1914 - يىلى دۆلىتىگە قايتىش سەپىرىدە تەڭرىتاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتكۈچە كۆرگەن پاجىئەلىك مەنزىرە پايان قىلىنغان.

بۇ پاجىئەلىك مەنزىرىنى باشتا ئاتلىرىمىز كۆردى. دەسلەپتە ئۇلار پۇشقىرىپ كەتتى. كېيىن چايچىپ بىئارام بولۇشقا باشلىدى. ئارقىدىنلا كۆرگىنىمىز ئالدىمىزدىكى جىرانىڭ تەسكەي تەرىپىدە توڭلاپ ئۆلۈپ قالغان بىر كارۋان ئادەم ۋە ئاتلار بولدى. ئاتلار تۇرە تۇرغىنىچە مۇزلاپ قېتىپ قالغانىدى. ئۇلار بەلكىم قاتتىق جۇدۇن - چاپقۇنغا ئۇچراپ مۇشۇ تەتۈر قىسمەتكە يولۇققان بولۇشى مۇمكىن. قۇمايلار بولسا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قونۇۋېلىپ، ئادەت بولۇپ كەتكەن ئەسكىلىكلىرىنى قىلىۋاتاتتى. بىز ئاستا مېڭىپ بۇ تاپ سۆڭەكلىرى يېنىدىن ئۆتتۇپ، ئىسمى - جىسمىغا لايىق ھالاكەت جىراسىدىن چىقىپ كەتتۇق ھەمدە بۇ پاجىئەلىك قىسمەتكە ئۇچرىغان كارۋانلارنى كەينىمىزگە تاشلىۋەتتۇق، ئەمما ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتى نەچچە كېچە - كۈندۈز خاتىرىمىزدىن چىقمىدى، مېڭىمىزگە ئورناپ كەتتى...

ئەمما بۇ كىتابتا ھەددىدىن زىيادە تاشلاپ كېتىلگەن جايلارمۇ بار. ماكارتنېي خانىم قۇملۇقتا ئۇ يەرگە يوشۇرۇپ قويۇلغان سىرلىق قەدىمىي ھۆججەتلەرنى يىغىشنى قانداق بايقىغانلىقى، ئېرى بىلەن پېتروۋسكىينىڭ بۇ ھۆججەتلەرنى يىغىشقا قانداق كىرىشكەنلىك ئەھۋالى، بۇ ئىشنىڭ سىر ئاۋرېل ستەين ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ قەدىمكى يىپەك يولىدىكى كىشىلەرگە مەلۇم بولغان مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە قېزىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىق ئەھۋالىنى تىلغا ئالغان. ۋەھالەنكى، ئۇ كىتابىدا بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ماكارتنېي ھەم پېترووۋسكىيدىن ئىبارەت بۇ ئىككى رەقىبنىڭ ئۆز ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئىگە بولۇش ئىمكانىيىتى بولغانلىكى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى يىغىش توغرىسىدىكى پەرمانىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يەرلىك ئەتىۋارلىق بۇيۇم ئىزدىگۈچىلەر قولىدىن مۇشۇنىڭدەك ھۆججەتلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن قىلىشقان تالىشىشلىرىنى

يازمىغان.
ماكارتنىي يىغقان ھۆججەتلەر، جۈملىدىن ئىلگىرى كىشىلەرگە
مەلۇم بولغان يېزىق شەكلىدىكى نۇرغۇن ھۆججەتلەرنى بۈيۈك ئەنگلىيە
مۇزېيىغا كەينى - كەينىدىن ئەۋەتىپ تۇردى. لېكىن ياخشى كۈنلەر
ئۇزۇنغا بارمىدى. ماكارتنىي بىلەن پېتروۋسكىيغا بىرلا ۋاقىتتا بۇنداق
ھۆججەتلەرنى بېرىپ تۇرغان يەرلىك ئاساسلىق ھۆججەت ساتقۇچى
ئىسلام ئاخۇن دېگەن ئادەم بولۇپ، ئۇ بۇ ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى
مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن بولۇۋاتقان تالى-
شىشلاردىن پايدىلىنىش قارارىغا كەلدى. ئىسلام ئاخۇننىڭ باشتا بەر-
گەنلىرى ھەقىقىي بۇيۇم ئىدى. ئەمما كېيىن ئۇ بۇ ئىككىيلەنگە «ئۇ
ئۆزى قاتتىق مېڭە ئىشلىتىپ ياساپ چىققان» «قەدىمىي» ھۆججەت-
لەرنى ئۈزۈلدۈرمەي بېرىپ تۇردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ خەۋپ - خە-
تەرگە تەۋەككۇل قىلىپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ تەكلىماكان قۇملۇق-
لىرى ئىچىگە كىرىپ بۇ نەرسىلەرنى ئىزدىمەيدىغان بولدى.
ئاقىۋەت، ئاۋرېل ستەين ئىسلام ئاخۇننىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى
ئېچىپ تاشلىدى[1]. ستەين بۇ ئادەم تەمىنلىگەن ھۆججەتلەردىن گۇمان-
لىنىپ، بىر قىلتاق قۇردى - دە، بۇ ھۆججەت ساتقۇچى بىدىكنى، قە-
دىمكى ھۆججەتلەرنى ياساپ چىقىش جەريانىنى تولۇق ئىقرار قىلدۇردى.
ئىسلام ئاخۇن ياساپ چىققان ھۆججەتلەر بىلەن پېتروۋسكىينى ئالدى-
غان. بۇ بەلكىم ماكارتنىيغا ئازراق تەسەللىي بولار. لېكىن ئىسلام ئاخۇن
ئەنگلىيىلىك نام - ئابرۇيى ناھايىتى يۇقىرى بىر ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات-
چىسى سىر رۇدولف خوئېنلېنى[2] كولدۇرلاتقانىدى. چۈنكى ئۇ ئېلىپىنىڭ
سۈنئىيلىقىنى بىلمەيدىغان بۇ ساختا ھۆججەت ياسىغۇچى ياساپ چىققان
«يېزىق» نى ئوقۇپ مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن بىكاردىن - بىكارغا
بەش يىل ۋاقىتنى سەرپ قىلغانىدى.

---

① ئالاقىدار مەزمۇنلارنى «ستەيننىڭ غەربىي دىيارنى تەكشۈرۈشى»، «قەدىمكى خو-
تەن» ناملىق كىتابلارنىڭ بەزى بابلىرىدىن ئىزدەلسۇن.
② خوئېنلې گېرمان ئەۋلادىدىن بولغان ئالىم. ئۇ «بوۋېر قەدىمىي نۇسخا» نى ئوقۇپ
چىقىپ داڭق چىقارغان.

سېرگېئورگې ماكارتنىي ئۆز دۆلىتىگە ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدىغان
ساداقەتمەنلىك ۋە ئىقتىدار بىلەن خىزمەت قىلدى . ئۇ ئۇزۇن يىل ئۆزى
يالغۇز تۇراقسىز ۋەزىيەتنى ئۆگىنىشدى . يەنى رۇسىيىنىڭ قەشقەردىن ئە-
بارەت بۇ ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم جايغا بولغان سىياسىي تەسىرىنى مۇ-
ۋەپپەقىيەتلىك هالدا توگەشتۇردى . شۇڭا ئۇ جۇڭگولۇقلار ۋە ئۇلارنىڭ
هۆكۈمرانلىقىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭلا ياخشى كۆرۈپ قەدىرلىشىگە ئېرىشىپلا
قالماي ، يەنە هازىرقى بۇ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ پېشۋالىرى -
شۇ چاغدىكى ئەنگلىيە - رۇسىيە تالىشىشى ۋاقتىدىكى چار رۇسىيىلىك
دۈشمەنلىرىنىڭمۇ هۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى .

ئەپسۇسكى ، ماكارتنىي چار سېلىشنى ياقتۇرمايدىغان بولغاچقا ،
ئەۋلادلارغا ئەسلىمە يېزىپ قالدۇرمىغان . شۇنىڭ ئۈچۈن ، كاتارىنىنىڭ
بۇ كىتابى ئۆزىدىكى قىزىقارلىق بولۇشتەك ئەۋزەللىكىدىن باشقا ، سىر-
تىدىن ئالغاندىمۇ ئىنتايىن مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە . بىزنى ئاز - تولا
خۇشال قىلىدىغىنى ، ماكارتنىي ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ۋە-
كىلى ( كېيىن باش كونسۇل بولدى ) بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزگە
ئۆزى يازغان هۆكۈمەت تەرەپ ئىشلىرىنىڭ خاتىرىسى ۋە باشقا ئاخبارات
دوكلاتلىرىنى قالدۇردى . هازىر بۇلارنىڭ هەممىسى بۈيۈك ئەنگلىيە كۇ-
تۇپخانىسىنىڭ هىندىستان ئىشلىرى ئارخىپى بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتىدۇ . بۇ
ئارخىپ ۋە هۆججەتلەر شۇ چاغدىكى ئەنگلىيە - رۇسىيە تالىشىشلىرىنى
تەتقىق قىلغۇچى ئالىملارغا ئاشكارا ئېچىۋېتىلدى . ماكارتنىينىڭ ئورنىنى
باسقۇچىلارنىڭ بىرى ، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى
بولغان سېر كلېمونت سكورايىن ، هازىرقى زامان تارىخچىسى پارمېلا نىگ-
تىنال دوكتور بىلەن بىرلىشىپ ، ئاساسەن مانا شۇ ئارخىپ - هۆججەتلەر
ئاساسىدا « ماكارتنىي قەشقەردە » دېگەن كىتابنى يېزىپ چىقتى . بۇ
كىتابتا ، ئۇلار ماكارتنىينىڭ چىنىباغدىكى ئۇزۇن يىللىق خىزمەت ،
تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىنى توپلاپ چىققان . بۇ كىتاب 1973 - يىلى ماك
سۇئېن نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان . هازىر نەشر قىلىش توختىتىلغانلىق-
تىن ، سېتىۋېلىش ناهايىتى قىيىن .

روسىيەدە ئىنقىلاب پارتلاپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ماكارتنېي كەشمىر ھۆكۈمرانلىقىدىكى روسىيە زېمىنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا بېرىپ ھۆكۈمەت ئىشىنى ئىشلىدى. بۇ ئۇنىڭ بۇ رايونغا ئاخىرقى قېتىم بېرىشى بولۇپ قالدى. بۇ قېتىمقى ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، يەنى 1919 - يىلى، ئەنگلىيەگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتىدىن ئىستىپاغا چىقتى - دە، ئايالى بىلەن ئەنگلىيە بوغۇزىدىكى جېرسى ئارىلىدا① ئولتۇراقلاشتى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، بۇ ئارالنى گېرمانىيە ئىشغال قىلىۋالدى. ئۇ شۇ مەزگىلدىمۇ بۇ ئارالدا تۇرۇۋەردى. ئۇ 1945 - يىلى 19 - ماي 78 يېشىدا ۋاپات بولدى. گېرمانىيە تەسلىم بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ماكارتنېي خانىم ئىرېلاندىيەگە قايتىپ كېلىپ، چوڭ ئوغلى ئارايك ئەر - ئايال بىلەن بىرگە ئىرېلاندىيىنىڭ جەنۇبىدىكى دورسېتشىر شتاتىنىڭ چامىنىست دېگەن يېرىدە تۇردى ۋە 1949 - يىلى شۇ يەردە ۋاپات بولدى.

جۇڭگودىكى ئىنقىلاب دولقۇنى شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇ ياخشى كۆرىدىغان چىنىباغنىڭ تەقدىرىدىمۇ چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئەمما ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغۇچە ئۆلۈپ كېتىپ، قايغۇ - ئازابتىن قۇتۇلۇپ قالدى. روسىيىنىڭ قەشقەردىكى باش كونسۇلخانىسى ھازىر ھۆكۈمەتنىڭ مېھمانخانىسى بولۇپ قالدى. ماكارتنېي تۇرغان چىنىباغ بولسا ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس شوپۇرلىرى چۈشۈپ ئارام ئالىدىغان كارۋان سارىيىغا ئايلاندى، ئۇزۇن يىل رېمونت قىلىنماي ۋەيران بولۇپ كەتتى. ماكارتنېي خانىم ۋە ئۇنىڭ ئىزىنى باسقۇچىلار ئۇزۇن يىللار كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلغان چىرايلىق گۈل - چىمەنلەردىن ئەسەرمۇ قالمىدى. بىر مەھەل قەشقەردە شۆھرەت تاپقان ئەنگلىيە باش كونسۇلخانىسىنىڭ ئىمارەتلىرى كونىراپ ۋاي دېگۈچىلىكى قالمىدى. ئۇيەردە پەقەت بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بۇرۇنقى شانلىق يىللىرىدىن قالغان ھەسرەتلىك ساداسىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.

ماكارتنېي خانىم چىنىباغنىڭ تۇنجى ئايال خوجايىنى بولغان بە-

---

① جېرسى ئەنگلىيە بوغۇزىدىكى فرانسىيىنىڭ نورماندىيە دېڭىز قىرغىقىغا يېقىن ئاراللار ئىچىدە بىر كۆلىمى ئەڭ چوڭ ئارال.

لەن شۇ چاغدىكى ئەنگلىيە ـ رۇسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تا-لىشىشلىرىدا ئەنگلىيىنىڭ بۇ ئالدىنقى سەپ فرونتىنىڭ شائلىق يىللىرىنى خاتىرىلىگەن بىردىنبىر ئادەم ئەمەس . ئۇنىڭ ئورنىنى باشقان ئىككىي-لەنمۇ ، ئاشۇ يىللار ھەققىدە ئەسەرلەر يازغان . ئەمما ماكارتنىي خانىمە-نىڭ چىنىباغدا ئۆزۈن ۋە خوشاللىق ئىچىدە ئۆتكۈزگەن 17 يىلىغا سې-لىشتۇرغاندا ، ئۇلارنىڭ تۇرغان ۋاقتى بەكمۇ قىسقا ئىدى . بۇلاردىن بىرى ئېلاسېكس بولۇپ ، ئۇ 1914 ـ يىلى ماكارتنىي ئائىلىسى دەم ئېلىش ئۈچۈن ئەنگلىيىگە كەتكەن چاغدا ، ۋاقىتلىق ماكارتنىيىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان ئاكىسى بىلەن بىللە كېلىپ بۇ يەردە تۇرغان ، ئۇ « ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قۇملۇق ۋە بوستانلىقتىن ئۆتۈش » دېگەن كىتابنى يازغان . ئاكىسى ئۇنىڭ بۇ كىتابىغا بۇ رايوننىڭ تارىخ ، جۇغراپىيىسى ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتكە دائىر بىرقانچە باب يېزىپ بەرگەن . بۇ كىتابنى ماك مىللان نەشرىياتى 1920 ـ يىلى نەشر قىلغان ، ھازىر ئاسان تاپقىلى بول-مايدۇ . يەنە بىرى ، دىئانا سىپتون بولۇپ ، ئۇنىڭ ئېرى ئارايك سىپتون « 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى » دىن كېيىن ، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى بولغان . ئۇ « قەدىمىي تۇپراق » دېگەن كىتابىدا ، ئۆزلە-رىنىڭ قەشقەردىكى تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن . 1950 ـ يىلى خوردېر سداتون نەشرىياتى بۇ كىتابنى نەشر قىلغان . ئۇمۇ ئۆزۈن يىللاردىن بېرى قايتا بېسىلمىدى .

ئۇنىڭدىن باشقا ، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كون-سۇلخانىسىدىكى خادىملارنىڭ چىنىباغدىكى خىزمەت ۋە تۇرمۇشى بايان قىلىنغان تۆت كىتاب بار . 1926 ـ يىلى ، سېركلېمۇنت سكوراين ئۆزى-نىڭ « جۇڭگودىكى ئوتتۇرا ئاسىيا » ( ماك سۇئىن نەشرىياتى نەشر قىلدى ) دېگەن كىتابنى نەشر قىلدۇردى ؛ توققۇز يىلدىن كېيىن ، پولكوۋنىك پېرتسى ئېتون « ئاسىيانىڭ كىندىكىدە » ( كونىستابىل نەشرىياتى نەشرقىلدى ) دېگەن كىتابنى يازدى . بۇ كىتابىدا رۇسىيىنىڭ بولشېۋىكلار ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىنكى تەسىرى ۋە بۇ را-يوننىڭ دەسلەپكى يىللاردىكى ئەھۋالىنى بايان قىلدى . كىتاب يازغانلار-

نىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ئارايلىك سىپتون بولۇپ ، ئۇنىڭ تۇنجى كىتابى ، ئۆزىنىڭ قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردىكى كەچۈرمىشلىرى يېزىلغان « تاتار تاغلىرى » ( خۇردېر سىداتۇن نەشرىياتى نەشر قىلغان ) ئىدى . لېكىن بۇ كىتاب ئاساسەن تاغقا چىقىش نۇقتىسىدىن يېزىلغان . ئۇ كېيىن ئۆزىنىڭ تەرجىمىھال ئەسىرى « ساياھەت قىلىنمىغان دۇنيا » نى يازدى . بۇمۇ خۇردېرسىدا تۇن نەشرىياتىدا نەشر قىلىندى .

ئۇنىڭدىن سىرت ، شىنجاڭغا ساياھەتكە ، ئېكسپېدىتسىيىگە بارغانلىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مەيلى ئۇلار قايسى دۆلەتتىن كەلگەن بولۇشۇن ئۆز ئەسەرلىرىدە دۇنيانىڭ بىر چېتىدىكى ساياھەتچىلەر ئاز ئېلىسى بولغان چىنىباغنىڭ ئۆزلىرىدە قالدۇرغان چوڭقۇر تەسىراتلىرى ھەمدە ئۇيەردە قىزغىن كۈتۈۋېلىنغان ، كاتتا مېھمان قىلىنغانلىق ئەھۋاللىرىنى خاتىرىلەپ قالدۇرغان . دېمەك ، ئۇ يەرگە بارغانلىكى ئادەم بىرەر نەرسە يازماي تۇرالمىغان بولغاچقىمىكىن ، چىنىباغنىڭ نامى ھەممە يەرگە تارقالدى . ھازىر بەلكىم ماكارتنېي خانىم ۋە ئۇنىڭ ئىز باسارلىرى چىنىباغدا بەرپا قىلغان نەرسىلەردىن ھېچقانچە ئەسەر قالمىغان بولۇشى مۇمكىن . لېكىن ، چىنىباغنىڭ ئورنى ھازىرقى زامان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۆجىزەت ـ خاتىرىلەردە مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ .

## بىرىنچى باب

# لوندوندىن قەشقەرگىچە

نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى، باش كۈزنىڭ بىر شەنبىسى، چۈشتىن بۇرۇنقى چاغ. مەن ئاشخانىدا پېچىنە پىشۇرۇۋاتاتتىم. شۇ يىلى 21 ياشلىق قىز ئىدىم. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا چاي ئىچكۈزۈلگەچكە، تويى قىلىشنى كۈتۈپ يۈرەتتىم. توي قىلىدىغان يىگىتىم قەشقەردە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلىقى ئۈچۈن، كەلگۈسى تۇرمۇشۇمنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چەت بىر جايدا ئۆتىدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى. شۇڭا مەن ئۇ يىراق بېكىنمە ھالەتتىكى جايدا ماڭا كېرەك بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئويلىغان ھەر تۈرلۈك ئىشلارنى قىلىشنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىۋاتاتتىم.

مەن ئاشخانىدا، قولۇم پېچىنە پىشۇرۇشتا بولغىنى بىلەن ئوي ـ پىكرىم قەشقەردە ئىدى. چۈنكى مەن يىگىتىمنىڭ دەم ئېلىشقا رۇخسەت ئالالىغان ـ ئالالمىغانلىقى، يېقىنقى بىرنەچچە ئاي ئىچىدە يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ مەن بىلەن توي قىلالايدىغان ـ قىلالمايدىغانلىقىنى بىلىشكە ئالدىراپ، ئۇنىڭ قەشقەردىن ئەۋەتىدىغان خېتىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتىم.

تۇساتتىن، دەرۋازىنىڭ قوڭغۇرىقى قاتتىق جىرىڭلاپ كەتتى. ئايال خىزمەتكار دەرۋازىنى ئاچقىلى چىقىپ كېتىپ، يۈگۈرگەن، قاتتىق ھاياجانلانغان ھالدا كىرىپ ماڭا بەكمۇ ھەيران قالارلىق خەۋەرنى يەتكۈزدى.

— ماكارتنېي ئەپەندى كەپتۇ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ. مەن ئۇنى چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، بۇ سۆزىگە پەقەتمۇ ئىشەنمىدىم. ئالدىراپ ـ تېنەپ پېچىنىلەرنى لېسلارغا تىزىپ دۇخوپكىغا سالدىم.

بىر دەمدىن كېيىن ئاپام مېنى قېشىغا چاقىرتتى. يىگىتىم مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇراتتى. ئۇنى كۆرۈپ خۇشاللىق، ھەيرانلىق ۋە يەنە قانداقتۇر بىر ھېسسىيات ئىچىدە تۇرۇپلا قالدىم.

ئۇ تەمكىنلىك بىلەن:

— بىز توي مۇراسىمىنى كېلەر شەنبە ئۆتكۈزۈپ، ئىمكانقەدەر تېز قەشقەرگە قاراپ مېڭىشىمىز كېرەك، — دەپ جاكارلىدى. ئۇنىڭغا ئۈچ ئايلىق رۇخسەت بېرىلگەن بولسىمۇ، بەش ھەپتە يولدا ئۆتۈپ كەتكەنىكەن.

بىر ھەپتىنىڭ ئىچىدىلا جىمى ئىش تەق بولدى. مېنىڭ ئېلىپ ماڭىدىغان نەرسىلىرىممۇ تەييار قىلىندى. قارىماققا بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى. لېكىن بىز جىمى ئىشنى جاي-جايىدا تەييارلىدۇق ھەمدە 17-سېنتەبىر توي قىلدۇق. 1898-يىل 6-ئۆكتەبىر ئەنگلىيە دوستلىرىمىز بىلەن خوشلىشىپ، خەتەرلىك ۋە ئاجايىپ-غارايىپلىقلار بىلەن تولغان سەپەرگە قەدەم قويدۇق.

ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ھەقىقەتەن ئاجايىپ قالتىس ئېكسپېدىتسىيىلىك سەپەر بولدى. ئۇ چاغلاردا، مەن ئۆزۈمنى تەۋەككۈلچىلىك روھىدىن ئەسەرمۇ يوق، ناھايىتى ئۇياتچان بىر قىز، دەپ ئويلايتتىم. چۈنكى، مەن ئەنئەنە بوغچىسىغا مەھكەم ئورالغان ئائىلەمدىن نېرى بارمىغان، ئائىلىمىزدىكى ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللاردىن بىردەممۇ ئايرىلىپ باقمىغان ئىدىم. دۇنيانى ئايلىنىش دېگەن نەرسە كاللامغىمۇ كەلمىگەن، راستىنلا پەقەت ئويلىمىغان ئىش ئىدى. شۇڭلاشقا، پېچىنە پىشۇرۇشنى ئازراق بىلگەندىن باشقا مەندە ئېكسپېدىتسىيىچى پېشۋالارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزۈشكە لايىق شەرت-شارائىت ۋە ساپا دېگەندىن ھېچقانداق تەييارلىق يوق ئىدى.

بىزنىڭ شېرىن ئايلىرىمىز ياۋروپانى، رۇسىيىنى، كاسپىي دېڭىزىنى كېسىپ ئۆتۈپ، كاسپىي دېڭىزىنى بويلاپ ئەنجانغا[1] بېرىش يول-

---

[1] ئەنجان شۇ چاغدا رۇسىيە زېمىنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇھىم بىر بازا ئىدى. ھازىر قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىگە قارايدۇ.

دىكى تۆمۈر يول ياقىلاپ قىلىنغان سەپەردە ئۆتتى. كېيىن بىز رۇسىيە پوچتا مەپىسىگە ئولتۇرۇپ ئەنجاندىن ئوشقا باردۇق. ئۇ يەردىن ئاتلىق تەگرىتاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتۈپ قەشقەرگە باردۇق. ئىلگىرى مەن زادىلا ساياھەتكە چىقىپ باقمىغان بولغاچقا بۇنداق شېرىن ئاي ئۆتكۈزۈش ماڭا بەكمۇ ئاجايىپ يېڭىلىق ھېسابلىناتتى. ھەممىلا يەردە ئاجايىپ — غارايىپ ھەمدە ھەيران قالارلىق ئىشلار، نەرسىلەر ئۇچراپ تۇراتتى. ھەممىلا نەرسە شۇنچىلىك يات ئەمما ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان دەرىجىدە غەلىتە ئىدى. ھېچقانداق قىزىقى يوق، توختام سۇدەك تېپتىنچ ئائىلە تۇرمۇشۇم توساتتىن پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتمىگەچكىمىكىن، يول بويى مەندە دائىم دېگۈدەك خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇ بولدى.

بىز بېسىپ ئۆتكەن بۇ يوللار ئادەمنىڭ مىجەز — خاراكتېرى، دائىرىسىنى بەكمۇ ئوبدان سىنايتتى: بىز دەككە — دۈككە ئىچىدە ماڭاتتۇق، بەزىدە پۈتۈنلەي تۈگەشكەندەك تۇيغۇدا بولاتتۇق. يول ئازابىغا پەقەت چىدىيالماي قالغان چاغلاردا، ماڭا ھەممىلا ئىش كۆڭۈلمىگە ياقمىغاندەك بىلىنەتتى. ئاچ قالغان چاغلىرىمىزمۇ بولدى.

بۇنداق سەپەردە بىر ئەر — ئايال ئەگەر سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلمىسە ئۇرۇش — جېدەل قىلىشمىسا، ئۇ ھالدا ئۇلار ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا خۇددى ياشتىكىدەك بىر — بىرىنى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە ئېغىر كۆڭۈلەردە بىللە بولالايدۇ. مانا بىز بۇ ئىشنى قىلالىدۇق. بۇ ئىش بىزنىڭ ئۇزۇن ھاياتلىق مۇساپىمىز داۋامىدىكى بوران — چاپقۇنلاردا ھەمنەپەس بولۇپ، چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن بىر — بىرىمىزنى مېھمان كىشىدەك قەدىرلەپ ئۆتۈشىمىزنىڭ كاپالىتى بولدى. لېكىن سەپەر داۋامىدا مەن ئۆيۈمنى شۇنچىلىك سېغىندىم! بولۇپمۇ بىز رۇسىيىگە كىرگەندىن كېيىن، ھېچقانداق ئادەم بىلەن سۆزلىشەلمەيدىغانلىقىمنى بايقاپ، ئۆينى تېخىمۇ بەك سېغىندىم. گېزىتلەردىكى خەتنىڭ بىرىنىمۇ تونۇمايمەن، پويىز ۋوگزاللىرىدىكى بېكەتلەرنىڭ نامىنى ۋە ماگىزىنلارنىڭ نامىنى پەقەتلا بىلمەيمەن. بۇ ئىش مېنى قاتتىق بىئارام قىلدى. مەن مانا مۇ-

شۇنداق يات بىر جايدا ئۆت يىل مۇشۇنداق تۇرمۇش ئۆتكۈزسەم، ئاندىن ئۆز يۇرتۇمنى كۆرەلەيتتىم.

بىز رۇسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى روستوۋ شەھىرىگە ئاز قالغاندۇق. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئېرىم ماڭا سىز چىنە ۋە پىچىنىلەرنى ئېلىپ تەييار قىلىپ تۇرۇڭ، مەن چاي قىلىپ ئىچىدىغان قايناقسۇ تېپىپ كېلەي، دەپ پويىزدىن چۈشۈپ كەتتى. ئۇ چاغدا رۇسىيىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ساياھەت قائىدىسى مۇنداق ئىدى: پويىز ۋوگزالغا كىرىشى بىلەن تەڭ كىشىلەر پويىزدىن بەس ـ بەستە چۈشۈپ، بىر پەس يۈگۈرگەندىن كېيىن، قايناقسۇ قاچىلانغان ناھايىتى يوغان ساماۋەرلەرنىڭ يېنىغا باراتتى. بۇ ساماۋەرلەرنى دېھقان ئاياللار باشقۇراتتى. ئۇلار قايناقسۇ ئالىدىغانلاردىن بىر سۇدان قايناقسۇ ئۈچۈن بەش كوپېيكا① (تەخمىنەن ئۆتتىن بىر پېنسقا② تەڭ) ئالاتتى. كىشىلەر سۇدانلىرىغا قايناقسۇ توشقۇزۇۋېلىپ بولۇپلا، يۈگۈرگەن پېتى كېلىپ پويىز مېڭىشتىن ئىلگىرى ۋاگونغا چىقىۋالاتتى. يول بويى قايناقسۇنى بۇنداق ئېلىش بىزگە ئاجايىپ قىزىقارلىق تۇيۇلدى. چۈنكى ئۇ ئادەمنى بەكلا جىددىيلەشتۈرۈۋېتەتتى. ھالبۇكى، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ھايات ـ ماماتقا تاقىشىدىغان بىر ئىش يۈز بەردى.

مەن ۋاگوندا چاي چىنىلىرىنى ۋە پىچىنە ـ پىرەنىكلەرنى تەييارلاش بىلەن بولۇۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز پويىزنىڭ مېڭىشىغا سىگنال چېلىندى ـ دە، پويىز يۈرۈپ كەتتى. ئەمما قەدىرلىك ئېرىم تېخى ۋاگونغا قايتمىغانىدى! بۇ بالا ـ قازادىن قورقۇپ ياغاچتەك قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. مېڭەم قۇيقۇرۇق ئىدى. مەن بىر ئېغىزمۇ رۇسچە سۆزلىيەلمەيتتىم، يېنىمدا بىر تىيىنمۇ پۇل ۋە پويىز بىلەتلىرىمۇ يوق ئىدى. ھەممىدىن يامىنى، پاسپورتۇممۇ ئېرىمدا ئىدى. شۇڭا ئەقلى ـ ھوشۇمنى يوقاتقاندەك بىر ھالەتتە ماڭا بىر قانچە سائەت ئۆتۈپ كەتكەندەك بىلىندى. ئەمما ئاران بىر سائەت ۋاقىت ئۆتكەنىدى. مەن پۈتى كۆيگەن توخۇدەك

① كوپېيكا ـــ رۇسىيە پۇلى، بىر رۇبلىنىڭ يۈزدىن بىرى ـ ت.

② پېنس ـــ ئەنگلىيىنىڭ پارچە پۇل بىرلىكى ـ ت.

تىنماي تىپىرلاپ ، ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي كەتتىم ، ئېرىمنى تا-
پالارمەنمۇ ، ياكى بۇ تەنها جاھاندا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشقۇدەك ئادەم
چىقارمۇ ، دېگەن ئويلار مېڭەمنى قوچۇيتتى . توساتتىن ، ياندىكى ۋا-
گوندىن بىر ئادەم بوغۇقراق لوندون تەلەپپۇزىدا ئەنگلىيىنىڭ ئويۇنخانى-
لىرىدا دائىم ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان قەدىمكى ھەم ناھايىتى يېقىملىق بىر
ناخشىنى غىڭشىپ ئېيتىشقا باشلىدى . بۇ تونۇش ناخشىنى ئاڭلاپ ،
بىردىنلا ئىچىم ئىسسىق بولدى ـ دە ، پۈت ـ قولۇمغا ئازراق جان كىر-
دى . ماڭا بۇ ئاسادىيىي ئاڭلانغان يۇرتۇمنىڭ ناخشىسىنى گويا پەرىشتە
ئۇ ئادەمگە مەخسۇس ئېيتقۇزۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى .

مەن دەرھال ۋاگوندىن چىقىپ يەنە بىر ۋاگونغا كىردىم . ئال-
دىمدا بىر ئادەم پەيدا بولدى . ئۇ قامەتلىك ۋە بەستلىك ، چىرايى نۇرلۇق
ئادەم بولۇپ ، چاقماق رەختتىن ئاتلىقلار فورمىسى كىيگەن ، توم سىگار
چېكىلىۋاتاتتى . ئۇ ئاغزىنىڭ بىر بۇرجىكىدىن ئاماكا ئىسىنى چىقىرىپ
تۇرۇپ ، ھېلىقى شوخ ناخشىنى غىڭشىپ ئېيتىۋاتاتتى : « كېنىت يولىدا
ئۇلارنى ئۇچراتتىم ، ترا ـ لا ـ لا . » مەن ئۇ ئادەمگە ئۆز ئەھۋالىمنى ئې-
يتتىم . ئۇ ماڭا ياردەملىشىپ پويىز بېلىتى ، پاسپورت قاتارلىق ئاۋارىچى-
لىقلارنى بىر تەرەپ قىلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلدى . مەن شۇئان بىر دوس-
تۇم بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندەك خۇشال بولۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭغا
چۈشتۈم . بىر چاغدا مەن يوقىتىپ قويغان ئېرىم ۋاگوندا پەيدا بولدى .
ئۇ توڭۇپ كۆكىرىپ كەتكەنىدى ، پۈتۈن بەدىنى جالاقلاپ تىترەيتتى .
ئەسلىدە پويىز ماڭغاندا ئۇ پلاتفورمىغا چىقىپ بولغانىكەن ، شۇڭا ئا-
خىرقى ۋاگوننىڭ كەينىگە ئاران چىقىۋاپتۇ . كىم بىلسۇن ، ۋاگون ئى-
شىكى قولۇپلانغانىكەن . ئۇ ئامالسىز تېشىدا سوغۇق شامال يەپ تۇرۇپ
قاپتۇ . كېيىن ساقچى كېلىپ ئىشىكنى ئاچقاندا ، ئاندىن ۋاگونغا كى-
رىۋاپتۇ . بىز ئولتۇرغان ۋاگونغا كېلىپ ، مېنىڭ بۇ دوستۇم بىلەن قىزىق
پاراڭلىشىپ ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپتۇ . كېيىن ، ئېرىم ئىككىمىز شۇنى
بىلدۇقكى ، بۇ يېڭى دوستىمىز سان پېتېربورگدا چار پادىشاھنىڭ ئاتخا-
نىسىدا ئىشلەيدىغان ئاتباقار ئىكەن . بۇ پويىزدا ئات سېتىۋالماقچى بولۇپ

روستوۋقا كېتىۋېتىپتۇ. بۇ تولىمۇ قىزىقچى ھەمراھىمىز گەپكە ۋە ھېكا-يىگە بەكمۇ ئۇستا ئىكەن. لوندوننىڭ قەدىمكى، ئاجايىپ قىزىقارلىق يەرلىك سۆزلىرىنى دەپ بېرىپ بىزنى تولا كۈلدۈردى.

مەن ئەمدى ئېرىمنىڭ پويىزدا مېنى يالغۇز تاشلاپ قايناقسۇ سې-تىۋالىمەن، دەپ پويىزدىن چۈشۈشىگە ھەرگىز يول قويمايمەن، دەپ قەسەم قىلىۋەتتىم. يەنە تېخى ئۆزۈمنىڭ پاسپورتى، ئازراق پۇلنى ئۇ-نىڭدىن ئېلىۋېلىپ ئۆزۈم ساقلىدىم.

بىز كاسپىي دېڭىزى بويىدىكى پېتروۋسكى شەھىرىگە كەلدۇق. ئەمما كراسنودوۋسكقا بارىدىغان نۆۋەتچى پاراخوت قولتۇقتىن چىقىۋات-قانىكەن. مېڭىمىزدىن تۇتۇن چىقىپ كەتتى. چۈنكى يەنە بىر قېتىملىق نۆۋەتچى پاراخوتنى ساقلىساق، بۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇرۇشىمىزغا توغرا كېلەتتى.

مەن پېتروۋسكى شەھىرىدە تۇنجى قېتىم شەرق كەيپىياتى ئىچىدە ياير بدىم. بۇ يەردىكى ئادەملەر ۋە ھەر خىل بازارلار پۈتۈنلەي رۇس شەكلىدە ئەمەس، تۈرك شەكلىدە ئىدى. پېتروۋسكىدا كۆرىدى-غان تۈزۈك يەر ۋە نەرسە يوق ئىدى. بىرىنچىمۇ قىلىدىغان ئىشىمىز بول-مىغاچقا، كۆپ ۋاقتىمىزنى دېڭىز بويىدا سەيلە قىلىش بىلەن ئۆتكۈز-دۇق. كىشىلەر بىزگە دېڭىز سۈيىنىڭ ئۆرلەش كۈچى كۈچلۈك بولغان-لىقتىن، ئادەم ئاسانلىقچە چۆكۈپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. كاسپىي دېڭىزىنىڭ جۇغراپىيىۋى ئەھۋالى ئۆزگىچە بولۇپ، دېڭىز يۈزى ئوتتۇرا يەر دېڭىزى يۈزىگە قارىغاندا پەس، سۈيىمۇ تېيىز ئىدى. ئەمما شامال چىقسىلا دېڭىز يۈزىدە شىددەتلىك دولقۇن كۆتۈرۈلەتتى.

بىز نۆۋەتچى پاراخوتقا ئولتۇرۇپ پېتروۋسكىدىن ئايرىلدۇق. پاراخوت دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ باكۇغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بىز ئۇ يەردە يولۇچىلار پاراخوتىغا ئالمىشاتتۇق.

باكۇنىڭ كېچە مەنزىرىسى ئاجايىپ گۈزەل ئىدى. ماي قۇدۇقلى-رىدىن چىققان ئوت يالقۇنى ئاسمانغا شەپەقتەك رەڭ بەرگەنىدى. بۇ يەردە نەگىلا قارىسا نېفت كۆزگە چۈشەتتى. دېڭىز يۈزىدىنمۇ قېلىن

بىر قەۋەت نېفىت كۆرۈنەتتى. ھاۋادىمۇ قويۇق نېفىت ھىدى كېلەتتى. بىر قانچە يىلدىن كېيىن، بىز پويىزدا باكۇدىن ئۆتتۇق. شۇ چاغدا خام نېفىتنىڭ بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقىۋاتقانلىقىنى، تۆمۈر يولنىڭ شېغىللىرىغا تېمىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. بۇ يەردە پويىز ۋە پاراخوتلارغا پۈتۈنلەي نېفىت يېقىلغۇ قىلىنىدىكەن.

بىز ئولتۇرغان يولۇچىلار پاراخوتى ئىرغاڭلاپ بىر كېچە ماڭدى. بۇ بەكمۇ بىسەرەمجان بىر كېچە بولدى. ئەتىسى سەھەردە، پاراخوت بىلەن كراسنوۋودسكىغا يېتىپ باردۇق. بۇ شەھەر كاسپىي دېڭىزىنىڭ ئاسىيا تەرىپىدە ئىكەن.

بىز پاراخوت بىلەتى سېتىۋالغان چاغدا، پاراخوتتا بېرىلىدىغان تاماق پۇلىنىڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بۇ بەك ئوبدان ئىشكەن، دەپ ئويلىدۇق. بىراق پاراخوت پورتتىن چىقىپ دېڭىزدا خېلى ئۇزاق ۋاقىت يۈرگەندە، ئاندىن يولۇچىلارغا تاماق بېرىلدى. ئەمما بۇ چاغدا ھېچكىمنىڭ تاماق يېگۈسى كەلمىدى. شۇندا بىز بۇنىڭ بولمايدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق.

دېڭىزدا يىراقتىن كۆرۈنگەن كراسنوۋودسكىغا نەزەر سالسا، قاقاس، ئاق رەڭلىك قىيالار، تاغ ـ ئېدىرلار كۆزگە چۈشەتتى، ئۆيلەرمۇ ئاق ئىدى. ئۇ يەر ـ بۇ يەردە شاخلىرى ساڭگىلاپ قالغان دەرەخلەر شامالدا خۇشياقمىغاندەك تەۋرىنەتتى. بۇ يەردە يىل بويى بىر تېمىم يامغۇر ياغمىغاچقا، تاتلىق سۇ يوق ئىكەن. ئادەملەر ئىشلىتىدىغان سۇ كاسپىي دېڭىزىنىڭ پارغا ئايلاندۇرۇلۇپ ئايرىپ چىقىلغان سۈيى ئىكەن. تەمىمۇ غەلىتە بولۇپ، ئىچسە ئادەمنى بىئارام قىلىدىكەن.

ئەمما، مەن بىر رۇس بېلىقچى يۈدۈپ كېتىۋاتقان ئاجايىپ يوغان ئۇستېر بېلىقىنى كۆردۇم. ماڭا بەكمۇ قاتتىق تەسىر قىلدى. چۈنكى ئۇستېر بېلىقىنىڭ بېشى بېلىقچىنىڭ بېشىدىن بىر ئىنگلىز چىسى ئۇزۇن ئىدى. قويرۇقى يەردە سۆرۈلۈپ قالغانىدى. بۇ سەپىرىمىزدە ئېرىم ئىنككىمىز ئۇستېر بېلىقى ۋە يېڭى بېلىق قىيمىسىغا شۇنداق ئامراق بولۇپ كەتتۇقكى، زادىلا گەپ توغرا كەلمەيتتى. پويىزنىڭ تاماق ۋاگونىدا

ئىنتايىن تەملىك پىشۇرۇلغان ئوستېر بېلىقلىرى ۋە بېلىق قىيمىلىرىمۇ كۆپ، تەمىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايتتى.

بىز كراسنوۋودىسكىدا پويىزغا ئالماشتۇق. بۇ، نېفىت يېقىلغۇ قىلىنغان پويىز بولۇپ، بەكمۇ ئاستا ماڭاتتى. پويىز كراسنوۋودىسكىدىن چىقىپلا چەكسىز كەتكەن قاقاس چۆللۈككە كىرىپ كەتتى. چاقلار گۈلدۈرلەيتتى، بىزمۇ خاتىرجەم بولۇپ، يېنىكلەپ قالغاندۇق. بىرلا يېرى، پويىز تولا توختايتتى. تۆمۈر يول ئىشچىلىرى باققان، يولدىن ئېزىپ قالغان ئىنەك ۋە سىيىرلار تۆمۈر يولدىن ئاستا ئۆتۈپ كەتكەندە، ئاندىن پويىز قوزغىلاتتى. بىر قېتىم پويىزنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قۇرۇلمىسى ئايلىنىشتىن توختاپ قېلىپ، قورقۇنچلۇق گاز ئېتىلىپ چىقتى. بىز نېمە ئىش بولدىكىن، دەپ دېرىزىدىن بېشىمىزنى چىقاردۇق. بىر كالامپاي قېرى غاز بىر توپ غازنى كەينىگە سېلىپ ئىرغاڭلاپ مېڭىپ، گاز چىقىۋاتقان پويىزنى پەرۋايىغىمۇ ئالماي تۆمۈر يولغا كىرىۋالدى. پويىزنى ئۇلار ئۆتۈپ كەتكۈچە ساقلاپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى.

بۇ ئەتراپتا تۆمۈر يول بېكەتلىرىگە يېقىن جايدا بىر ـ ئىككى ئۆي ئۇچرىغانلىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەتراپ بىپايان چۆللۈك ئىدى. چۆللۈكتە تۆگە كارۋانلىرى كېتىپ باراتتى. ھەربىر تۆگە كارۋىنىنىڭ ئالدىدا بىردىن تەخەي يول باشلاپ كېتىۋاتاتتى. تەخەي ئۈستىدە ئادەم يوق. تەخەيلەر ئارغامچا بىلەن تۆگىگە چېتىپلا قويۇلغان. تۆگە كارۋىنى ئاستا مېڭىپ جەنۇبقا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ تەرەپتىكى ئوپۇق سىزىقىدا پارس تاغلىرى غۇۋا كۆرۈنەتتى.

ئىككى كۈنلۈك زېرىكىشلىك، مەنىسىز سەپەردىن كېيىن، ئاخىر ئالدىمىزدىكى مەنزىرىلەر ئۆزگىرىشكە باشلىدى. كەچكى قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرى كەڭ زېمىنغا چىرايلىق لىباس يېپىپ، زېمىننى رەڭگا ـ رەڭ بوياق بىلەن بوياپ، ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ۋە سەلتەنەتلىك تۈسكە كىرگۈزۈپ، ئادەمنى زوقلاندۇردى. يىراقتىن بىر ئېقىننى كۆرۈپ، بىز قەدىمىي شەھەر بۇخاراغا ئاز قالغانلىقىمىزنى بىلدۇق. ئۇ ئېقىن ئوكسۇس

بولسا كېرەك. هازىر كىشلەر ئۇنى ئامۇ دەرياسى دەيدۇ.

پويىز بۇخاراغا يېقىنلاشقاندا لىڭشىپ تۇرغان بىر ياغاچ كۆۋرۈكنى كۆرۈپ، پويىز بىلەن بىزنىڭ تەقدىرىمىز مۇشۇ كۆۋرۈككە باغلىق بولامدۇ نېمە. ئاقىۋەت قانداق بولار، دەپ ئەندىشىگە چۈشتۇق. دەرۋەقە شۇنداق بولدى. پويىز توختىۋىدى، ۋاگوندىن بىر پويىز ساقچىسى سەكرەپ چۈشتى. ئاندىن پويىز كۆۋرۈككە قاراپ ئاستا مېڭىشقا باشلىدى. ساقچى پاراۋوز ئالدىدا مېڭىپ بىر ۋاگون ئۆتۈپ بولسا كۆۋرۈكنىڭ قانچىلىك ئۇلتۇرۇشۇپ كېتىدىغانلىقىنى تەكشۈردى. ئۇنىڭ قولىدىكى قىزىل بايراقنىڭ بىزگە زادى نېمە ئىش قىلىپ بەرگەنلىكىگە هازىرغا قەدەر زادىلا ئەقلىم يەتمىدى. چۈنكى، بۇنداق ئەھۋالدا، بىز بىرى ئاگاھلاندۇرمىسىمۇ پويىزنىڭ بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتۇق.

پويىز ناهايىتى ئاستا ئىلگىرىلەيتتى. كۆۋرۈك گويا بەك قىينىلىپ ئىڭراۋاتقاندەك غىچىرلايتتى. بىر نەچچە يەردە تېخى توغرا ياغاچلىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. تۆۋەنگە قارىساق، شۇ جايلاردىن ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان شاكلات رەڭلىك سۇ كۆرۈنەتتى.

پويىز كۆۋرۈكتىن توپ ـ توغرا يېرىم سائەتتە ئۆتتى، قارشى قىرغاققا تىنىچ ـ ئامان چىقىۋالغاندىن كېيىن، يۈرىكىمىز ئورنىغا چۈشۈپ، خاتىرجەم بولدۇق. كۆۋرۈك خەتەرلىكتەك كۆرۈنگەن بىلەن، هەر هالدا بىزنىڭ پويىز باشقا پويىزلارغا ئوخشاش بىخەتەر ئۆتۈۋالغۇچە بەرداشلىق بەردى. مەن تۆت يىلدىن كېيىن، ئەنگلىيىگە قايتقۇچە بۇ يەردە ناهايىتى چىرايلىق ۋە پۇختا ياسالغان يېڭى كۆۋرۈكنى كۆردۈم. هېلىقى ياغاچ كۆۋرۈكمۇ بىر چەتتە تاشلىنىپ ياتاتتى. ئۇ ئۆتكەن قېتىمقى قورقۇنچتىن يۈرىكىمىز ئاغزىمىزغا تىقىلىپ قالغان يېرىم سائەتنى ئېسىمىزگە سالدى.

بۇخارا شەهىرىنى شۇنداق ئايلانغۇمىز بولسىمۇ، پويىزدىن چۈشمىدۇق. پويىز فلاتفورمىسىدا تۇرغان كېلىشكەن يىگىتلەر ۋە گۈزەل قىزلارغا قاراپ زوقلىنىش ۋە شەھەرنى پويىزدىلا ئانچە ـ مۇنچە كۆرۈش

بىلەن كۆپايلەندۇق.

بۇ پويىز بىزنى سەمەرقەندكە ئېلىپ باردى . بۇ يەردە بىزنىڭ پويىز سەپىرىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى .

1898 ـ يىلى سەمەرقەندتىن ئەنجانغا بارىدىغان تۆمۈر يول يېڭىلا پۈتكەن ، لېكىن سەمەرقەندىن ئەنجانغا پويىز بىلەن بېرىش ئۈچۈن ، ئەنجان ۋالىيسىنىڭ تەستىقىنى ئېلىش لازىم ئىدى .

بۇ لىنىيىدە يولۇچىلار ۋاگونى بولمىغانلىقتىن ، يولۇچىلار مال ـ چارۋا يۆتكەيدىغان ئۈستى يېپىق يۈك ۋاگونىدا ئولتۇراتتى . بىز بەزى يولۇچىلارنىڭ رۇسچە يوغان پىلاشلارغا ئورۇنۇپ پاخال سېلىنغان يەردىلا ياتقانلىقى ياكى زوڭزىيىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۇق . مۇشۇ كىشىلەر بىلەن بۇ تەرىقىدە بىر قانچە كۈن يول مېڭىشنىڭ پەقەتمۇ قىزىقىدىغان يېرى يوق ئىدى . لېكىن بۇ پويىزغا ئولتۇرمىساق ، بىز يولىمىزنى قانداق داۋاملاشتۇرالايمىز ؟

ئەتىسى ، بىز سەمەرقەند ۋالىيسى مېدىنىسكىي بىلەن كۆرۈشۈشكە باردۇق . بىزدە ئۇنىڭغا بېرىدىغان تونۇشتۇرۇش ھۆججىتى يوق ، ھەم بىزنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرىدىغان ئادەممۇ يوق ئىدى . شۇڭا بىز ، ئۇ بىزنى پەقەتلا تونۇمايدىغان تۇرسا قوبۇل قىلارمۇ ؟ دەپ غەم يېدۇق . ئەمما ، ئۇ بىزنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى . بىز شۇنداق قاراپلا بۇ گېنېرالنىڭ ھەقىقىي سىپى ئۆزىدىن ھەربىي ، مۇلايىم ، سىلىق ـ سىپايە بىر مۆتىۋەر ، بىزنىڭ ھۆرمىتىمىز ۋە ئىشەنچىمىزگە نائىل بولالايدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق . ئۇ رۇسچىدىن بۆلەك تىلنى بىلمەيتتى . شۇڭا گېنېرال مېدىنىسكىي ئۆزىنىڭ كاتىپىنى چاقىرىپ كېلىپ گېپىمىزنى تەرجىمە قىلدۇردى . ئۇنىڭ كاتىپىنىڭ ئىرپلاندىيىلىك بىر قىز ئىكەنلىكىنى بىز زادىلا ئويلىمىغاندۇق . ئۇ پۈتۈن ھاياتىنى رۇسىيىدە ئۆتكۈزگەن ، فرانسۇزچە بىلەن رۇسچىنى سۇدەك بىلىدىكەن ۋە ناھايىتى راۋان سۆزلەيدىكەن ، لېكىن ئىنگلىزچىنى سۆزلىيەلمەيدىكەن .

بىز پويىزغا ئولتۇرۇش تەستىقىنى تېزلا ئالدۇق . گېنېرال مېدىنىسكىي قىزىنىڭ ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدىلا مەرغىلانغا بې-

رىپ، پامىر ئېگىزلىكىدىكى ئېرى بىلەن ئۇچراشمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بىزنى ساقلاپ تۇرۇپ قىزىغا ئالاھىدە تەييارلاتقان ئالىي دەرىجىلىك ۋاگوننىڭ بىر ئېغىز ئايرىم خانىسىغا چىقىۋېلىشقا تەكلىپ قىلدى. ئەلۋەتتە، بىز تەلىيىمىزنىڭ بۇنداق ئوڭ كەلگەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇق.

گېنېرالنىڭ قىزىنى ساقلاپ، سەمەرقەندتە بىر قانچە كۈن تۇرۇشىمىزغا توغرا كەلدى. بۇ ئارىلىقتا بىز بۇ شەھەرنى ئىمكانقەدەر تولۇق ئايلىنىپ، ئوبدان ئېكسكۇرسىيە قىلىۋالدۇق. سەمەرقەند موگۇللارنىڭ بۆشۈكى بولۇپ، بۇ يەردىكى موگغۇل خانلىقى ھىندىستانغا ئۇزۇن زامانلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان. بىز بازارلارنى قويماي ئارىلىدۇق. ئاقساق تۆمۈر شاھنىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلدۇق. ئۇنىڭ قەبرىسىگە ھازىرغىچە تېپىلغان ئەڭ چوڭ، تاختا قىلىنغان قاشتاش قويۇلغان. مەقبەرە دەرۋازىسى ئۈستىگە يېشىل رەڭلىك خىشلار نەپىس شەكىل چىقىرىپ تىزىلغان، قۇياش نۇرىدا ئۇ پاللىداپ، ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ۋەھالەنكى، بۇ شانلىق مەدەنىيەت ئاللىقاچان ئۆتمۈشكە ئايلانغان. قەدىمكى ئىمارەتلەر پۈتۈنلەي تىپىك تاتارلار ئۇسلۇبىدا سېلىنغان. تاتارلارنىڭ ئىلگىرىكى شانلىق سەلتەنەتلىرىدىن ئەسەر قالمىغان. چۈنكى ھازىر رۇسىيىلىكلەر بۇ يەرنى بويسۇندۇرۇپ، بۇ يەرنىڭ جەڭچى ۋە خوجايىنلىرى بولغان. تاتارلار بولسا سودىگەرلەر ۋە مالايلارغا ئايلانغان.

رۇسىيە زېمىنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆرگەن ئادەملەرنىڭ ئىرقى ۋە تىپى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئۇلارنىڭ كۆپىنىڭ تېرىسى ئاق، سۇزۇك بولۇپ، چىرايى ياۋروپىيالىقلارغا[1] ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئەرلەر ئېگىز، قاۋۇل، سەل سۇرلۇك، ئاياللار بولسا ئوتتۇرا قولدەك، قاش ـ كۆزى تۆكۈلۈپ تۇرغان، نۇرلۇق چىراي، ئاجايىپ گۈزەل ئىكەن. يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى سىپايە، نازاكەتلىك، جەزبىلىك ئىكەن. بۇ يەر تارىختا تۈركلەر ۋە موگغۇللارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ،

---

① ياۋرو ــ ئاسىيا تېپىدىكى ئىرقنى كۆرسىتىدۇ ــ مۇھەررىردىن.

ئادەملىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىرانلىقلارغا خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ كەپتۇ.

ئەلۋەتتە، سەمەرقەندتە تاجاۋۇزچىلار بىلەن توي قىلغان ئادەملەرمۇ بار ئىكەن. ئۇلاردىكى تاتارلار ۋە موڭغۇللارغا خاس قىسىق كۆز، دوقا ماڭلايلار بىر قاراشتىنلا كۆزگە چېلىقاتتى.

بىزنى گېنېرال مېدىنىسكىي ۋوكزالغا چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى. پويىزدا بىزگە ئاجرىتىلغان ئالىي دەرىجىلىك ئايرىم ئۆينى كۆرۈپ، گېنېرالغا كۆپ رەھمەت ئېيتتۇق. كېيىن ئۇقساق، ئۇ قەشقەر رايونى بىلەن پەرغانە رايونى ئوتتۇرىسىدىكى رۇسىيە - جۇڭگو چېگرىسىنى بەلگىلەش چېگرا سۆھبىتىدە گېنېرال مېدىنىسكىي رۇسىيە تەرەپنىڭ ئەمەلدارى بولغانىكەن، شۇڭا جۇڭگولۇقلار ئۇنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنىدىكەن.

بىز يولغا چىقتۇق. ۋاگون ئىچى بەكمۇ ئازادە راھەت ئىدى. ۋەھالەنكى، بىز مەرغۇلانغا ئاز قالغاندا، ھەمراھىمىز (گېنېرالنىڭ قىزى) چۈشۈپ قالىدىغان بولغاچقا، بىز ئولتۇرغان ۋاگون ئاجرىتىۋېتىلدى. بۇنىڭدىن قاتتىق ھەيران بولدۇق. لېكىن باشقا ئامال بولمىغاچقا، مال - چارۋا توشۇلىدىغان يۈك ۋاگونىنىڭ بىر بۇرجىكىگە قىستۇرۇلۇشقا مەجبۇر بولدۇق.

ئىلگىرىكىگە ئوخشاش، بۇ قېتىمقى كەچۈرمىشلەرمۇ كۆڭلۈمنى بەكمۇ يېرىم قىلدى. مەن «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە» دېگەندەك ماسلىشىشچانلىقنى ئۆگەنمەپتىكەنمەن. ئەمما، بۇنداق ماسلىشىشچانلىقنى سەپەر قىلغۇچى ھەر قانداق ئادەم ئاز - تولا ئۆگىنىپ قويمىسا بولمايدىكەن. پويىز يەنە بىر سوتكا مېڭىپ، ئاندىن ئەنجانغا باراتتى. شۇنىڭغىچە بىز ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان ۋە زېرىكەرلىك مۇھىتتا ۋاقىت ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك ئىدى. ۋاگون بەكمۇ قىستاڭچىلىق ئىدى. ھالبۇكى، بىزگە ئامەت يەنە بىر نۆۋەت كۈلۈپ باقتى. بىز رۇسىيە ئوفىتسېرى بىلەن ئازراق پاراڭلاشقانىدۇق. ئۇ يولدا چۈشۈپ قالىدىغان بولدى - دە، ئۆزى ئولتۇرغان يۈك ۋاگونىدىكى ئورنىنى بىزگە بەردى. قارىغاندا بۇ ۋاگوننى ئۇ ئۆزىلا ئىگىلەپ كەلگەن

بولسا كېرەك، ۋاگونغا كىلەمدەك بىر نەرسە سېلىنغان، بىر شىرە، بىر قانچە ئورۇندۇق قويۇلغان، ھەتتا يەرلىك كىشىلەر دائىم ئىشلىتىدىغان توقۇلما كارىۋات بار بولۇپ، كارىۋاتتا ياستۇق ۋە ئەدىيال تۇراتتى. ئەلۋەتتە، بىز ئۇنىڭ ھىممىتىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈردۇق. بۇ يەرگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، مەن بايا بىكاردىن غەم قىلىپ قايغۇرۇپ كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم.

رۇسىيىلىك بۇ ئوفىتسېر دوستىمىز يەنە بىزگە، بۇ پويىزدا يەنە بىر ئەنگىلىيىلىك بارلىقىنى، ئۇنىڭ كۆپچىلىك بىلەن يۈك پويىزىدا جاپا تارتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز دەرھال ئۇنى ئىزدىدۇق. پلاتفورمىدا تۇرغان ھەممىلا ئادەم رۇسچە قۇلاقچا، ئېغىر ئۆتۈكلەرنى كىيىۋالغاچقا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئەنگىلىيىلىكنى تېپىش ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى. ئادەملەرنىڭ بېشىدىكى قۇلاقچا ئوخشاش بولغىنى ئۈچۈن، بىز ئۆتۈكىگە دىققەت قىلدۇق. لېكىن رۇسلار كىيىدىغان يوغان ئۆتۈكتىن بۆلەك باشقا خىلدىكى ئۆتۈكلەرنى چېلىقتۇرمىدۇق. ۋاگونغا قايتماقچى بولۇپ تۇرغىنىمىزدا، تۇساتتىن ئىنگلىزلار كىيىدىغان بوغۇچلۇق ئۆتۈك كىيگەن بىر ئادەم ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ قالدى. ئېرىم دەرھال بېرىپ ئۇ ئادەم بىلەن پاراڭلاشتى.

— ياخشىمۇ سىز، سىز ھېلىقى ئەنگىلىيىلىك، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، مەن بۇ پويىزدىكى ئەنگىلىيىلىك، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ، — لېكىن، مېنىڭ ئەنگىلىيىلىك ئىكەنلىكىمنى سىز قانداق بىلدىڭىز؟

— سىزنى ئۆتۈكىڭىزدىن تونۇۋالدۇق، — دېدىم مەن. بىز بىر «قوش ئاۋازلىق ناخشا» نى ئېيتتۇق ۋە ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن قول ئېلىشتۇق. ئۇ بىزگە، ئىسمىنىڭ جون سىپپىخىر ئىكەنلىكىنى، لوندونلۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بىزمۇ ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنى تونۇشتۇردۇق. نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن بىز لوندوندىكى خان جەمەتى جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىدە يەنە ئۇچراشتۇق ۋە ئىختىيارسىز بىر-بىرىمىزنىڭ كىيگەن ئا-

يىغىغا سەپسالدۇق.

بىز راھەت بىر ئورۇننى تاپقىنىمىزدىن كېيىن، ئۇنىڭدىن سىپپىيـ خىر بىلەن تەلەك بەھرىلىنىشىمىز كېرەك، دېگەن ئويغا كەلدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بىز ئولتۇرغان «پۇلمان»[1] غا ئەكەلدى.

مەن ئىلگىرىمۇ ۋە كېيىنمۇ، سەمەرقەندتىن ئەنجانغا كەلگۈچە ئولتۇرغان پويىزدەك پويىزدا پەقەتمۇ ئولتۇرۇپ باقمىغانىدىم. ھەم ئولتۇرمىدىم. بۇ سەپىرىمىز ئاجايىپ قىزىق ۋە كۆڭۈللۈك بولدى. پويىز سائىتىگە 24 كىلومېتىر تېزلىكتە ماڭاتتى. پاراۋوزدىن ھېلىدىنـ ھېلى چاتاق چىقىپ پويىز توختاپ قالاتتى ـ دە، يولۇچىلار ۋاگونلاردىن چۈشۈپ، ياۋا گۈللەرنى تەرگەچ دالىلارنى سەيلە قىلاتتى. پويىزنىڭ رېلىس تۆمۈريدىن ياسالغان قوڭغۇرىقى چېلىنغان ھامان، ھېچنەرسىگە قارىماي يۈگۈرۈپ ۋاگونلارغا چىقىشاتتى. بۇ ھەقىقىي ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان بىر چېنىقىش ئىدى. سەۋەب يول ئۆلى ئېگىز بولۇپ، تاقلاپ ـ تاقلاپ چىقىدىغان پەلەمپەي ياكى شۇنىڭغا ئوخشاشراق بىر نەرسە يوق ئىدى.

پويىز ئۈستىدە بىر ماگىزىن بولۇپ، گۆش، سەي ـ كۆكتات، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، قازان ـ چۆمۈچ، قەنت ـ گېزەك دېگەندەك تۈرلۈك ـ تۈمەن نەرسىنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. ھەر بىر بېكەتتە نەرسە ـ كېرەك ساتقۇچىلار تۇرۇپ كېتەتتى. پويىز تاكى يولۇچىلار ئالىدىغىنىنى ئېلىپ، خەۋەرلەرنى ئوقۇشۇپ بولغۇچە توختاپ تۇرۇپ، ئاندىن ماڭاتتى. شۇڭا بۇ پويىز ئەنجانغا توپتوغرا بىر كۈن كېچىكىپ باردى. بۇ قىلچە ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى.

پويىزدا كېتىۋاتقان بىر ئاخشىمى، ئەلپازى يامان بىر قانچە كازاك كاۋكاز بىز ئولتۇرغان ۋاگونغا ئۇسۇپ كىردى. ئۇلار چىپپىدە كېلىندىـ

---

[1] پۇلمان (pullmann) ـ ئەنگلىيىلىك پۇلمان لاھىيىلىگەن ئاجايىپ راھەت پويىز ياتىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە ماكارتىنېي ئەر ـ ئايال ئولتۇرغان ۋاگوننىڭ باشقا يۈك ۋاگونلىرىدىن ئوبدانراق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

غان كىيىم كىيىپ، ئۈستىگە ئۇزۇن، يوغان قارا رەڭلىك پەلتو كىيىۋال-
غان، مەيدىسىگە چاپراس قىلىپ بىر مۇنچە ئوقنى ئېسىۋالغان، ئېگىز
قونچىلىق ئۆتۈك، ئەنگلىيە قورۇقلۇق ئارمىيىسى گۋاردىيىچىلىرىگە ئوخ-
شاش ئېيىق تېرىسىدىن ئۆكە قادالغان، ئېگىز قالپاقلار كىيىشكەن،
كەمەرلىرىگە بىرنەچچە قورال ئېسىۋالغانىدى. پويىز قوزغالغان چاغدا،
ئۇلار سىرتتا ئوخلاپ قالغاچقا، پويىزغا ئاران چىقىۋالغان، ئەمما ئۆز
ۋاگونلىرىغا قايتالمىغانىدى. ئۇلار بىزنىڭ ۋاگوندا پولدا يېتىپلا خورەك
تارتىپ ئۇيقۇغا كەتتى. بىردىنبىر كارىۋاتتا مەن ياتاتتىم. ئىرىم بىلەن
سېپىيخىر ئەپەندى كارىۋاتنىڭ ئىككى تەرىپىدە، پولدا ياتاتتى. بىزمۇ شۇ
پەيتتە ئۇيقۇغا كەتتۇق. كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىۋېتىپ، كاللامدا: «ئەگەر
ئاپام مۇشۇ ئەھۋالدا ياتقىنىمنى كۆرسە نېمىمۇ دەر ـ ھە!» دېگەن ئوي
كەچتى. بىر شېرىن ئۇيقۇدا ياتاتتۇق، توساتتىن پويىز قاتتىق سىلكىنىپ
توختىدى. ئويغىنىپ قارىساق ئەنجانغا كەپتۇق. بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تۆمۈر
يولىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېكىتى بولۇپ، بىز ئولتۇرغان پويىز بۇ تۆمۈر
يول لىنىيىسىدىكى پۈتۈن يولنى بېسىپ بولغانىدى. بۇ ئۆكتەبىرنىڭ
ئاخىرىسى بولغاچقا، قىرو چۈشۈپ، ھاۋا سوۋۇپ كەتكەنىدى. سوغۇق
ۋاگوندا توساتتىن چۆچۈپ ئويغانغان، سەھەر سائەت بەشتە پويىزدىن
سوغۇق ۋە قاراڭغۇ ۋوگزالغا چۈشۈشكە توغرا كەلگەچكىمىكىن توڭلاپ
كەتتىم ۋە كەيپىم ئۇچتى.

كىيىملىرى جۇل ـ جۇل، كۆرۈمسىز ئەنجانلىقلار يۈك ـ تاقلى-
رىمىزنى كۆتۈردى. بىز ئۇلارنىڭ كەينىدىن ۋوگزالدىن چىقتۇق، تاغ-
لىق كەنتكە ئوخشاپ كېتىدىغان شەھەر كوچىسىغا كەلدۇق. يۇلتۇزلار-
نىڭ خىرە يورۇقىدا يولنى ئاران پەرق ئېتىپ، ئادەتتىكى بىر سارايىنى
تاپتۇق. سارايۋەن بېشىغا ياغلىق ئارتقان، ناھايىتى چىرايلىق چوكان
ئىدى. ئۇ پايپېتەك بولۇپ بىزنى ناھايىتى ئوبدان كۈتۈۋالدى. لېكىن
ئۇنىڭ تۇرمۇش شەكلى ۋە ئوي ـ پىكرى بىزنىڭكىگە پەقەتلا ئوخشى-
مايتتى. ئۇنىڭ بىردىن ئاشقان شورپىلارنى چوڭ داسقا تۆكۈپلا، يەنە
باشقا يولۇچىلارغا بەرگىنىنى كۆرۈپ، ئۇ ئالدىمىزغا ئەكەلگەن باشقا تا-

ماق ۋە قورۇمىلارنى يېگۈمىز كەلمەيلا قالدى. ئەگەر ئۇنىڭ مېھمانلارنى بايقىدەك كۈتۈۋېلىشلىرىنى كۆرمىگەن بولساق، بەلكىم ئۇنىڭ تاماق-قورۇمىلىرىنى ئوخشاپتۇ، دېگەن بولار ئىدۇق.

قانداقلا بولمىسۇن، پويىزدا ماڭغان ئۇزۇن كۈنلەردە كىيىم سېلىپ باقمىغانىدۇق. بۇ يەردە كىيىملىرىمىزنى ئالماشتۇرۇپ خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك بولدۇق.

قەشقەردىن كېلىپ بىزنىڭ ئالدىمىزغا چىقىدىغان چاكارلار بىزنى ۋوگزالدا كۈتۈۋېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، بىز ئۇلارنى ئىزدەپ ھېچيەردىن تاپالمىدۇق. بىز يولغا قانداق مەپە ئورۇنلاشتۇرغانلىقى، ئېگىز تاغ-چوققىلاردىن قانداق ئۆتىدىغانلىقىمىزنى بىلمىگەچكە، ئەندىشىگە چۈشتۇق. كېيىن بىز ئەپچىل بىر چارە تاپتۇقتە، كېيىنكى قېتىملىق پويىز كەلگەندە، ۋوگزالغا چىقتۇق، دېگەندەك ئۇلار بىلەن ئۇچراشتۇق. ئالدىنقى كۈنى كېچىدە ئۇلار ۋوگزالدا ساقلىغان. لېكىن قاراڭغۇدا بىزنى تاپالمىغانىكەن. بىز ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ خۇشال بولدۇق. ئۇلارمۇ پادىدىن ئايرىلىپ قالغان قوزىدەك يالغۇزسىراپ تۇرغانىكەن، بىزنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدى.

ئېرىمگە ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت خىزمەت قىلغان بۇ ئىككى ئادەم، ئۆزلىرىنىڭ يېڭى ئايال خوجايىنى بولغان مېنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئەكېلىشكە ئەۋەتىلگىنىدىن بەكمۇ پەخىرلەندى. بۇ ئىككى چاكارنى كۆرۈپلا مەن ئۇلار بىلەن ھەقىقىي تۈردە دوستلىشىپ كېتەلەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. بەلكىم ئۇلاردىمۇ مۇشۇنداق ھېسسىيات بولغاندۇ. نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان، ئۇلار بىزگە ئاجايىپ ساداقەتمەنلىك بىلەن ئوبدان خىزمەت قىلدى. ئۇلار ھەقىقەتەن تېپىلغۇسىز ياخشى چاكارلار ئىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا تۆمۈر يولىنىڭ بۇ بېشىغا كەلگەندىن كېيىن، بىز ياۋروپا مەدەنىيىتىنى كەينىمىزگە، بەكمۇ يىراقتا تاشلىۋەتكەندەك ھېسسىياتتا بولدۇق. بىزگە، ھېچبولمىغاندا ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يوچۇن

بىر دۇنيادىكى تەۋەككۈلچىلىك ئەمدى باشلىنىپتۇ . چۈنكى بىز ئەمدى رۇسىيىنىڭ پوچتا مەپىسى بىلەن ئەنجاندىن ئوشقا بېرىشىمىز ، يەنە تەگرىتاغ ئېتىكىگە بېرىشىمىز ، ئاندىن ئۇ يەردىن خەتەرلىك ئېگىز ـ پەس بۇ تاغدىن ئۆتۈش ئۈچۈن توپتوغرا بىر كۆن يول مېڭىشىمىز كې ـ رەك ئىدى . بۇ ماڭا پۈتۈنلەي يېڭى ۋە ئاجايىپ كەچۈرمىش ئىدى .

رۇسىيىنىڭ پوچتا مەپىلىرىدە ئولتۇرۇشمۇ راھەت ئىش ئەمەس ئىدى . پوچتا مەپىسى كىپە شەكىللىك سېۋەتكە ئوخشايتتى . بۇ سېۋەت ئاستىغا ئۇزۇن تاختايلار قويۇلغان ، پۇرژىنىسى يوق بولغاچقا ، ئادەمنى قاتتىق سىلكىيتتى . ئۇنى ئۈچ ئات تارتىپ ماڭاتتى . ئوتتۇردىكى بىر ئاتنىڭ بوينىغا بويۇنتۇرۇق سېلىنغان بولۇپ ، شوتىغا قوشۇلغانىدى . ئۇ ھارۋىنى تارتىپ يورغىلاپ يۈگۈرەيتتى . قالغان ئىككى ئات ئارغامچا بىـ لەن مەپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوققا قوشۇلغان بولۇپ ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، چەتكە قاراپ بار كۈچى بىلەن چاپاتتى . شوتىغا قوشۇلغان ئوتتۇردىكى ئاتنىڭ بويۇنتۇرۇقىغا چوڭ قوڭغۇراق ئېسىلغانىدى ، ئۈچ ئاتنىڭ ھەممىسىنىڭ بويۇنتۇرۇقىغا بىر تىزىق كىچىك قوڭغۇراقلار ئې ـ سىلغانىدى . ئاتلارنىڭ چېپىشىغا ئەگىشىپ قوڭغۇراقلار توختىماي جى ـ رىڭلاپ ، يېقىملىق مۇزىكا ھاسىل قىلاتتى .

بىز پوچتا مەپىسىگە چىقىپ ، كىچىككىنە پالاز ئۈستىدە ، مەپىنىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلىنىپ ئولتۇردۇق . بىز جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن مە ـ پىچى ئالدىدىكى ياغاچ ساندۇققا چىقىپ ئولتۇردى . ئۇنىڭ سىياقى ئۆز ـ گىچە بولۇپ ، يوغان ، بەستلىك ئادەمدەك قىلاتتى . يوغان ۋە قېلىن ، ئۈستى چېپىدە كەلگەن ، ئېتىكى كۆڭلەكتەك كەڭ ، چېچىلىپ تۇرىدىـ غان جۇۋىغا ئورۇنىۋالغان ، تېرە قولاقچا كىيىپ ، قولاقچىنىڭ قولاقلىـ رىنى چۈشۈرۈپ قولاق ۋە ئېڭەكلىرىنى ھەم چۈمكىۋالغان ، چولۇۋۇرنى ئىككى قولىغا قات ـ قات ئورىۋالغانىدى . مەن ، ئۇ چولۇۋۇرنى نېمانچىۋالا چىڭ يۈگەپ تۇرىدىغاندۇ ، دەپ ھەيران بولدۇم . لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا جاۋابىنى تاپتىم .

مەپىچى تەييارلىق ئىشلىرىنى قىلغۇچە ئارىلىقتا ، يەنە بىر يار ـ

دەمچى ئاتلارنى مىدىرلاتماي تۇتۇپ تۇرغانىدى. مەپىچى ئىشنى تۈگە-
تىپ، قامچىسىنى ئايلاندۇرۇپ قاراسلاتقان ھامان، ئات ئالدىدا تۇرغان
ئادەم چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ئاتلار چىپىپ، مەپە قوز-
غالدى. مەپىنىڭ چاقلىرى تاراقلاپ، ئاتلارنىڭ بويىنىدىكى قوڭغۇراقلار
جىرىڭلاپ، مەپىنىڭ كەينىدىن گويا قويۇق ئىس - تۈتەكتەك چاڭ -
توزان كۆتۈرۈلدى. مەپىنىڭ ئالدىدىن ئادەم، ئىت، مۈشۈك، توخۇ،
ئۆردەكلەر خوددى قاچ - قاچ بولغاندەك. ئالاقزادىلىك ئىچىدە ھەر تە-
رەپكە قاچتى. بۇ ناھايىتى قىزىقارلىق باشلىنىش ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا
مەپىچى چۇلۇۋۇرنى چىڭ تۇتۇۋالمىسا بولمايتتى.

يولدا، پوچتا مەپىسى ئاتلارنى ئالماشتۇردى. بىرمۇ بىر دەڭدە
غىزالىنىۋالدۇق. غىزايىمىز پىشۇرۇلغان توخۇ، بولكا، سېرىق ماي
بولدى. چاي ئەلۋەتتە بولمىسا بولمايتتى. بۇ دەڭدىمۇ يولۇچىلار ئىچە-
دىغان قايناقسۇ يوغان ساماۋەردە قايىنىتىلىدىكەن. ساماۋەر بىغىر رەڭ
ياكى سېرىق مىستىن، ھەتتا كۈمۈشتىن ياسىلىدىكەن. ساماۋەرگە سۇ
ئاچلاپ، ئوتتۇرىسىدىكى كانايدىن ئوتتۇن كۆمۈرى قالاپ چاي قايىنىتى-
لىدىكەن. بۇنداق ساماۋەرلەر رۇسىيە ئائىلىلىرىدە بىردىن بولۇپ، ئۇ-
نىڭدا چاي دەملىنىدىغان قايناقسۇ، قەھۋە قايىنىتىلىدىكەن، تۇخۇم پە-
شۇرۇلىدىكەن. يەنە ئۇنىڭدا سۇ قىزىتىپ، بوۋاقلارنى يۇيىدىكەن. ئىش-
قىلىپ ئۇ بىر ئائىلىگە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ بېرىدىكەن.

ئۇلار ئىبرىم بىلەن ماڭا بىرمۇنچە تۇخۇم پىشۇرۇپ ئەكەلدى.
ئەگەر بىز رۇسىيىلىك بولغان بولساق، تۇخۇملارنى قويماي يەۋەتكەندىن
سىرت، يەنە تەلەپ قىلىشىمىز مۇمكىن ئىدى.

مەن رۇسلارنىڭ چېيىغا بارا - بارا ئامراق بولۇپ قالدىم. بولۇپمۇ
چايغا بىرنەچچە ياپراق يېڭى لىمون سېلىۋەتسە، ئىچسەم ئىچكۈم كې-
لەتتى. رۇسىيىلىكلەر چايغا سۈت قوشماستىن، ئازراق لىمون سېلىۋې-
تىدىكەن، ئەگەر لىمون بولمىسا، بىر ئىستاكان چايغا يوغان قوشۇقتا
لىق بىر مېۋە قىيامى ياكى مېۋە سۈيى قۇيىدىكەن. مەن رۇسىيىلىكلەر-
نىڭ چاينى پىيالىغا قۇيماي، شىشە ئىستاكانلارغا قۇيۇپ ئەكىلىدىغانلى-

قىغا دىققەت قىلدىم.

يولدا توپا ـ چاڭغا كۆمۈلۈپلا كەتتۇق. شۇ كۈنى كەچتە ئوشقا كەلدۇق. مەپىدىن چۈشۈپ ئۆزىمىزنىڭ خۇددى توپىنىڭ ئارىسىدىن چىققاندەك بولۇپ كەتكىنىمىزنى بايقىدۇق. بىرقانچە سائەتتىن كېيىن، يەرلىك كىشىلەرنىڭ ھارۋىسىغا چىققان چاكارلىرىمىز يۈك ـ تاقلارنى ئېلىپ يېتىپ كەلدى. ئەنجانلىقلارنىڭ ھارۋىسىمۇ ئۆزگىچە ئىكەن. پۈ-تۈنلەي ياغاچتىن ياسىلىدىكەن، چاقى كەم دېگەندىمۇ ئالتە ئىنگلىز-چىسى ئېگىزلىكتە ئىكەن. يولۇچىلار ۋە يۈك ـ تاقلار سىبۇەتكە ئوخشاش يوغان چېدىردەك جايدا، ھارۋىكەش ئات ئۈستىدە ئولتۇرىدىكەن. شۇڭا ئۇنىڭغا قوشۇلغان ئاتلار ئاندا ـ ساندا يورغىلاپ قويمىسا، باشقا چاغدا ئادەمنىڭ مېڭىشىدەك ماڭىدىكەن.

ئوش رۇسىيىنىڭ ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان كىچىك شەھەرچىسى ئىكەن. ئۇ تەگرىتاغ باغرىغا جايلاشقان بولۇپ، ناھايىتى چوڭ بازىرى بار ئىكەن. تەگرىتاغ «تەگرىنىڭ تېغى» ياكى «خۇدانىڭ تېغى» دېگەن مەنىدە ئىكەن. بۇ تاغ تىزمىلىرىدا پىياز كۆپ بولغاچقا، جۇڭگولۇقلار بەزىدە ئۇنى پىياز چوققىسى دەپمۇ ئاتايدىكەن.

رۇسىيىلىكلەر شەھەر ـ بازارلارنى ناھايىتى چىرايلىق لايىھىلەپ قۇرۇپ چىقىدىكەن. كوچىلىرى كەڭ، يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا ئېگىز دەرەخلەر پەلەككە بوي تارتقان، كۆپلىرى تىكەنلىك تۇخۇمەك دەرىخى. ھەممە يەردە ئېرىق ـ ئۆستەڭ، ئۇلاردا تاغنىڭ سۈپسۈزۈك ۋە مۇزلۇق سۈيى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدۇ. ئۆستەڭ، ئېرىقلاردا ياغاچ كۆۋرۈكلەر بار. يوللار بىر ـ بىرىگە تۇتاش. بۇلار ئادەمنى زوقلاندۇرىدىغان ئاجايىپ كۆركەم مەنزىرە ھاسىل قىلغان. بۇ يەردە تاغنىڭ ساپ ھاۋاسى ئادەمگە ھوزۇر بېغىشلايتتى.

ئوش رايونىنىڭ مەمۇرىي باشلىقى مايور زايچىق بىزگە ياتاق ئو-رۇنلاشتۇرۇپ قويغانىكەن. شۇڭا بىز يەرلىك ئوفىتسېرلار كۇلۇبى (ئالاقە باشقارمىسىنىڭ مېھمان كۈتۈشى دەپمۇ ئاتىلىدىكەن) دا بىز ئۈچۈن تەييارلانغان كەڭ، ئازادە ياتاقتا تۇردۇق. ئۇلار تېخى بىزنى

كۆتۈشكە مەخسۇس بىر كازاك ئاجرىتىپتۇ. ئۇزۇن ۋاقىت پويىز ۋاگونلىرىدا تۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ ئۆيلەر كۆزىمىزگە خۇددى ئۇردا ھۇجرىسىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

بىز بۇنداق راھەت مۇھىتتا نەچچە كۈن ئارام ئېلىشقا تەشنا ئىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەگرىتاغدىن بىزنى ئېلىپ ئۆتىدىغان تۆگە كارۋىنى ئۇقۇشۇشقا توغرا كېلەتتى.

مايور زايچېفنىڭ خانىمى بىزنى ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلدى. مايور كىچىككىنە شەھەرنىڭ يۇقىرىسىدىكى تاغ باغرىدا، ناھايىتى كۆركەم ئۆيلەردە تۇرىدىكەن. ئېرىم ئەنگلىيىگە قايتقۇچە، بۇ يەردە مايور زايچېف ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن تونۇشۇپ قالغانىكەن. ئۇلار بىزنى ئاجايىپ دوستانىلىق بىلەن بەكمۇ كاتتا مېھمان قىلدى. تىل جەھەتتىكى توسالغۇنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىزگە بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە ناھايىتى بەك ياقتى. ئېرىم مېنى ناخشا ئېيتالايدۇ، دەپ بەرگەن بولسا كېرەك، ئۇلار مېنى ناخشا ئايتىپ بېرىڭ، دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇلاردا چاققانغىنا فىسگارموندىن بۆلەك سازمۇ يوقكەن. يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن فىسگارمون تەڭكەش قىلىنسا پەقەت چېركاۋلاردا ئېيتىلىدىغان مۇناجاتلارنىلا ئوقۇشقا بولىدىغاندەك بىر تۇيغۇدا بولۇپ، ئۇلارغا چېركاۋ مۇناجاتلىرىدىن بىر كۇبلېتنى ئىنگلىزچە ئېيتىپ بەردىم. مۇناجاتنىڭ شۇنداق تەسىرلىك يېرىگە كەلگەندە، ئىختىيارسىز «يات بىر زېمىندا ئەرشكە مەدھىيە ئوقۇۋاتقاندەك»① بولدۇم.

مايور زايچېف بۇ فىسگارموننى بىز ئىشلەتمەيمىز، دەپ بىزگە سېتىپ بەرمەكچى بولدى. مەن ئۇنى ئەنگلىيىدىن سېتىۋالغان رويالغا تەڭكەش ساز قىلىۋالاي، دېگەن ئوي بىلەن ئۇنى سېتىۋالدىم. رويالنى بىز لوندوندىنلا قەشقەرگە توشۇشقا ئۆتكۈزۈۋەتكەنىدۇق. رويال گرامىپر شىركىتىنىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ، بەش گاممىلىق② ئىدى. چاققان بول-

---

① بۇ ئەسلى ئىنجىلنىڭ «كونا ئەھدى تولۇق توپلىمى» دىكى بىر سۆز ئىدى. كېيىن خىرىستىيان دىنى چېركاۋلىرىنىڭ مەدھىيە ناخشىلىرىغا كىرگۈزۈلدى.

② گامما — بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىدىغان ياكى پەسىيىپ بارىدىغان ئاۋازلار تىزمىسى (مۇزىكىدا) — ت.

ماچقا . شىرە ئۈستىگىلا قويسا بولاتتى . رويال كىلاۋىشىنى ئاجراتقىلى بولغاچقا ، ئۇنى بىر ساندۇققا سېلىپ ئاتنىڭ بىر تەرىپىگە ، رويالنىڭ ئاساسلىق ماتېرىياللىرى قاچىلانغان ساندۇقنى يەنە بىر تەرىپىگە ئارتىپ قويسا ، بىر ئاتلا ئېلىپ ماڭالايتتى .

ئوشتىن ماڭىدىغان كۈنى ، مايور زايچېفنىڭ خانىمى بىزگە يوغان بىر خالتا بولكا ۋە پېچىنە يوللۇق تۇتتى . ئۇنىڭدىن شۇنچىلىك مىننەتدار بولدۇق . چۈنكى ، 16 كۈنگە يەتكۈدەك ئوزۇق ئېلىپ مېڭىشىمىزغا توغرا كېلەتتى . يولدا تاپالايدىغان ئوزۇقىمىزمۇ تىرىك قوي بولاتتى . شۇڭا بولكا دېگەننىڭ دىدارىنى كۆرمەيتتۇق .

بىز ياللىۋالغان ئاتلار ئالايىتەن مېھمان كۈتۈش ئالدىغا كەلتۈرۈلۈپ ، چېدىر ، سېلىنچا ، قازان - چۆمۈچ ، ئوزۇقلۇق ، ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەر سېلىنغان چامادان ، فىسكارمون قاتارلىق يۈك - تاقلار تېزلىكتە ئاتلارغا ئارتىلدى .

فىسكارمون ئاتقا ئارتىلىدىغان چاغدا ، ئاتباقار بۇنداق ئېغىر نەرسە ئارتسا ، ئات كۆتۈرەلمەيدۇ ۋە ئېگىز - پەس تاغ يولىدا ماڭالمايدۇ ، دېدى . بىرەيلەن بىر قوتاز ياللاشنى تەكلىپ بەردى . ئاتباقارلار بۇ ئىش ئۈستىدە قولىرىنى پۇلاڭلىتىپ ۋە سىلكىپ ، ۋارقىراپ - جارقىراپ تالاش - تارتىش قىلىپ كەتتى ۋە ئاخىر بىردەك خۇلاسىگە كېلىشتى . ئېرىم « Bund — obast karo » دېۋىدى ، ئىككى قىرغىز بىردەمنىڭ ئىچىدە قوتازنى يېتىلەپ كەلدى . ئىككىيلەننىڭ بىرى پۇقنى ھوشلاپ ھەيدىگەن ، يەنە بىرى يوغان يۇڭلۇق مەخلۇقنى يېتىلىگەنىدى . قوتازنىڭ پۈتۈن بەدىنى يۇڭ بولغاچقا ، كۆزگە پەقەت يوغان باش ۋە يۇڭلۇق بەدىنىلا چۈشەتتى ، پەقەت يوقتەك كۆرۈنەتتى . ئېرىمنىڭ بۇ سېھىرلىك سۆزىنىڭ ئۈنۈمىنى ئىلگىرىمۇ كۆرگەنىدىم . بۇ سۆزنىڭ مەنىسى « تەمىسە ئورۇنلاشتۇرۇڭلار » دېگەن بولۇپ ، بۇ سۆز ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىشىلا ، دەرھال بىرى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ماڭاتتى . تالاش - تارتىش توختاپ ، ۋاراڭ - چۇرۇڭمۇ شۇئان بېسىقاتتى . ئادەتتە ئىشلار جاي - جايىدا ، كۆڭۈلدىكىدەك بېجىرىلىدىغان بولغاچقا ، ئۇنداق قىلىشلار ،

بۇنى بېجىرىڭلار، دەپ ئۆلتۈرۈشمۇ كەتمەيتتى، مانا بۇ قېتىممۇ، ئېرىم بۇ گەپنى دېگەن ھامان، كىشىلەر كۆشەپ تۇرغان بىر بۇقىنى ئەكەلدى - دە، قىسكارمون قاچىلانغان ساندۇقنى قول - قول ئارتىپ، ئارغامچىلارنى چىرماپ مىدىرلىماس قىلىپ تېڭىۋەتتى. ئاندىن قوتاز ئاستا دەسسەپ يۈرۈپ كەتتى. قوتاز ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ ئالدىرىماي، ھودۇقماي بىر خىلدا ئاستا ماڭاتتى ۋە تىنماي كۆشەيتتى.

بىز ئاخىر ھەيۋەتلىك بىر كارۋان بولۇپ يولغا چىقتۇق: قوتاز ھەممىسىنىڭ ئالدىدا، ئۇنىڭ كەينىدە نەرسە - كېرەكلەر ئارتىلغان سەككىز - توققۇز ئات ماڭدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئاتقا مىنىپ بىز ۋە چاكارلار ماڭدۇق.

مەن ئۆمرۈمدە ئات مىنىپ باقمىغانىدىم، ئاتلىق ئايال چەۋەندازلارنىڭ قانچىلىك جاپا تارتىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتىم. مەن مىنگەن ئاتقا يەرلىك كىشىلەر دائىم ئىشلىتىدىغان ئېگەر توقۇلغانىدى. ئېگەرنىڭ ئالدى خېلىلا ئېگىز بولۇپ، ئېگەرگە قېلىن ئەدىيال سېلىنغان، ئېگەرنىڭ كەينىگە چىڭ يۆگەلگەن ئەدىيال تېڭىلغان، بۇ، يۆلىنىپ ئولتۇرۇش ۋە ئىسسىقراق بولۇش ئۈچۈن قويۇلغانىدى.

ئاتقا قانداق مىنىش مەن ئۇچرىغان تۇنجى قىيىنچىلىق بولدى. ھەر قېتىم ئاتقا مىنەي دېسەم، ئېگەرنىڭ كەينىدىكى ھېلىقى يۆگەكلىك ئەدىيال پۇتلىشاتتى - دە، بۇ قورقۇنچلۇق ۋە ئوسال ئەھۋالدىن ھەمىشە باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن قۇتۇلۇپ قالاتتىم. ئاخىر چاكىرىمىز جاپپار ئەلى مىندۇرۇپ قويماقچى بولدى. مېنى كەينىمدىن كۆتۈرۈپ ئاتقا ئالدى. مەن ئات ئۈستىگە بىر پۇتۇمنى ئېلىپ تۇرۇشۇمغا، ئۇ مېنى ئاتتىن ئارتىلدۇرۇپ يىقىتىۋەتكىلى تاس قالدى. مەن تولا كۈلۈپ ھالىمدىن كەتتىم.

مەن بىر نېمىلەرنى قىلىپ ئاتقا مىنىۋالدىم. بىز يولغا چىقتۇق. ئاتقا مىنىپ باشتا سادىلىق بىلەن ئاتلىق ساياھەت قىلىش نېمىدېگەن راھەت، دەپ ئويلىدىم! لېكىن بىر سائەتتىن كېيىن ئۇستىخانلىرىم قېتىشقا باشلىدى. ئاخىر بېرىپ چىدىيالماي قالدىم. ھەر بىر قەدەمدە قات-

تىق سىلكىنىپ، گويا تېنىمدىكى پۈتۈن ئۇستىخانلىرىم ئۆگىسىدىن ئاجراۋاتقاندەك ئاغرىپ كېتەتتى. لېكىن توختاشقا، ئاتتىن چۈشۈشكە جۈرئەت قىلالمايتتىم. چۈنكى، ھازىرقى ئەھۋالىمدا، پۈتۈمنى كەينىمدىكى يۈگەكلىك ئەدىيالدىن ھەرگىز ئارتىلدۇرۇپ ئالالمايتتىم.

شۇ تەرىقىدە ئالتە سائەت يول يۈرۈپ، رۇسلارنىڭ بىر سارىيىغا كېلىپ چۈشتۇق. شۇ يەردە قونماقچى ئىدۇق. مېنى كىشىلەر ئۆيگە كۆتۈرۈپ ئەكىرىپ، كارىۋاتقا ئاۋايلاپ ياتقۇزۇپ قويدى. مەن يېتىپ ئۆيىنى بەكمۇ سېغىندىم، ئۆزۈمنى دۇنيادىكى ئەڭ جاپاكەش ئادەم دەپ ئويلىدىم. مەن مۇشۇنداق قىيىنلىپ 16 كۈنلۈك سەپەرنى قانداقمۇ بېسىپ تۈگىتەرمەن؟ مەن چوقۇم بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتەلمەيمەن، ھەتتا تىرىك قالمايمەن. كىتابخانلارغا سەممىيلىك بىلەن شۇنى ئېيتايكى، شۇ چاغدا مەن كارىۋاتتا يېتىپ، ئەدىيال بىلەن بېشىمنى پۈركەپ راسا يىغلىدىم.

ئەتىسى سەھەردە تۇرغۇدەك ھالىم يوق ئىدى. كېيىم كىيگۈچە قانداق قىينالغانلىقىمنى تەسۋىرلەشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلاتتى. ئورنۇمدىن تۇرۇشۇم، يەنە ئاتقا مىنىشىم كېرەكلىكىنى ئويلىغىنىمدا تېنىم شۈركۈنۈپ، يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلاتتى. شۇنداقتىمۇ يەنە بىر كۈننى چىداپ ئۆتكۈزدۈم. بۇ كۈنى تەسەۋۋۇرۇمدىكىدەك قاتتىق قىينالمىدىم. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، تېخى ئۆزۈمنىڭ ئاتلىق كېتىۋاتقانلىقىمنى ئۇنتۇپ يول ئۈستىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەرگە قاراپ كۆڭلۈم ئېچىلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ ھەيران بولدۇم.

كارۋىنىمىز مەنزىرىسى بىر - بىرىدىن گۈزەل جىرالاردىن ئۆتۈپ، بارا - بارا ئېگىزگە چىقىپ كېتىۋاتاتتى، تۇرۇپلا ئىككى تەرىپى ئېگىز ۋە غەلىتە تاشلىق چوڭقۇر جىرالارغا چۈشۈپ كېتەتتۇق. ئاندىن ئۆستەڭ ياقىلاپ ماڭاتتۇق. ئۆستەڭ سۈيى ئۆركەشلەپ، يوغان - يوغان يۇمىلاق تاشلار ئۈستىدىن ئۆتەتتى. ئۇنىڭ بۇزغۇنلىرى ئۈستىۋېشىمىزغا چاچرايتتى. ماڭا - ماڭا لىگشىپ ئارانلا تۇرغان بىر كۆۋرۈك ئۇچرىدى. بىز كۆۋرۈكتىن قورقۇپ ئاران ئۆتۈپ ئۆستەڭنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتتۇق. بىر ئاز ۋاقىت ماڭغاندىن كېيىن، يەنە كەينىمىزگە قاراپ، ئايلىنىپ بىر

ئۇزۇن ماڭدۇق. تۇساتتىن كارۋىنىمىزنىڭ چوڭقۇر جىرادىن چىقىپ، ئۆستەڭ ياقىسىدىكى تۈز يەرگە كەلگەنلىكىنى بايقىدۇق. بۇ يەردە ئوت-چۆپلەر قويۇق ئۆسكەن بولۇپ، ئېگىز-پەس يەردىكى چۆپلۈك تۇتاش كەتكەن. خۇددى يېشىل پاياندار سېلىنغاندەك كۆركەم مەنزىرە ھاسىل بولغانىدى. بۇ چۆپلۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ كېتىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيى تېيىز ئىدى ۋە دولقۇنسىز تىنچ ئېقىۋاتاتتى.

بۇ ئۆكتەبىر ئايلىرى بولغاچقا، سۇ ئاز ئىدى. كېچىپلا ئۆتۈپ كەتكىلى بولاتتى. ئەمما تۆت يىلدىن كېيىن، ئىيۇل ئايلىرىدا بۇ يەردىن ئۆتكىنىمىزدە، كەلكۈن كېلىپ سۇ كۆپەيگەن، ئۆستەڭ يۈزىسۇ كېڭەيىپ كەتكەنىدى. تۆت يىلنىڭ ئالدىدا سۇ كېچىپ ئۆتكەن يەرلەر ھازىر سۇنىڭ چوڭقۇرلىقىدىن ئات ياكى تۆگىگە مىنىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

سۇ دۈمبىسىگە چىقمىسىلا، تۆگىگە ھېچنەرسە بولمايتتى. ئەمما سۇ دۈمبىسىگە چىقسىمۇ بولىدى. تۆگە سۇ ئۈزەلمىگەچكە، سۇنىڭ دولقۇنىدا يىقىلىپ ئېقىپ كېتەتتى. پۈتۈن سەپەر جەريانىدا، مەن بىر قېتىملا كىشىلەرنىڭمۇ بۇ سۇدىن تۆگە بىلەن ئۆتسىگىز تازا بىخەتەر بولمايدۇ، دېگەن گېپى بىلەن تۆگىدىن ئاتقا ئالمىشىپ سۇدىن ئۆتتۈم. مەن مىنگەن ئات خۇددى پەيتۇن تارتىدىغان ئاتلاردەك ئېگىز ۋە بەك قاۋۇل، ئەمما ياشقا سەل چوڭراق جوڭگو ئېتى ئىدى. ئاتنىڭ كەينىدىن بۇ دەريادىن كۆپ قېتىم ئۆتكەن تەجرىبىلىك بىر جوڭگولۇق كېلىۋاتاتتى. مېنىڭ مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل چاكىرىم جاپپار ئەلى ئاتتا قورقۇپ، ھودۇقۇپ ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ، ئاتىلارچە مېھرىبانلىق بىلەن تىزىمغا ئۇرۇپ قويۇپ، كۆزىڭىزنى چىڭ يۇمۇپ ئولتۇرۇڭ، ئۇ قاتتقا ئۆتكۈچە ئاچماڭ، دېدى. ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم. ئۇ قاتتقا تىنچ-ئامان ئۆتكەندە، ئاندىن ئاچتىم. ئەمما دەريادىن ئۆتكۈچە، گويا ئاتنىڭ پۇتلىرى يەرگە تەگمەيۋاتقاندەك، سۇ ئاتنى ئېقىتىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىپ، قورققىنىمدىن يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپلا قالدى.

بىرىنچى قېتىم تۆگىگە مىنگەن چاغدىمۇ، قاتتىق قورقۇپ كەتتىم. مەن بىر قىرغىز ئادەمنىڭ كەينىگە مىندىغان بولدۇم. تۆگە چۆككەن چاغدا، بۇ ئادەم ئاسانلا چىقىۋالدى. لېكىن مەن مىنەي دەپ قېشىغا بېرىشىمغا تۆگە بېشىنى بۇراپ، ھۆركىرەپ، خۇددى پۇتۇمنى چىشلەيدىغاندەك قىلغانىدى. قورقۇپ قېچىپ كەتتىم. بۇ ئىش بىر نەچچە قېتىم تەكرارلاندى. كېيىن ئۇنىڭ دىققىتى چېچىلغاندا، ئاستىلا مىنىۋالدىم. قىرغىز يول باشلىغۇچۇم قوللىرىنى بېلىگە ئېلىۋېلىپ، تۆگىگە قاراپ تۇۋلىغانىدى تۆگە ئاۋۋال كەينى پۇتى بىلەن كۆتۈرۈلدى، مەن قىرغىزنىڭ ئۇستىگە يىقىلدىم، ئاندىن ئالدى پۇتلىرى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، مېنى كەينىمگە قاڭتۇرۇۋەتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ تۆگە بىزنى ئېلىپ ماڭدى. بىز قۇملۇقتىن ئۆتۈپ بىر دەريا بويىغا كەلدۇق. تۆگە لوڭۇلداپ ماڭىدىغان بولغاچقا، ھېلى ئالدى ــ كەينىمىزگە، ھېلى ئىككى يېنىمىزغا چايقىلاتتۇق. تۆگە سۇغا كىردى، سۇ بارغانچە چوڭقۇرلاپ باراتتى. چاۋا ــ چاتقاللار ئەتراپىمىزدا ھاسىل بولغان قاينامدا توختىماي پىرقىرايتتى. ماڭا بىز توختاپ تۇرۇۋاتقاندەك، سۇ بىزنى ئېقىتىپ ئېلىپ مېڭىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ قاتتىق قورقتۇم ــ دە، يول باشلىغۇچىغا چىڭ چاپلىشىۋالدىم. ئېرىم بولسا ھەدەپ يول باشلىغۇچىغا ئۇنداق چاپلىشىۋالماڭ، دەپ ۋارقىرايتتى. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، «ئەمدى تۈگەشتىم، ئۆلىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلاپ دۇرۇت ئوقۇشقا باشلىدىم. مەن يول بويى خۇدادىن سەپىرىمىزگە ئوڭۇشلۇق تىلەپ كەلگەن، زادىلا ئۈزۈلدۈرمىگەنىدىم. شۇنداقتىمۇ يول باشلىغۇچۇم ھەم چوقۇم خۇدادىن بىزنى ئامان ــ ئېسەن قىلىشنى تىلەپ چىن ئىخلاس بىلەن ئىلتىجا قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدىم. كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇپ، دەريادىكى سۇ ۋە ئەتراپىمىزدىكى شاۋقۇنلاۋاتقان دولقۇننى ئىمكانقەدەر ئويلىماسلىققا تىرىشتىم. ئەمما نېمىشقىدۇر مەن چوقۇم سۇغا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك، ئۆلۈپ قالىدىغاندەك بىر تۇيغۇدىن قۇتۇلالمىدىم. تۇساتتىن ۋارقىرىغان بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ كۆزۈمنى ئاچسام، سۇغا چۆكۈپ كەتمەستىن، ئەكسىچە قىرغاققا كېلىپ قاپتىمەن. ئەمما دەريا

سۇيى قىرغاقنى يۇيۇپ ئېقىتىپ كەتكەن بولۇپ، قىرغاقتا تۆت ئىنگلىزچىسى كەلگۈدەك ئېگىز يار پەيدا بولغانىدى. يار ئۈستىدە بىر ئادەم تۇراتتى. يول باشلىغۇچى تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىنى كۆچەپ ئاتقانىدى، ئۇ ئادەم تۇتىۋالدى. ئارقىدىن بۇ ئىككىيلەن تەڭلا ۋارقىرىدى. يول باشلىغۇچى تۆگىنى ئۇردى ۋە قوللىرىمنى ئالدىغا ئارتىپ چىڭ تۇتۇۋالدى. تۆگە بىرلا سەكرەپ سۇدىن چىقتى، شۇ چاغدا ئىككىمىز ئورنىمىزدىن ئۇرۇپ كەتكەندەك بولدۇق. ئەگەر ئۇ قىرغىز يول باشلىغۇچى قولۇمدىن چىڭ تۇتۇۋالمىغان بولسا، مەن ئارقامغا ئۇچۇپ سۇغا چۈشۈپ كەتكەن بولاتتىم! تۆگە بىرلا سەكرەپ قىرغاققا چىقىپ، ئالدى پۇتلىرى بىلەن پۈكلىنىپ يېتىپ قالدى. قىرغاقمۇ گۈمۈرۈلۈپ چۈشتى. بىر دەمدىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ يول بويىدا ئولتۇرغانلىقىمنى بايقاپ گاڭگىراپلا قالدىم. مېنىڭ ئېرىم، تاغ گۈمۈرۈلۈپ چۈشسە قېتىنغىمۇ كىرىپ چىقمايدىغان بىخەم ئېرىم، كەينىمىزدە تۇرۇپ تۆگىنىڭ بۇ غەلىتە سەكرىشىنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىپتۇ.

مەن ئېگىز تاغ ــ چوققىلاردا شۇنداق جاپالىق ۋە قورقۇنچلۇق ئىشلارنى باشتىن كەچۈرۈپمۇ تىرىك قالغانلىقىمدىن خۇشال ئىدىم.

بىز بەش كۈنلۈك سەپەردىن كېيىن، ناھايىتى چوڭ ۋە ئېگىز بىر تاغ ئاغزىغا كەلدۇق. بۇ يەر دېڭىز يۈزىدىن 13 مىڭ ئىنگلىز چىسى ئېگىز تەلكە داۋىنى ئىكەن. بۇ ئېغىز تەگرىتاغنىڭ مۇشۇ بۆلىكىدىن ئۆتىدىغان بىردىنبىر يول ئىكەن. بىز تاغ تۈۋىدىكى بىر كىچىككىنە دەڭدە قوندۇق. دەڭدە يوغان بىر تۆمۈر مەش بار ئىكەن، ئوتۇنمۇ جىققەن. ھاۋا بەك سوغۇق ئىدى. شۇڭا بۇ مەش ۋە ئوت بىزگە بەكمۇ خۇش ياقتى. كېچىچە بوران ئارىلاش قاتتىق قار ياغدى. بىز ئەمدى بۇ يەردە تۇرۇپ قالىدىغان بولدۇق، دەپ ئەندىشىگە چۈشتۇق. ئەمما، ئەتىسى ئەتىگەندە بوران ۋە قار توختاپ، تاڭ شەپىقى تاغلارنى كۆركەم قىزىللىققا پۈركىدى. بىز يولغا چىققاندا، قۇياش پارلاپ جاھانغا ئىللىق نۇر چاچتى. بۇ، بىزنىڭ بۇ داۋاندىن ئامان ــ ئېسەن ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىمىزدىن دېرەك بېرەتتى.

تاغ يولى پۈتۈنلەي قار ئاستىدا قالغان، بىرەر مال - چارۋىنىڭمۇ ئىزى يوق. بۇقا يېتىلىگەن قىرغىزلار بىز بۇ يولنى پىششىق بىلىمىز، بىز ئالدىدا مېڭىپ يول ئاچايلى، سىلەر ئىزىمىزدىن مېڭىڭلار، دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز كارۋاننى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىپ، داۋاندىن ئاشقۇچە يۈكلەرنىڭ كۆپرەكىنى بۇقىغا ئارتتۇق. بۇ ئەھۋالدىمۇ بۇقا ئاتتىن ئوبدانراق ماڭالايدىكەن ۋە ھاۋاسى شالاڭ يەر شارائىتىغا ئوبدان ماسلىشالايدىكەن.

كارۋىنىمىز، جۈملىدىن ئادەملەر ۋە ئۇلاغلار ئېگىز تاغ كېسىلىدىن قىينالدى. ھەر بىر ئىشتا، ئاددىيسى بىر قەدەم مېڭىشتىمۇ قاتتىق كۈچەنسەك توغرا كېلەتتى. باش ئاغرىپ، نەپەس تىزلىشەتتى، ئادەمنى شۇنچىلىك بىئارام قىلاتتى. داۋاندىن ئۆتكۈچە ئۇخلىمىدۇق دېسەكمۇ بولىدۇ. ئاخىر داۋانغا چىقتۇق ھەمدە تار ۋە ئۇزۇن كەتكەن جىرانى بويلاپ ئىلگىرىلىدۇق. قەدەملىرىمىز ئاستىلىشىپ، توختاشلىرىمىز كۆپەيدى. قىرغىزلار ۋە ئاتلار ھېلىدىن - ھېلى قار يەيتتى. بۇنداق قىلسا بىئارام بولۇشى سەل يېنىكلەيدىكەن.

ئەتراپ ئېغىر سۈكۈتكە چۆككەن، بارلىق مەۋجۇدات تىمتاس، ھېچكىمنىڭ گەپ قىلغۇسى كەلمەيدۇ: تاغلاردا ئاڭلاپ كۆنۈپ قالغان قۇشلارنىڭ سايراشلىرى بۇ جايدا يوق. ئاتلارنىڭ پۇتى تىزىغىچە قارغا كۆمۈلۈپ كەتكەچكە، تۇياق ئاۋازلىرىمۇ ئاڭلانمايدۇ. بىرلا ئاۋاز ئاتلارنىڭ ئېغىر پۇشۇلداشلىرى ئاڭلىناتتى. ئاتلارمۇ بەزىدە بىرمۇنچە ۋاقىت ئىچىدە ئاران بىرنەچچە قەدەم ماڭىدۇ. بىز گويا قەدىمكى يەر شارىنى داۋان ئاستىغا تاشلاپ قويۇپ، ئاق لىباسقا پۈركىنىپ، تىپتىنچ، تىمتاس تۇرغان بىر دۇنياغا، يېپيېڭى بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك، بۇ دۇنيادا ئاسمان زۇمرەتتەك سۈزۈك، پارقىن قۇياش نۇرى كۆزلەرنى چېقىپ، ئالىچەكمەن قىلىپ تۇرۇپ ئاچقۇزمايدۇ. بۇ كۆرۈنۈشلەر ئادەمنىڭ خاتىرىسىدىن مەڭگۈ كۆتۈرۈلمەيدۇ.

بىز قۇياشنىڭ كۆيدۈرۈشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۆزەينەكلەرنى تاقاپ، يۈزىمىزنى ئىمكانقەدەر چىڭ ئورىۋالدۇق. شۇنداقتىمۇ يۈزىمىزگە

كۆيۈك دېغى ئىز سالدى. كارۋانلارنى باشقۇرىدىغانلارمۇ قولاقچىلىرىنى چۈكۈرۈپ كىيىپ يۈزلىرىنى توسۇۋالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى ئۇنداق قىلماپتىكەن، كۈچلۈك قۇياش نۇرى ۋە قارنىڭ چاقناشلىرىدىن كۆزى زەخمىلىنىپ ھېچنەرسە كۆرەلمەس بولۇپ قالدى. نەچچە كۈنگىچە باشقىلار ئۇنى يېتىلەپ يۈردى. كېيىن كۆزى ساقىيىپ كۆرىدىغان بولغاندا، ئۇ شۇنچىلىك خۇشال بولۇپ كەتتى.

بار كۈچىمىز خوراپ ھالسىزدىن كېتەي دېگەندە، تاغنىڭ چوققىسىغا چىقتۇق. تاغ چوققىسى خۇددى پىچاقنىڭ بىسىدەك ئۆتكۈر ۋە تىك ئىدى. ئاتلار تۇزۇككىنە تۇرالمايتتى. ئەمما، كۆز ئالدىمىزدا ئاجايىپ ھەيۋەتلىك، كۆركەم، سېھىرلىك مەنزىرە نامايان بولدى: تۆت تەراپتا گويا قاراۋۇللاردەك ئېگىز دەرەخلەر قەد كۆتۈرگەن، قۇياش نۇرىدا تاغ چوققىسى ئاجايىپ ھەيۋەت، كۆركەم تۈس ئالغانىدى. مۇزلاپ پارلاپ تۇرغان قۇياشتا ئەينەكتەك يالتىرايتتى؛ قارلىق چوققا تۆۋىنىدىكى يانتۇلۇقلاردا قۇياش نۇرى پارچە ـ پارچە ھاۋا رەڭ سايىلەرنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، تولىمۇ كۆركەم، تەسۋىرلىگۈسىز گۈزەل كۆرۈنەتتى.

مەن بۇنداق كۆركەم ۋە ھەيۋەت مەنزىرىنى كۆرىمەن، دەپ چۈشۈمدىمۇ خىيال قىلىپ باقمىغانىدىم. شۇڭا، ئادەمدە ئىختىيارسىز ھۆرمەت قوزغاپ، يۈرەكلەرنى لەرزىگە سالىدىغان بۇ مەنزىرىدىن سېھىرلەنگەندەك تۇرغان جايىمدا مىخلىنىپ تۇرۇپلا قالدىم. تاغ چوققىسىدا تۇرۇپ، ئەقلىنى لال قىلغۇدەك بۇ سەلتەنەتلىك گۈزەل مەنزىرىلەرگە نەزەر سېلىشتەك تېپىلغۇسىز پۇرسەت ئالدىدا، بىزنىڭ داۋاندىن ئېشىپ تاغ چوققىسىغا چىققۇچە تارتقان جەۋر ـ جاپالىرىمىز ھېچگەپ ئەمەس ئىدى. ھاياجاندىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئوت ئالدى، دۇنيادا كەم كۆرۈلىدىغان بۇ گۈزەل مەنزىرە پەيزىدىن پەيدا بولغان چەكسىز خۇشاللىقىمنى ئورتاقلىشاي، دەپ يېنىمغا قارىسام، ئېرىم كۆرۈنمىدى. مەن بىلىدىغان نەچچە ئېغىزلا ھىندىچە سۆزنى قىلىپ يېنىمدىكى بىر چاكارغا:

— ئاھ نېمىدېگەن گۈزەل ـ ھە! — دېدىم.

ئۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى، ئېگىشىپ يەردىن

بىرنېمە ئىزدەۋاتاتتى. بىر چاغدا مەندىن غۇدۇرىغاندەك سورىدى:

— نېمىنى گۈزەل دېدىڭىز؟

— بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە، — دېدىم قولۇم بىلەن ئەتراپنى كۆرسىتىپ.

لېكىن ئۇ گېپىمنى پەقەت چۈشەنمىدى. ئۇنىڭچە بۇ، مۇشەققەتلىك سەپىرىمىزنىڭ بىر بۆلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئوي - خىيالى ھازىر چوققىدىن تېزرەك چۈشۈپ، تويغۇدەك تاماق يەپ ۋە قانغۇدەك چاي ئىچىشلا ئىدى. مەن قاتتىق ئۈمىدسىزلەندىم! نائىلاج خۇشاللىقىمنى ئىچىمدە بىلىپ، كەينىمىزدىكىلەرگە چاي چىقىرىپ بىرەي دەپ يولۇمنى داۋام قىلدىم. داۋاندىن چۈشىدىغان يولنىڭ بىرىنچى بۆلىكى بەك تىك، غەلىتە قورام تاشلىق ئىدى. بىز ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە سېرىلىپ دېگۈدەك ماڭدۇق. تۈزرەك يەرگە كەلگەندە، ئاندىن ئاتقا مىنىۋالدۇق.

داۋاندىن ئۆتكەندىن كېيىن، مەنزىرىمۇ ئۆزگەردى. بىز تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ ئومۇرتقىسىدىن ئۆتۈپ بولغانىدۇق. بۇ رايوندىن ئۆتۈشىمىزگىلا ھاۋا كىلىماتىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. سەۋەب، نەم شامال غەربىي جەنۇب تەرەپتىن كەلگەچكە ئۇنى تاغ توسىۋالىدىكەن. توغرىسى، يامغۇر غايەت زور تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئۇ تەرىپىدە قالىدىكەن. شۇڭا بۇ تاغنىڭ روسىيە تەرىپىدە يامغۇر تولا ياغىدىكەن، يامغۇر سۈيى ۋە قارنىڭ توپلىنىشىمۇ كۆپ بولۇپ، دەل - دەرەخلەر كۆكىرىپ تۇرىدىكەن. جۇڭگو تەرەپ، يەنە بىز تۇرغان تەرەپ، خۇددى مىسىر قۇملۇقلىرىغا ئوخشاش يېرى قاتتىق، تاشلىق چۆل ئىكەن. يېشىللىق جىرا - جىلغىلاردا ئىكەن، بۇ جىرا - جىلغىلار بۇلاق سۈيى ياكى تاغدىن ئېرىپ چۈشكەن قار سۈيىدىن ھاسىل بولغان كىچىك ئېقىنلاردىن ياشنايدىكەن.

بىز بىر كىچىك دەريانى ياقىلاپ ماڭدۇق. بۇ دەريا قەشقەرگىچە بارىدىكەن. بۇ كىچىك دەريا سۈيى ئېگىز تاغدىن شىلدىرلاپ ئېقىپ چۈشۈپ، جىراغا كەلگەندە باشقا ئېرىق - ئۆستەڭلەر بىلەن قوشۇلۇپ،

چوڭراق ئېقىن ھاسىل قىلىدىكەن. بۇ ئېقىنلار يەنە قوشۇلۇپ كەڭ، چوڭ دەريا قىزىل دەريانى ھاسىل قىلغانىكەن. قىزىل دەريا قەشقەردىن ئۆتۈپ مارالبېشىغا بېرىپ، ئاخىرىدا لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىكەن. ئېرىم ماڭا چۈشەندۈرۈپ، بىزنىڭ ھازىر كۆرۈۋاتقىنىمىز قەشقەرنىڭ «تۈربا سۈيى» دېدى. بۇ گەپ ماڭا بەكمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلدى.

بىز ياقىلاپ كېتىۋاتقان سۈپسۈزۈك سۇ ئاقىدىغان بىر ئۆستەڭ بىلەن سۈيى قىزىل، دۇغ بىر ئۆستەڭ بىر جايغا كەلگەندە قوشۇلۇپ كەتتى. قىزىل سۇ بىر جىلغىدىن ئېقىپ چۈشۈپ، بوش، قىزىل رەڭلىك قىيالىقتىن ئۆتىدىكەن، سۈزۈك سۇ بولسا، قاتتىق، ئاق رەڭلىك قىيا تاشلار ئارىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىكەن. ئىككى ئۆستەڭ قوشۇلغاندىن كېيىنمۇ ھەر قايسىسى ئۆز يولىدا ئېقىۋەردى. شۇڭا سۇنىڭ يېرىمى سۈپسۈزۈك، يېرىمى قىزىل ۋە دۇغ ئىدى. ئېرىم ماڭا، بۇ سۇ ئېقىپ قەشقەرگە بارغاندا كىشىلەر ئۇنىڭغا «قىزىل سۇ» دەپ چىرايلىق ئىسىم قويۇۋالدى، دېگەنلىكى ئۈچۈن، مەن بۇ ئىككى سۇ مۇشۇنداق ئېقىۋېرىپ، ئاخىر بېرىپ قىزىل سۇ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەتكەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم.

بىز تەلكە داۋىنىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىككىنچى باسقۇچلۇق سەپىرىمىزگە قەدەم قويۇپ، رۇسىيە چېگرا مۇداپىئە پونكىتىغا — ئەركەشتامغا كەلدۇق. بۇ يەردە ئاق رەڭلىك بىر قاراۋۇلخانا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. قاراۋۇلخانىدا بىر ئوفىتسېر بىلەن يۈز كازاك ئەسكەر بار ئىدى.

بىز دەريا ياقىلاپ مېڭىپ، ئاپئاق ئاقارتىلغان، قاتار كەتكەن ئۆيلەر ۋە قوتانلارنى كۆردۇق. كېيىن بۇلارنىڭ رۇسىيە تاموژنىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۇق.

تاموژنا ئەمەلدارى ئاژاگان ئاتلىق ئالدىمىزغا چىقىپ كۈتۈۋالدى ۋە بىزنى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايغا تەكلىپ قىلدى. بىز تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدۇق ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن تاموژنا ئىشخانىسى بار يەرگە كەلدۇق. ئۇ بىزگە بىر ئېغىز يوغان، ئازادە ئۆي ۋە ئېسىل غىزا تەييارلاپ قويغانىكەن. بىز خۇددى ئۆيىمىزگە ئوخشاش جايدا بىر-

قانچە سائەت راھەتلىنىپ تۇرۇۋالغىنىمىزدىن ئاجايىپ خۇشال بولدۇق. تاماقلارنىڭ ئىسسىقلىقى ۋە مەززىلىكلىكىدىن تېخىمۇ مەمنۇن بولدۇق. ئاخشىمى ھېلىقى كازاك ئوفىتسېر كەلدى. رۇسچە بىلمىگەن بولساقمۇ، كەيپىمىز چاغ بولدى. ئىسسىق ئۆيدە بىزنى ئاسانلا ئۇيقا باستى.

تىرژاگان بىزگە ئۆزىنىڭ ئەتكەسچىلەرنى قانداق تۇتقانلىقى ھەققىدە ئاجايىپ - غارايىپ، قورقۇنچلۇق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى جۇڭگودىن رۇسىيىگە كىرىدىغان سودىگەرلەرنى تەكشۈرۈش ئىكەن. ئەتكەس بۇيۇملار ئاساسلىقى مارجان، سەللە قىلىدىغان ھىندىستاننىڭ داكىسى، «ناس» — يەرلىك ئادەملەر چېكىدىغان بىرخىل نەشە[1] بولۇپ، مارجان بىلەن ھىندىستان داكىسىدىن ناھايىتى يۇقىرى باج ئېلىنىدىكەن. نەشىنى ئىمپورت قىلىش مۇتلەق چەكلىنىدىكەن. سودىگەرلەر «ناس» بىلەن ھىندىستان داكىسىنى يوشۇرۇنچە چېگرىدىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قاتتىق باش قاتۇرۇپ، تۈرلۈك - تۈمەن چارىلارنى قوللىنىدىكەن. مەسىلەن، داكىنى بەدىنىگە قات - قات قىلىپ يۆگىۋالىدىكەن. بۇ رەختلەرنىڭ ئارىسىغا نەشىنى تىقىدىكەن. ئەمما ئۇلار مارجاننى ئىپتىدائىي ئۇسۇلدا ئەكىرىدىكەن. يەنى ئۇلار ئەركەشتامغا كەلگەندە، مارجان ۋە مەرۋايىتلارنى ئاتلارغا زورلاپ يېگۈزىدىكەن. تاموژنا تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپلا، ناھايىتى ئالدىراشلىق بىلەن يۈرۈپ كېتىدىكەن. بۇنداق بولۇشى، ئاتلارغا يېگۈزۈلگەن مارجانلارنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن ئاتلارنىڭ تېزەكلىرىگە ھېزى بولۇشقا ئالدىرايدىكەن. تىرژاگان بولسا سودىگەرلەرنى، بولۇپمۇ ئەتكەسچىلىكتە گۇماندار سودىگەرلەرنى ئامال بار ئۇزۇنراق ۋاقىت تۇتۇپ قالىدىكەن.

ئەركەشتامدا تۇرۇش چوقۇم بەكمۇ زېرىكىشلىك. چۈنكى بۇ يەر بەك چۆل ئىكەن. ئويلايمەنكى، بۇ يەردىكىلەر ياۋروپالىقلارنى، ھەتتا بىزدەك ئەنگلىيىلىكلەرنى كۆرسىمۇ چوقۇم ناھايىتى خۇشال بولىدۇ.

---

① ناس — ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆپ ئۇچرايدىغان، چەكسە ئادەمنى تېتىكلەشتۈرىدىغان، بۇرۇن تاماكىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىرخىل چېكىملىك. ئەمما، نەشە ئەمەس. بۇ يەردە يەرلىك ئادەملەر چېكىدىغان «ناس» تەركىبىدە نەشە بارلىقى ئىما قىلىنغان.

ئاخشىمى ياتاپلى دەۋاتقاندا ، رۇسىيىلىك خوجايىن بىزنى ئا
گاھلاندۇرۇپ شۇنداق دېدى : ئەگەر كېچىدە مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلى
ساڭلار ھودۇقۇپ كەتمەڭلار . بۆرىلەرنى قاچۇرۇش ئۈچۈن . كېچىلىرى
ئۆينىڭ ئەتراپىغا چىقىپ بىرنەچچە پاي ئوق ئېتىپ قويىمەن . ئۇنداق
قىلمىسام ئۇلار قورۇ ئىچىگە كىرىپ ئاتلارغا ئېسىلىدۇ . ياكى قوي
توخۇلارنى ئېلىپ قاچىدۇ .
ئەتىسى ئەتىگەندە ، رۇسىيىلىك خوجايىن بىزگە يولدا يەڭلار
دەپ نۇرغۇن بولكا بەردى ھەمدە بىزنى ئاتلىق خېلى يەرلەرگىچە ئۇزىت
تىپ باردى .
ئەمدىكى سەپىرىمىزدە ئەركەشتامدىن چىقىپ ، ئۇلۇغچاتتىكى
جۇڭگو قاراۋۇلخانىسىغا باراتتۇق . بىزنىڭ قاراۋۇلخاندا . بولۇپ
جۇڭگولۇق ئەسكەرلەرنىڭ قىزىقىش نەزەرى ئاستىدا تۇرغىنىمىز يوق
ئىدى . چۈنكى بۇ ئىش ئادەمنى قورقۇندۇرۇپ ، بىر قىسما قىلىپ قوياتتى
تى . شۇڭا بىز قاراۋۇلخانىدىن چەتنەپ ئۆپتۈز بىر يولدا تېز ئىلگىرىلى
دۇق . توساتتىن جۇڭگو قاراۋۇلخانىسىنىڭ باشلىقى ئالدىمىزدىن چىقىپ
كەلدى . ئۇ ھېچبولمىغاندىمۇ قاراۋۇلخانىمىزدا ئازراق ئارام ئېلىپ
چاي ـ پاي ئىچىپ مېڭىڭلار ، دەپ تۇرۇۋالدى . بىز ئائىلاج ئاتلارنى
بېشىنى بۇراپ ئۇنىڭ بىلەن قاراۋۇلخانىغا باردۇق . دېگەندەك چاچلىرى
پاخپايغان ، يۈزلىرى مەينەت جۇڭگو ئەسكەرلىرى بىزگە بەكمۇ قارا
كەتتى . بىز ئازراقلا ۋاقىت تۇرۇپ ، تېزرەك مېڭىپ بۇگۇن قىرغىزلا
نىڭ چولاق قارارگاھىغا بېرىۋالمىساق بولمايدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ مېڭى
كەتتۇق . دېمىسىمۇ ، پىلان بويىچە بىز شۇ يەردە قونۇشىمىز كېرە
ئىدى .
قىرغىزلار تاغلىق رايوندا چارۋىچىلىق قىلغاچقا ، ناھايىتى يوغا
كىگىز ئۆيلەردە تۇرىدىكەن . ئۇنى قىرغىزچە « ئاكوس » ( ئاق ئۆي
دەيدىكەن . قىرغىزلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە بۇ كىتابىمدا كىتابخانلار
ئايرىم توختىلىپ ، مەخسۇس تونۇشتۇرىمەن .
بىز كەلگ بىر جىرا ئىچىدە قىرغىزلارنىڭ قارارگاھىنى ئاران تا

تۇق . قارارگاھ بىر دەريا بويىدا ئىكەن ، دەريانىڭ سۈيى سۈپسۈزۈك ، ئەترابى بولۇق ئۆسكەن ئوتلاق ئىكەن ، ئوتلاقتا كۆك رەڭلىك ئىرىس ۋە ئېگىز ئۆسىدىغان سېرىق رەڭلىك ئىشەك تاپانلار كۆپ ئىكەن . ئاق رەڭلىك كىگىز ئۆيلەر يۇلتۇزدەك جىرانىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان ، ئوتلاقتا توپ - توپ تۆگىلەر ، قوتازلار ، ئات ، قوي ، ئۆچكىلەر ئوتلاپ يۈرەتتى . كۈن قىيسالغاندا ، ئوتلاق مەنزىرىسى رەسىملەردىكىدەك ئىنتايىن گۈزەل تۈسكە كىرەتتى . ئىختىيارسىز خىياللىرىم قاناتلىنىپ ، ئايلاجان ۋە ئۇنىڭ چارۋىچىلىرىمۇ مۇشۇنداق گۈزەل يايلاقلاردا ياشىغان بولغىيمىدى ، دېگەن ئويلار كاللامدىن كەچتى .

قىرغىز قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بىزنى ئىنتايىن دوستانە كۈتۈۋېلىپ ، ئەڭ چىرايلىق ، چوڭ ۋە كاتتا بېزەلگەن ئۆيگە باشلىدى . چاي راسلاپ ، نان ۋە قۇرۇت ، ئىرىمچىكلەر بىلەن چاي بەردى . قىرغىزلار ئۆي ئالدىغا يىغىلىپ ، بىر - بىرىنى قىستىشىپ بىزگە قىزىقىپ قاراپ كەتتى . ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، پۈتۈنلەي يوچۇن ۋە ئۆزگىچىرەك ئىنگلىز ئايالنى ھەممىسىنىڭ كۆرگۈسى كېلەتتى . بىز ئۇلارغا مېھمان بولغاچقا ، ئۇلارنى قوغلىۋېتىشتىن خىجىل بولدۇق . بىز قىرغىزلارنىڭ بىر قىسىم كاتتىلىرىنىڭ ئاياللىرى ۋە بالا - چاقىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ، بىزنىڭ چاكارلار ئاقىلغا ئىشارەت ، نادانغا جۇۋالدۇز ، دېگەندەك ، خانىم بەك چارچاپ كەتتى ، ئازراق ئارام ئېلىۋالسۇن ، دېگەنىدى ، ئۇلار بىزنى خالىي قالدۇرۇپ ئاستا تارقىلىشتى .

ئەمما ، قوزا - ئۆچكىلەر مەرەپ ھېلىدىن - ھېلى ئۆيگە كىرىۋېلىپ بىزنى ئۇزۈك ئارام ئالدۇرمىدى . قىرغىزلار ئۇنىڭمۇ ئۆيدە تۇرۇشقا ھەققى بار ، دەپ قاراپ ، ياش ماللارنى ئۆيدە تۇرغۇزىدىكەن . قاش قارايغاندا ، مەن كىگىز ئۆيدىن چىقىپ ئوتلاقتا بىردەم سەيلە قىلدىم . تۇساتتىن يوغان ، يۇڭلۇق بىرنەرسە جەينىكىمگە ئۇستى . قارىسام قوتازنىڭ موزىيى ئىكەن . بۇرنىدىن يېپىشقاق بىرنەرسە ئېقىپ تۇرىدۇ . بوش مۆرەۋاتىدۇ . ئۇ مېنى ئانىسى دەپ ئويلاپ قالغان بولۇشىمۇ ، يالغۇزسىراپ ، ئاز - تولا تەسەللىگە ئېرىشمەكچى بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن

ئاخشىمى ياتايلى دەۋاتقاندا، رۇسىيىلىك خوجايىن بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ شۇنداق دېدى: ئەگەر كېچىدە مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلىساڭلار قورقۇپ كەتمەڭلار. بۆرىلەرنى قاچۇرۇش ئۈچۈن، كېچىلىرى ئۆينىڭ ئەتراپىغا چىقىپ بىرنەچچە پاي ئوق ئېتىپ قويىمەن. ئۇنداق قىلمىسام ئۇلار قورۇ ئىچىگە كىرىپ ئاتلارغا ئېسىلىدۇ. ياكى قوي، توخۇلارنى ئېلىپ قاچىدۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە، رۇسىيىلىك خوجايىن بىزگە يولدا يەڭلار، دەپ نۇرغۇن بولكا بەردى ھەمدە بىزنى ئاتلىق خېلى يەرلەرگىچە ئۇزىتىپ باردى.

ئەمدىكى سەپىرىمىزدە ئەركەشتامدىن چىقىپ، ئۇلۇغچاتتىكى جۇڭگو قاراۋۇلخانىسىغا باراتتۇق. بىزنىڭ قاراۋۇلخانىدا، بولۇپمۇ جۇڭگولۇق ئەسكەرلەرنىڭ قىزغىن نەزىرى ئاستىدا تۇرغىنىمىز يوق ئىدى. چۈنكى بۇ ئىش ئادەمنى قورۇندۇرۇپ، بىر قىسما قىلىپ قوياتتى. شۇڭا بىز قاراۋۇلخانىدىن چەتنەپ تۈپتۈز بىر يولدا تېز ئىلگىرىلىدۇق. توساتتىن جۇڭگو قاراۋۇلخانىسىنىڭ باشلىقى ئالدىمىزدىن چىقىپ كەلدى. ئۇ ھېچبولمىغاندىمۇ قاراۋۇلخانىمىزدا ئازراق ئارام ئېلىپ، چاي - پاي ئىچىپ مېڭىڭلار، دەپ تۇرۇۋالدى. بىز ئائىلاج ئاتلارنىڭ بېشىنى بۇراپ ئۇنىڭ بىلەن قاراۋۇلخانىغا باردۇق. دېگەندەك چاچلىرى ياخپايغان، يۈزلىرى مەينەت جۇڭگو ئەسكەرلىرى بىزگە بەكمۇ قاراپ كەتتى. بىز ئازراقلا ۋاقىت تۇرۇپ، تېزرەك مېڭىپ بۈگۈن قىرغىزلارنىڭ چوڭ قارارگاھىغا بېرىۋالمىساق بولمايدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ مېڭىپ كەتتۇق. دېمىسىمۇ، پىلان بويىچە بىز شۇ يەردە قونۇشىمىز كېرەك ئىدى.

قىرغىزلار تاغلىق رايوندا چارۋىچىلىق قىلغاچقا، ناھايىتى يوغان كىگىز ئۆيلەردە تۇرىدىكەن. ئۇنى قىرغىزچە «ئاكوس» (ئاق ئۆي) دەيدىكەن. قىرغىزلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە بۇ كىتابىمدا كىتابخانلارغا ئايرىم توختىلىپ، مەخسۇس تونۇشتۇرىمەن.

بىز كەلگەن بىر جىرا ئىچىدە قىرغىزلارنىڭ قارارگاھىنى ئاران تاپ-

تۇق. قارارگاھ بىر دەريا بويىدا ئىكەن، دەريانىڭ سۈيى سۈپسۈزۈك، ئەترابى بولۇق ئۆسكەن ئوتلاق ئىكەن، ئوتلاقتا كۆك رەڭلىك ئىرىس ۋە ئېگىز ئۆسىدىغان سېرىق رەڭلىك ئىشەك تاپانلار كۆپ ئىكەن. ئاق رەڭلىك كىگىز ئۆيلەر يۇلتۇزدەك جىرانىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان، ئوتلاقتا توپ - توپ تۆگىلەر، قوتازلار، ئات، قوي، ئۆچكىلەر ئوتلاپ يۈرەتتى. كۈن قىيسالغاندا، ئوتلاق مەنزىرىسى رەسىملەردىكىدەك ئىنتايىن گۈزەل تۈسكە كىرەتتى. ئىختىيارسىز خىياللىرىم قاناتلىنىپ، ئابلاجان ۋە ئۇنىڭ چارۋىچىلىرىمۇ مۇشۇنداق گۈزەل يايلاقلاردا ياشىغان بولغىيمىدى، دېگەن ئويلار كاللامدىن كەچتى.

قىرغىز قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بىزنى ئىنتايىن دوستانە كۈتۈۋېلىپ، ئەڭ چىرايلىق، چوڭ ۋە كاتتا بېزەلگەن ئۆيگە باشلىدى. چاي راسلاپ، نان ۋە قۇرۇت، ئىرىمچىكلەر بىلەن چاي بەردى. قىرغىزلار ئۆي ئالدىغا يىغىلىپ، بىر - بىرىنى قىستىشىپ بىزگە قىزىقىپ قاراپ كەتتى. ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، پۈتۈنلەي يوچۇن ۋە ئۆزگىچىرەك ئىنگلىز ئايالنى ھەممىسىنىڭ كۆرگۈسى كېلەتتى. بىز ئۇلارغا مېھمان بولغاچقا، ئۇلارنى قوغلىۋېتىشتىن خىجىل بولدۇق. بىز قىرغىزلارنىڭ بىر قىسىم كاتتىلىرىنىڭ ئاياللىرى ۋە بالا - چاقىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، بىزنىڭ چاكارلار ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز، دېگەندەك، خانىم بەك چارچاپ كەتتى. ئازراق ئارام ئېلىۋالسۇن، دېگەنىدى، ئۇلار بىزنى خالىي قالدۇرۇپ ئاستا تارقىلىشتى.

ئەمما، قوزا - ئۆچكىلەر مەرەپ ھېلىدىن - ھېلى ئۆيگە كىرىۋېلىپ بىزنى تۈزۈك ئارام ئالدۇرمىدى. قىرغىزلار ئۇنىڭمۇ ئۆيدە تۇرۇشقا ھەققى بار، دەپ قاراپ، ياش ماللارنى ئۆيدە تۇرغۇزىدىكەن. قاش قارايغاندا، مەن كىگىز ئۆيدىن چىقىپ ئوتلاقتا بىردەم سەيلە قىلدىم. توساتتىن يوغان، يۇڭلۇق بىرنەرسە جەينىكىمگە ئۇستى. قارىسام قوتازنىڭ موزىيى ئىكەن. بۇرنىدىن يېپىشقاق بىرنەرسە ئېقىپ تۇرىدۇ. بوش مۆرەۋاتىدۇ. ئۇ مېنى ئانىسى دەپ ئويلاپ قالغان بولۇشىمۇ، يالغۇزسىراپ، ئاز - تولا تەسەللىگە ئېرىشمەكچى بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن

ئىدى.

كۈن تاغ كەينىدىن ئورۇن ئالغاندا، چىشى ماللار ئۆز قوتانلىرىغا قايتىدىكەن ـ دە، سېغىشىنى كۈتىدىكەن. بۇ مەنزىرىنى ئاجايىپ قىزىقارلىق ئىكەن. كىگىز ئۆيلەردىن ئاياللار چىشى ماللارنى رېتى بويىچە ئېلىپ كېلىدىكەن. ئالدى بىلەن چۈشۈپ ئۆچكە بىلەن قوينى ئەكىلىدىكەن. ئۇلار ئۆز قوزىلىرىنى تېپىۋالىدىكەن. سۈتىنى ساغقۇچە ئارىلىقتا ئۇلار قوزىلىرىنى يالاپ ئەركىلىتىپ تۇرىدىكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنەك ۋە بايتاللار كەلتۈرۈلىدىكەن. سېغىۋاتقاندا ئۇلار جىممىدە تۇرىدىكەن. سېغىپ بولغان هامان چىپىپ موزاي ۋە تايچاقلىرىنىڭ يېنىغا بارىدىكەن. ئۇلارنى ئېمىتىپ تويغۇزغاندىن كېيىن، ئوتلاققا ئاپىرىپ ئويىنىتىدىكەن. ئارقىدىنلا بىر پاتپاراقچىلىق قۇلىقىمىزغا كىردى. بۇ، بوتىلاقلارنىڭ هاياجانلىق چىرقىراشلىرى ئىكەن. بۇنى ئاڭلاپ، يىراقتىكى ھىنگانلارمۇ (چىشى تۆگە) ئۇلارغا جاۋاب تەرىقىسىدە توۋلايدىكەن ـ دە، يۈگۈرۈپ يېتىپ كېلىدىكەن. ھىنگانلار بوتىلاقلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ خۇشال بولىدىكەن. ئارقىدىن ئاياللار كېلىپ ئۇلارنى ساغىدىكەن. تۆگە ئېگىز بولغاچقا، ئاياللار سۈت چېلەكنى كىچىك ئورۇندۇق ئۈستىگە قويۇپ، ئۆرە تۇرۇپ ساغىدىكەن. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ماڭا تولىمۇ قىزىق تۇيۇلدى. تۆگىلەر سېغىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىر ئايال بىزگە بىر چىنىدىن تۆگە سۈتى ئەكەلدى. تۆگە سۈتى سۇيۇقراق سېرىق مايغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئەمما، تەملىك، ئىچىشلىك ئىكەن.

بىز ئەتىسى ئەتىگەندە بۇ جىرادىن ئايرىلدۇق. قىرغىزلارنىڭ تۇرمۇشىمۇ ياخشىكەن، دەپ ئويلىدۇق.

بىز ئەڭ ئاخىرقى بىر تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، ئاخىرقى قونالغۇدا بىر كېچىنى ئۆتكۈزدۇق. بۇ جاينىڭ نامى مىڭيول (Ming yol) ئىكەن. مىڭيول بىلەن قەشقەرنىڭ ئارىلىقى 20 ئىنگلىزچىسىدەك كېلىدىكەن. لېكىن بۇ ئارىلىق گىيا ئۈنمەيدىغان قاقاس، تاشلىق چۆل ئىكەن. ئوشتىن يولغا چىقىپ 16 ـ كۈنى، بىز سەپىرىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر بۆلىكىگە قەدەم قويدۇق.

يولغا چىقىپ ھېچقانچە ماڭمىغانىدۇق. بىزگە ئازادە مەپە ئېلىپ ئالدىمىزغا چىققان كازاكلار بىلەن ئۇچراشتۇق. بۇ مەپە بىلەن ئادەملەرنى رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى جاناب پېتروۋسكىي بىزنى قەشقەرگە سالاپەت ۋە سۆلەت بىلەن رەڭ بەرسۇن، دەپ ئەۋەتكەنىدى. ئېرىم بىلەن ئىككىمىز ئاتتىن چۈشۈپ مەپىگە چىقتۇق، ئەمدى ئاتلىق ماڭمايدىغانلىقىمىزدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇق. كازاكلار بىزنى قوغداپ ماڭدى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن كارۋانلار ماڭدى.

قەشقەرگە بارغۇچە، يولدا بىرقانچە يەردە كىشىلەر ئالدىمىزغا چىقىپ بىزنى كۈتۈۋالدى. يول بويىدا بىزگە ئاتاپ تەييارلانغان يېمەكلىك ۋە چايلار بار ئىدى. بىزنى قارشى ئالغانلار ئىچىدە خەنزۇلار، قەشقەرلىكلەر، ھىندىقوشلۇقلار، ھىندىستانلىقلار، رۇسىيىلىكلەر، ئافغانىستانلىقلار، يەنە شۋېتسىيىلىك دىن تارقاتقۇچى خاۋگبېرگ[1] ئەپەندىمۇ بار ئىدى. خاۋگبېرگ ئەپەندىنىڭ ئىنگلىزچىنى راۋان سۆزلەيدىغانلىقىنى بىلىپ ئېيتقۇسىز خۇشال بولدۇم.

ھەربىر توختاپ دەم ئالغان يېرىمىزدە كۈتۈۋالغۇچىلار بارغانسېرى كۆپەيدى. قوشۇنىمىز نەچچە يۈز ئادەمگە يەتتى. ئۇلار ياكى ئىككى يېنىمىزدا بىزنى قوغداپ ماڭاتتى، ياكى كەينىمىزدە ماڭاتتى. شۇڭا يوللاردىن قاتتىق توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈلۈپ، بىزنى چاڭ ـ توزانغا كۆمۈۋېتەتتى. بۇ مەنزىرىمۇ ئادەمنى ھاياجانغا سالاتتى. بىر قېتىم ھەتتا ئېتىمىزدا ئولتىۋاتقان بىرموزاي، بۇ داغدۇغىدىن تەسىرلىنىپ كېلىپ سېپىمىزگە قېتىلدى. بىز ئولتۇرغان مەپىگە يېقىن كېلىپ بىرنەچچە چاقىرىم جايغىچە يۈگۈردى. مەن ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە، ئۇ موزاي ئۆز ئىگىسىنى تاپالىغانمىدۇ، دەپ ئويلاپ يۈردۈم.

بىز ئاخىر چىنىباغقا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەر مېنىڭ ئۆيۈم ئىدى. بىز پۈتۈن كونسۇلخانىنىڭ ئوچۇق قىزىل گىلەم پاياندازغا سېلىنىپ، تا-

---

[1] خاۋگبېرگ شۋېتسىيىنىڭ دىن تارقىتىش جەمئىيىتى ئەۋەتكەن قەشقەردە تۇرۇشلۇق دىن تارقاتقۇچىسى. ئۇ قەشقەرگە 1894 ـ يىلى كەلگەن، تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغىچە خىزمەت قىلغان.

ھايىتى چىرايلىق بىنارىس تاۋىرى ئېسىلىپ يېڭىچە بېزەلگەنلىكىنى بايقىدۇق . بۇلار بىزنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن قىلىنغانىدى . ئاق رەختتىن ئۇزۇن كىيىم كىيگەن بىر توپ ھىندىلار ئىككى تەرەپتە قاتار تۇرۇپ ، ھۆرمەت قاراۋۇللىرىنى ھاسىل قىلغانىدى . بىز ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكەندە ، ئۇلار ئېگىلىپ ، قولىنى جۈپلەپ پېشانىسىگە قويۇپ بىزگە سالام قىلدى ۋە بىزنى مابار ( ئاتا ۋە ئانا ) دېدى . ھەممىسىنىڭ قولىدا رۇپىيە بار بولۇپ ، بىزگە تۇتۇۋاتاتتى . مەن گاڭگىراپ قالدىم . ئەمما بۇ پۇللارنى ئالاي دەپ تۇرغىنىمدا ، تۇساتتىن ئېرىمنىڭ ماڭا قوشۇمىسىنى تۇرۇپ ، بۇ پۇلنى تۇتۇپ قويۇپلا مېڭىۋېرىڭ دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم . كېيىن ، ئېرىم چۈشەندۇرۇپ ، بۇ ئۇلارنىڭ سىزگە پۇل تۇتقىنى ئەمەس ، بەلكى سىزگە بولغان ھۆرمىتىنى مۇشۇ ئۇسۇلدا بىلدۈرگىنى ! دېدى .

بۇ چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بىر قارشى ئېلىش مۇراسىمى بولدى . ئەمما مەن شۇ تاپتا يۇيۇنۇپ تارىنىپ ، چىرايلىق كىيىنىۋېلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم . چۈنكى بۇ مۇراسىم جەريانىدا ئۆزۈمنىڭ چاچلىرىم پاخپايغان ، چىرايىم مەينەت بولۇپ كەتكەن ، كۆرۈمسىز بىر ھالەتتە ئىكەنلىكىمنى تۇيۇپ تۇراتتىم . بۇنداق ۋەيرانە ھالەتتە ئادەم داغدۇغىنىڭ پەيزىنىمۇ تۈزۈك سۈرەلمەيدىكەن .

قوبۇلخانىدا خاۋگېبرگ خانىم بىزنى ساقلاپ تۇرغانىكەن . ئۇ بىزنى ئىنتايىن سەممىي ، قىزغىن كۈتۈۋالدى ھەمدە ئىنگلىزچە چاي راسلاپ مېھمان قىلدى . شۇنداق قىلىپ ، لوندوندىن چىقىپ توپتوغرا ئالتە ھەپتىدە ، بىز ئاران دېگەندە ئۆيىمىزگە يېتىپ كەلدۇق .

## ئىككىنچى باب

# چىنىباغدىكى دەسلەپكى تەسىراتلار

قەشقەرگە كېلىپ ئەتىسى، مەن تاغ - داۋانلار ئېشىپ، دەريا - ئۆستەڭلەرنى كېچىپ قىلغان مۇشەققەتلىك ئۇزۇن سەپەردىن كېيىنكى خۇشاللىقنى ھېس قىلدىم. لۆم - لۆم، راھەت كارىۋاتتا ئويغىنىپ، بىردىنلا ئۆزۈمنىڭ ئەمدى ئالدىراپ - تېنەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ھاپىلا - شاپىلا يولغا چىقىشىمنىڭ ھاجىتى قالمىغانلىقىنى سەزدىم.

ئۆتكەنكى ئالتە ھەپتە ئىچىدە بىز ئاساسەن يەردە، يەنە كېلىپ ئېگىز - پەس يەرلەردە ياتتۇق؛ شۇڭا سېلىنچىسىزنىڭ يۇمشاقلىقىمۇ تۈزۈك بىلىنمىدى. مەن ھەتتا تاش ئۈستىدىمۇ تۈگۈلۈپ يېتىپ كۆنۈپ قاپتىمەن. ياتىدىغان جايلار ئاشۇنداق ناچار بولسىمۇ، سەپەر ھارغىنلىقى، شامالدىن قېچىشلار ئىچىدە يەنىلا يېتىپلا ئۇخلاپ كېتەتتۇق. كونسۇلخانىدا مەن ماڭا تەييارلىغان پۇرژىنىلىق، ماتراسلىرى بار كارىۋاتتىن بەكمۇ سۆيۈندۈم. بۇ كارىۋاتنى رۇسىيە ئوفىتسېرى بۇيرۇتۇپ ياساتقان، ئۇلار قەشقەردىن كېتىدىغان چاغدا ئېرىم ئۇلاردىن قىممەت باھادا سېتىۋالغانىكەن.

مەندەك بىر ئەنگلىيىلىكنىڭ نەزىرىدە، بۇ قەدىمىي ئۇسلۇبتا، ئاددىي ئەمما پۇختا، چىرايلىق ياسالغان ئىمارەت ئىدى. بۇ يەردە يەر تەۋرەش كۆپ بولغاچقا، ئۆيلەر بىر - بىرىگە تۇتاش سېلىنىدىكەن. ئۆيلەرنىڭ ئەتراپى قورۇ، قورۇنىڭ ئۈچ تەرىپى تام، بىر تەرىپى كونسۇلخانا دەرۋازىسى. ئۇ يەردە يەنە چاكارلارنىڭ كۈتۈۋېلىش ئۆيلىرى بار. بۇ ئۆيلەردە كۈنبويى كۆزەتچى تۇرىدۇ. ئەگەر بىرەرسى كونسۇلخانىغا كىرمەكچى بولسا، چاكارلار ئۇنىڭ كىرىپ نېمە ئىش قىلىدىغان-

لىقىنى سۈرۈشتۈرىدۇ.

مەن دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ، بۇ ئۆيلەرنىڭ ناھايىتى ئېگىز،
تىك تامغا يېقىنلا ئىكەنلىكىنى بايقاپ تولىمۇ ھەيران بولدۇم. ئۆيلەرنىڭ
بۇنداق ئېگىز جايدا بولۇشى بىزگە گۈزەل مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىش،
بىز ئۆتۈپ كەلگەن قارلىق ئېگىز تاغلارنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە
قىلاتتى. ئۆيلەرنىڭ تۈۋىنىدە يول بولۇپ، يولدىن نەرسە كېرەك ئارتقان
ياكى ئادەملەر مىنگەن ئات - ئېشەكلەر، ئادەملەر ئۈزۈلمەي ئۆتۈپ
تۇراتتى. يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئېتىزلاردا يازلىق قوغۇن - تاۋۇز،
شال، پاختا ۋە بېدىلەر ئۆسۈپ كېتەتتى. لېكىن بىز قەشقەرگە كەلگەن
چاغدا يەرلەر قاتقان، ئېتىزلاردا زىرائەتلەرنىڭ كۆتەكلىرى قالغان، شور
پۇراپ تۇرغان ۋەيرانە مەنزىرە كۆزگە چۈشەتتى. زىرائەت يوق بولغاچ-
قا، يەر يۈزىنى نېپىز بىر قەۋەت ئاپئاق شور قاپلىغانىدى. بىرىنىڭ دې-
يىشىچە بۇنداق يەردە قوغۇن بەك ئوخشايدىكەن. شۇڭا قەشقەردە دۇنيا
بويىچە ئەڭ تاتلىق، ئەڭ شېرىن قوغۇن سورتىنىڭ بولۇشى ئەجەبلىنەر-
لىك ئەمەسكەن.

ئېتىزلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەتراپى توپا تام بىلەن ئورالغان ئۈچ
بۇرجەكلىك بىر پارچە يەر بولۇپ، رۇس شەكلىدىكى كرېست قادالغا-
نىدى. بۇ، رۇسىيىلىكلەرنىڭ قەبرىستانلىقى ئىدى. قەبرىستانلىق كەي-
نىدە قەشقەر دەرياسى — قىزىل دەرياسىنى كۆردۇم. دەريا بويىدا بەزى-
لىرى سۇ ئىچىدە، بەزىلىرى قىردا تۇرۇپ بىرمۇنچە ئات سۇ ئىچىۋاتات-
تى. قىپيالىڭاچ ئوغۇل باللار ياۋىداق ئاتلارغا مىنىۋالغانىدى. بۇ توغما
يالىڭاچ باللار ئاتلارنىڭ سىلىق دۈمبىسىدە قانداق ئولتۇرۇۋاتقاندۇ؟ ماڭا
نىسبەتەن بۇ بىر مۆجىزە ئىدى: ئۇلار مىنگەن ئاتلىرىنىڭ بويىنىغا ئار-
غامچا باغلىۋالغان، ئاتلار ئۇلارغا بويسۇناتتى، ئۇلار بولسا ئات ئۈستىدە
شۇنداق ئەركىن ئولتۇراتتى! دەريا بويىدا يەنە ئېشەكلەرگە ئارتىلغان
سوغىلار، چېلەكلەرگە سۇ ئېلىۋاتقان ئەرلەر، ئوغۇل باللار بار ئىدى.
ئۇلار بۇ سۇنى شەھەرگە ئەكىرىپ ساتاتتى.

قىزىل دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدا بوياقچىلار بويىغان ماتالارنى

دەريا سۈيىدە چايقىلىتتى . قىزىل رەڭدە بويالغان ماتالار چىرايلىق ، ئو-
چۇق رەڭ ئالغانىدى . ئۇلار قارا رەڭدە ئىپچىلىدىغان لەيلىگۈلنى بوياق
ماتېرىيالى قىلاتتى .

قىزىل دەرياسىنىڭ ئۇۋەن تەرىپىدە بىر كۆۋرۈك بار ئىدى .
كۆۋرۈكتىن ئادەملەر ، ھارۋا - مەپىلەر كەينى - كەينىدىن ئۆتۈپ
تۇراتتى . شوڭا ئىسقىرتىش ، ۋارقىراش ، تووۇلاشلىرىمۇ ئۇزۇلمەيتتى .
دەريا ياقىلاپ قورۇلغان تۈگمەنلەرنىڭ ئىگىلىرى ، پۈتۈن كۈچى بىلەن
ئۇن تارتقىلى كېلىدىغانلارنى چاقىرىپ ئورغا چالاتتى .

دەريانىڭ ئادەملەر توپى ۋە چۇقان سۈرەن كەينىدىكى تەرىپىدە
ئېگىز - پەس ئېتىزلار ، قاتار كەتكەن دەل - دەرەخلەر بار ئىدى .
يىراقتا قاقاس ، قار بىلەن قاپلانغان تەگرىتاغ كۆرۈنەتتى .

ئىرىم ئىككىمىز ئۆيىمىزنىڭ ئۆپتۈز ئۆگزىسىگە چىقىپ ، غەرب ۋە
جەنۇبقا نەزەر سالدۇق ، پامىر ئېگىزلىكىدىكى قار - مۇز بىلەن قاپلانغان
چوققىلار كۆز ئالدىمىزدا ئايان بولدى . قوڭۇر چوققىسى تاغلارنىڭ ئە-
چىدە ئەڭ ئېگىز بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 24 مىڭ ئىنگلىز چىسى ئېگىز
بولۇپ ، خۇددى تاغلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان غايەت يوغان تامغا
ئوخشايتتى . سەھەرنىڭ يېڭى . سۈزۈك ھاۋاسىدىن قارىسىڭىز پامىر ئې-
گىزلىكىدىكى چوققىلار بىزگە تولىمۇ يېقىندەك كۆرۈنەتتى . ئادەتتە
بۇنچىلىك ئوچۇق كۆرگىلى بولمايتتى ، چۈنكى چاڭ - تۇزان بەك
كۆپ ، بولۇپمۇ ھاۋا بوشلۇقىدا لەيلەپ يۈرگەنلىكتىن كۆرۈنۈش دەر-
جىسى ناھايىتى ناچار ئىدى . بۇ ئەھۋال بولۇپمۇ باھار ۋە يازدا ئېغىر
بولاتتى . سەۋەب ، بۇ ئىككى پەسىلدە قۇياش نۇرى چاڭ - تۇزانلاردىن
يېرىم ئۆتۈپ زېمىنغا چۈشىسىمۇ ، ئۇدا بىر نەچچە ھەپتە ھاۋا تۇزۇك ئې-
چىلمايتتى .

بىز تۇرغان ئۆي ئەسلى يەرلىك ئاھالىنىڭ ئۆيى بولۇپ ، بۇ يەر-
دىكى جىمى ئۆيلەرگە ئوخشاش قورۇنى ئايلاندۇرۇپ سېلىنغان ، دېرى-
زىسى يوق ، ئۆينى پەقەتلا تۈڭلۈكتىن چۈشكەن يورۇقلۇق يورۇتاتتى ،
كۈنچىقىش تەرەپتىكى ئۆيلەر سىرتتىن قارىشقا ئېگىز توپا تامغىلا ئوخ-

شىغاچقا، ئۆيدەكمۇ تۇرمايتتى، كۆزگىمۇ سىغمايتتى.

ئۆي تېمى ئىككى ئىنگلىزچىسى قېلىنلىقتا، توپىدىن قوپۇرۇلغان. سىرتى لايدا سىلىق سۇۋالغان، ئىچى پارقىراق، سىلىق، ئاق بولسۇن ئۈچۈن گەج قىلىنغان. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، بۇنداق ئۆيلەرنىڭ قىشتا ئىسسىق، يازدا سالقىن بولىدىغانلىقىنى بايقىدىم.

ئېرىم 1890 ـ يىلى قەشقەرگە يېڭى بارغاندا، كاپىتان يوۋىنگخۇسبېن بىلەن ( ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ھەربىي ئۇنۋانى كاپىتان ئىكەن ) شۇ يەردە تۇرغانىكەن. كېلىشىگىلا ئۇنى مۇشۇ ئۆي ۋە گۈلزارلىققا باشلىغانىكەن. 24 يىلدىن كېيىن، بۇ ئۆيلەر چېقىلىپ، ئورنىغا ياۋروپا ئۇسلۇبىدا ئىمارەتلەر سېلىنىپ، بۇ جاي ئەنگلىيە باش ئەلچىخانىسى بولدى.

مەن 1898 ـ يىلى قەشقەرگە كەلگەن چاغدا، چىنىباغنى « ياۋروپالاشتۇرۇش » ئىشى باشلىنىپ كەتكەنىكەن. ئۇ چاغلاردا ئەينەك قەشقەرگە نىسبەتەن يېڭىلىق ( ئاڭلاپمۇ باقمىغان ) ئىكەن. ئىلگىرى ئۇلار دېرىزىلەرگە بىر خىل ماي قەغەزنى چاپلايدىكەن. ئۆگلۈككە قارىغاندا بۇ چوڭ يېڭىلىق ھېسابلىنىدىكەن. رۇسىيە كونسۇلى پېتروۋسكىي دوستلۇق سىمۋولى سۈپىتىدە ئېرىمگە بىر دېرىزىگە يەتكۈدەك ئەينەك بەرگەن، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئىككىيلەن ئارازلىشىپ قالغاچقا، بۇ ئەتىۋارلىق نەرسىنى پېتروۋسكىيغا قايتۇرۇپ بەرگەنىكەن.

ئۆيدىكى بۇرۇنقى ئوچاق يوغان ۋە تازا ئىسسىمايدىغان بولۇپ، ئىس ياندۇرىدىكەن. كېيىن رۇس پاسونىدىكى يوغان مەشتىن بىر نەچچىسى قويۇلۇپتۇ، ئۆينىڭ يۈزىمۇ تەكشىلىنىپتۇ. چىنىباغدا يەرلىك ئۇسلۇبتا ياسالغان بىر ئۆينىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك قىسمىغا توپىدىن سۇپا ياسىلىپ، ئۈستىگە قېلىن زىلچا گىلەم سېلىنغانىكەن. ئۇنىڭدا ئادەملەر ئولتۇرىدىكەن ۋە ياتىدىكەن. ئەمما، بۇ ئۆينىڭ سىرتىدا بەكمۇ كۆلكىلىك دالان ۋە ئىككى ئىشىك بار ئىكەن. ئادەملەر ئۆيگە ئېگىشىپ كىرىدىكەن: تاملارغا نۇرغۇن تەكچە ( ئويۇق ) چىقىرىلغانىكەن. بۇ جاي شۇ پېتى ساقلىنىپ قېلىندى. بۇ تەكچىلەرنىڭ شەكلى ئۆزگىچە بولۇپ،

ئىشلىنىش ئورنىمۇ كۆپ ئىكەن. شۇڭا مەن ئۇنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ قالدىم.
مەن بۇ يەرگە كېلىپ ئۈزۈن ئۆتمەي، تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ رۇسىيىلىك بىر سودىگەر بىر ھارۋا ئەينەك ئەكەلدى. ياۋروپالىقلار بۇ نەرسىنى كۆرسە تالىشىپ كېتەتتى، ھەممىنىلا ئالغۇسى كېلەتتى! ئەمما، ئەينەكنىڭ سۈپىتى تازا ياخشى ئەمەس ئىدى، بۇ ئەينەكتىن نېمىگە قارىماڭ، باشقىچە كۆرۈنەتتى. شۇڭا ئەينەككە قارىسا ئادەمنىڭ كۈلگۈسى كېلەتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئەينەك ئىدى، ئۇنىڭدىن چۈشكەن قۇياش نۇرى ئۆينى ئىللىق ۋە يورۇق قىلىۋېتەتتى.
كېيىن بىز ئۆيگە بالكون ئورناتقۇزغانىدۇق، ئۆينىڭ سىرتىغا خېلىلا سۈلەت قوشۇلدى. ئەپسۇسكى، يەرلىك قۇرۇلۇشچىلار بالكوننى پۇختا قىلمىغانىكەن، بىر قېتىملىق قاتتىق يەر تەۋرەشتە، خۇددى قەغەز كوروپكىدا ياسالغاندەكلا گۈلدۈرلەپ ئۆرۈلۈپ كەتتى. كېيىن ئۇنى قايتىدىن پۇختا قىلىپ ياساتتۇق.
چىنىباغدىكى ئۆي جاھازلىرىمىزمۇ شۇ جايدا ياسالغان، ئاددىي، سىرلانمىغان ئىدى. بۇنداق بولۇشى، قەشقەردە سىر ۋە لاك تېپىلمايتتى. بولۇپمۇ ئورۇندۇقلار بەكمۇ كونا پاسوندا ئىدى. ئۇلارغا قارىسامىلا كۆزۈمگە غەلىتە، قىززىق كۆرۈنەتتى.
ئېرىم قەشقەرگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۆزىنىڭ بۇ يەردە يالغۇز سىراپ قالدىغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. ئۇنىڭ بىردىنبىر دوستى گوللاندىيىلىك رىم كاتولىك دىنى مىسسىئونېر خېندرىكس پوپ ئىكەن. مەن كىتابىمنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىدا بۇ ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى يەنە سۆزلەيمەن. ئۆيدە ئادەم ئولتۇرغىدەك يەر ياكى ساندۇقتىن بۆلەك نەرسىلەر بولمىغاچقا، ئۇ ۋە ئېرىم بىر قانچە ئورۇندۇق ياسىماقچى بوپتۇ. بىراق ھەر ئىككىسى ئىلگىرى ياغاچچىلىق قىلىپ باقمىغاچقا، ئورۇندۇقنى قانداق لايىھەلەشنى ۋە چىرايلىقراق، ئولتۇرۇشقا ئەپلىك قىلىپ ياساشنى بىلەلمەپتۇ. شۇڭا ياسىغان بىرىنچى ئورۇندۇق خېندرىكس پوپنىڭ موناستىردا ئالغان تەربىيىسىنى تولۇق نامايان قىلىپ، موناستىرلار ئولتۇ-

رىدىغان ئورۇندۇققا ئوخشاپ قاپتۇ . ئورۇندۇق بەك ئېگىز ئىكەن . ئەگەر مەن چىقىپ ئولتۇرسام پۇتۇمنى ياكى ئۇنىڭ ئاستىدىكى بەلدەمگە قو- يۇۋالسام ، ياكى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرسام بولىدىكەن . يۆلەنچۈكمۇ تۈز ۋە مېنىڭ بېشىمدىن ئېگىز ئىكەن . يۇزى ئاران ئالتە ئىنگلىز سۇڭگى بول- غاچقا ، ئادەم يىقىلىپ چۈشەرمەنمىكىن ، دەپ ئۆزىنى جايلاش بىلەن ئاۋارە بولۇپ ، تۈزۈك ئولتۇرغاندەك بولمايدىكەن . كېيىن ، ئۇلار يەنە قەدىمكى چىركاۋلاردا مۇناجاتچىلار ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقنى ئانچە يە- رىقلەنمەيدىغان ئۆزۈن ئورۇندۇقنى بىر قانچىنى ياساپتۇ . ئەڭ ئاخىرىدا خېلى يامان ئەمەس ئورۇندۇقنى بىرنى ياساپتۇ . لېكىن يۇزى ئوبدان رەندىلەنمىگەچكە ئادەم راھەتلىنىپ ئولتۇرالمايدىكەن .

كېيىن ، قەشقەرگە خاۋگېبىرگ ئەپەندى كېلىپ ، ئۇمۇ بىر تەۋ- رەنمە ئورۇندۇق ياساپتىكەن . ئۇنى ئېرىم سېتىۋاپتۇ . بۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرسا نېمىشقىدۇر ئادەمنىڭ پۇتىلا تەۋرىنىپ ، تېنى مىدىرلىمايدى- كەن . بەكمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلىدىكەن . شۇڭا ئۇ تەۋرىنىدىغان ئوقىنى كېسىۋېتىكەنىدى ، بىز خېلىلا راھەت بىر ياتما ئورۇندۇققا ئىگە بولۇپ قالدۇق .

ئەمما ، گىلەم ، داستىخان ۋە ھەرتۈرلۈك ياپقۇچلار ئۆيىمىزنىڭ خېلى كۆپ ئېھتىياجلىرىنى يېپىۋەتتى . پانار ئۈستىگە يېشىل تاۋاردىن قالپاق ياساپ قويىۋېدىم ، ئۆيىمىز ئۆيگە ئوخشاپ ، خېلىلا سۆيەتلىك ، ئېسىل بولۇپ قالغاندەك بولدى . كېيىن بىر ئامال قىلىپ ئەگمە ياغاچتىن ياسال- غان ئاۋسترىيە ئورۇندۇقىدىن بىر نەچچە ، ئامېرىكا پاسونىدىكى تەۋ- رەنمە ئورۇندۇقتىن بىرنى سېتىۋالدۇق . ئەمما بۇمۇ دېگەندەك ياخشى ئە- مەس ئىكەن .

مەن ئۇچۇن تۇنجى سىناق چىنىباغنىڭ ھەممە يېرىنى ئايلىنىپ چىقىش بولدى . ئۇلار يەنە بارلىق خىزمەتكارلار ۋە قائىدە - يوسۇنلارنى ماڭا بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ چىقتى . بىرىنچى بولۇپ ئاشخانىغا كىردۇق . ئاشخانىدىكى ئەھۋالغا قاراپلا ھەيرانلىقتىن قېتىپلا قالدىم . بىز كىچىككىنە بىر ئىشىكتىن كىرىپ ، ئۆزىمىزنى قايناپ تۇرغان ھور ئىچىدە

كۆردۇق. يورۇقلۇق ئاشخانىغا تۈڭلۈكتىنلا چۈشەتتى. ھىندى ئاشپەزىمىز يەردە ئولتۇراتتى، يېنىدا قەشقەرلىق بىر ئوغۇل بالا بار ئىدى. ئاشپەزنىڭ ئالدىدا بىر كوروپكىدا توخۇم بار بولۇپ ئۇلار توخۇم چېقىۋاتاتتى. ئۇ توخۇمنى ئالقىنىدىلا ئېزىپ، ئېقىنى قاپقارا بارماقلىرى ئارىسىدىن بىر قاچىغا چۈشۈرەتتى، سېرىقىنى يەنە بىر قاچىغا قۇياتتى. ئۇ مېنىڭ يىرگىنىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ قالدى بولغاي، بىر نېمىلەرنى دېگەنىدى، مېنى دەرھال ئاچچىقىپ كېتىشتى. مەن بۇ ئىشلارنى كۆرمىگەن بولسام، ئۇ ئاشپەزنىڭ ئالدىمىزغا ئېتىپ چىققان تاماقلىرى بەك ئوخشاپتۇ، دېگەن بولاتتىم. شۇڭا بەزىدە، ئاشپەزنىڭ يېنىغا كىرمىگەن، قىلىۋاتقان ئىشىنى كۆرمىسەممۇ بوپتىكەن، دەپ قالىمەن.

بىز ئۆز پۇلىمىزغا ئاشپەز، ئاشپەز خىزمەتچىسى، تازىلىق خىزمەتچىسى ۋە گۈلچى بولۇپ بەش ئادەم ياللىۋالدۇق. گۈلچى قەشقەرلىق، ناھايىتىمۇ ئورۇق، ياشانغان، پاپىدەك پاكار ئادەم ئىدى. ئۇ ئىشلەۋېتىپ، گويا گۈل ـ گىياھ بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندەك ئۆزىچە سۆزلەيتتى. ئەگەر ئۇنىڭدىن پۈرچاقلار قاچان ئۈنۈپ چىقار، دەپ سورىسىڭىز، ئۇ: «ئۇلارنىڭ ماڭا ئېيتىشىچە ئەتىلا يۈگۈرۈپ چىقىدىكەن» دەپ قىزىقلا جاۋاب بېرەتتى. چىنىباغدا يەنە ھۆكۈمەت ياللىغان ئۈچ چاكار بولۇپ، بىرى چاكارلارنىڭ باشلىقى، ئىككىسى مۇھاپىزەتچى ئىدى. ئۇلار، چۆرىسىگە سېرىق جىيەك تۇتۇلغان كۆزگە ئاسانلا چېلىقىدىغان ئۇچۇق قىزىل رەڭلىك فورما كىيىپ، بېشىغا يوغان سەللە ئوراپ يۈرەتتى. ئېرىم خىزمەت بىلەن سىرتقا چىقسا، ئۇلار تۆت ئادەم ئەڭ يېقىندىكى ھىندىستان پوچتىخانىسىغا[1] ئاپىرىپ سېلىپ كېلەتتى. ئۇ يەرگە قەشقەردىن چىقىپ، ئون ـ ئون بەش كۈندە باراتتى. شۇڭىدىمۇ ھاۋا كىلىماتى ۋە بىر يىل ئىچىدىكى مۇۋاپىق كېلىدىغان ۋاقىتقا قارىلاتتى.

بۇ سالاپەتلىك، سۈرلۈك مۇھاپىزەتچىلەردىن تەپتارتاتتىم، ئۇ-

---

① شۇ چاغدا ئەنگلىيىنىڭ دىپلوماتىيە بوللانىملىرى ئالدى بىلەن ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستاننىڭ جۇڭگو بىلەن چېگرىلىنىپ تۇرىدىغان كەشمىر دېگەن جايىغا، ئاندىن ئەنگلىيە دىپلوماتىيە مىنىسترلىقىغا يەتكۈزۈلەتتى. بۇ تۆت ئادەم كونسۇلخانىنىڭ مەخسۇس خەت ـ ئالاقە توشۇغۇچىسى ئىدى.

يىغلاتتىم ۋە خىجىل بولاتتىم. ئۇلار بىلەن سۆزلىشەلمەيتتىم، ئۇلارغا كۈلۈمسىرەش يولى بىلەنلا دوستانىلىقىمنى ئىپادىلەيتتىم، باش لىڭشىتىپلا سالاملىشاتتىم. ئەمما ئۇلار ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى، ئىش - كۈشلىرىمىزگە جان كۆيدۈرۈپ قارشاتتى. شۇڭا كۆپ ئۆتمەيلا ئۇلارنىڭ ئالدىدا قورۇنمايدىغان، قانداقلا ئىش بولسا ئۇلارغا ئىشىنىپ تاپشۇرىدىغان بولدۇم.

كونسۇلخانىدا يەنە، ئەنگلىيىگە ۋاكالىتەن دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن ئېلىنغان ھىندىستان تەۋەلىكىدىكى ئىككى، جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى بىر بولۇپ، جەمئىي ئۈچ كاتىپ بار ئىكەن. يەنە ھىندىستان تەۋەلىكىدىكى بىر دوختۇر باشلىق بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ تىببىي مەسلىھەتچىمىز ئىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بالا - چاقىسى بار ئىكەن. بۇلار ۋە خىزمەتكارلار بىز تۇرغان ئۆينىڭ تېشىدىراق بىر قورۇدا تۇرىدىكەن. شۇنداق بولغاچقا، كونسۇلخانا خادىملىرى چىنىباغنى خۇددى يېزىغا ئوخشايدىغان بىر دائىرىگە ئايلاندۇرغانىكەن.

بېغىمىز ناھايىتى يوغان بولۇپ، پەس ۋە ئېگىز ئىككى بۆلەك ئىدى. پەلەمپەي بىلەن پەستىن ئاستا - ئاستا ئېگىزگە چىقاتتۇق. ئېگىز باغدا ھەرخىل مېۋىلىك دەرەخلەر ۋە كۆكتاتلار بار ئىدى. بۇ يەردە مېۋىلەر بەكمۇ ئۆزگىچە ۋە تۈرى كۆپ ئىدى. مەسىلەن، شاپتۇل، ئۆرۈك، ئەنجۈر، ئانار، ئاق ۋە قارا ئۈجمىلەر دېگەندەك. كېيىن ئېرىم يەرلىك مېۋىلەرگە ئەنگلىيىنىڭ ئالما، نەشپۈت، قارىئۆرۈك، كۆك ئامۇت، گىلاسلارنى ئۇلىدى. بۇلارنى ئەنگلىيىدىكى يۇرتىدىن ئەكەلدۈرگەن شاخ - كۆچەتلەرنى چوگايتىپ ئۇلىدى. بۇلارغا قاراپ، مەن مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈشكە دۇنيادا قەشقەردىن باشقا ئوبدان، مۇۋاپىق جاي بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم.

تۆۋەندىكى باغدا سۆگەت، قارىياغاچ، سۇۋادان دەرەخلىرى ۋە قەشقەرنىڭ يەرلىك دەرىخىدىن جىگدە ناھايىتى كۆپ ئىدى.

ئۆيىمىزنىڭ يان تەرىپىدە ئۈزۈم تاللىرى بولۇپ، ئۆگزىگە يامىشقاندى. ئېرىم ماڭا، بۇ ئۈزۈم شۇنداق جىق بولىدۇ ۋە ئادەمنى ھەيران

قالدۇرىدۇ ، دېدى . لېكىن ھازىر مەن قۇرۇق شاخلار بىلەن تۇپراقنىلا كۆردۈم . بۇ يەردە ئۈزۈم ، ئەنجۈر ، ئانارلارنى ئۈششۈپ قالمىسۇن ، دەپ قىشتا كۆمىدىكەن .

باغدا ئېگىز بىر سۇپا بار بولۇپ ، ئۇزۇنلۇقى باغنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا تەڭ ، ئەتراپى ئىنتايىن چىرايلىق كۆنگۈرا چىقىرىلغان ، تامنىڭ چۆرىسى تۈپتۈز ئۆسكەن سۆۋادان تېرەك ئىدى . بۇ سۇپىدا تۇرۇپ قارىسا ، پۈتۈن قەشقەر زېمىنى ، يوللاردىكى ، ئېتىزلاردىكى ئادەملەر ، دەريا كۆرۈنەتتى ۋە ئادەمنىڭ كۆڭلى بۆلەكچىلا يايراپ كېتەتتى .

باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىكرەك كۆل بار ئىدى . ئەتىيازدا ، گۈللەرنى ، دەل - دەرەخلەرنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن ، بۇ كۆلگە سۇ توشقۇزۇلاتتى . لېكىن ھازىر كۆل ۋە كۆلگە تۇتىشىدىغان ئېرىق قۇرۇپ ، دەل - دەرەخلەردە يوپۇرماق ، يەرلەردە يېشىل گىياھ يوق ئىدى . قىشتا ئەگەر بۇلارغا قۇياش نۇرى چۈشمىسە ، بۇ شەھەرنى چاڭ - توزان يوقلاپ تۇرمىسا ، بۇ يەر شۇنچىلىك زېرىكەرلىك بولاتتىكى ، زادىلا گەپ توغرا كەلمەيتتى .

ئېرىمنىڭ بىر نەچچە ئىت باققانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم . چۈنكى مەن ئۇلار بىلەن سۆزلىشەتتىم . ئۇلارمۇ مېنى تېزلا ياخشى كۆرۈپ قالدى . ئېرىم قەشقەردە مۇساپىرچىلىقتا ياشاپ ، نۇرغۇن غەلىتە نەرسىلەرگە بۆرە ، يىلپىز ، تۈلكىگە ئامراق بولۇپ قاپتۇ . لېكىن ماڭا ئۇلا ر پەقەت ياقمايتتى . ئەگەر ئۆلۈپ قالغۇدەك بولسا ، ئىختىيارسىز ئەجەپ ئوبدان بولدى دەپ ، خۇشاللىناتتىم . لېكىن مەن ئۇ باققان كېيىك ، ئۆچكىگە ئامراق بولۇپ قالدىم . مەن قەشقەرگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي بىزگە بىر ئادەم بىر جۈپ يوغان غاز ئەكىلىپ بەردى . بۇ غازلار پۇرسەت تاپسىلا ئۆيگە كىرىۋالاتتى . چىشى غاز تۇخۇم تۇغىدىغان چاغدا ، گاندېل « ئەپەندى » ① يالغۇزچىلىقتا ھەمرا بولسۇن دەيدىكەن ، ھۇجرىدا يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇۋالاتتى .

مەن چىنىباغقا كېلىپ بىر قانچە ھەپتىدىن كېيىن ،

---

① گاندېل - كاتارىن ئېرىگە غازغا قويغان ئىسىم .

شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۈمىكىدىكى بىر دىن تارقاتقۇچىنىڭ ئايالى راكۇيت ①خانىم ئاھايىتى ئۇماق بىر ئاسلاننى ماڭا سوۋغا قىلدى. ئاسلان ھەش - پەش دېگۈچىلا ئىتلار بىلەن ئوينىشىپ ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويدى ۋە ئۇلارنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. بۇ ئاسلان چوڭ بولدى ۋە 17 يىل ياشاپ قېرىپ ئۆلدى. بالىلىرىم ئۇنىڭغا «يۇزبېي تاغا» دەپ ئىسىم قويۇۋالدى. ئۇ شۇنداق ئۆلۈپ، ھېچقانداق ۋاقىت ئۆتمەي، بىزمۇ قەشقەردىن ئايرىلدۇق.

① راكۇيت — شۋېتسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى.

## ئۈچىنچى باب

# قەشقەردىكى دەسلەپكى چاغلار

ئەلۋەتتە، قەشقەرگە كېلىشىمىز بىلەنلا، يەرلىك كىشىلەر ئارقا-
ئارقىدىن زىيارەتكە كېلىشتى. مەن، بۇ زىيارەتچىلەر ئېرىمنىڭ ئالغان
خوتۇنى قانداقراقكىن، كۆرەيلى، دەپ مېنى كۆرۈشكە ئالدىرىدى، دەپ
ئويلىدىم.

جۇڭگو دوتەي يامۇلىنىڭ ئەمەلدارى يالڭ دارىنمۇ مەن بىلەن
كۆرۈشكىلى كەلدى. ئۇ مۇئاۋىن دوتەي، يەنە قەشقەر كونا شەھرىدە
تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ ئەمەلدارى ئىدى (باشلىقى).

جۇڭگولۇق مېھمانلار كەلگەندە، مەن ئۇلارنىڭ چىنىباغقا كەلگەن
چاغدىكى كۆرۈنۈشكە قىزىقىش ئىچىدە نەزەر سالدىم. ئۇنى ناھايىتىمۇ
غەلىتە مۇراسىم كىيىمى ۋە ھەربىي فورما كىيگەن بىرمۇنچە ئادەم ئارىغا
ئېلىپ قوغداپ ماڭاتتى، مۇئاۋىن دوتەي دارىن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى
بازاردىن ئۆتكىچە قوشۇلۇۋالغان بىر توپ يەرلىك ئوغۇل بالىلارمۇ بار
ئىدى. ئۇنىڭ ئەختىرىۋانى چىنىباغنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توخ-
تىدى. بۇ ئەمەلدارنىڭ كۆرۈشكىلى كېلىدىغانلىقىنى كىشىلەر ئېرىمگە
بۇرۇنلا خەۋەر قىلغاچقا، ئۇ جۇڭگو ئەمەلدارىنى دەرۋازا ئالدىدا كۈ-
تۈۋالدى. بۇ ئىككىيلەن بىر-بىرىنى كۆرۈپلا ئاجايىپ بىر ھەرىكەت
بىلەن كۆرۈشۈپ سالام-سائەت قىلىشتى. بۇ چاغدا مەن بۇ ئىككىيلەن
يەكتىزلانغان چاغدا، ئۇلۇغ قولىدا يەردىن نېمىنىدۇر تېرىۋالدىغۇ، دەيمەن
دەپ ئويلىدىم. ئۇلار سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن، قول تۇتۇشۇپ
ئۆيگە قاراپ چوڭ-چوڭ چامداپ يۈرۈپ كەتتى. قول تۇتۇشۇشتەك بۇ
خىل ئادەت جۇڭگولۇقلارنىڭ مەخسۇس چەت ئەللىكلەرگە بولغان دوست-

لۇقىنى ئىپادىلىشىنىڭ بىر خىل شەكلى بولسا كېرەك . سەۋەب ، جۇڭگو
ئەمەلدارلىرى ئۆزئارا كۆرۈشكەندە بۇنداق قىلمايدىكەن . ئەنگلىيىدىن
كەلگەن بەزى مېھمانلىرىمىز بۇنداق قىلىشتىن قورۇنۇپ بىئارام بولىدى-
كەن . لېكىن ئېرىم بۇ غەلىتە قائىدە - يوسۇنلارنى ئوبدان چۈشىنىدىغان
بولغاچقا ، بۇ قائىدىلەرنى ناھايىتى دەبدەبە ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن بەجا
كەلتۈرىدىكەن . شۇنىڭدەك ئالاھىدە سورۇنلاردا ، ئەگەر زۆرۈر بولسا ئۇ
ھەتتا جۇڭگو ئەمەلدارلىرىغا باش ئۇرۇپ سالام بېرىدىكەن . بۇ ئىش ماڭا
تولىمۇ قىزىق ۋە كۈلكىلىك تۇيۇلدى . ئېرىم بۇ خىل سالام بېرىش ئادى-
تىنى ساقلاپ كەلدى ۋە ئاساسەن ئۆلۈم - يىتىم ئىشلىرىدا شۇنداق
قىلدى . شۇ جايدىكى ئاساسلىق بىر ئەمەلدار قەشقەر دوتىيى ۋاپات بول-
غاندا ، شۇنداق قىلدى . بۇ دوتەي ھايات ۋاقتىدا ئېرىم بىلەن ناھايىتى
يېقىن دوست ئىكەن . شۇڭا ئېرىم بۇ دوستىغا بولغان ھۆرمىتى ۋە ياد
ئېتىشىنى ، دوستلۇقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ، ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىدا
باش ئۇردى . مېيىت دەپنە قىلىنىدىغان كۈنى ، خەنزۇلار قەبرىستانلىقىغا
يوغان ، قىزىل گىرىب قويۇلدى . گىرىب ئۈستىدە قەغەزدىن ياسالغان نا-
ھايىتى يوغان نەرسە بار ئىدى .

مۇراسىم تۈگىگەندىن كېيىن ، گىرىب جۇڭگونىڭ ئىچكى جايىغا
ماڭغۇزۇلاتتى . ئېرىم شۇۋېتسيە دىن تارقىتىش ئۆمىكى تۇرۇشلۇق جايدا
دەپنە قىلغۇچىلار قوشۇنىغا قوشۇلدى . ئۇ كۈنى ، ئۇ باشتىن - ئاياغ
بەدىنىگە چىپپىدە كەلگەن مۇراسىم كىيىمى كىيگەن . ناھايىتى سالاپەت-
لىك بولۇپ كەتكەنىدى . دەپنە قىلغۇچىلار ئۇنىڭ ساقلاپ تۇرغىنىنى
كۆرۈپ توختىدى . ئاساسلىق ماتەمدار دوتەينىڭ ئوغلى بولۇپ ،
باشتىن - ئاياغ ئاق كىيىنگەنىدى . ئۇ دەرھال تىزلىنىپ گىرىبقا باش
ئۇردى . يول ئوشۇققا چىققۇدەك توپا ئىدى . ئەمما ، ئەتراپتا بىر توپ
ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئېرىم توپىغا قارىماي تىزلىنىپ ، ھۆرمەت بە-
لەن باش ئۇردى . مۇراسىم كىيىمى تار بولغاچقا ، ئېگىلىش ۋە باش ئۇ-
رۇش تەسرەك بولدى . ئەمما ، ئۇ خەنجىرىنى بىر يانغا سۇرۇۋېتىپ ،
شلەپىسىنى قولىغا ئېلىۋالدى . ئورنىدىن تۇرغاندا ، جىمى يېرى توپىغا

مىلەنگەنىدى. ئۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلماستىن قوشۇندىكىلەرگە قوشۇلدى. مەن خاۋگېبىرگ ئەر – ئاياللار بىلەن بۇ ئىشلارنى قىزىقسىنغان نەزەردە كۆرۈپ تۇردۇم. بۇ كۆرۈنۈش ناھايىتى قىزىقارلىق ئىدى. لېكىن مەن، تەزىم قىلىپ قوپقۇچە ئېرىمنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىم يىرتىلىپ كەتكەنمىدۇ، دەپ ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدىم.

بولدى بەس، ئەمدى مەن مۇئاۋىن دوتەيي دارىنىڭ كۆرۈنۈشكە كەلگەندىكى ئەھۋاللىرىنى يازاي. جاپپار ئەلى ئالدىدا يول باشلىدى. ئېرىم بىلەن مېھمان كەينىدە ماڭدى. بىزنىڭ سىپرىق جىيەك تۇتتۇۋالغان قىزىل فورما كىيگەن، بېشىغا يوغان سەللە ئورىغان خىزمەتكارلار باشلىقىمىز ياندىش دوتەينىڭ يوغان قىزىل لەۋھەسىنى كۆتۈردى. ئۇ قوبۇلخانا ئىشىكىگە كەلگەندە، كەلگۈچىنىڭ ئىسىم – فامىلىسى ۋە ئەمىلىنى ناھايىتى دەبدەبىلىك يوسۇندا ئېلان قىلدى.

بىر كۈنى ئەمەلدار سورۇنىدىكى بۇ قائىدە – يوسۇنلارنىڭ ئورۇنلىنىشىغا قاراپ تۇرغىنىمدا، تولىمۇ كۈلكىلىك بىر ئىش بولدى. ئۇلار قوبۇلخانىغا كىرىشۋېتىپ، يولدا نېمىشقىدۇر ئېرىم ۋە مېھمان تۇساتتىن توختىدى. ئالدىدا كىرىشۋاتقان جاپپار ئەلى بۇ ئىككىيلەننىڭ توختاپ قالغانلىقىنى بىلمەي كىرىشۋەردى. ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، مېھماننىڭ ئىسىم – فامىلىسى ۋە ئەمىلىنى ئۈنلۈك مەلۇم قىلدى. چىرايىدا سۈرلۈك بىر ئىپادە بار ئىدى. لېكىن، ئىشىك ئالدىدا ئۆزىلا تۇرغانلىقىنى بايقاپ، چىرايىدىكى ئىپادە شۇئان ئۆزگەردى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ھەيرانلىقى بەكمۇ كۈلكىلىك بولۇپ، تەسۋىرلەشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلاتتى. ئۇ دەرھال يۈگۈرۈپ كەينىگە يېنىپ، كەينىدە قالغانلارنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇلار ماڭغاندا بولسا، بايىقىدەك ئەخمەق بولۇپ قالماي، دېگەندەك، پات – پات ئەتراپىغا قاراپ ماڭدى.

يالڭ دارىنمۇ ئېرىمنىڭ قەدىناس دوستى، ئىنتايىن سالاپەتلىك، كىشىنى ئۆزىگە تارتىدىغان، سالام – قائىدىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئىلگىرى ئۇنىڭ خانىمى ئېرىمنى مېھمان قىلغانىكەن. بۇ قېتىم ئۇ ئۆزىلا مەخسۇس سالامغا كەپتۇ. باشقىلارنىڭ نەزەرىدە مې-

نىڭ سالام ـ سائەتلىرىم « تېخى جايىدا ئەمەس » ئىدى ، ياكى جۇگ-
گولۇقلار ئۇچراشقان سورۇنلاردا دائىم ئېيتىلىدىغان سۆزگە ئوخ-
شاش « بۇ قەدەر ھۆرمەتكە لايىق ئەمەس ! » ئىدىم .
مۇئاۋىن دوتەي بىزدىن خانىمى ۋە قىزىنى زىيارەتكە كەلسە بو-
لىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى سورىدى . مەن ئۇلارنى كۆپ بەلگىلەپ
تەكلىپ قىلدىم . ئەمما ئۇلار كەلسە قانداق كۈتۈۋېلىشىمنى تەسەۋۋۇر
قىلىشقىمۇ پېتىنالمايتتىم . ئۇ كۈنى ئۇلار جوغا ئولتۇرۇپ ، قىچىر سۆرد-
گەن مەپىلەرگە چىقىپ ، ناھايىتى ھەيۋەت كېلىشتى . ئادەم مۆلچەرلىد-
كىدىن كۆپ بولۇپ ، يالۇ دارىننىڭ خانىمى ، قىزىدىن بۆلەك بىر قانچە
ئايال تۇغقىنى قىزلىرىنى ئېلىپ كەلگەنىدى . ئەلۋەتتە ، ھەر بىرىنىڭ بىر
نەچچىدىن چاكىرى ۋە دېدىكى بار ئىدى . بۇلارمۇ بىزنىڭ گەپلىرىمىزگە
قۇلاق سېلىش ، ئۆي ـ جايلىرىمىزنى كۆرۈش ئۈچۈن خوجايىنلىرى
بىلەن بىللىلا كىردى . جۇڭگولۇقلار ئەتراپىدا بىرمۇنچە ئادەم گەپكە
قۇلاق سېلىپ تۇرسا ئانچە يامان ئېلىپ كەتمىسە كېرەك .
بۇ خانىملار ۋە خېنىملارنىڭ ھەممىسى كىچىك پۇت ( پۇتى بو-
غۇلغان ) بولغانلىقى ئۈچۈن ، تايتاڭلاپ ئاران ماڭاتتى . بەزىلىرىنى
دېدەكلىرى يۆلىۋالاتتى .
مەن بۇنداق سورۇندا نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي خېلىلا ھودۇقتۇم
ۋە تەمتىرىدىم . يەنە كېلىپ خەنزۇچە سۆزمۇ قىلالمايتتىم .
چاكارلىرىمىز ئۇلارغا چاي قويدى . چاي ئىچىلىپ بولغاندىن
كېيىن ، مەن بۇ خانىملار ۋە خېنىملارغا بارلىق ئۆيلەرنى كۆرسەتتىم .
ھەتتا ھوجرامدىكى ئىشكاپ ـ تارتمىلارنى ئېچىپ ، كىيىم ـ كېچەكلى-
رىمنى ھەم كۆرسەتتىم . ئۇلار ئەنگلىيە پاسونىدىكى كىيىملىرىمگە بەكمۇ
قىزىقتى ۋە خۇشال ھالدا سۆزلەپ كېتىشتى .
مۇئاۋىن دوتەي يالۇ دارىننىڭ قىزى 15 ياشلىق قىز بولۇپ ، نا-
ھايىتى كېسەلچاندەك ، ئاغرىق ئازابىنى كۆپ تارتقان قىزدەك كۆرۈنەت-
تى . ئېرىم يالۇ دارىندىن قىزىنىڭ قانداق كېسەل ئىكەنلىكىنى سورىدى .
ئۇ جاۋابەن ، قىزىنىڭ پۇتى كىچىكىرەك تېڭىلغان ، بۇ ئازلىقتا پۇت-

نىڭ سۆڭىكى قېتىپ بولغاچقا، يەك ئاغرىۋاتىدۇ، دېدى. ئەنگلىيىلىك
بىر دوختۇر بۇ دارىنىغا، ئەگەر قىزنىڭ پۇتىدىكى تېڭىقنى بوشىتىپ،
ئۇنى ئانچە – مۇنچە تالا – تۈزگە چىقىرىپ بەرمىسە، قىزنىڭ تۇبىركۇل-
يوز كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىبرىم ياڭ دارىنىدىن
بۇنداق قىلغانىنىڭ نېمە پايدىسى بارلىقىنى سورىۋېدى، ئۇ، ئەگەر پۇتىنى
تاڭمىساق، كىشىلەر پۇتى يوغان قىزكەن دەپ قىزىمنى ئوغۇللىرىغا ئې-
لىپ بەرمەيدۇ. بۇ، قىزىمغا ئۆلۈم ھۆكۈم قىلغانغا باراۋەر. بۇ يەردە
گەپ ياخشى كۆرۈش – كۆرمەسلىكتە ئەمەس، شۇڭا قانداق قىلىشىمنى
بىلەلمەي بەك بېشىم قېتىپ غەمدە قالدىم. چۈنكى ھەر ئىككى ئامال قى-
زىمغا ئازابتىن باشقا نەرسە ئېپكەلمەيدۇ، دېدى. ھازىر جۇڭگودا قىز با-
لىلارنىڭ پۇتىنى بوغىدىغان ئىش مودىدىن قالدى. بۇ قانداق ياخشى –
ھە! لېكىن ئۇ چاغلاردا، بىز ئەگەر خەنزۇلار بىلەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە
مۇنازىرىلىشىپ ئەگرىنى تۈز قىلىمىز دېسەك، ئۇلار بىزدىن، ئەنگلىيە-
لىكلەرنىڭ قىزلارنىڭ بېلىنى ئىنچىكە قىلىدىغان كىيىم كىيىش ئادىتى
ياخشىمۇ ياكى بىزنىڭمۇ، دەپ سورايتتى. بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش
دەرۋەقە قىيىن ئىدى.

مەن كۆتۈۋالغان ئىككىنچى مېھمان بىر ھىندى خانىم بولدى. ئۇ
بىزدە ئىشلەيدىغان بىر كاتىپنىڭ ئايالى ئىدى. دەرىجە جەھەتتىن ئال-
غاندا، ئۇ ئۆيدىلا ئولتۇرۇشى، تالاغا چىقىدىغان بولسا سارى ئارتىۋې-
لىشى، ئائىلىسىدە بىۋاستە ئەر تۇغقانلىرىدىن باشقا ئەر زاتىغا كۆرۈن-
مەسلىكى كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇ كېلىدىغان چاغدا، ئەر چاكارلار ۋە
ئىبرىم ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ يىلاشقا ئوخشاپ
كېتىدىغان سارىسىغا مەھكەم ئورىنىپ مېھمانخانىغا كىردى. ئىشىك يې-
پىلغاندا، ئاندىن يۈزىنى ئاچتى. ئۇ ماڭا ئۆزى تىككەن ناھايىتى چىراي-
لىق بىر كەشتە بۇيۇم سوۋغا قىلدى. ئۇ مەن بىلەن پاراڭلاشقاچ كەم-
پۈت يەپ ئولتۇردى. كېيىن ماڭا قىلىشقان گەپلىرىمىز تۈترۈقسىز بىلە-
نىپ ئەسنەك يامىشتى. بىراق ئۇ كېتەي دېمەيتتى. قانداق قىلسام ئۇنى
تېزراق يولغا سالارمەن، دەپ تولا ئويلاپ قاپاق بولۇپ كەتتىم، توپتوغرا

ئىككى سائەت بىر ئېغىز گېپىنى ئۇقمايدىغان ، ئۆزۈمنىڭمۇ گېپىنى ئۇقتۇرالمايدىغان بىر ئادەم بىلەن بىرگە بولۇپ ، سارالڭ بولۇپ قالايلا دېدىم . ئاخىر بىزنى كەچكى تاماققا چاقىرىپ قوڭغۇراق چېلىندى . مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم . ئۇمۇ خۇددى يۈكتىن قۇتۇلغاندەك بىر كۆرۈنۈشتە چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ، خوشلاشقاندىن كېيىن ئالدىراپ - تېنەپ كېتىپ قالدى . كېيىن ئېرىم ، مېنىڭ ساھىبخانا بولغاندىكىن ئۇنىڭغا كېتىشكە رۇخسەت ، دەپ بەلگە بېرىپ قويۇشۇم لازىملىقىنى ئەسكەرتتى . ئەگەر تاماققا چاقىرىپ قوڭغۇراق چېلىنمىغان بولسا بىز جىددىيلەشكەن ، چارىسىز قالغان ئەھۋالدىمۇ ، ئورنىمىزدىن بىرىنچى بولۇپ تۇرۇپ كېتىشتىن قورقۇپ ، كەچ بولغۇچە ئولتۇرار ئىكەنمىز . ھە ، جىمى ئىش بىزنىڭكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان بۇ جايدا مەن توغرا ئىشنى قانداق قىلىشنى كۆپرەك ئۆگىنىۋالسام بولىدىكەن ، دېگەن خىيالغا كەلدىم .

بىر قانچە كۈندىن كېيىن ، كونسۇلخانىدىكى جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى كاتىپ ئايالىنى ئېلىپ مېنى يوقلاپ كەلدى . ئۇلار كۈتۈپخانىغا كىرگەندە مەن خەت يېزىۋاتاتتىم . ئۇلار مېنىڭ قەلىمىمنى ، يازغان خېتىمنى كۆرۈپ ، ئېرىمدىن مېنىڭ راستلا خەت يازالايدىغان ياكى كۆرۈنۈشكە مۇشۇنداق ئولتۇرغانلىقىمنى سورىدى . ئېرىم مېنىڭ خەت يازالايدىغان ، كىتاب ئوقۇيالايدىغانلىقىمنى ئېيتتى . بۇ ئىش ئۇلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى . ئۇلار مېنى ئاياللار ئىچىدىن چىققان كاتتا ئۆلىما ئىكەن ، دېيىشتى .

بىز ئەنگلىيەدىن يوللىۋەتكەن رويال كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ، جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى كاتىپ ۋە ئۇنىڭ ئايالى رويالغا قىزىقىپ قالدى . مەن ئۇلارغا رويال چېلىپ بەرگەندىم ، بەكمۇ خۇشال بولۇشتى ، ئېرىمنىڭ تەكلىپى بىلەن بىر ناخشىمۇ ئېيتىپ بەردىم ، ناخشىنى شۇنداق ياخشى ئېيتتىمكى ، ئۆزۈممۇ خۇشال بولدۇم ۋە پەخىرلەندىم ، ئۇلار بولسا مېنىڭ ناخشامدىن زوقلىنىپ مەست بولۇپ كەتكەندەك ، مەندىن كۆز ئۈزمەي ئولتۇرۇپ كەتتى . ناخشامنى تۈگەتكەندە ، ئۇلار كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى ، مېنىڭ ناخشام ئۇلارغا بەك غەيرىي ۋە قىزىق تۇيۇلۇپ كەتتىمۇ

ياكى بۇ جۈگگولۇقلارنىڭ بىر ئىشتىن خۇشال بولغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان بىر شەكلىمۇ ھېچ بىلەلمىدىم. قانداق بولمىسۇن، بۇنداق چاغدا بىزنىڭ قىلىدىغىنىمىز ئۇلارغا قوشۇلۇپ كۈلۈش بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئۇلار بىلەن تەڭ كۈلدۇق. ئەمما، بۇ ئىش ماڭا ئېغىر زەربە بولدى ۋە قاتتىق كۆڭلۈمگە كەلدى. جۈگگونىڭ مۇزىكىلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەن بىزنىڭ ناخشىمىز جۈگگولۇقلارغا كۈلكىلىك تۇيۇلىدىكەن، ئۇلارنىڭ ناخشىلىرىمۇ بىزگە شۇنداق تۇيۇلىدىكەن، دەپ خۇلاسە چىقاردىم.

بىر قېتىم، ھىندى تەۋەلىكىدىكى يەنە بىر كاتىپ، مېنى رويال چېلىپ ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭدا مەن مۇزىكا تالانتىمنى قانچە ئاز نامايان قىلسام، شۇنچە ياخشى بولىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم.

بىچارە رويالمۇ ئۇزۇن يوللاردا يەتكۈچە جاپا تارتىپتۇ. ئۇ نەچچە پارچە قىلىنىپ، سىنىك تاسمىلار بىلەن باغلانغان بىرقانچە ساندۇققا قاچىلانغانىدى. بۇ يەرگە يېتىپ كەلگۈچە سىنىك تاسمىلار پۈتۈنلەي چۇشۇپ قاپتۇ. رۇسىيە چېگرىسىدا تەكشۈرۈلگەندە، ساندۇقلار ئېچىلىپتۇ. چاپلانغان سىنىك تاسمىلار ھەممىگىلا قىزىقىدىغان رۇسىيە تاموژنا ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ تاشلىنىپتۇ. ئەمما، ئۇلار ئۇنى ئوبدانراق باغلاپ قويماپتۇ، ھەتتا چىڭراق مىخلىماپتۇ. شۇ كارۋانلار دەريا ئېقىنلاردىن ئۆتكۈچە ئىچىگە سۇ كىرىپ كېتىپتۇ.

رويال قەشقەرگە كەلدى. رويالنى ساندۇقلاردىن چىقىرىپ قارىساق رويال كلاۋىشلىرى كۆپۈپ، مىدىرلىماس بولۇپ قاپتۇ! مېتال زاپچاسلىرى ۋە رويال داتلىشىپ كېتىپتۇ. خاۋگېبىرگ ئەپەندى بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ كەلدى ـ دە، ئۇنى ياساپ بەردى. ئۇ ئاۋۋال رويالنى پۈتۈنلەي پارچىلاپ، زاپچاسلارنى قۇرۇتۇپ، داتنى يوقاتقاندىن كېيىن، ناھايىتى پەم بىلەن قوراشتۇرۇپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى چالغىلى بولىدىغان بولدى. بۇ ئۇنىڭ تەۋەككۈلچىلىك كەچۈرمىشلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىدى! مېنىڭچە، بۇ ھەم گىرامىبىر شىركىتى ئىشلەپ چىققان بۇ كارا-

مەت مۇزىكىغا ئوقۇلغان ئەڭ يۇقىرى ئالقىش بولدى.

شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۈسكۈنىسىدىكى ئىككى ئايال ئىنگلىزچە سۆزلىيەلەيدىكەن. بۇ ئىش مېنى ئاجايىپ خۇشال قىلدى! بىز قەشقەرگە كېلىپ ئەتىسىلا ئۇلارنى يوقلاپ باردۇق. ئۇلار سېپىلنىڭ تېشىدىكى يەرلىك ئۇسلۇبتا يېڭىدىن ئۆزگەرتىپ ياسالغان ئۆيلەردە تۇرىدىكەن. بۇ يەردە ئىككى ئائىلە تۇرىدىكەن. بىرى خاۋگبېرگ ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ چاكىرى، توققۇز ياشلىق قىزى، تۆت ياشلىق ئوغلى ئىكەن؛ يەنە بىرى راكۇيت دوكتور ۋە ئۇنىڭ خانىمى ئىدى. ئۇلار بىزنى شۇنداق سەمىمىي كۈتۈۋالدى. ئۇلارنى كۆرۈپلا، بىزنىڭ مەڭگۈلۈك دوستلاردىن بولۇپ قالىدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلدىم. ئەمەلىيەتتىمۇ، قەشقەردىكى ۋاقتىمىزدا بىز دوست ئۆتتۇق. ئەگەر ئۇلارنىڭ كۆيۈنۈشى ۋە ياردىمى بولمىغان بولسا، مەن نېمە ئىش قىلالايتتىم – تاڭ. خاۋگبېرگلارنىڭ ئىككى بالىسى تېزلا ماڭا ئامراق بولۇپ قالدى. مەن ئىنگلىزچە ئۆگەتتىم. ئۇ قىز چىنباغقا دائىم كېلەتتى، بەزىدە نەچچە كۈن تۇراتتى. ئۇ ناھايىتى ئوبدان، چېقىشقاق كىچىك ھەمراھىم ئىدى.

شۋېتسىيە دىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ يەرلىك كىشىلەر ئارىسىدا دىن تارقىتىش خىزمىتىنى ئىشلىشى ناھايىتى قىيىن ئىدى. يەرلىك كىشىلەر تۇرۇپ – تۇرۇپلا ئۇلارغا ئۆچلۈك قىلاتتى. ئەمما ئۇلار خىزمەتنى سەۋىرچانلىق بىلەن ئىشلەيتتى. ئاساسلىقى كېسەل داۋالاپ ئادەمنى قۇتقۇزۇش، بالىلارغا دەرس ئۆتۈش ئىشىنى قىلاتتى. خاۋگبېرگ ئەپەندى ناھايىتى ئەقىللىق، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم ئىدى. كۆزگە كۆرۈنگەن ئىشنى ئۆگىنىۋالاتتى ۋە قىلىپ كېتەلەيتتى. ئۇ يەرلىك ئۇستىلارغا ئۆي جاھازىلىرىنى ياساش، ئۆي سېلىش، قورال – سايمان ۋە باشقا تۈرلۈك ئەسۋابلارنى ياساشنى ئۆگىتەتتى. بۇ ئىشلارنى ناھايىتى ياخشى قىلاتتى. شۇڭا يەرلىك كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى ۋە ئىنتايىن ھۆرمەت قىلاتتى.

راكۇيت ناھايىتى نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ «ئىنجىل»، مۇناجات قوللانمىلىرى ۋە باشقا ئوقۇشلۇقلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ

چىقتى . ھازىر ئۇ ياۋروپادا ئومۇم ئېتىراپ قىلغان ، ئەڭ ئالدىنقى قاتار-
دىكى تۈرك تىلى ئالىمى بولسا كېرەك .

مەن رۇسىيە كونسۇلخانىسىغا بېرىپ ، كونسۇلخانا كاتىپىنىڭ ئا-
يالى كولوكولوۋ خانىمنى يوقلىشىم لازىم ئىدى . پېتروۋسكىينىڭ ئايالى
قەشقەردە ئەمەس ئىدى . رۇسىيە كونسۇلخانىسىدا يەنە ئىككى خانىم بو-
لۇپ ، ئۇلار كازاك مۇھاپىزەتچى ۋە تاموژنا ئەمەلدارلىرىنىڭ خانىملىرى
ئىدى . ئۇلار رۇسچىدىن باشقا تىل ئۇقمىغاچقا ، ئۇلار بىلەن ئوبدان ئۆ-
تەلمىدىم . ئوتتۇرىمىزدىكى باردى - كەلدىمۇ بىزگە بىر يوق بولدى .
خانىم فرانسۇزچە سۆزلىيەلەيتتى . شۇڭا ئۇنىڭدىن فرانسۇزچە ئۆگەن-
دىم . كېيىن بىز ناھايىتى چىقىشىپ ئوبدان ئۆتتۇق . ئۇنىڭ ئۈچ بالىسى
بىلەنمۇ ئالاقىم ياخشى بولدى .

تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر ياۋروپالىق بار . ئۇ
گوللاندىيىلىك دىن تارقاتقۇچى پوپ خېندرىكس ئىدى . ئېرىم قەشقەردە
تۇرغان دەسلەپكى ئون يىل ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرغان ۋە ئەڭ
يېقىن ھەمراھلاردىن بولغان . خېندرىكس پوپ ناھايىتى پاراسەتلىك ،
زېرەك ئادەم ئىدى . كۆپ تىل بىلەتتى . سىياسىي ۋە دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا
ئاجايىپ بەك قىزىقاتتى . شۇڭا بىز ئۇنىڭغا « گېزىت »دەپ لەقەم قويۇپ
قويدۇق . چۈنكى كۈن بويى پالاقلاپ يۈرۈپ ئاخبارات توپلايتتى ھەمدە
توپلىغان ئاخباراتا ، خەۋەرلەرنى بۇ يەردىكىلەرگە يەتكۈزۈپ تۇراتتى .

ئۇ ئىلگىرى مەلۇم بىر كاتولىك دىنى گۇرۇھى دىن تارقىتىش
ئۈچۈن بۇ يەرگە ئەۋەتكەن دىن تارقاتقۇچى ئىكەن ، ئەمما بۇيرۇققا
بويسۇنمىغانلىقى ، قائىدىلەرگە ئەمەل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن گۇرۇھتىن
چىقىرىلغان . كېيىن گوللاندىيىدە كىچىك بىر چېركاۋدا ئىشلىگەن ، بۇ
چېركاۋنىمۇ تاشلاپ شەرققە كەلگەن ۋە قەشقەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغا-
نىكەن .

بۇ پوپ بەكمۇ غەلىتە ئىدى . ھەمىشە خەنزۇلار كىيىدىغان كونا
چاپان ، بېشىغا كىيگۈچىلىكىمۇ قالمىغان باستىر بۆكى كىيىپ يۈرەتتى .
يول ماڭسا خۇددى بىر يەرگە ئالدىراۋاتقاندەك ، ياكى قانداقتۇر بىر چوڭ

ئىشنى قىلغىلى بارىدىغاندەك ھودۇقۇپ، پالاقلاپ ماڭاتتى. مەن قەش-
قەرگە كەلگەن چاغدا ئۇ شەھەردىكى ناھايىتى مەينەت بىر سارايدىكى
ئۆيدە كونا، پارچە ـ پۇرات لاتا بىلەن ساندۇقنى ئوراپ ياسىۋالغان بىر
نەزىر سۇپىسى بار ئىدى. بۇ ئادەمنىڭ سۇ، سوپۇن دېگەنلەر بىلەن
خۇشى يوق بولۇپ، زادىلا يۇيۇنمايتتى. دىنى تەرغىبات بىلەن تەسىر-
لەندۈرگەن مۇرتلىرىنىڭ گېپىنى زادىلا قىلمىغانلىقىغا قاراپ بىز ئۇنى بۇ
مەسىلىدە كۆڭلى يېرىم ئوخشايدۇ، دېگەن خۇلاسىگە كەلدۇق. شۇنچىلا
ئەيىب ـ نۇقسانلىرى بولۇشىغا قارىماي، ئۇ كۆڭلۈپلا يۈرۈيدىغان، مېھرى
ئىسسىق ئادەم ئىدى. ھېچقانداق كىرىمى يوق، باشقىلارنىڭ خەير-
ساخاۋىتىگە تايىنىپلا جان باقاتتى. ھەتتا ئاش ـ تامىقىنىمۇ دوستلىرى
تەمىنلەيتتى. ئېرىم ماڭا دائىم، مەن قەشقەردەك يەرگە بىر ئەۋەتىلگەنچە
ئون يىل تۇرۇپ كەتتىم. يېڭى كەلگەندە ياش ئىدىم. ئەگەر خېنىد-
رىكس يوپ ھەمرا بولمىغان بولسا، مەن بۇ ئون يىلنى ئۆتكۈزۈپ بولال-
مىغان بولار ئىدىم، دەيتتى.

مەن بۇ يوپتىن فرانسۇزچە ئۆگەندىم، ئۇزۇن ئۆتمەيلا گاچىلە-
شىپ بولسىمۇ، رۇسچىلىكلەر بىلەن فرانسۇزچە سۆزلىشەلەيدىغان بول-
دۇم. بىر كۈنى ئېرىم بۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ غېرىبانە كۇلبىسىدە
( سارايدىكى ئۆيىدە ) ئۆلۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭغا شۇنداق
ئېچىندۇق. بىز ئۇنىڭ كىمكىرتەك راكى بىلەن قىينىلىۋاتقانلىقىنى خېلى
بۇرۇنلا بىلگەن ۋە ئۇنى چىنىباغقا ئەكىلىپ، ھالىدىن خەۋەر ئالماقچى
بولغانىدۇق. لېكىن ئۇ يالغۇزلۇقنى خالىدىمۇ، پەقەت ئۇنىمىدى. ئەتى-
جىدە يالغۇز يېتىپ ئۆلۈپ قاپتۇ. ئۇ تېخى ئۆلۈپ كېتىشتىن بىر كۈن
ئاۋۋال بىزنى يوقلاپ كەلگەنىدى. كېسىلى ئېغىرلاپ، بەكمۇ ئاجىزلاپ
كەتكەنىكەن. ئۇ ئەھۋالىدىمۇ يەنە كۆڭلۈمسىرەپ، كىچىك قىزىمىغا بەخت
تىلىگەنىدى. چۈنكى ئۇ قىزىمىغا بەك ئامراق ئىدى.

بىزنىڭ قەشقەردىكى چەت ئەللىكلەر ئىچىدە ئەنە شۇنداق ھەر-
خىل ئادەملەر بار ئىدى. بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب، بۇ يەر دۇنياۋى
بىر چوڭ ئائىلە ئىدى. تىنىچ ئائىلىسىدىن ۋە ئائىلىسىنىڭ كۆيۈپ ـ پە-

شىلىرىدىن زادىلا ئايرىلىپ باقمىغان بىر قىز بولغانلىقىم ئۈچۈن، بۇنداق مۇھىت ھەقىقەتەن ماڭا تازا ماس كەلمەيتتى ۋە مېنى ئوڭايسىزلاندۇراتتى.

قەشقەرگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي مىلاد بايرىمى بولدى. بىز رۇسىيە كونسۇلخانىسىدىن باغاق تاپشۇرۇۋالدۇق. ئۇلار بىزنى مىلاد بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە تەكلىپ قىلغانىكەن (رۇسىيىلىكلەرنىڭ مىلاد بايرىمى بىزدىن 13 كۈن كېيىن ئىكەن). ئۇ يەردە بىز باشقىلار بىلەن بىللە ئارچىنى ئايلىنىپ ئۇسسۇل ئوينىدۇق، ناخشا ئېيتتۇق، مۇزىكىسى كۆپچىلىككە تونۇش بولسىمۇ، ناخشىنى ھەر كىم ئۆزىنىڭ تىلىدا ئېيتتى. كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئەتراپىمغا نەزەر سالسام، كىشىلەر رۇسچە، ئىنگلىزچە، شۋېدچە، فرانسۇزچە، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، ھىندىچە، پارسچە سۆزلىشىۋېتىپتۇ.

## تۆتىنچى باب

# جۇڭگو شىنجاڭغا بىر نەزەر

بۇ كىتابنى يېزىۋاتقان ۋاقتىمدا ، تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا ، مەن كى-
تابىمدا ئائىلەم ۋە ئەتراپىتىكى مۇناسىۋىتىمىز يېقىن ئادەم ۋە ئىشلارنى
يېزىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالسام ، كىتابخانلار بولۇپمۇ ، يەنىمۇ
كەڭ دائىرىلىك ئىشلارنى بىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىتابخانلار ـ
ئەجەبا ، ئۇنىڭدا پۈتۈن شىنجاڭ ھەققىدە سۆزلىگۈدەك ماتېرىيال ۋە
تەسىرات يوقمىدۇ ، دۇنيانىڭ بۇ بۆلۈكى ھەققىدىكى ھېس ـ تۇيغۇ ،
تەسىراتلىرىنى سۆزلىسە بولماسمىدى ، دەپ مېنىڭدىن ئەجەبلىنىپ
قالارمۇ ، دېگەن خىيال كاللامغا كېلىپ قالاتتى .

مەن بۇ بابتا ، ئەنە شۇنداق ئويدىكى كىتابخانلارنى سىستې-
مىلىق بولمىسىمۇ ، جۇغراپىيە ، ئارخېئولوگىيە ، سىياسىي جەھەتلەر-
دىكى بەزى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىمەكچىمەن .

ئالدى بىلەن ، جۇڭگو شىنجاڭ دېگەندە زادى نېمە كۆزدە
تۇتىلىدۇ، دېگەن مەسىلىنى سۆزلىمەكچىمەن .

كىشىلەر مېنىڭدىن بۇ دۆلەتنىڭ ( جۇڭگونىڭ ) بۇ رايونى
( قەشقەر ) قەيەردە ؟ دەپ سورىشى مۇمكىن . ئۇنداق ئىكەن ، مەن
ئۇلاردىن بىر قانچە مەسىلىنى سوراپ باقاي : سىلەر جۇڭگونىڭ خۇاڭخې
دەرياسىنى ئاڭلاپ باققانمۇ ؟ بۇ دەريانىڭ گەنسۇ ۋە شىزاڭ ئېگىزلىك
رايونىدىن باشلىنىپ شەرققە قاراپ ئېقىپ ، بېيپىڭغا ( بېيجىڭغا )
يېقىن بىر جايدا تىنچ ئوكيانغا قۇيۇلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانمۇ ؟
سوكسۇس دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەدىمىي دەريا ، بۇ دەريانىڭ پامىر
تاغلىرىدىن ياكى كىشىلەر بەزىدە « دەريانىڭ ئۆگزىسى » دەپ

ئاتايدىغان رايوندىن باشلىنىپ غەربكە قاراپ ئېقىپ دېڭىزغا قۇيۇلىدىغانلىقى ھەققىدە ئاڭلىغانمۇ؟ بۇ مەسىلە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىنسا، مەنمۇ ئېنىق سۆزلەپ چۈشەندۈرەلەيمەن. خۇاڭخې دەريا ۋادىسى بىلەن ئوكسۇس دەريا ۋادىسى تەخمىنەن شىمالىي كەڭلىك 40 گىرادۇستىكى پاراللېل سىزىق ئۈستىگە جايلاشقان. ئەمما بۇ ئىككى رايون ئارىلىقىدا ناھايىتى كەڭ زېمىن بولۇپ، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى ئىككى مىڭ ئىنگلىز مىلى كېلىدۇ. ئەمسە بۇ كەڭ زېمىنىنىڭ نامى نېمە؟ ئۇ ئۈچىنچى چوڭ ئويمانلىق لوپنۇر. جۇڭگو شىنجاڭنىڭ بىر قىسمى بولغان تارىم ئويمانلىقى ئۇنىڭ جەنۇبىي يېرىم قىسمىدا. تارىم رايونىدىكى ئاساسلىق دەريالارنىڭ ھەممىسى شەرقىي بېشىدىكى لوپنۇرغا يىغىلىدۇ. ئەمما لوپنۇرنىڭ سۈيى ئېقىپ دېڭىزغا قۇيۇلمايدۇ.

ئەگەر بىز بۇ رايوننى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە نەزەر سېلىش شەكلىدە تەكشۈرىدىغان بولساق، بۇ رايوننىڭ ئۇزۇنچاق چوڭ قاچىغا ئوخشايدىغانلىقى، دېڭىز يۈزى بىلەن تەڭ بولماي، ئېگىزدە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقى، چوڭ قاچىنىڭ تېگى تۈز، ئەمما تۆت ئەتراپى تېز سۈرئەتتە ئېگىزلەپ بارىدىغانلىقى، بولۇپمۇ جەنۇبىي قىسمى، غەربىي قىسمى ۋە غەربىي شىمال قىسمىنىڭ ناھايىتى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكى كۆزگە تاشلىنىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بۇ جاي زامانىنىڭ ئەۋۋىلىسىدىكى گېئولوگىيە دەۋرىدە، ياۋروپا قىتئەسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئوتتۇرا يەر دېڭىزى چوڭلۇقىدا ئىچكى قۇرۇقلۇق دېڭىزى ئىكەن. بۇ ئىچكى قۇرۇقلۇق دېڭىزى قۇرۇپ يوقىلىپ كەتكەن. ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنى بىزگە ئۇقتۇرۇپ تۇرغان بىر پاكىت شۇكى، بۇ ئويمانلىقتىكى شور قۇملۇق ئويمان ھازىر بىپايان قۇملۇققا ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ قاقاس زېمىندا يىراق ئۆتمۈشتىن قېپقالغىنى پەقەت قۇمۇشلۇق سۇلۇق لوپنۇر. ئۇ مەلۇم بىر خىل سۇ ئامبىرىلىق رول ئوينايدۇ. ھازىر جۇڭگو شىنجاڭدىكى نۇرغۇن دەريا

سۈيىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەرگە ئېقىپ كىرىدۇ. يەنى بۇ دەريالار ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، قاغجىراپ كەتكەن قۇملۇقتىن ئۆتەلىسىلا، قالغان سۈيى مۇشۇ «سۇ ئامبىرى»غا قۇيۇلىدۇ.

بۇ قۇرغاق، قاقاس زېمىندا يېپىنچا ئۆسۈملۈك يوق دېيەرلىك. ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىدا دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز تاغ - چوققىلار بار. جەنۇبى قىسمىدا بىر - بىرىگە تۇتىشىپ تۇرىدىغان نەنسەن، كۇئىنلۇن ۋە قارا قۇرۇم تېغى بار. ئۇلار شىزاڭ ۋە لاداق ئېگىزلىكىنى توسۇپ تۇرىدۇ؛ غەرب تەرەپتە پامىر ئېگىزلىكى بار. بۇ ئېگىزلىك ئوكسۇس دەرياتى قەشقەر ۋە زەرەپشان دەرياسىنى ئايرىپ، كېيىنكى ئىككى دەريانى لوپنۇر ئېقىنىدا ساقلاپ قالىدۇ. غەربىي شىمال قىسمى تەڭرىتاغ تىزمىلىرى بولۇپ، بۇ تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئېگىز چوققىلىرىدا يىل بويى قار ئۈزۈلمەيدۇ. ئەمما شىنجاڭنىڭ جەنۇب قىسمىدىكى تەرىپى قۇرغاق، قاقاس بولۇپ، گىياھ ئۈنمەيدۇ. تاغنىڭ چوققىسىدىن تۆۋەنچە يېپىنچا ئۆسۈملۈكمۇ يوق.

بەزىلەر، ئىنسانلار بۇنداق قاقاس زېمىننىڭ قەيىرىدە ئولتۇراقلاشقان، دەپ سورىشى مۇمكىن. بۇنداق جايلارنى تاغ تىزمىلىرىغا يېقىن جايلاردىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ جايلار تاغ تىزمىلىرىنىڭ بويلىرى، قۇملۇقلارنىڭ چېكى بىلەن تۇتىشىدۇ. ياكى ئىلگىرىكى تارىخىي دەۋردىكى دېڭىز قىرغىقى لېنىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇ يەرلەردە يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بار. يېپىنچا ئۆسۈملۈك بەلۋاغلىرىنىڭ ئوتتۇرىسى قۇرغاق، قاقاس قۇملۇق ياكى تاشلىق ساي. بۇنداق ئۆسۈملۈك بار جايلار كۆپىنچە تاغ چوققىسى قار - مۇز بىلەن قاپلانغان رايونلارغا يېقىن جايدا، ياكى مۇزلۇق رايوندىن ئېقىپ كەلگەن دەريا ياكى ئۆستەڭلەرنىڭ ئارىسىدا. يېپىنچا ئۆسۈملۈك بار بۇ جايلار بوستانلىق. بوستانلىقلاردا يېپىنچا ئۆسۈملۈك - باراقسان ۋە يېشىل، ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن مول بولۇشى، پۈتۈنلەي ئىنسانلارنىڭ ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى ياسىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. تۆت ئەتراپتىكى ئېگىز تاغلار، دەريا - ئېقىنلار بۇ

رايونىنى يامغۇر سايىسى[1] بەلبېغى قىلىپ قويۇپ، ئېگىز تاغلار ھىندى
ئوكيان ياكى شىمالىي مۇز ئوكيان تەرەپتىن كېلىش ئېھتىمالى بولغان
نەم ھاۋانى توسۇۋالغان، ھېچقانچە يامغۇر ياغمايدىغان بولغاچقا، ئىن-
سانلار سۇنى ئۆز ئېتىزلىرىغا باشلاشنىڭ بۇنىڭدىن بۆلەك يولىنى تاپالمى-
غان.
بوستانلىقلارنىڭ يەر كۆلىمى، چوڭ - كىچىكلىكىدە پەرق ناھا-
يىتى زور. بەزى بوستانلىقلار ناھايىتى چوڭ بولۇپ، شەھەر - بازارلارنى
قورشىغان، بەزىلىرى بولسا كىچىككىنە يېزا، مەھەللىلەرنى ھاسىل قىل-
غان. ئەمما، كۆلىمى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، ھەممىسىلا تاغ ئې-
تىكى ۋە قۇملۇق چېتىگە جايلىشىشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ يەردە
ئۆلارنىڭ بىر تالاي ناملىرىنى تىزىپ كىتابخانلارنى زېرىكتۈرمەستىن،
مەشھۇرلىرىدىن بىر نەچچىنى مىسال كەلتۈرسەملا كۇپايە. بىزنىڭ
كەشمىردىكى زېمىنىمىز تەرىپىدىن سانىغاندا خوتەن، يەكەن ۋە قەشقەر-
لەر قەدىمكى زاماندا بۇددا دىنى مەركەزلىرى ياسىغان قەدىمىي شەھەر. بۇ،
بۇددا دىنى مەركەزلىرى مىلادى 10 - ئەسىردە ئىسلام دىنىغا كىرگەن ۋا-
قىتتىمۇ بۇرۇنقى يىللار ئىدى.
بۇ زېمىن ناھايىتى قۇرغاق بولسىمۇ، سۇيى ھەر ھالدا ئۇنىڭ
شەھەر، بازارلىرى ۋە زىرائەتلىرىنى تەمىنلەشكە يېتىدۇ. لېكىن تارىختا
ھەمىشە بۇنداقمۇ بولىۋەرمىدى. يېقىنقى يىللاردا، قۇملۇقنىڭ ئىچكىرى-
سىدە ئىنسانلار ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ ئىزى تېپىلدى. ئۇلارنىڭ
قۇملۇققا كۆمۈلۈپ كەتكەنلىكى، قۇرۇپ قالغان قاتار - قاتار توغراقلار ۋە
كونا دەريا قېنى بۇ جايلارنىڭ ئىلگىرىكى دەريالار ئېقىپ ئۆتكەن رايون
ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.
بەزى ئىشلارمۇ يەر شارائىتى ۋە يەر قىياپىتىنى ئۆزگەرتىۋەت-
كەن. بەزىلەر، ئىسا دۇنياغا كەلگەن زاماندىن تارتىپلا، ھاۋا قۇرغاقلى-
شىپ كەتكەن، تۆت ئەتراپتىكى تاغلاردىن ئېقىپ چۈشىدىغان سۇ

[1] يامغۇر سايىسى بەلبېغى (Rain – Shadow) — ئېگىز تاغلارنىڭ نەم ھاۋا كىرىشى-
نى توسۇۋېلىشى بىلەن ھۆل - يېغىن ئاز بولىدىغان رايوننى كۆرسىتىدۇ - مۇھەررىردىن.

ئازلاپ كەتكەچكە، نۇرغۇن جايلار پۈتۈنلەي قۇرۇپ قاقاسلىققا ئايلىنىپ كەتكەن، شۇڭا ئىنسانلار نائىلاج ئۇ يەرلەرنى تاشلاپ كەتكەن، دېيىشىدۇ؛ يەنە بەزىلەر ھاۋا كىلىماتى ئۆزگىرىشىنىڭ بۇ خىل نەزەرىيىسىگە قوشۇلمايدۇ، ھەمدە يېڭى، خېلىلا ئورۇنلۇق كۆز قاراش بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە بولغاندا، ئېگىز تاغ چوققىلاردىكى مۇزلۇقنىڭ ھەجمى غايەت زور بولىدۇ. دەريا سۇلىرى ئەنە شۇ مۇزلۇقلاردىن ئېقىپ چۈشۈپ تۈزلەڭلىككە كېلىدۇ. بۇ مۇزلۇق ھەجمىنىڭ بەك زور بولۇشى ھازىرقى قار - يامغۇر مىقدارىنىڭ نىسبىتى ئاز بولۇشىدىكى سەۋەبنى ھەرگىزمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا ھازىرقى مۇزلۇق چوقۇم ئۆتكەندىكى گېئولوگىيىلىك دەۋرنىڭ قالدۇقى. مەسىلەن، ئۇ يەر شارى گېئولوگىيە تارىخىدىكى بىر مۇزلۇق دەۋرنىڭ قالدۇقى بولۇشى مۇمكىن. ھازىر بۇ مۇزلۇق ھەجمى غايەت زور بولغىنى بىلەن، ئىلگىرىكى ھەجمىگە سېلىشتۇرغاندا، بۇ ھېچقانداق ئەمەس. چۈنكى ئۇلار ئېرىپلا تۇرۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىر مۇزلۇقنىڭ دەريالارغا بېرىۋاتقان سۇ مىقدارى مۇناسىپ ھالدا ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. بىر گەپنى قوشۇمچە قىلاي، ئەگەر بۇ نەزەرىيە پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان بولسا، قەشقەردە مەن شۇنچە يىللار ئىچكەن سۇ مەن تەسەۋۋۇر قىلغاندەك يېڭى ياغقان قارنىڭ ئېرىگەن سۈيى بولماستىن، بەلكى زامانى ئەۋۋەلدىكى گېئولوگىيىلىك دەۋردىكى مۇزلۇقنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان سۇ بولىدۇ.

تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى، بۇ، ھەقىقەتەن ئېگىز تاغ بىلەن تۈزلەڭلىكنىڭ گىرەلىشىشىدىن ھاسىل بولغان جاي. دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز بەزى چوققىلار ۋە يەرشارى يۈزىدىكى ئەڭ ئويمان جاي مۇشۇ يەردە بىر - بىرىنى نامايان قىلىدۇ ۋە بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. قەشقەرنى ئاخىرقى نۇقتا قىلغان شىنجاڭ تەگرىتاغ تىزمىلىرىنىڭ خانتەگرى ( بوغدا چوققىسى ) چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 24 مىڭ ئىنگلىزچىسى ئېگىز، پامىر چوققىلىرىدىكى تاگخارمانىڭ ئېگىزلىكى 25 مىڭ ئىنگلىزچىسى؛ قارا قۇرۇم تاغ تىزمىلىرىدىكى گودۋىن - ئاۋستىن

چوققىسى ـ كىشىلەرگە بەكرەك تونۇشلۇق نامى $K_2$ چوققىسىنىڭ ئېگىزلىكى 28 مىڭ 278 ئىنگلىز چىسى. ئېيتىشلارچە بۇ دۇنيا بويىچە 2 ـ ئېگىز چوققا ئىكەن. ۋەھالەنكى، بۇ ھەيۋەت مۇز تاغلار، دېڭىز يۈزىدىن كۆتۈرۈلۈپ كۆككە تاقىشىپ دېگۈدەك تۇرغان ئېگىز چوققىلارغا قارىمۇ قارشى ھالدا، تۇرپان بوستانلىقى دېڭىز يۈزىدىن مىڭ ئىنگلىزچىسى پەس بىر ئويمان جاي. شۇڭا يازلىقى بۇ جايدا ئىسسىق شۇنداق بولىدىكەن، يەرلىك كىشىلەرمۇ بۇ ئىسسىقتا چىدىماي ئۆيلىرىنى تاشلاپ يەر ئاستى ئۆيلىرىگە كىرىۋالىدىكەن.

مەيلى قۇملۇقتىكى قەدىمي ئىنسانلار قەبىلىسىنىڭ تاشلىنىپ كەتكەنلىكىدە زادى قانداق سەۋەب بولمىسۇن، قۇملۇققا كۆمۈلۈپ كەتكەن بۇ جاينىڭ ئاستىدا كۆپلىگەن قەدىمكى زامان نەرسىلىرىنىڭ بولۇشى شەك ـ شۈبھىسىز.

ئېرىم 1893 ـ يىللار پارچە فارفۇر بۇيۇملار، تاش ۋە مېتال تامغا، لايدىن ياسالغان بۇددا مەبۇدلىرى، 35 ئۆرۈم قولىيازما قاتارلىق كۆپلىگەن نەرسىلەرنى بازاردىن، يەنى «بايلىق ئىزدىگۈچى» يەرلىك كىشىلەرنىڭ قولىدىن ئالغانىكەن. روشەنكى، بۇ نەرسىلەرنى ئۇ كىشىلەر قۇملۇقتىن تاپقان. قىممەتلىك بۇيۇملارنى يىغقۇچى باشقا نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاش، ئېرىممۇ ئۆزى يىغقان نەرسىلىرىنى بەك قەدىرلەيتتى. ئەمما، ئۇ كېيىن بۇلارنى ھازىر ئالەمدىن ئۆتكەن پروفېسسور خوئېرنلىغا بېرىۋەتتى. بۇ پروفېسسور كالكۇتتادا ئىنتايىن مەشھۇر سانسكرىت تىلى ئالىمى ئىدى. پروفېسسور خەت يېزىپ، ئېرىمگە بۇ قولىيازمىلارنىڭ ھازىرغىچە بايقالغان ئەڭ قەدىمي ھىند يېزىقىدا يېزىلغان ھۆججەت ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلغاندا، ئېرىم قاتتىق ھەيران بولدى. چۈنكى بۇلار مىلادى 4 ـ ئەسىردىكى نەرسىلەر ئىكەن.

ئېرىم قەشقەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى، ئەنگلىيىلىك ساياھەتچى، كاپىتان بوۋېر ئويلىمىغانلا يەردىن شىنجاڭدا مەدەنىي يادىكارلىق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بىر قولىيازمىنى قولغا

چۇشۇرگەن[①]. بۇ ئىش رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى
پېتروۋسكىينىڭ دىققىتىنى قوزغىغان . پېتروۋسكىي بىلەن ئېرىم مەدە-
نىي يادىكارلىق ۋە قەدىمىي ھۆججەتلەرنى يىغقانلىقى سەۋەبلىك ، ياۋرو-
پالىق شەرقشۇناس ئالىملار شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ كەڭرى زېمىننىڭ
ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات ئۈچۈن بىر يېڭى زېمىن بىلەن تەمىنلەيدى-
غانلىقىنى تونۇپ يېتىشكە باشلىدى . شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئىلىم - پەن
ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ -
پۇشقاقلىرىدىن بۇ يەرگە ئارقا - ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى . بۇ ئېكس-
پېدىتسىيىچىلەردىن ئەڭ مەشھۇر بىر قانچىسى ، مەسىلەن ، ئۇللېر س-
تەين ، ئۆلۈپ كەتكەن پروفېسسور فون لېكوك[②]بىزنىڭ دوستىمىز .
ئۇلار تەكلىماكان قۇملۇقى ئەتراپىنى كولاپ بىر مۇنچە خارابىلىكلەرنى
تاپتى ، بۇ خارابىلىكلەرگە كۆپىنچە ھازىرقى زاماندىكى ئىنسانلار ئول-
تۇراقلاشقان جايلاردىن خېلى كۆنلەر ماڭغاندا ، ئاندىن يېتىپ بارغىلى
بولاتتى .

بۇ ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ جاپالىق ئەجرى مول مېۋە بەردى .
يەنى ئۇلار ئېلىپ كەلگەن بۇيۇملار ئىچىدە ناھايىتى نۇرغۇن ھۆججەت-
لەر–20 خىلغا يېقىن تىلدا يېزىلغان ئىدى . مېنىڭچە، خەنزۇچە ، تىبەتچە ،
پارسچە ، سانسكرىتچە ، ئەرەبچە ، سۈرىيىچە يېزىلغان ھۆججەتلەرنى
كىشىلەر ھەر ھالدا ئازدۇر - كۆپتۇر ئوقۇيالايدۇ . ئەمما باشقا تىللاردا
يېزىلغان ھۆججەتلەرنى — كۆپلىگەن كىشىلەرھەتتا بۇ تىللارنىڭ نامى-
نىمۇ بىلمەيدۇ — ناھايىتى ئازساندىكى ئالىملارلا تەتقىق قىلالايدۇ .مە-

① بۇ يەردە مەشھۇر « بوۋېر قەدىمىي خاتىرە » كۆزدە تۇتۇلىدۇ . ئەنگلىيىلىك ھەربىي
بوۋېر 1889 – يىلى كۇچاردا يەرلىك خەلق قولىدىن قېيىن قوۋزىقىغا يېزىلغان قەدىمكى كىتابنى
سېتىۋالغان . خوئېرنلېنىڭ ئوقۇپ چىقىشى نەتىجىسىدە ئۇنىڭ براھمى يېزىقىدا يېزىلغان كىتاب
ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان .

② لېكوك ( 1860 – 1930 ) – گېرمانىيىلىك ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىچىسى ، شەرق
شۇناس . 1905– يىلى ، 1913 – يىلى جۇڭگو شىنجاڭغا كۆپ قېتىم كېلىپ ئېكسپېدىتسىيە بىلەن
شۇغۇللانغان . « شىنجاڭنىڭ زېمىنى ۋە خەلقى » قاتارلىق ئەسەرلىرى بار . تۇرپان قاتارلىق
جايلاردا تام رەسىمى قاتارلىق تارىخىي مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى بۇزۇپ دېگۈدەك يىغىپ كەت-
كەنلىكى ئۈچۈن ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ئالىملارنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىغان .



سلەن ، سوغد تىلى ، ئوتتۇرا ئاسىيا براخمى ( Brahmi ) تىلى ، مانى
تىلى ، ئۇيغۇر تىلى ، تاڭغۇت ( Tansuti ) تىلى ،قەدىمكى كۇچا تىلى[①]
دېگەنلەرنى ئارىمىزدىن كىم ئاڭلاپ باققان ؟ بۇ يېزىقتىكى ماتېرىياللار
مۇشۇ يېزىقلاردەك كۆپ ئىكەن . مەسىلەن قېيىن قوۋزىقى ، تېرە ، يې-
پەك ، ياغاچ ، قەغەزلەرگە يېزىلغان دېگەندەك .

قەغەزنى تىلغا ئالسام ، بەلكىم كىتابخانلار بۇ خىل ماتېرىيالنى
تۇنجى قېتىم بايقىغان ئادەمنىڭ ئۇللېرستەين ئىكەنلىكىنى بىلىشكە قىزى-
قىشى مۇمكىن ، ئۇنىڭ قولىدا خەنزۇچە بىر كىتاب بار . بۇنىڭغا يېزىلغان
ۋاقىت خرىستوسنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ۋاقىت بىلەن ئوخشاش .

ۋاقىت جەھەتتىن قارىغاندا ، بۇ كىتابلار مىلادىيە 1 – ئەسىر-
دىن 8 – ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىلغان . كىتابتا يېزىلغان
ئىشلارمۇ ھەر تۈرلۈك :ھېسابات ، يەر خېتى ، ھۆكۈمەتنىڭ پەرمانى ،
سودا – ئالاقىلىرى ، قەبرە تەزكىرىسى ، بۇددا نوملىرى ۋەھاكازا . ئەمما
بىزنى ھەممىدىن بەك تەسەۋۋۇرغا ئىگە قىلغان كىتاب « كونا ئەھد تو-
لۇق توپلىمى » نىڭ پارىلىرى يېزىلغان قەدىمىي سۈرىيە كىتابى بولدى .
روشەنكى ، بۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ھۆججەت شۇ چاغلاردا جۇڭگو شىن-
جاڭ رايونىدا ياشاۋاتقان خېلى كۆپ ساندىكى ئادەملەرنىڭ نېستورى دى-
نىغا[②]ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ .

بايقالغان ھەر خىل شەكىلدىكى ، ئاجايىپ – غارايىپ رەسىم ،
سەنئەت بۇيۇملىرىمۇ خېلىلا كۆپ . بۇ خىل بۇيۇملار ئىچىدە بۇددا دىنى
ئىلاھلىرى ۋە بۇتخانىلىرىدىن قولغا چۈشۈرگەن بۇددا راھىبلىرى ۋە
ئۆڭكۈرلىرى ، لاي ھەيكەللەر ، تام رەسىملىرى قاتارلىقلاردا
بۇددىلارنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . يەنە ھەر خىل كەشتىلەر ،
زىلچا – گىلەملەرمۇ كامالەتكە يەتكەن ماھارەت بىلەن ئىنتايىن نەپىس
ئىشلەنگەن . مانا بۇلار ھەر تەرەپنىڭ تەسىرىنى كۆپ تەرەپتىن ئەكس

① كۇچا تىلى – ھازىر قوللىنىۋاتقان نامى توخرى تىلى .

② نېستورى دىنى — دەسلەپكى دەۋردىكى خرىستىئان دىنى . بۇ دىن 5 – 7 ئەسىر-
لەردە قەدىمكى غەربىي دىيار رايونلىرىغا تارقالغان .

چۈشۈرگەن①. بۇ ئىش رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى
پېتروۋىسكىينىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. پېتروۋىسكىي بىلەن ئىرىم مەدە-
نىي يادىكارلىق ۋە قەدىمىي ھۆججەتلەرنى يىغقانلىقى سەۋەبلىك، ياۋرو-
پالىق شەرقشۇناس ئالىملار شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ كەڭرى زېمىننىڭ
ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات ئۈچۈن بىر يېڭى زېمىن بىلەن تەمىنلەيدى-
غانلىقىنى تونۇپ يېتىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئىلىم-پەن
ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ-
پۇشقاقلىرىدىن بۇ يەرگە ئارقا-ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى. بۇ ئېكس-
پېدىتسىيىچىلەردىن ئەڭ مەشھۇر بىر قانچىسى، مەسىلەن، ئوللىبىر-
تەين، ئۆلۈپ كەتكەن پروفېسسور فون لېكوك②بىزنىڭ دوستىمىز.
ئۇلار تەكلىماكان قۇملۇقى ئەتراپىنى كولاپ بىر مۇنچە خارابىلىكلەرنى
تاپتى. بۇ خارابىلىكلەرگە كۆپىنچە ھازىرقى زاماندىكى ئىنسانلار ئول-
تۇراقلاشقان جايلاردىن خېلى كۈنلەر ماڭغاندا، ئاندىن يېتىپ بارغىلى
بولاتتى.

بۇ ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ جاپالىق ئەجرى مول مېۋە بەردى،
يەنى ئۇلار ئېلىپ كەلگەن بۇيۇملار ئىچىدە ناھايىتى نۇرغۇن ھۆججەت-
لەر-20خىلغا يېقىن تىلدا يېزىلغان ئىدى.مېنىڭچە، خەنزۇچە، تىبەتچە،
پارسچە، سانسكرىتچە، ئەرەبچە، سۇرىيىچە يېزىلغان ھۆججەتلەرنى
كىشىلەر ھەر ھالدا ئازدۇر-كۆپتۇر ئوقۇيالايدۇ. ئەمما باشقا تىللاردا
يېزىلغان ھۆججەتلەرنى — كۆپلىگەن كىشىلەرھەتتا بۇ تىللارنىڭ نامى-
نىمۇ بىلمەيدۇ — ناھايىتى ئازساندىكى ئالىملارلا تەتقىق قىلالايدۇ.مە-

① بۇ يەردە مەشھۇر «بوۋېر قەدىمىي خاتىرە» كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەنگلىيىلىك ھەربىي
بوۋېر 1889 - يىلى كۇچاردا يەرلىك خەلق قولىدىن قېيىن قوۋزىقىغا يېزىلغان قەدىمكى كىتابنى
سېتىۋالغان. خوئېرنلېىنىڭ ئوقۇپ چىقىشى نەتىجىسىدە ئۇنىڭ براھمى يېزىقىدا يېزىلغان كىتاب
ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان.

② لېكوك (1860 - 1930) - گېرمانىيىلىك ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىچىسى، شەرق-
شۇناس، 1905-يىلى، 1913 - يىلى جۇڭگو شىنجاڭغا كۆپ قېتىم كېلىپ ئېكسپېدىتسىيە بىلەن
شۇغۇللانغان. «شىنجاڭنىڭ زېمىنى ۋە خەلقى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. تۇرپان قاتارلىق
جايلاردا تام رەسىمى قاتارلىق تارىخىي مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى بۇزۇپ دېگۈدەك يىغىپ كەت-
كەنلىكى ئۈچۈن، جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ئالىملارنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىغان.

سىلەن ، سوغد تىلى ، ئوتتۇرا ئاسىيا براخمى ( Brahmi ) تىلى ، مانى تىلى ، ئۇيغۇر تىلى ، تاڭغۇت ( Tansuti ) تىلى ،قەدىمكى كۇچا تىلى① دېگەنلەرنى ئارىمىزدىن كىم ئاڭلاپ باققان ؟ بۇ يېزىقتىكى ماتېرىياللار مۇشۇ يېزىقلاردەك كۆپ ئىكەن . مەسىلەن قېيىن قوۋزىقى ، تېرە ، يې- پەك ، ياغاچ ، قەغەزلەرگە يېزىلغان دېگەندەك .

قەغەزنى تىلغا ئالسام ، بەلكىم كىتابخانلار بۇ خىل ماتېرىيالنى تۇنجى قېتىم بايقىغان ئادەمنىڭ ئۇللېرستەين ئىكەنلىكىنى بىلىشكە قىزى- قىشى مۇمكىن ، ئۇنىڭ قولىدا خەنزۇچە بىر كىتاب بار . بۇنىڭغا يېزىلغان ۋاقىت خرىستوسنىڭ هايات ۋاقتىدىكى ۋاقىت بىلەن ئوخشاش .

ۋاقىت جەھەتتىن قارىغاندا ، بۇ كىتابلار مىلادىيە 1 ـ ئەسىر- دىن 8 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىلغان . كىتابتا يېزىلغان ئىشلارمۇ ھەر تۈرلۈك :ھېسابات ، يەر خېتى ، ھۆكۈمەتنىڭ پەرمانى ، سودا ـ ئالاقىلىرى ، قەبرە تەزكىرىسى ، بۇددا نومىلىرى ۋەھاكازا . ئەمما بىزنى ھەممىدىن بەك تەسەۋۋۇرغا ئىگە قىلغان كىتاب « كونا ئەھد تو- لۇق توپلىمى » نىڭ پارىلىرى يېزىلغان قەدىمىي سۇرىيە كىتابى بولدى . روشەنكى ، بۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ھۆججەت شۇ چاغلاردا جۇڭگو شىن- جاڭ رايونىدا ياشاۋاتقان خېلى كۆپ ساندىكى ئادەملەرنىڭ نېستورى دى- نىغا② ئىشىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ .

بايقالغان ھەر خىل شەكىلدىكى ، ئاجايىپ ـ غارايىپ رەسىم ، سەنئەت بۇيۇملىرىمۇ خېلىلا كۆپ . بۇ خىل بۇيۇملار ئىچىدە بۇددا دىنى ئۆڭكۈرلىرى ۋە بۇتخانىلىرىدىن قولغا چۈشۈرگەن بۇددا راھىبلىرى ۋە ئىلاھلارنىڭ رەسىملىرى ، لاي ھەيكەللەر ، تام رەسىملىرى قاتارلىقلاردا بۇددىلارنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . يەنە ھەر خىل كەشتىلەر ، زىلچا ـ گىلەملەرمۇ كامالەتكە يەتكەن ماھارەت بىلەن ئىنتايىن نەپىس ئىشلەنگەن . مانا بۇلار ھەر تەرەپنىڭ تەسىرىنى كۆپ تەرەپتىن ئەكس

---

① كۇچا تىلى ـ ھازىر قوللىنىۋاتقان نامى توخرى تىلى .

② نېستورى دىنى ــ دەسلەپكى دەۋردىكى خرىستىئان دىنى . بۇ دىن 5 ـ 7 ئەسىر- لەردە قەدىمكى غەربىي دىيار رايونلىرىغا تارقالغان .

ئەتتۇرگەن. مەسىلەن، جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكى، ھىندىستان، پارس ۋە يۇنانىنىڭ تەسىرى، دەرۋەقە، كىشىلەر مۇشۇ قەدىمكى مەدەنىي يادىكارلىقلارغا قاراپلا، جۇڭگو شىنجاڭدا ئىلگىرى ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەتنىڭ بولغانلىقىنى قىياس قىلالايدۇ، شۇنداقلا بۇ رايونغا بۇرۇن سىرتتىن كەلگەن تۈرلۈك مەدەنىيەت توپلانغانىكەن، دېگەن تونۇشقا كېلىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى بىرىتانىيىلىكلەر مالەن ئوتى ( ئوسما ) دىن بوياق چىقىرىپ رەسىم سىزغان، ئىپتىدائىي كاۋچۇكزارلىقلاردا ئادەمنى دەھشەتكە سالىدىغان ئادەملەرنى قۇربانلىق قىلىپ نەزىر بېرىشتەك تۈرلۈك مۇراسىملار بولىدىغان زامانلاردىكى ئىش.

ئەگەر مېنى جۇڭگو شىنجاڭنىڭ بۇرۇنقى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىملىقىنى بەكمۇ چوڭ بىلىپ كېتىپتۇ، دەپ قارىغۇچى كىتابخانلار بولسا، ئەمىسە ئۇلار بۈيۈك ئەنگلىيە مۇزېيىنى بىر كۆرۈپ باقسۇن! سىتەيىننىڭ ئاسارە ـ ئەتىقە بۇيۇملىرى بۆلۈمىنى تېپىپ ئوبدان كۆرۈپ باققاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمىنى چىقارسۇن!

جۇڭگو شىنجاڭ دېگەن نامدىنلا مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ، ئۇ جۇڭگوغا قاراشلىق جاي. ھازىر ئۇنى جۇڭگولۇقلار باشقۇرىدۇ. خەنزۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆزلىرىگە پەقەتلا ئوخشىمايدىغان يەرلىك ئۇيغۇرلار چەتتىن كەلگەنلەر ھېسابلىنىدۇ. خۇددى بىر ھىندىستاندىكى ھىندىلارنى چەتتىن كەلگەنلەر، دەپ قارىغانغا ئوخشاش.

خەنزۇلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى جۇڭگونىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن ( مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 206 ـ يىلىدىن مىلادىيە 220 ـ يىللىرى ) سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى نۇرغۇن ئەسىرلەر داۋامىدا، خەنزۇلارنىڭ بۇ يەردىكى ھۆكۈمرانلىقى كۆپ قېتىم ئاجىزلاشقان ھەتتا ئۈزۈلۈپ قالغان. بۇنداق دەۋر خېلى ئۇزۇن بولغان. لېكىن، جۇڭگو ئىمپېرىيىسىنىڭ ئابرۇيى ۋە تەسىرى غايەت زور ۋە چوڭقۇر بولغانلىقى ئۈچۈن، خەنزۇلار ئۈتۈقلۇق ھالدا يەنە بۇيەرگە قايتىپ كېلەلىگەن. بۇ ئىشتا تېخى ئۇلار ھېچقانچە

قورال ۋە ئەسكەر ئىشلەتمىگەن. قارىغاندا يەرلىك ئادەملەرنىڭ خەنزۇلار قانۇنىنىڭ ئادالەتلىك ۋە ھەققانىيلىقىغا ئىشىنىشى، ئۆز ئادەملىرى قانۇنىنىڭ ئادالەتلىك ۋە ھەققانىيلىقىغا ئىشىنىشىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن بولسا كېرەك.

ھازىر بۇ ماكاندا تۇرىدىغان ئاساسلىق ئاھالە سۈننىي مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلار. بۇ ئادەملەرنىڭ قۇلىقى يۇمشاق، باشقۇرۇش ئاسان، ئۇلارنىڭ بىرەر يامان ئىللەتلىرى يوق، ياخشى، ئالاھىدە تەرەپلىرىمۇ يوق. خەنزۇلار ئۇلار ئۈستىدە سۆزلىگەندە، زىتىغا تېگىدىغان تەلەپپۇزدا سۆزلەيدىكەن، بۇنى ئازا توغرا تاپمىدىم. ئۇلار، يەرلىك ئادەملەر مەيلى ياخشى، مەيلى يامان مۇئامىلىگە ئۇچرىسۇن، ئوخشاشلا ھېچقانداق ئىنكاس بىلدۈرمەيدۇ، دېيىشى مۇمكىن. ھۆكۈمرانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارنى ئىدارە قىلىشى بىلەن ياخشىچاق بولۇپ خۇشامەت قىلمايدىغان بۇنداق كۆز قاراش ھەرگىز زىت كەلمەيدۇ. خەنزۇلارنىڭ ئىدارە قىلىش شەكلى پۈتۈنلەي باشقىلارنىڭلا مەنپەئەتىنى كۆزلەشمۇ ئەمەس ئىكەن. ئۇلارنىڭ مەقسىتى كۆرۈنۈشتىكى ھۆكۈمرانلىقنى ساقلاپ قېلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىمكانقەدەر تۈرلۈك باج - سېلىقلارنى تولۇق يىغىپ ھۆكۈمەتنى بېقىش ۋە ئايلاندۇرۇپ تۇرۇش. ئۇنىڭدىن باشقا، شۇنى دەپ قويايكى، قانۇن تۈزۈش جەھەتتىن ئۇلار يەرلىك كىشىلەرنىڭ چىشىغا تېگىدىغان ئىشنى قىلماستىن، ئۆزىگە ئورۇن قالدۇرىدىكەن. مەسىلەن، ئۇلار قانۇن تۈزگەن چاغدا، ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن خەلقنى خۇش قىلىدىغان قانۇنلارنى تۈزىدىكەن.

خەنزۇلار كۇڭزى تەلىماتىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. ئەمما يەرلىك كىشىلەرنىڭ دىنى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا ئارىلاشمايدىكەن. ئامباللار بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى خەلق ئارىسىدىكى ئالاقە يەرلىك خەلق ئىچىدىكى بەگ، ئاقساقاللار ئارقىلىق بولىدىكەن. بۇ بەگ ۋە ئاقساقاللار ئۆز مىللىتىدىن بولغان ئادەتتىكى پۇقرالارنى خاتىرجەم ھالدا ئازدۇر - كۆپتۇر ئېزىدىكەن. بۇنداق ئېزىشلەر ھەددىدىن ئارتۇق بولمىسىلا، خەنزۇ ھۆكۈمرانلار ئارىلاشمايدىكەن. ئۇلار خەلقنى ئىدارە قى-

لىش جەھەتتىن مۇنداق بىر پرىنسىپقا ئەمەل قىلىشنى بىزدىكى كۆپ ساندىكى ئادەملەرگە قارىغاندا بەكرەك خالايدىكەن : ئەگەر بىر دۆلەتتە تىنچلىق ئورنىتاي دېسەڭ ، خەلق ئارىسىدىكى تەسىرى بار كىشىلەرنى ئۈزۈلەڭ بىلەن بىر تەرەپتە تۇرىدىغان قىلىشىڭ كېرەك . بۇنداق قىلىش ئادەتتىكى پۇقرالارنى رازى قىلىشتا تېخىمۇ پايدىلىق . بۇ ، پادىچىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ، پادا بىلەن ھېسابلاشماسلىق كېرەك . چۈنكى پادا دېگەن سۆز قىلالمايدۇ ، دېگەنلىك .

بۇ رايوندا چاغاتاي تۈرك تىلى قوللىنىلىدۇ . بۇ ، كونستانتىنو-پولدا قوللىنىلىدىغان تۈرك تىلى بىلەن بىر تىل سىستېمىسىغا كىرىدۇ . بەلكىم تۈرك تىلى ساپراق بولۇشى مۇمكىن . چۈنكى ئۇ پارس ، ئەرەب تىللىرىغا ئوخشاش تىللار بىلەن بەك ئارىلىشىپ كەتمىگەن . تۈرك تىلى بەك مۇرەككەپ تىل . ئۇنىڭدا زامانلارلا 29 مىڭدىن كۆپ بولۇشى مۇمكىن .

سىياسىي جەھەتتىن سۆز ئاچىدىغان بولساق ، جۇڭگو شىنجاڭ بۈيۈك برىتانىيە ئادەملىرى بەكمۇ قىزىقىدىغان جاي . بىرىنچىدىن ، ئۇ بىزنىڭ كەشمىر زېمىنىمىز بىلەن چېگرىداش . ھىمالايا تېغى تۆپەيلى قاتناش ناھايىتى قىيىن بولسىمۇ ،يەكەن ۋە قەشقەردە كۆپلىگەن ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ھىندىستان سودىگەرلىرى بار . ئۇلار تۆگە ـ ئات كارۋان-لىرىنى ھەيدەپ ھىندىستاندىن ئۇيا ـ ئەگلىك ، ئەتىر ـ سوپۇن ۋە مان-چېستىر چىتلىرىنى ئەكىلىدۇ . بۇ يەردىن ھىندىستانغا شىنجاڭنىڭ ئال-تۇن ، قاشتېشى ، خوتەن گىلىمى ، قىرغىزلارنىڭ شىرداقلىرى ۋە كەن-دىردىن ئالىدىغان بىر خىل مەست قىلغۇچى دورىلارنى توشۇيدۇ . بۇ خىل مەست قىلغۇچى دورا ( cannabish satwa ) ھىندىستاندا بالڭ ( Bhang ) ياكى چېراس ( chers ) دېيىلىدۇ . شىنجاڭدا ناس دېيىلىدۇ . ياۋروپادا بولسا بىز ئۇنى خاشىشى ( Ha shi shi ) دەيمىز .

ئەمما ، يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، جۇڭگو شىن-جاڭ ، توغرىراقى شىنجاڭنىڭ غەربىي ئاسىيادا ھىندىستان بىلەن رۇسى-يىنى ئايرىپ تۇرىدۇ . رۇسىيىلىكلەرنىڭ چېگرىسىنى ئىزچىل تۈردە

جەنۇبقا كېڭەيتىپ ، ئۇلارنى ئايرىش رولىنى ئوينايدىغان رايون ياكى
توقۇنۇشنى پەسەيتىش رولىنى ئوينايدىغان دۆلەت ھالىتىدە ساقلاپ قې-
لىشقا تىرىشىۋاتقانلىقى ، بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، كۆڭۈل بۆلۈشكە
ئەرزىيدىغان چوڭ ئىش . رۇسىيە ھۆكۈمىتىدىن ھىندىستانغا قارىتا بىرەر
تامادا بولۇۋاتىدۇ ، دەپ گۇمانلىنىشقا ئاساسىمىز بولمىسىمۇ ، لېكىن رۇ-
سىيە ئوفىتسېرلىرى ئارىسىدا ئۇرۇش تەلۋىلىرى ھەقىقەتەن بار . مانا
شۇلار ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلىدىغان ھەرقانداق پۇرسەتنى ھەرگىز
ئۆتكۈزۈۋەتمەيدۇ . رۇسىيە ئېيتقىنىڭ قوشۇلۇقى ئۇزۇن بولمىغان بىلەن ،
توختىماي پۇلاڭلاۋەرسە ئىش تېرىماي قالمايدۇ . شۇڭا ئۇنىڭغا كۆز -
قۇلاق بولىدىغان ئادەم قويۇش ئىنتايىن زۆرۈر .

1890- يىلى ئېرىم بىلەن كاپىتان يوۋنگخوسبېن ( ھازىرقى سېر
فرانسىس يوۋنگخوسبېن ) قەشقەرگە بىرىنچى قېتىم كەلگەن چاغدا ،
يوۋنگخوسبېن داڭدار ساياھەتچى ئىدى . ھازىر ئۇنىڭغا ئۇزۇن يىللار
بولغان بولسىمۇ ، ئېرىم ئۆزىنىڭ يوۋنگخوسبېن بىلەن پامىر ئېگىزلىكىنى
ساياھەت قىلغانلىقىنى ئەسلىسە بەكمۇ ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ . بىللە ئۆت-
كۈزگەن ھەر بىر ئاخشامنى زوق - شوقى بىلەن سۆزلەيدۇ . ئېرىم تې-
ئودولىتنى يېنىدىن ئايرىماي ،سائەت ئورنىدا ئىشلىتىدىكەن ، يوۋنگخوس-
بېن بولسا ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىش ئېلىپ بارىدىكەن . دېڭىز يۈزىدىن
ئېگىزلىكىنى ئۆلچەيدىكەن . ئاندىن ئۇلار قىرغىزلارنىڭ ئىسقا تولغان
كىگىز ئۆيلىرىگە كىرىپ شاھمات ئوينايدىكەن .

كاپىتان يوۋنگخوسبېن 2 - يىلى ھىندىستانغا قايتقان . ئۇ ئېرىم-
دىن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشنى تەلەپ قىلىپ ، ئېرىمگە بىزنىڭ ئۇ
يەردىكى ( ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ) سودىگەرلىرىمىزنىڭ مەنپەئەتىگە
كۆڭۈل بۆلۈش ؛ رۇسىيىلىكلەرنىڭ كەشمىر چېگرىسى يۆنىلىشىدىكى
ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرۇشتەك ئىككى ۋەزىپە تاپشۇرغان .

رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا نىسبەتەن ئېيت-
قاندا ، ئېرىمنىڭ قارشى ئېلىنمايدىغان ئادەم ئىكەنلىكىدە گەپ يوق .
كۆپ يىللارغىچە 1890 - يىلدىن 1907 - يىلىغىچە ئۇ رۇسىيە كونسۇلخا-

نىسىنىڭ تۈرلۈك توسقۇنلۇقلىرىغا ئۇچرىدى. ئۇ چاغلاردا جۇڭگو-
لۇقلارنى رۇسىيىلىكلەر تىزگىنلەيتتى. شۇڭلاشقا ئىرىم جۇڭگولۇقلار
بىلەن ئوبدان مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، بىر مەزگىل رۇس-
يىلىكلەرنىڭ رول ئوينىشى سەۋەبلىك ئىرىمنىڭ ئورنى تازا ئىسسىمىغان.
چۈنكى رۇسىيىلىكلەر جۇڭگو تەرەپتى ئىرىمنىڭ بۇ دۆلەتتىن قوغلاپ
چىقىرىشقا قىستىغان. ئەگەر ئىرىمنىڭ دادىسى جۇڭگونىڭ لوندوندا
تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ كاتىپى بولمىغان، ئۇ ئۆزى قەشقەر دوتىيى
ۋە جۇڭگونىڭ لوندوندا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ھەۋەندە - خالىق
قىلىشىغا ئېرىشمىگەن بولسا، بۇ دۆلەتتىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇشى
ئېھتىمالغا ئىنتايىن يېقىن ئىدى.

1907 - يىلى ئىرىمنىڭ قەشقەردىكى ئورنىدا تۈپ ئۆزگىرىش
بولدى. شۇ يىلى، باشتا سىر ئارتۇر نىككېلسون، ئارقىدىنلا لورد كار-
نوك - شۇچاغدا ئۇ ئەنگلىيىنىڭ سان پېتېربورگتا تۇرۇشلۇق باش ئەل-
چىسى ئىدى — رۇسىيە ھۆكۈمىتى بىلەن پارس، ئافغانىستان ۋە شىزاڭ
قاتارلىق جايلارغا مۇناسىۋەتلىك بىرقاتار مەسىلىلەردە بىر كېلىشىم
تۈزدى. بۇ كېلىشىم ئەنگلىيە بىلەن رۇسىيىنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆزگە
كۆرۈنەرلىك ھالدا ياخشىلىدى. مۇشۇ مەزگىلدە ئەنگلىيىلىكلەر ئاسىيادا
مەيلى نېمە ئىشلارنى قىلسۇن، رۇسىيىلىكلەر ئىلگىرىكىگە ئوخشاش
زورلۇق بىلەن ئارىلاشمايدىغان بولدى. سىر نىككېلسون ئۇ كېلىشىمنى
تۈزگەندە، قەشقەرنى كۆزدە تۇتمىغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇ يەر-
دىكى ئەنگلىيە ۋەكىلى ئۇنىڭ پايدىسىنى ئوبدان كۆردى. رۇسىيىنىڭ
قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى توساتتىن ئىرىمگە دۈشمەنلىك قى-
لىشنى توختاتتى. 1908 - يىلىغا كەلگەندە، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى يەنە بىر
ئامالLAR بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ ئىرىمنىڭ ئور-
نىنى كۆتۈرۈپ ئۇنى ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى قىل-
دى. ئىككى يىلدىن كېيىن، يەنە باش كونسۇل قىلىپ ئۆستۈردى. بۇ-
نىڭدىن ئىلگىرى ئەنگلىيىنىڭ مۇشۇنداق قىلىش نىيىتى بولغان بولسىمۇ،
رۇسىيىلىكلەرنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن ۋۇجۇتقا چىقىرالمىغانىدى.

# بەشىنچى باب

## قەشقەر كونا شەھەر

قەشقەردە ئىككى شەھەر بولۇپ، بىرى كونا شەھەر (ھازىرقى قەشقەر شەھىرى ـ ت). 40 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە بار، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇسۇلمان. جۇڭگونىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى مۇشۇ يەردە. دوتەي دېگەننىڭ ئەمەل دەرىجىسى ھىندىستاندىكى يەرلىك ئەمەلدارنىڭكىگە ئاز ـ تولا ئوخشايدۇ. ئۇ مەمۇرىي باشلىق. ئۇنىڭ رايون ئەمەلدارىدىن بىر ياردەمچىسى بار، ئۇنى ئامبال دەيدۇ. كونا شەھەردە رۇسىيە ۋە ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، دوتەينىڭ قول ئاستىدا يەنە بىر مەسلىھەتچى بار. ئۇ كونسۇللار بىلەن ئالاقىلىشىدىغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

تىتەي (ياساۋۇل بېگى) يەرلىك ھەربىي ئەمەلدار. ئۇ يېڭى شەھەر[1] دە تۇرىدۇ. يېڭى شەھەردە ئاساسىي قىسىم تۇرىدۇ. قىسىمنىڭ ئاز بىر قىسمى كونا شەھەردە تۇرىدۇ، ياندىش دوتەي قوماندانلىق قىلىدۇ.

قەشقەر يېڭى شەھەر كونا شەھەرنىڭ جەنۇبىدا، يەتتە ئىنگلىز مىلى يىراقتا، كۆلىمى كونا شەھەردىن كىچىك. ئۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ كۆپچىلىكى خەنزۇ. ئىككىلا شەھەرنى ناھايىتى قېلىن سېپىل قوغداپ تۇرىدۇ. ھەر بىر شەھەرنىڭ تۆتتىن غايەت يوغان تۆمۈر دەرۋازىسى بار. شەھەر دەرۋازىلىرى كۈن ئولتۇرۇشى بىلەن تەڭ ئېتىلىدۇ. كۈن چىققاندا ئېچىۋېتىلىدۇ. شەھەرلەرنىڭ تېشىدا كەڭ سېپىل خەندىكى

---

[1] قەشقەردىكى يېڭى شەھەرنىڭ يەنە بىر نامى «لەيىنلىڭ»، چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا قۇرۇلغان. خىتاي شەھىرى دەيدىغان كونا نامىمۇ بار.

بار . ناھايىتى ھەيۋەت كۆرۈنىدۇ . لېكىن بۇ خەندەكلەرگە سۇ توشقۇ-
زۇلامدۇ يوق ، بۇنىڭدىن گۇمانىم بار . نېمىشقا دېگەندە ، سېپىل ئۆلى
توپا ياكى خام كېسەك بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئەگەر سۇ توشقۇزۇلسا ، سې-
پىل ئۆلى بوشاپ كېتىدۇ .

ئىككى كونسۇلخانا بىلەن كېيىن قۇرۇلغان رۇس ئاسىيا
بانكىسى[1] ، ئۆيۈشمە دىن تارقىتىش ئۆمىكى تۇرۇشلۇق جايلارنىڭ
ھەممىسى سېپىلنىڭ تېشىدا . كېيىن ئۇيۇشمىلىكلەر يېڭى شەھەردە بىر
دىن تارقىتىش پونكىتى قۇرۇپ ، خەنزۇلار ئارىسىدا دىن تارقىتىش پائا-
لىيىتى بىلەن بولدى .

قەشقەر كونا شەھەرنىڭ كوچىلىرى تار ، ئۆي - دۆك ۋە ناھا-
يىتى مەينەت ، يەنە كېلىپ ھەر كۈنى سۇ توشۇيدىغان ھارۋىلار ۋە ئې-
شەكلەرگە ئارتىلغان سوغىلاردىكى سۇ تۆكۈلۈپ تۇرغانلىقتىن پاتقاق .
يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا قاتار كەتكەن قاراڭغۇ دۇكانلار بار . يولنىڭ
بەزى بۆلەكلىرىدە كىشىلەر بورا بىلەن سايىۋەن قىلىۋالغانلىق-
تىن ، كوچا - دۇكانلار تېخىمۇ قاراڭغۇ بولۇپ كېتىدۇ . دۇكاندارلار
خېرىدار كەلمىگىنىگە پەرۋا قىلمىغاندەك ماللىرى ئارىسىدا ئولتۇرۇشىدۇ .

شەھەر دەرۋازىسى ئىچىدە ، يەنى بازارغا ماڭىدىغان ئاساسىي
كوچىلاردا دىۋانىلار كۆپ . ئۇلارنىڭ نۇرغۇنىغا قارىسا ئادەمنىڭ يۈرىكى
ئېچىشىدۇ . سەۋەب ، قورقۇنچلۇق كېسەل ئۇلارنى يا پۇت - قولىدىن
ئايرىغان ، يا چىرايىنى بۇزۇۋەتكەن . ياكى بولمىسا تۇرقىنى غەلىتە قى-
لىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ، چىرايى ناھايىتى سۇنۇق ۋە مىسكىن .

تار بازار كوچىلىرىدا ئادەم كۆپ . بولۇپمۇ يەكشەنبە كۈنلىرى
ئادەمنىڭ كۆپلىكىدىن قىستاڭچىلىق بولۇپ كېتىدۇ . چۈنكى بۇ كۈنى
بازار بولىدۇ . بازارغا كەلگەنلەر مىڭ - مىڭ ئادەملەر توپى ئىچىدىن تەس-
لىكتە يول ئېچىپ ئاران ماڭىدۇ . ئۇ تىقما - تىقماق ئادەملەرنىڭ بەزى-
لىرى يالاڭ ئاياغ ، بەزىلىرى ئات ، قېچىر مىنگەن ؛ ئۇلارغا ئوت - چۆپ ،

---

[1] يەنى داۋنىڭ بانكىسى . ئۇ رۇسىيىنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى ئاساسلىق پۇل مۇئامىلە
ئورگىنى ئىدى . «ئوكتەبىر ئىنقىلابى» دىن كېيىن ، ئۇنى سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۆتكۈزۈۋالدى .

مال ئاھايىتى جىق ئارتىلغان . كىشىلەر ئۇلاغلارنىڭ تۆت پۇتى ۋە ئېغىز - بۇرنىنى ئاران كۆرەلەيدۇ . چىلىك باغلانغان پاختىلار ئارتىلغان ئات - تۆگە كارۋانلىرىمۇ ئادەملەر توپىنى يېرىپ ئۆتىدۇ . تۆگەلەرنىڭ قوڭغۇراقلىرىنىڭ زىل ، يېقىملىق ئاۋازى ھەمىشە ماڭا ئەنگلىيىدە يەكشەنبە كۈنى سەھەردە چېركاۋلاردا چېلىنىدىغان قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئەسلىتىدۇ . مەن دەرھال كۆزۈمنى يۇمۇپ ، ئۆزۈمنى ئەنگلىيىدىكى ئۆز ئۆيۈمدە تۇرۇۋاتقاندەك ، قوڭغۇراق ئاۋازى ماڭا چېركاۋغا بارىدىغان ۋاقىت بولغانلىقىنى ئۇقتۇرۇۋاتقاندەك ھېس - تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ .

كونا شەھەرنىڭ ئاساسلىق كوچىلىرىنىڭ ھەممىسى ھېيتگاھقا تۇتىشىدۇ . ھېيتگاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ بىر مەسچىت ( جامە ) قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ . جۈمە كۈنى سەھەردە شەھەردىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى پاكىزە ، رەتلىك كىيىنىپ شۇ مەسچىتكە نامازغا كېلىدۇ . موللىلارنىڭ ۋەزىنى ئاڭلايدۇ . بىزنىڭ ئۆيلىرىمىزگىمۇ موللىنىڭ مەسچىت ئۈگزىسىگە چىقىپ ، جامائەتنى نامازغا چاقىرىپ توۋلىغان ئەزان[①] ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ . موللا ھەر كۈنى بىر قانچە قېتىم ئەزان ئېيتىدۇ . مەن ئۇنىڭ مۇزىكىدەك ياڭراق ۋە يېقىملىق ئاۋازدا « ئاللاھۇ ئەكبەر » دەپ توۋلىشىنى ئاڭلاشقا بەك ئامراق . قەلبىمنى ئەڭ لەرزىگە سالىدىغىنى موللىنىڭ سەھەردە توۋلىغان ئەزان ئاۋازى . ھاۋا ساپ ۋە ئوچۇق يازنىڭ سەھەر ۋاقتىدا ، مەن دائىم ئەزان ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كېتىمەن . جامائەتنى ئاللاغا سادىق بولۇشقا ئۈندىگەن ياڭراق ئاۋازنىڭ جىمجىت ، سۈزۈك ھاۋاغا تارقىلىپ ، كەڭ داللاردىن قايتۇرغان ئەكس ساداسىغا قۇلاق سالىمەن .

ھېيتگاھ جامەسىنىڭ پەلەمپىيىدە تۇرۇپ ، مەيداندىكى ئىنتايىن قايناق بازار مەنزىرىسىگە نەزەر سالسام ، بۇ يەردىكى ئۆزگىچە ، يارقىن ، ئاجايىپ قايناق - تاشقىن كۆرۈنۈشنى شۇ پېتى تەسۋىرلىيەلىسەم ئىكەن ،

① ئاپتور بۇ يەردە خاتالاشقان . جامائەتنى نامازغا چاقىرىپ ئەزان توۋلايدىغان ئادەم موللا ئەمەس ، مەزىن . ئۇ ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ ئەمەس ، بەلكى مەخسۇس ياسالغان مۇنارغا چىقىپ ئەزان ئېيتىدۇ .

دەپ ئارزۇ قىلىمەن. كەگرى مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاتار تىزىلىپ كەت-
كەن مېۋە ـ چېۋە يايمىلىرى، ياز كۈنلىرى بۇ يايمىلاردا ئاق ـ قارا مار-
جانلاردەك يالتىراپ تۇرغان ئۈجمىلەر، قارىسا ئادەمنىڭ ئاغزىغا سۇ
كەلتۈرىدىغان قىزىل ياقۇتتەك ئۆرۈكلەر، ھەر يوغان، قىزغۇچ تاۋلىنىپ
تۇرغان توغاچلار، ۋاكىدا يارىسا سۈپسۈزۈك، بەكمۇ شېرىن، سۆيى
چاچراپ تەپسىنى ئاقىلدىتىدىغان شاپتۇللار، مەرۋايىتتەك دانە ـ دانە،
كىرىستالدەك سۈزۈك، ئاق، كۆكۈش ۋە قارامتۇل رەڭلىك ئۈزۈملەر،
ساپسېرىق، مەي باغلاپ پىشقان ئەنجۈرلەر سېتىلىدۇ. بىر خىل ئاق ئۈ-
زۈم بار، قورۇتۇلسا بارماقتەك تومۇلۇقتا، ئىككى ئىنگلىز سۆگى ئۈزۈن-
لۇقتا كىشمىش بولىدۇ. قوغۇنلارنىڭ تۈرلىرىمۇ تولا. قوغۇنچىلار قو-
غۇنلارنى تىلىپمۇ ساتىدۇ. كۆرسە ئادەمنىڭ ئاغزىغا غورۇرىدە سېرىق سۇ
كېلىدۇ. رەڭگى ئاق، كۆكۈش، تۇخۇمنىڭ سېرىقىدەك سېرىق ۋە قى-
زىل، چۇرۇك، يۇمشاق كېلىدۇ. تاۋۇزلىرى ئاجايىپ يوغان، بەزىلىرىنى
ئادەم يەردىن ئۆرۈپ ئالالمايدۇ، ئىچى قىزىل، ئۇرۇقى قاپقارا. بۇ مېۋە-
لەرنىڭ ئەرزانلىقى ئادەمنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ ۋە تولىمۇ سۆيۈندۈرىدۇ.
ئىككى پىنىسقا يوغان بىر قوغۇن، يېرىم پىنىسقا بىر قاداق شاپتۇل ياكى
ئۆرۈك. بىر شىللىڭغا لىق بىر سېۋەت ئۈزۈم سېتىۋالغىلى بولىدۇ. بەك
ئەرزان ۋە ئادەتتىكى نەرسىلەر ھېسابلىنىدىغان بۇ مېۋىلەر زىياپەتلەردە
داستىخانغا قويۇلمايدۇ.

دوپپا بازىرىغا كىرىپ قالىدىغان بولسىڭىز، رەڭگا ـ رەڭ، ھەر
خىل، ھەر ياڭزا دوپپىلاردىن كۆزىڭىز ئالىچەكمەن بولۇپ كېتىدۇ.
دوپپىلار شۇنچىلىك چىرايلىقكى، يىراقتىن قارىسىڭىز بەئەينى رەڭمۇرەڭ
گۈللەر تەڭلا ئېچىلىپ كەتكەن چىمەنزارغا ئوخشايدۇ، بۇ يەردە قىشتا
كىيىلىدىغان ھەر خىل پاسوندىكى قۇلاقچا، تۇماق، يازدا كىيىلىدىغان
ھەر خىل رەڭلىك تاۋار، دۇخاۋا، مەخمەلدىن تىكىلگەن دوپپىلار؛
توي ـ تۆكۈندەك مۇراسىملاردا كىيىلىدىغان، ئۈستىگە سەللە ئورىغىلى
بولىدىغان يۇمىلاق دوپپىلار؛ ئاق ۋە سېرىق كالۋۇتتۇن يىپتا ھەر خىل
شەكىللەر چىقىرىپ تىكىلگەن ئاياللار ھېيت ـ ئايەم، توي ـ تۆكۈنلەردە

كىيدىغان دوپپىلار بار.

ئەنگلىيە شەھەر، بازارلىرىدا كىشىلەرنىڭ كىيدىغان كىيىملەرىگە سېلىشتۇرغاندا، قەشقەر كىشىلىرىنىڭ بازار كۈنلىرى كىيدىغان كىيىمى ئاجايىپ رەڭدار، خىلمۇخىل ۋە چىرايلىق. ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنداق رەڭدارلىق ئۇزلىرىگە ۋە ئەتراپتىكى مۇھىتقا تولىمۇ ماس كېلىدۇ ۋە بەك يارىشىدۇ.

ئادەتتىكى كىچىكرەك كوچىلاردا كۆپىنچە ئالاھىدە مەھسۇلاتلار بازىرى بولىدۇ. شۇڭا سىز پاختا بازىرى، خام ماتا بازارلىرىغا بارسىڭىز، ئۇ يەرلەردە رۇسىيىنىڭ گۈللۈك ماتالىرى سېتىلىدۇ. يەنە تۆمۈر - تەسەك بازىرى، زەرگەر بازىرى، ئۇن - گۈرۈچ بازىرى قاتارلىق بازارلار بار. يەنە تېخى نامى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرىدىغان پىت بازىرى دېگەن بازارمۇ بار. بۇ بازاردا كونا كىيىم - كېچەكلەر سېتىلغاچقا، شۇنداق دېيىلىدىكەن. بۇ بازارنىڭ نامى چوقۇم سەۋەبسىزلا بۇنداق بولمىغان.

ئەلۋەتتە، چايخانىلارمۇ بۇ بازارلاردا كەم بولسا بولمايدۇ. كىشىلەر بۇ چايخانىلاردا مەززىلىك چايلارنى ئىچىشكەچ يېقىملىق مۇزىكىلارنى ئاڭلىشىدۇ. سازچىلار ناھايىتى ئۇزۇن، تارىسى ماندالىنىنىڭكىگە ئوخشايدىغان سازنى چالىدىغان بىر - ئىككى ئادەم، بىر داپچىدىن تەشكىل تاپىدىكەن. ئۇلار ئاجايىپ ساز، مۇڭلۇق ۋە يېقىملىق كۈيلەرگە چالىدىكەن. كىشىلەر يەنە چاي ئىچكەچ مەدداھلارنىڭ ھېكايىلىرىنى ئاڭلايدىكەن. مەدداھلار بەكمۇ تەسىرلىك ئاۋازدا سۆزلەپ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ پۈتۈن دىققىتىنى ئۆزىگە قارىتىدىكەن. كۆپ ھاللاردا ئۇزىمۇ ئۆزى سۆزلەۋاتقان ھېكايىگە كىرىپلا كېتىدىكەن. ھېكايە ۋەقەلىكىگە ماس تۈرلۈك ھەرىكەتلەرنى قىلىپ تىڭشىغۇچىلارنى ھاياجانغا سالىدىكەن ۋە تەسىرلەندۈرىدىكەن. شۇڭا مەن دائىم ئۇلارنىڭ نېمە سۆزلەيدىغانلىقىنى ئاڭلىيالىغان بولسام قانداق ياخشى بولاتتى - ھە! دەيمەن.

ئىچىمدە، بەلكىم «مىڭ بىر كېچە» دىكى مۇھەببەت ھېكايەلىرىمۇ دەسلەپتە مانا مۇشۇ شەكىلدە سۆزلەنگەن بولغىيدى، دەپمۇ

قالىمەن.

ئۆرغۈن دۇكانلارغا تال چىۋىقتىن توقۇلغان قەپەسلەر ئېسىلغان. قەپەسلەردە ئورمان كەكلىكى — يەرلىك كىشىلەر ئۇنى كەكلىك دەيدۇ — ۋە بوز تورغايلار سەكرىشىپ، خۇش ناۋا قىلىشىدۇ. بۇلارغا قاراپ مەن، ئەگەر ناھايىتى تالانتلىق بىرەر مۇزىكانت، مۇشۇ شەھەردە مۇشۇنداق كەيپىيات ئىچىدە تۇرسا، شەھەردىكى تۈرلۈك - تۈمەن ئاجايىپ ئۆزگىچە ئاۋازلارنىڭ ئىلھامى بىلەن ئۇ بەكمۇ ياخشى بىر سىمفونىيە ئىجاد قىلغان بولار ئىدى، دەپ ئويلايمەن. بۇ گېپىمگە ئىشەنمىسىڭىز، قېنى قۇلاق سېلىپ بېقىڭ: كوچا - كويلاردا گەپلىشىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئاۋازلىرى، شەھەرنىڭ ھەممە يېرىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ئات - ئېشەكلەرنىڭ تۇياق ئاۋازى، يوغان ياغاچ چاقلىق كۆتەك ھارۋىلارنىڭ مېڭىشىدىن چىقىۋاتقان، خۇددى ئوركېسترغا ئوخشايدىغان گۇلدۇر - گۇلدۇر، تاراق - تۇرۇق، غىچىر - غىچىر ئاۋازلار، تۆگىلەرنىڭ بوينىدىكى قوڭغۇراقلارنىڭ زىل، جاراڭلىق جىرىڭلاشلىرى، قەپەسلەردىكى قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى قوشۇلۇپ، ئاجايىپ رىتىملىق، يېقىملىق ۋە ئۈزۈلمەس ياڭراق بىر كۈي ھاسىل قىلمامدۇ؟

قەشقەر كىشىلىرىنىڭ تەقى - تۇرقى، چىراي - رۇخسارى ھەم خىلمۇ خىل. ياۋروپالىقلارغا خاس ئالاھىدە بەلگىلەر ئاز - تولا بار. ئەر - ئاياللار قاۋۇل، بەستلىك، كېلىشكەن، چىرايلىق بولۇپ، چىرايىدىن بىر خىل ئېسىل سۈپەتلىك چىقىپ تۇراتتى. قىرغىزلارنىڭ يۈزى ياپىلاق، مەڭزى قىپقىزىل؛ ياندىن قاراشقا ئافغانلارنىڭ يۈز كۆپتى سوزۇق ۋە ئېنىق كۆرۈنەتتى؛ يەنە ھىندى دىنىدىكى ۋە مۇسۇلمان دىنىدىكى ھىندىستانلىقلارمۇ، خەنزۇلارمۇ بار ئىدى. ئالتۇن چاچلىق، دېڭىز سۈيىدەك يېشىل كۆزلۈكلەرمۇ ئۇچراپ قالاتتى. ئۇلار ئارىيان قېنىدىكىلەر بولۇشى مۇمكىن. قەشقەردە كىشىلەر قەشقەرلىكلەرنىڭ زادى قايسى ئىرققا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئاسانلىقچە دەپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان، كىشىلەرنىڭ تەرەپ - تەرەپتىن كىرىشى بىلەن بۇ يەردىكى ئىرقلارنىڭ شالغۇتلىشىشى خېلىلا ئېغىر. بۇ يەردىكى

قىز - چوكانلار ناھايىتى چىرايلىق، جازىبىلىك، بەزى ئوغۇل بالىلارمۇ بەك كېلىشكەن. بولۇپمۇ ئۇرا كۆزرەك كەلگەن 12 ياشلاردىكى ئوغۇل - قىزلار ناھايىتى گۈزەل. ئۇلار دوخاۋا، چىت رەختلەردىن كىيىم، يارشىملىق تۇماق، دوپپىلارنى كىيسە، ئىتالىيانلارغا ياكى ئىسپانلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

قەشقەر يۇقىرالىرى ئاق كۆڭۈل، خۇشخۇي، مۇلايىم، ياۋاش كېلىدۇ. شۈكۈر - قانائەت بىلەن خۇشال، غەمسىز ياشاۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. ئارتۇقچە ئارزۇ - ئاماللاردا بولماستىن، ئاددىي - ساددا ياشايدۇ. كىشىلەرنىڭ مىجەزى مۇلايىم، ئىللىق بولغاچقا، ئاسانلىقچە ئۇرۇش - جېدەل قىلمايدۇ. باھا تالاشقاندا ياكى باشقىلار بىلەن بىرەر ئايالنى ياكى يەر سۇغۇرىدىغاندا سۇ تالىشىپ قالسا، ئاندىن جېدەللىشىدۇ. بۇنداق چاغلاردىمۇ قارشى تەرەپكە ئۆزىنىڭ قانداق ئادەملىكىنى تونۇتۇپ قويىدۇ ۋە ئۇياقنى سەن ئوبدان مۇسۇلمانغا پەقەت ئوخشىمايدىكەنسەن، دەپ ئەيىبلەيدۇ.

كونا شەھەردە ئەرلەر كۆپىنچە ئاق كۆڭلەك، ئاغزىدەك كەڭ تامبال، ئۇنىڭ ئۈستىگە يازلىقى ئۇزۇن، نېپىز تون، قىشلىقى قېلىن ( پاختىلىق ) تون كىيىدۇ. بۇ كىيىملەر يەرلىك قىزىل يىپ رەختتىن ( يەرلىك تىلدا خام دېيىلىدۇ ) ۋە رۇسىيىنىڭ گۈللۈك رەختى ۋە تىۋىت رەختتىدىن تىكىلىدۇ. ھاۋا سوغۇق كۈنلىرى سىرتلارغا بارماقچى ( سەپەرگە چىقماقچى ) بولسا، قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا كىيىۋالىدۇ. بۇ جۇۋا كۆرۈمسىز، مەينەت كۆرۈنسىمۇ، ناھايىتى ئىسسىق بولىدۇ. ئەرلەر بىلەن ئوغۇل بالىلار چاچ قويمايدۇ. دائىم چېچىنى چۈشۈرۈپ تۇرىدۇ ۋە يۇقىرىدا ئېيتقاندەك ھەر خىل تۇماقلارنى، دوپپىلارنى كېيىۋالىدۇ. ئەرلەرنىڭ يالاڭباش يۈرۈشى بەك سەت تۇرىدىغان چوڭ ئىش ھېسابلىنىدۇ. ئەرلەر، ئاياللار، باللار، ھەتتا بوۋاقلار كېچىسى تۇماق، بۆك كىيىپ ياتىدۇ. تۇماق، دوپپىلار ئادەتتە رەختتىن تىكىلىدۇ. قىشلىقى ئۇلار ھەرخىل تۇماق كىيىدۇ، يازلىقى گۈل تىكىلگەن دوپپىلارنى كىيىدۇ. موللىلار ۋە بايلار مەخسۇس سەللە ئورايدۇ. لېكىن روزى

ھېيتتا مەيلى باي، كەمبەغەل بولسۇن، ئەرلەرنىڭ ھەممىسى سەللە
ئورايدۇ. ھەتتا ئوغۇل باللارمۇ تون كىيىپ، سەللە ئوراپ، كېرىلگەن
ھالدا بازار چۆگىلەپ تاماشا قىلىدۇ.

پوتا باغلىمىغان ئەرلەرنى پەقەتلا چىلىقتۇرمىدىم. ئەرلەرنىڭ
ھەممىسى ئۇزۇن تاسما ياكى رەخت بىلەن بېلىنى باغلايدۇ. ئاندىن ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە رەڭدار، چاسا ياغلىقتىن پوتا باغلايدۇ. پوتىلارنىڭ تۆت
بۇرجىكىگە كەشتە تىكىلگەن بولىدۇ. پوتا ئۈچ بۇرجەك قىلىنىپ،
ئىككى ئۇچى ئالدىدىن چىگىلىدۇ. گۈللۈك بىر بۇرجەك كەڭ قىلىپ
كەينىدە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ؛ ياكى كەڭ، يوغان كۆمۈش توقا بىلەن ئې-
تىلىدۇ. پوتا - بەلۋاغلىرىغا ناس قاپىقى ياكى غىلاپلىق پىچاق ئېسىۋا-
لىدۇ. كىيىم بەلدىن چىڭ باغلانغانلىقى ئۈچۈن، بازاردا سودا قىلىدى-
غان چاغدا ئەسقاتىدىغان «ئامبار» ھاسىل بولىدۇ. ئەرلەر سېتىۋالغان
گۆش، پىمەكلىك قاتارلىق نەرسىلەرنى قوينىغا سېلىۋالىدۇ.

بىر كۈنى ئاشپىزىمىز بازاردىن قايتىپ كەلدى. ئۇ خۇددى يوغان
ئىدىشقىلا ئوخشاپ قاپتۇ، ئىرغاڭلاپ ئاران - ئاران ماڭىدۇ. ئۇ ئاشخا-
نىغا كىرگەندە، قوينىدىن شۇنداق جىق نەرسىلەرنى ئالدىكى، ھەيران-
لىقتىن ئاغزىم ئېچىلىپ قالدى. بۇ ئىش ماڭا سېرىكچىلەرنىڭ سېھىر-
گەرلىك ئويۇنىنى ئەسلەتتى. ھەممىمىز بىر كۈن يېگۈدەك نان، كۆك-
تات ۋە گۆش، ھەر تۈرلۈك قەغەز بولاقلار، ئاخىرىدا ئالتە دانە تىرىك
غاز ئۇنىڭ قوينىدىن چىقتى.

چاكارلىرىمىز ئېرىم كىيمەيدىغان كونا كىيىملەرنى سورىدى،
ئالغاندىن كېيىن قارىسام، كۆڭلەكنى شىمنىڭ ئىچىگە تىقىۋەتمەي،
چاپىنى بىلەن تەڭ ساڭگىلىتىپ كىيىپ يۈردى. شۇنىڭ بىلەن كېيىن
ئۇلارنى ئۆي ئىچىدە يەرلىك كىشىلەرنىڭ كىيىمىنى كىيىپ يۈرۈشكە
بۇيرۇدۇم.

بۇ يەردە ئەرلەر قونچى تىزىغا كەلگۈدەك ئۇزۇن ئۆتۈك كىيىدى-
كەن. ئۆتۈكنىڭ باشلىقى ۋە قونچى يۇمشاق كۆندىن قىلىنىدىكەن.
تالا - تۈزگە چىققاندا ئۆتۈك ئۈستىگە كالاچ كىيىۋالىدىكەن، ئۆيگە

كىرسە بوسۇغا تۇۋىگە سېلىپ قويىدىكەن. ئۆتۈك ئىچىگە كىگىز پايپاق كىيىدىكەن.

ئاياللارنىڭ كىيىمى ئەرلەرنىڭكىگە ئانچە ئوخشىمايدىكەن. ئاياللار رەڭدار رەختلەردىن كۆڭلەك، تامبال كىيىدىكەن. پۇلدار ئاياللار كەشتە تىكىلگەن يىپەك كىيىم كىيىدىكەن. ئۆي ئىچىدە چاققان، ئوچۇق رەڭلىك چىرايلىق جىلىتكە كىيىدىكەن، جىلىتكىنىڭ پەشلىرىگە زەر يىپتا گۈل تىكىدىكەن. جىلىتكە ئۈستىگە يەنە ۋال - ۋۇل رەختلەردىن كەمزۇل كىيىدىكەن. سىرتقا چىققاندا، ئوشۇقنى ياپقۇدەك ئۇزۇن نىمچا كىيىدىكەن. بۇ نىمچا ماتادىن، يىپەك رەختتىن، گۈللۈك رەختلەردىن تىكىلىدىكەن. ئىشقىلىپ، ھەر كىم ئەھۋالىغا يارىشا كىيىدىكەن. بۇنىمچا ئەرلەرنىڭ تونىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. بىرلا پەرقى، ئەرلەرنىڭكىدىن ئۇزۇن بولىدىكەن. مەيدىسىگە تاۋاردىن قىيىپ گۈل تىكىلىدىكەن. بۇ گۈللەرنىڭ ئاز كۆپلۈكى شۇ ئايالنىڭ نىكاھلىنىش ئەھۋالىنى بىلدۈرىدىكەن. يەنى ئۇنىڭ تۇل ياكى يېڭى توي قىلغانلىقى، ياكى چاكار ئىكەنلىكى دېگەندەك. ئەمما ئاياللار سەت تۇرىدۇ، دەپ بېلىنى باغلىمايدىكەن. ئاياللارنىڭ باش كىيىمى ئەرلەرنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشايدىكەن. ياشتا چوڭراق ئاياللار تالا - تۈزگە چىقسا يوغان تۇماق كىيىدىكەن ۋە يۇقىرىغا ئازراق ئۆرۈۋالىدىكەن. ئاياللار دائىم كىيىم ئۈستىگە ئاق نېپىز رەختتىن كەڭ، ئۇزۇن چاپان ( ئاق پەرەنجە - ت ) كىيىۋالىدىكەن. بۇ كىيىمنىڭ يېڭى بولمىسىمۇ، قولىنى ساپمىغاچقا، ئىككى ياندا پۇلاڭلاپ تۇرىدىكەن. يۈزىگە قېلىن چۈمبەل تارتىۋالىدىكەن. چۈمبەل يىپ رەختتىن تالالىرى زىچ، ناھايىتى نەپىس توقۇلىدىكەن. رومالنى تۇماق ياكى دوپپا ئۈستىگە ئارتىۋالىدىغان ئاياللارمۇ بار ئىكەن. بەزى ئاياللار يۈزىنى چۈمبەل بىلەن چىڭ ئورىۋالىدىكەن. مېنىڭ گۇمانىم بۇنداق ئاياللارنىڭ چىرايى ئادەتتىكىچە بولسا كېرەك. چۈنكى گۈزەل ئاياللار يۈز - كۆزىنى ئۇنداق چۈمكىۋېلىشنى خالىمايدۇ. نۇرغۇن قىز - چوكانلار ھەقىقەتەن بەك گۈزەل، جەلپكار ئىكەن. ئۇلارنىڭ چېكىسىگە قىسىۋالغان تىرناقگۈل، خىنىگۈل ياكى ئانار گۈلـ

لىرى مۆسىنگە مۆسىن قوشۇپ، تېخىمۇ چىرايلىق قىلىۋېتىدىكەن. ياش چوكانلار كەشتىلەرنى كۆزگە ئاسان چۈشىدىغان ئوچۇق، شوخ رەڭلەر بىلەن تىكىپ ئۆزىنى بېزەيدىكەن. رەڭلەرنىڭ ماسلىقىغىمۇ ئېتىبار قىلىمايدىكەن ۋە پەرقلەندۈرۈپ كەتمەيدىكەن. ئەمما تېگىدىن تەبىئەتلىك گۈزەل ئاياللار بولسا كۆز چاقنىتىدىغان بۇ رەڭلەرنى ناھايىتى ماسلاشتۇرىدىكەن.

ئاياللارمۇ ئادەتتە ئەرلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئۆتۈك كىيىدىكەن. لېكىن ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل تەن تۈزۈلۈشى ( پىگورىسىنى ) نامايان قىلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۆتۈكنىڭ پاشنىسىنى بەكلا ئېگىز قىلىدىكەن. بەزى ئۆتۈكلەر ھەر خىل رەڭدىكى خۇرۇمدىن تۈرلۈك گۈللەر چېكىلىپ تىكىلىدىكەن.

ئاياللارنىڭ ھەممىسى چاچنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ياما ئايرىيدىكەن. سۇمبۇل چاچلىرى قاغىنىڭ قانىتىدەك قارا، پارقىراق بولىدىكەن. ئالتۇن چاچ، كۆك كۆزلەرگە كىشىلەر ئۇنچە قىلىپ كەتمەيدىكەن. ئاياللار چاچلىرىنى ئۇششاق، تال - تال قىلىپ ئۆرۈۋالىدىكەن. چېچىنى نەچچە تال ئۆرۈشمۇ ئۇلارنىڭ نىكاھلىنىش ئەھۋالىنى چۈشەندۈرىدىكەن. قىزلارنىڭ چاچ ئۆرۈمى كۆپ، ئىنچىكە بولىدىكەن؛ ياشىنىڭ چوڭىيىشى بىلەن چاچ شالاڭلايدىكەن، لېكىن ئۆرۈمى توملايدىكەن. سېمىز ئاياللار ئىككى تاللا ئۆرۈۋالىدىكەن. ئۇلارنىڭ چېچى قۇندۇزدەك قارا، يىپەكتىن يالتىراق ۋە ناھايىتى چىرايلىق بولىدىكەن. چاچ ئاسان چۇۋۇلمايدۇ، پارقىراپ تۇرىدۇ، دەپ، ئۇلار چاچلىرىغا يېپىشقاق بىر نەرسىنى چېپىۋالىدىكەن. سەۋەب، قەشقەردە ئاياللار توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم مەرىكىلىرىدە، ئاندىن يۇيۇنۇپ، تارىنىپ چىرايلىق كىيىنىدىكەن. شۇڭا چېچىنى چىڭ چىمداپ ئۇزۇن تۇرىدىغان قىلىپ ئۆرۈش بەكمۇ زۆرۈر ئىكەن. ئاشۇنداق ئۇزۇن ۋاقىتتا تارالغان بولغاچقا، بەكمۇ چىرايلىق، پارقىراق كۆرۈنىدىغان سۇمبۇل چاچلار ئەمەلىيەتتە بەك مەينەت ئىكەن، پۇرايدىكەن. مېنىڭ يەرلىك ئاياللاردىن خاس خىزمەتكار ئالماسلىقىمدىكى بىر سەۋەب مۇشۇ،

ئەرلەر، ئاياللار كىيىمىنىڭ يېڭىنى بەك ئۇزۇن قىلىدىكەن. شۇڭا
بىرەر ئىش قىلماقچى بولسا، قولىنى «ئازادە» قىلىش ئۈچۈن، يېڭىنى
تۈرۈۋېتىدىكەن.

سىز بازار ياكى باشقا جايدا ئىككى ئەر كىشىنىڭ ئات ـ كالا
ياكى پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنى سودا قىلغاندىكى ئىشلىرىنى كۆرسە-
ڭىز، ئاجايىپ قىزىق بولىدىكەن. ئىككىيلەن ئاۋۋال بىللە ماڭىدىكەن-
دە، ئوڭ قولىنى قارشى تەرەپنىڭ يېڭى ئىچىگە تىقىپ سىرلىق ھەر-
كەتلەرنى قىلىشىدىكەن. مەسىلەن، نەچچە بارماقنى چىقارسا، باھا
شۇنچە پۇل بولىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش، ياكى بولمىسا ھەر كىم ئۆز قو-
لىغا نەچچە قېتىم ئۇرسا، باھا شۇنچە بولىدىكەن. مەن ئۇلارنىڭ زادى
قانداق شەكىلدە پۈتۈشىدىغانلىقىنى زادىلا بىلەلمىدىم. پەقەت ئىككى ئا-
دەمنىڭ چاپلىشىپ دېگۈدەك تۇرغانلىقىنى، قارشى تەرەپنىڭ يۈزىگە تى-
كىلگىنى، باش چايقىغىنى ياكى باش لىڭشىتقىنىنى، تۇرقىنىڭ سالا-
پەتلىك تۈس ئالغىنى، ئاخىرىدا باھانى بېكىتكىنىنى. ئارقىدىنلا بىر-
بىرىدىن قولىنى ئاجرىتىۋېلىپ، ساقىلىنى سىلىغانلىقىنى، پۇلنى سات-
قۇچىغا تاپشۇرغانلىقىنىلا كۆردۈم. سودا مانا مۇشۇ تەرىقىدە پۈتىدىكەن.
ياندا بىر مۇنچە ئادەم بۇلارغا قاراپ تۇرسىمۇ، سودا ئىككى ئادەم ئوتتۇ-
رىسىدىلا، مەخپىي ئېلىپ بېرىلىدىكەن.

ئۇزۇن يەڭنىڭ ئىشلىتىش ئورنى كۆپ ئىكەن. سوغۇق كۈنلەردە
قولىنى ئىسسىتقىلى، قول ياغلىق ئورنىدا ئىشلەتكىلى، شۇنداقلا قاققۇچى
ياكى دەسمال قىلغىلى بولىدىكەن. قەشقەرلىكلەر كەمسىتىش ياكى
ىزالىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولسا، بۇرنىنى يېڭىدە ئېتىۋالىدىكەن. بەزى
اياللار يېنىمدىن ئۆتكەندە، بىر ئىككى قېتىم مۇشۇنداق قىلدى. ئەمما بۇ
ەھۋال كۆپ كۆرۈلمىدى. بۇنىڭدىن خۇشالمەن! كۆپ ھاللاردا ئۇلار
وختاپ بىز بىلەن سالاملىشىدۇ. ئەرلەر ئاتلىق ياكى ئېشەكلىك يېنىمىز-
ن ئۆتۈپ قالسا، دەرھال ئات ياكى ئېشەكتىن چۈشۈپ بىزگە سالام
رىدۇ. ناۋادا پىيادە ماڭغان بولساق مىنىۋېلىڭلار دەپ ئاتلارنى ئالدى-
زغا ئەكىلىدۇ. ئۇلار ئات ـ ئېشەك سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمەيدىغان ئا-

دەملارلا پىيادە ماڭىدۇ، دەپ ئويلىغاچقا، بازاردىكى ئاتخانىلاردا شۇنچە ئات بىكار تۇرسا نېمىشقا پىيادە ماڭدىڭلار، دەپ ئىچى پۇشىدۇ.

قولنى يوشۇرۇش بۇ يەردە بىر خىل ھۆرمەتنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر بىرەر ئادەم ئۆزىدىن چوڭ، پۇلدار، مەرتىۋىلىك ئادەملەرنى كۆرۈپ قالسا، ھەرگىز قولىنى كۆرسەتمەيدۇ. شۇ چاغدا ئىككى قولى بوش بولماي قالسا ئۇ باشقا گەپ.

قەشقەرگە يېڭى بارغان چېغىمدا، بازاردا چەت ئەل ماللىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئىنتايىن باپلار ئېسىل كېيىنگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەملەرنىڭ كۆپى شۇ جايدا توقۇلغان قىل ماتادىن كىيىم كىيەتتى. ئۇ چاغلاردا رۇسىيىدە ئىشلەنگەن كۈندىلىك بۇيۇملار تېپىلمايتتى. قەنتمۇ كەمچىل ئىدى. شۇڭا بۇ شەھەرنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان كونا قېلىپىنى ساقلاپ كەلگەنلىكى، كوچىلىرى، بازارلىرى، ئۆرپ - ئادىتىنىڭ كونا پېتى تۇرغانلىقىنى ئويلىسا، ئادەمگە تولىمۇ قىزىق تۇيۇلىدۇ: ئادەملىرىنىڭ كىيىنىشى، يېمەك - ئىچمىكى، تۇرالغۇ ئۆيلىرى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭكىدىن ھېچقانداق پەرق قىلمايتتى. بىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگەندىكى ساياھەت شەكلىمىزمۇ ماركو پولونىڭ 8 - ئەسىردە قۇبلاي خاننىڭ ئوردىسىغا كەلگۈچە بۇ جايلاردىن ئۆتكىنىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ئادەمگە ئاجايىپ تۇيۇلىدىغانلىقىمۇ گەپ كەتمەيدۇ.

ئەمما، مەن كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ شەھەردە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. توپ - توپ سودا كارۋانلىرى رۇسىيە ۋە ھىندىستاندىن رەخت، كۈندىلىك بۇيۇم، تۈرلۈك سايمان، ئەسۋاب، ئۆي جابدۇقلىرى، ئۆيلەرگە تىزىدىغان نەرسىلەر، قەنت، ئۇن قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەكەلدى. شۇنىڭ بىلەن باي سودىگەرلەر ياۋروپا پاسونىدا ئۆي - ئىمارەت سېلىپ، شىرە، ئورۇندۇق ئىشلىتىشكە باشلىدى؛ ئادەتتىكى ئادەملەرمۇ رۇسىيىدە توقۇلغان قوپال چىت رەختلەردىن كىيىم كىيىدىغان بولدى. بۇ رەختلەرنىڭ كۆپىگە شاپتۇل چېچەكى رەڭلىك يوغان - يوغان ئەتىر گۈللەرنىڭ نۇسخىسى بېسىلغاچقا، ئادەمنىڭ كۆ-

زىنگە تازا سىغمايتتى. قەشقەرگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، بىر ئىش مېنى قاتتىق ھەيران قالدۇردى. مەن بىر چاكارنى بىر باغلام ئاق يىپ ئەكـ- لىشكە بۇيرۇسام، بىر ئورام ئەكەپتۇ. ماركىسىغا قارىسام رۇسچە بىزگە تونۇش «coats» دېگەن خەت تۇرىدۇ. بۇ يەردىكى تىككۈچىلەرمۇ سىنگېر ماركىلىق كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى ئىشلىتىشكە باشلىدى. لې- كىن قارىغىنىڭ، تار بازار كوچىلىرىدىكى دۇكانلاردا بىرەرسى ئۇخىل كە- يىم تىكىش ماشىنىسىنى ئىشلەتسە غەلىتە كۆرۈنىدىكەن.

مەن كونا شەھەر كوچىلىرىنى بىرىنچى قېتىم پىيادە ئارىلىغان چاغدا كۆرگەن ــ ئاڭلىغانلىرىمنى زادىلا ئۇنتۇمايمەن. بىز چىنىباغقا ئەڭ يېقىن شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگىنىمىزدە، يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا سۇ يىغىلىپ قالغانىكەن. مەن ئاتلاپ ئۆتمەكچى بولغانىدىم، قورايدەك ئو- رۇق، سېۋەت يۈدۈۋالغان بىر خەنزۇ بوۋاي كېلىپ قالدى. ئۇ سېۋەتنى سۇغا كۆمتۈرۈپ قويدى ــ دە، سەممىيلىك بىلەن ماڭا قولىنى ئۇزاتتى ۋە مېنى سېۋەتكە دەسسىتىپ ئۆتكۈزۈپ قۇرۇق يەرگە چىقىرىپ قويدى. ئۇنىڭ شۇنچىلىك ئەتراپلىق ئويلىغىنى ۋە بۇنى قىلغانىدىكى ئېسىل پەزى- لىتىدىن قاتتىق تەسىرلەندىم. مېنى يەنىمۇ تەسىرلەندۈرگىنى، ئۇ قول ئىشارىسى بىلەن ماڭا بۇنى مىننەتدارلىق ياكى ھەق ئېلىش ئۈچۈن قىلـ- مىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

شۇ كۈنى مەن بازارغا كەلگەندە، قايناق مەنزىرە كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى: ئەتراپىمىزغا توپ ــ توپ ئادەملەر ئولاشتى؛ ئاياللار ۋە با- لىلار مېنىڭ كىيىملىرىمنى تۇتۇپ بېقىشتى ۋە ماڭا قىزىقسىنىش نەزەرىدە قاراشتى. كېيىن بىزنى شۇنداق زىچ ئورىۋالدىكى، بىر قەدەممۇ ماڭالماي قالدۇق. ئۇلار بىزگە دۈشمەنلىك قىلمايتتى، پەقەت قىزىقاتتى.

شۇ قېتىمقى بازار ئايلىنىشتىن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندە، مەن يەنە بىر قېتىم بازار ئايلاندىم. ئەلۋەتتە، مەن قەشقەردىن پۈتۈنلەي ئايرىلىدىغان ۋاقىتقىچە، بازارنى ئۆزۈم يالغۇز ئايلىنىدىغان، كىشىلەر ئانچە ئارقامغا كىرىۋالمايدىغان بولدى. سەۋەب، ئۇنىڭغىچە ئۇلار چەت ئەللىكلەرنى خېلى كۆپ كۆرۈپ كۆنۈپ قالدى ۋە ئۇنچە دىققەت قىلىپ

كەتمەيدىغان بولدى.

بىر كۈنى بىز ئېتىز ئارىلاپ سەيلە قىلىۋاتقاندا، ئىككى ئەر كىشى ئارقىمىزغا كىرىۋالدى ۋە مېنىڭ كىملىكىمنى قىياس قىلىپ سۆزلىشىپ كېتىشتى. بىرى، ئۇ بىلىنى باغلىۋاپتۇ، ئايال ئەمەس، دېسە، يەنە بىرى بەلكىم ئۇ ئەر بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ شىمى كۆرۈنمەيدۇ، لېكىن چېچىمۇ يوق تۇرىدۇ، دېدى. ئاخىردا ھەر ئىككىسى، ئۇنىڭ ساقىلى يوق ئىكەن، ئايال كىشىدەك قىلىدۇ، دېگەن يەرگە كېلىشتى، دېمەك، ئۇلار مېنىڭ كىيىنىشىمدىن قايمۇقۇپ قالغانىدى.

بىر كۈنى بىر كەپسىز بالا يۈگۈرۈپ ئالدىمغا ئۆتۈپ يۈزۈمگە ئۇزۇن قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن: «مايمۇنغا ئوخشايدىكەن!» دەپلا يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى.

## ئالتىنچى باب

# قەشقەر يېڭى شەھەر، يېڭى شەھەردە خەنزۇلارنىڭدە تۇنجى قېتىم مېھمان بولۇش

بىر كۈنى تىتەي بىلەن خانىمى بىزنى يېڭى شەھەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان بىر زىياپەتكە چاقىرىپ ئېرىم ۋە ماڭا ئايرىم – ئايرىم باغاق ئەۋەتىپتۇ.

بۇ قارلىغاچ چاڭگىسى ۋە چوشقا كۈچۈكى كاۋاپلىرىدىن تارتىپ ھەممە نەرسە بار ئالىي دەرىجىلىك زىياپەت ئىدى.

تىتەي ئەر – ئايال ئەۋەتكەن باغاق ئىككى ئىنگلىزچىسى ئۈزۈنلۇقتىكى. ئالتە ئىنگلىز سۇڭى كەڭلىكتىكى ئۈزۈن قىزىل قەغەزگە يېزىلغان، ئۈچ قاتلىنىپ يوغان قىزىل لىپاپىغا سېلىنغانىدى. باغاق خەنزۇچە يېزىلغان. ئىنگلىزچە مەنىسى ئاساسەن مۇنداق:

«مۆھتەرەم ئالبىلىرى خانىم، 1 – ئاينىڭ 6 – كۈنى چۈشتە خانىمىزغا مەرھەممەت قىلۇرلا. خىزمەتلىرىدە بولغايمىز.» ئادەت بويىچە ئەگەر بىز تەكلىپنى قوبۇل قىلساق، باغاقنى ئېپقالاتتۇق.

ئەگەر بىزنى 2 – دەرىجىلىك زىياپەتكە چاقىرسا، ئۇنىڭدا چوشقا كۈچۈكى كاۋىپىلا بولاتتى، قارلىغاچ چاڭگىسى شورپىسى قويۇلمايتتى. تەكلىپنامە قىزىل باغاققىلا يېزىلاتتى ھەمدە زىياپەتكە قاتنىشىدىغان مېھمانلارنىڭ ئىسىملىكى بولاتتى. چاقىرىلغان مېھمان تەكلىپنى قوبۇل قىلغان – قىلمىغانلىقىنى ئۆز ئىسمى يېنىغا ناھايىتى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن يېزىپ قوياتتى – دە، باغاقنى باغاق ئەكەلگۈچىگە بېرىۋېتەتتى.

زىياپەت چۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئەتىگەندىرەك يولغا چىقىشىمىز لازىم ئىدى. يەنە كېلىپ مېنىڭ يېڭى شەھەرنى ئوبدانراق كۆرۈۋالغۇم بار ئىدى. مەن بەكمۇ ساددىلىق بىلەن كونا شەھەر بىلەن يېڭى شەھەرنىڭ ئارىلىقى ھېچقانچە يىراق ئەمەس. ئاتقا قارىغاندا جاپالىقراق بولسىمۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ مەپىسىگە چۈشۈپ بارايلى، دەپ ئويلىدىم. سەۋەب تىنتەينىڭ يامۇلىغا بارغاندا، ئۇلارنىڭ بىزنى قارشى ئېلىپ پوجاڭزا ئاتىدىغانلىقى ماڭا مەلۇم ئىدى. شۇڭا بۇنداق سورۇندا ئات مىنىشنى خالىمايتتىم. مەن پوجاڭزا ئېتىلغان چاغدا، قېچىر ئانچە بەك ئۈركۈمەيدۇ، دېگەن قاراش بىلەن، خەنزۇلارنىڭ بىر مەپىسىنى ياللىۋالدۇق. مەپە خېلى پاكىز ئىدى، مەپىچىمۇ مەپىنى سىلىق ھەيدەيتتى. مەپە ساندۇق شەكلىدە بولۇپ، ئۈستى يۇمىلاق ئىدى؛ تۆت ئەتراپى ھەر خىل ئىلمەكلەر بىلەن بېكىتىلگەن، ئۈستى گۈل چىقىرىلغان قارا رەختلەر بىلەن بېزەلگەن كۆك رەخت يېپىلغان. نۇمۇسچان دۇرۇس ساھىبجامالارنى نامەھرەمدىن قاچۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى تەرەپكە مەخسۇس پەردە تارتىلغانىدى. قەشقەردە بۇنداق مەپىلەر كۆپ بولۇپ، بۇلار خەنزۇلارنىڭ كىرا مەپىسى ئىدى. بۇنداق مەپىلەردە پۇرژىنا يوق. مەپە ساندۇقى بىۋاستە يوغان ياغاچ چاقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوققىلا بېكىتىلەتتى. خەنزۇلار قىزىل رەڭنى ياخشىلىقنىڭ بەلگىسى دەپ قارىغاچقا، باشقا نەرسىلەرگە ئوخشاش مەپە چاقىنىمۇ قىزىل رەڭدە بوياۋەتكەنىدى.

چاكارلىرىمىز مەپىگە بىر مۇنچە ئەدىيال سالدى ۋە سىلكىنىپ كەتمىسۇن دەپ بىر قانچە ياستۇق قويدى. مەن مەپىگە چىقتىم- دە، ئەمدى بىز زىياپەتكە بۇ مەپىدە راھەت ئولتۇرۇپ بارىدىغان بولدۇق، دەپ ئويلىدىم. ئەمما چوڭ يولغا چىقىپلا، ئۆزۈمنىڭ قاتتىق خاتالاشقانلىقىمنى بىلدىم. چوڭ يول ئوي- دۆڭ ئىدى. بىر مۇنچە ئېرىقمۇ چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتەتتى. مەپىچى ھېلىدىن- ھېلى يەرگە سەكرەپ چۈشۈپ، قېچىر بىلەن تەڭ يۈگۈرگەچ، تىنماي قېچىرنى قامچىلايتتى. قېچىر بار كۈچى بىلەن چېپىپ كىچىكرەك بىر دۆڭدىن، ئاندىن قىيپاش

كەتكەن بىر ئېرىقتىن ئۆتتى . ئېرىقتىن ئۆتكۈچە مەپە قاتتىق چايقىلىپ ،
مەن ھېلى ئالدىمغا ، ھېلى كەينىمگە ئۈچۈپ بەك بىئارام بولدۇم . ئارقى-
دىن مەپىكەش چاققانلىق بىلەن لىككىدە مەپە شوتىسىغا چىقىۋالدى ،
مەپە دۆڭدىن چۈشۈشكە باشلىدى . شىلەپەمنى رۇسلاپ كىيىۋالدىم ،
پۈتۈن ئۈستىخانلىرىم چېقىلىپ كەتكەندەك بولۇپ كەتتىم . شەھەر سې-
پىلىدىن چىققاندىن كېيىن ، مەپە ئەگرى - بۈگرى يولدا ئالغا ئىلگىر-
لىدى . قېچىرنىڭ بوينىدىكى كولدۇرمىنىڭ جىرىڭلىشى مەپىكەشنىڭ
مۇزىكىدەك رىتىملىق ھايت - ھۇيتلىرىغا تەڭكەش بولاتتى . مەپىكەشنىڭ
قامچا ئوينىتىپ تىنىماي توۋلىشى قېچىرغا نىشان كۆرسىتىش ۋە ئۇنى
ئېتىكلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىدى . قېچىردا يا بويۇنتۇرۇق ، يا ئېغىز دۇرۇق
يوق ، بوينىغا ئارغامچىلا چېگىلگەچكە ، مەپىچى ئۇنى ھايت - ھۇيت بى-
لەنلا باشقۇراتتى .مەپە ناھايىتىمۇ ۋەيرانە ، مېڭىش تەس بىر يولغا كەل-
گەندە ، مەپىچى ئازراقمۇ ئاستىلىماي چېپىپ كېتىۋاتقان مەپىدىن خۇددى
سېرىك ئارتىسلىرىدەك چەبدەسلىك بىلەن سەكرەپ چۈشتى . قەشقەر
رايونىنىڭ يوللىرى ئوي - دۆڭ ، ئېگىز - پەس ، ئۇشۇقتا كەلگىچە توپا
بولغاچقا ، پۇرژىنىسى يوق مەپىدە ئولتۇرۇپ ، بۇ يولدا ھېچقانداق ماگ-
مايلا جۇلىقمىز چىقىپ كەتتى .

كونا شەھەر ئاستا - ئاستا كەينىمىزدە قالدى . مەپە شۇ چاپقانچە
ىڭشىپ تۇرغان ، تۆشۈك - تۆشۈك بىر كۆۋرۈككە كەلدى . كۆۋرۈك-
تىن ئۆتۈپ ، بىز يېڭى شەھەرگە بارىدىغان كەڭ ، تۈز يولغا چىقتۇق .
ولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تېرەكلەر ئاسمانغا بوي تارتقان . سۆگەتلەر
چىلۇە بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشكەنىدى . يولدا ئادەم كۆپ . كىشىلەر ئات-
ىق ، ئېشەكلىك ، ھارۋىلىق يېڭى شەھەرگە قاراپ ئاقماقتا .

خەنزۇلارنىڭ ئۆيلىرى ، ئېتىزدا ئىشلەۋاتقانلارنى كۆرگىنىمىزدە ،
ن يېقىنلەپ قالدىم . كۆپ ئۆتمەي ، شەھەر سېپىلى ، سېپىل ئۈستى-
كى مۇنار شەكىللىك راۋاق كۆزگە چۈشتى . بىز بىر تىقما - تىقماق
زارغا كەلدۇق . بازاردىن ئۆتۈپ شەھەر دەرۋازىسىغا ، دەرۋازىدىن كى-
پ يېڭى شەھەرگە يېتىپ كەلدۇق . ئەسكەرلەر ئىككى چەتكە تىزىلىپ

بىزنى قارشى ئالدى.

يېڭى شەھەر كونا شەھەرگە ئوخشىمايدىكەن. ئۇنىڭدىن كىچىك ئەمما يېڭىراق ئىكەن. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قاتار كەتكەن دۇكانلار بار. ئاشپۇزۇللار ئانچە ياخشى بولمىسىمۇ، بېشىغا قارا ياغلىق چېگىۋالغان ئەسكەرلەر بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ.

مەپە ناھايىتى يوغان بىر دۇكان ئالدىدا توختىدى. دۇكاندار دەرھال چىقىپ بىزنى ئىنتايىن قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۆزىنىڭ خاس ھۇجرىسىغا باشلاپ، ئۇنىمىغىنىمىزغا قويماي چاي راسلىدى. ئۇ توپ-توپ تاۋار-دۇردۇنلارنى ئاچقىتى. بۇ رەختلەر بەك يۇمشاق، سىلىق، پارقىراق، گۈللىرى، نۇسخىلىرى خىلمۇ خىل بولۇپ، بەك چىرايلىق ئىدى. ئۇ يەنە ئاجايىپ نەپىس قۇتىلارغا قاچىلانغان قاشتېشىدىن ياسالغان تۈرلۈك نەرسىلەرنى ئاچقىتى؛ يەنە بەزى ئۇششاق-چۈششەك بېزەكلەر ۋە كۆكتارغاقنىڭ پەيلىرىدىن قىلىنغان چاچ بېزەكلىرى، مارجان، مەرۋايىت، فار فور بۇيۇملار، ناھايىتى چوڭ ۋە بەكمۇ چىرايلىق لوڭقا، چىنە-چەينەك قاتارلىق نەرسىلەرنى تۆكۈۋەتتى. بۇ نەرسىلەر بەكمۇ نەپىس، نۇسخىلىرى چىرايلىق ئىدى. ئەمما باھاسىنى ئاڭلىسا قىممەتلىكىدىن ئادەمنىڭ ئىختىيارسىز دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتەتتى.

قەشقەرگە بۇ خەنزۇ سودىگەرلەر تيەنجىندىن كەلگەنىكەن، سودا-سېتىق قىلغان، دۇكان ئاچقاندىن سىرت، سەرراپچىلىق، جازانىخورلۇق ئىشى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىكەن. مېلى كىم بىلەن سودا قىلمىسۇن قاتتىق سودىلىشىدىكەن. ھازىر تۇغقاندەك يېقىنچىلىق قىلغان ئادەم، بىردەمدىلا بار كۈچىنى ئىشقا سېلىپ سىزنى قارماققا ئىلىندۇرماي قالمايدىكەن. ئەمما بۇنى خۇش تەبەسسۇم بىلەن، سىزنى ماڭا ئەجەپ يېقىنچىلىق قىلدى، دېگەن ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ قىلىدىكەن.

بىزمۇ ئەنە شۇنداق دوستانە ئاساستا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت باھا تالىشىپ كىچىكرەك بىر نەچچە نەرسە سېتىۋالدۇق. بۇ نەرسىلەرنىڭ مۇۋاپىق باھاسىنى بىلەلمەسلىك ئادەمنى تەڭلىكتە قوياتتى. بىراق ھەممىلا مالدا ئەھۋال شۇنداق ئىدى. ھەتتا يېمەك-ئىچمەك، ئائىلىگە كې-

خىل مۇشۇ قانائەتلەنمەيدىغان ئادەم بۇيۇملارنىمۇ كۈندىلىك كېرەكلىك ئۇسۇلدا سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولاتتى. چۈنكى بۇ يەردە ھېچقانداق نەرسىنىڭ مۇقىم باھاسى يوق ئىدى. شۇڭا مەن قەشقەردە ئۆيگە لازىملىق ھېچقانداق نەرسىنى ئۆزۈم سېتىۋالماي، چاكارلارنى ئەۋەتىپ ئەكەلدۈرەتتىم. سەۋەبى، مەنلا چىقسام ماللارنىڭ باھاسى ئاسمانغا چىقىپ كېتەتتى.

ۋاقىت تېز ئۆتۈۋاتاتتى، بۇ چىرايلىق، ئېسىل ماللارنىڭ ئارىسىدا يۈرسەك، تىتەينىڭ ئۆيىگە زىيايەت باشلانغۇچە بىرىپ بولالمايتتۇق.

مەپىمىز تار، ئەگرى - بۈگرى كوچىدا كېتىۋاتاتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە خەنزۇ ئەسكەرلەر، ھەر خىل كىيىنگەن يەرلىك ئاياللار بىزگە قاراپ تۇراتتى. بىز شەھەردىكى بىردىنبىر بۇتخانىدىن (يېڭى شەھەر تىياتىرخانىسىمۇ شۇ بۇتخانا ئىچىدە ئىدى) تىتەي يامۇلىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدۇق. يول بويى مەن بۇ شەھەرنىڭ شۇنچىلىك ۋەيرانە، خارابىلىقىنى، پۈتۈن شەھەردە كۆزگە چۈشكۈدەك تۈزۈكرەك بىرمۇ ئىمارەت يوقلۇقىنى، بىردىنبىر بۇتخانا بىلەن تىياتىرخانىسىمۇ بەك كونا، خاراب ھالدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بەكمۇ ھەيران بولدۇم. چۈنكى مەن بۇ شەھەرنى بۇ ھالەتتە دەپ زادىلا ئويلىمىغانىدىم.

تىتەي بىزنى كۈتۈۋېلىشقا ئەۋەتكەن ئادەملەر دەرۋازا ئالدىدا تۇرغانىكەن. بىزنى كۆرۈپلا يۈگۈرۈپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەلگىنىمىزنى خەۋەر قىلدى. پوجاڭزىنى تەييار قىلىپ تۇرغانلار دەرھال پوجاڭزىغا ئوت ياقتى. قورۇغا كىرىشىمىز بىلەن پاراس - پۇرۇس ئېتىلغان، قۇلاقنى پاڭ قىلغۇدەك پوجاڭزا ئاۋازى بىزنى قارشى ئالدى. قورۇدىكى تۇرغۇن ئات ئۈركۈپ چاپچىپ كەتتى. بىراق مەپىمىزنىڭ قېچىرى خېلى پىشقان، بۇنداق سورۇنلارغىمۇ خېلى كۆنۈك ئىكەن، غېمىدە يوق بىرخىلدا كېتىۋەردى.

ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر تامغا ۋەھشى بىر ئەجدىھانىڭ رەسىمى سىزىلغانىكەن. خەنزۇلارنىڭ قورۇلىرى ئىشىكى ۋە بۇتخانا ئىشىكلىرى ئالدىدا جىن - ئالۋاستىلارنىڭ ئۆيگە كىرىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن

قىلىنغان مۇشۇنىڭدەك تۇسۇق تام بولىدىكەن. جىن ـ ئالۋاستىلار ئە-
گىپ مېڭىشنى بىلمەي ئۇدۇللا ماڭىدىغان بولغاچقا، شامال تۇسىدىغانغا
ئوخشاش بۇنداق تاملار ئۇنى توسۇۋالىدىكەن. بىز بۇ تامدىن «ئامان ـ
ئېسەن» ئايلىنىپ ئۆتۈپ، چوڭ قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدۇق. تىنتەي
بىلەن خانىمى چىقىپ بىزنى كۈتۈۋالدى. ئامانلىق سورىشىپ بولغاندىن
كېيىن، بىزنى قولىمىزدىن تۇتۇپ تۆر ئۆيگە باشلىدى.

قائىدە بويىچە ئېرىم بىلەن مەن ئايرىم ـ ئايرىم ئۆيگە كىرىپ
ئولتۇراتتۇق، زىيابەت تۈگەپ، يامۇلدىن كېتىدىغان چاغقىچە بىر ـ بە-
رىمىزنى كۆرمەيتتۇق. ئۆيگە كىرىپ شۇنىتىسىيلىك ئىككى دىن تارقات-
قۇچىنىڭ خانىملىرىنىڭمۇ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ سەل يېنىكلەشتىم. بەل-
كىم ئۇلار بۇ يەردىكى چاكارلار بىلەن ئۇيغۇرچە سۆزلىشىشى مۇمكىن،
ئېھتىمال بۇ يەردىكى خانىملارمۇ ئۇيغۇرچىنى ئازدۇر ـ كۆپتۇر بىلىدى-
غاندۇ. ئۇلاردىن باشقا بىرنەچچە جۇڭگولۇق مېھمانلارمۇ ئولتۇراتتى.

كېيىن ئۇلار بىزنى يوغان، كەڭ ئەمما جاھازىلىرى ئاددىيلا بىر
ئۆيگە باشلىدى. ئۆينىڭ بىر بۇرجىكىدە يەردىن ئۈچ ئىنگلىز چىسى
كۆتۈرۈلگەن كاڭ بار ئىدى. ئايال ساھىبخان مېنى كاڭغا باشلىدى.
كاڭ تاشتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، بەئەينى يوغان بىر ئوچاققا ئوخشايتتى.
قىش كۈنى ئوت قالانسا ئىسسىق بولاتتى. كاڭغا قىزىل كىگىز سېلىن-
غان، يۆلىنىدىغانغا بىرقانچە ياستۇق شەكىللىك نەرسە قويۇلغانىدى.
كىشىلەر كاڭدا كېچىسى ياتاتتى، كۈندۈزى مېھمانلارنى كۈتۈۋالاتتى.
كاڭنىڭ لېۋىگىرەك بىر ئىنگلىزچىسى ئېگىزلىكتە بىر شىرە قويۇلغانىدى.
ساھىبخان بىلەن ئولتۇردۇم. ئىككىمىز شىرەنىڭ ئىككى تەرىپىدە، مەن
ساھىبخانىنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇردۇم. شىرەدە چاي چىنىلىرى بىلەن
چەينەك تۇراتتى، كاڭ شۇنداق ئىسسىق ئىدى.

ئۆينىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ناھايىتى ئېگىز بىرنەچچە چاسا جوزا،
جوزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرسا ئادەمگە تازا ھوزۇر بېرەلمەيدىغان چاسا ئو-
رۇندۇق بار ئىدى، ئورۇندۇقلارغا كىچىك كۆرپىچىلەر سېلىنغانىدى. بۇ
ئۆيدە ھەممىلا نەرسە — ئۆي جاھازىلىرى قېنىق قىزىل رەڭدە، كۆرپە-

لەر ئۇچۇق قىزىل رەڭدە ئىدى. ئامما ئۈچ پارچە ھۆسنىخەت ئېسىلغان،
جوزىلارغا چىرايلىق بىر قانچە لوڭقا قويۇلغان. دېرىزە ئاھايىتى نەپىس
روجەكلەرگە بۆلۈنۈپ قەغەز چاپلانغانىدى.
مەن يېڭى كەلگەنلىكىم ئۈچۈن، مېھمانلارنىڭ ھەممىسى مېنى
ئوراپ ئولتۇرۇشتى ۋە ماڭا ئوچۇق، ئىللىق مۇئامىلە قىلدى. كىيىم-
كېچەكلىرىمنى بەكمۇ كۆرگۈسى كەلدى. ئۇلار تېرە پەلتويۇمنى قايرىپ
ئىچىمدىكى كىيىملىرىمنى كۆرۈپ، تۇتۇپ بېقىشتى، شىلەپەمدىكى ئۇ-
قىنى چېكىپ كۆردى، مەن كىيگەن، ئۆزۈمگە بەكلا ياراشقان قىشلىق
كىيىمىمگە قىزىقىپ قالغاندەك قىلاتتى. قارا ئايىغىم بىلەن ئۆزۈن پايپى-
قىمغا ئاجايىپلا ھەۋەس قىلىشتى. لېكىن ئۇنچە ئالقىشلاپ كەتمىدى.
ياش، ئورۇق، ۋىجىك ئاياللار ئۇچلۇق، كىچىككىنە تاۋار ئاياغلىرىنى
سېلىپ پۇتىنى ئايىغىمغا سېلىشتۇرۇپ بېقىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.
ئۇلارنىڭ ئايىغىمنى شاڭخو قىلىپ كۈلگەنلىكىنى بىلىپ دەرھال كۆڭلە-
كىم بىلەن ئايىغىمنى يېپىۋالدىم ۋە ئۇلارنىڭ بۇ سەت، قارا نەرسىنى
ئۇنتۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلدىم. مەن تازا بىئارام بولۇپ تۇرغاندا، چا-
كار كىرىپ زىياپەت تەييار بولغانلىقىنى خەۋەر قىلىۋىدى، كۆڭلۈم ئارا-
مغا چۈشۈپ ئۇھ دېدىم.
ئايال ساھىبخان مېنى شىرەگە باشلىدى ۋە سول تەرىپىدىكى
باش ئورۇندا تۇردى. چاكارنىڭ قولىدىكى كىچىك رومكىنى ئېلىپ،
پېشانىسىگىچە كۆتۈرۈپ قويۇپ، شىرەنىڭ ماڭا يېقىنراق يېرىگە قويدى.
ئاندىن بىر جۈپ چوكىنى ئېلىپ، بايىقى ھەرىكىتىنى قايتىلىدى. مېنى
كۆتۈرەلەمدۇ، يوق دېگەندەك ئورۇندۇقنى مىدىرلىتىپ بېقىپ، ئاندىن
ئۈستىدىكى توپا-چاڭنى يېڭى بىلەن سۈرتىۋەتتى. بىز ھەممىمىز ئور-
نىمىزدا ئولتۇرۇپ بولغۇچە ئۇ بايىقىدەك قائىدىنى بىرمۇبىر ئورۇنداپ
چىقتى.
بىز چاسا شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇردۇق. شىرەگە كىچىك تەخ-
سىلەر تىزىلغان، ئۇنىڭغا ھەر خىل تەم تەڭشىگۈچلەر قويۇلغانىدى.
قورۇملار چىقىشقا باشلىدى. بىرىنچى بولۇپ سۇڭخۇادەن ( ھاك بىلەن

پىشۇرۇلغان تۇخۇم ) تارتىلدى . بۇ تۇخۇم ھاكقا ئۇزۇن ۋاقىت چىلاپ
پىشۇرۇلاتتى . تەمى بىز تەسەۋۋۇر قىلغاندىن ياخشى ئىدى . ئاۋادا بۇ
زادى نېمىگە ئوخشايدىغاندۇ ، تەمى قانداقتۇر ، دەپ باش قاتۇرىدىغانلار
بولسا ، جاۋابىم شۇكى ، ئۇ گېكىن زولانىڭ ئاق پىشلىقىغا[1] ئوخشايدۇ ،
يېقىملىق بولىدۇ ، تەمى خېلى ياخشى . ئۇ ھەرگىز بۇزۇلۇپ قالغان تۇخۇم
ئەمەس . ئارقىدىن 40 خىلدەك قورۇما ، تاماق كەلتۈرۈلدى — گۆشلۈك
تاماق ، كۆكتات قورۇمىسى ، توخۇ ، ھەرخىل قورۇتۇلغان بېلىق ، دېڭىز
ئادەمگىياھى ، غاز ، بېلىق قانىتى ، خەيدەي ، ئىلۇپەر غولى ، ھەر تۈرلۈك
موگۇ ، تاتلىق يېمەكلىكلەر ، يەنە ھەرخىل ، بەكمۇ تەملىك غىزالار ،
چوشقا كۈچۈكى كاۋىپى . بۇ بەك چۇرۇك ، مەززىلىك بولىدىكەن . ئەڭ
ئاخىرىدا قارلىغاچ چاڭگىسى شورپىسى قاتارلىقلار كەلتۈرۈلدى . چوكىغا
ئاسان چىقىدۇ ، دېدىمۇ ، ھەممىلا قورۇما - سەيلەر ئۇششاق توغرالغا-
نىدى .

قارلىغاچ چاڭگىسى شورپىسىنى زور قىزىقىش بىلەن ئىچىپ باق-
تىم . ئىلگىرى كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتە ماختاپ قىلغان گەپ - سۆزىنى
كۆپ ئاڭلىغانىدىم . بىراق ئىچىپ كۆرۈپ لەككىدە بولدۇق . ئۇنىڭ
تەمى ماڭا مەززىلىك تېتىمىدى . بۇنداق شورپا قارلىغاچ چاڭگىسىدىكى
بىرخىل گېلسىمان مادا بىلەن تەييارلىنىدىكەن . بۇنداق قارلىغاچلار
جۇڭگونىڭ جەنۇبىدا ياشايدىكەن ۋە كىشىلەر ئاسانلىقچە چىقالمايدىغان
ئېگىز قىيالارنىڭ ئۈستىگە چاڭگا تىزىدىكەن . قارلىغاچ چاڭگىسىدا ھا-
سىل بولغان گېلسىمان مادا تاماق ئۇسسۇيدىغان چۆمۈچنىڭ يېرىمىدەك
بولىدىكەن ، بىر تەرىپى قىياغا چاپلىشىپ تۇرىدىكەن . كىشىلەر ئۇنى
كېسىۋالغاندا ، ئۇنىڭ شەكلى قاپ ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە بولۇپ
كەتكەن چۆمۈچتەك بولىدىكەن . قارلىغاچ چاڭگىسى ناھايىتى نەپىس
بولۇپ ، خۇددى بىر كىچىك سېۋەتچەكنى گېل بىلەن سۇۋاپ قويغاندەك
كۆرۈنىدىكەن . مەن يۇقىرىقىدەك تەسۋىرلەش تازا توغرا بولماسلىقى

① گېكىن زولا ئاق پىشلىقى — ئىتالىيىنىڭ گېكىن زولا كەنتىدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئاق پىشلاق ، يەنى قەدىمكى نامى .

مۇمكىن، دەپ قارايمەن. لېكىن قارلىغاچلار ئۆزىنىڭ تۈكۈرۈكىدىن بۇ خىل گېلىسمان ماددىنى ياساپ، كىچىككىنە چاڭگىسىنى شۇنىڭ بىلەن سۇۋاپ مۇستەھكەملەيدىغاندەك قىلاتتى.

ئەرلەرنىڭ زىياپىتىدە، بۇنىڭ كەم تېپىلىدىغان، قىممەت باھا نەرسىلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئەرلەر ئۇنى دوپپا، شىلەپە كىيىپ تۇرۇپ ئىچىشى، بۇ شورپا چىقىش ئالدىدا، ھەربىر مېھماننىڭ چاكىرى چوقۇم خوجايىنلىرىنىڭ باش كىيىمىنى قولىغا ئېلىپ بېرىشى لازىم ئىكەن. بىز ئايال مېھمانلار باش كىيىمىمىزنى بېشىمىزدىن ئايرىمايدىغان بولغاچقا، بۇ رەسمىيەت ئۆتەلمەيدىكەن. بەلكىم بۇ خىل قائىدىنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى ئاياللارغا كۆرسىتىشنى خالىمايدىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملاشقان زىياپەت جەريانىدا، بىر چاكار ئىسسىتىلغان ھاراقنى كۆتۈرۈۋېلىپ، شىرەنى ئايلىنىپ يۈرۈپ قۇيۇپ تۇردى. ياۋروپالىق بىر نەچچىمىز ھاراق ئىچمىدۇق. بۇ ئىش ساھىبخانىنىڭ كۆڭلىگە كەلدىمىكىن، دەپ ئەندىشىدە بولدۇم.

يەنە بىر چاكار مايلىق، ھۆل لاتىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، قولىنى پاكى يۈزىنى سۈرتمەكچى بولغانلارنىڭ خىزمىتىدە بولدى. مەن ئۇنى بىر قېتىممۇ ئىشلەتمىدىم.

ئۇنىڭدىن باشقا، تاماق شىرەسىنىڭ تۆت ئەتراپىغا ئازراق قىر چىقىرىلغانىكەن. سەۋەب، تاماق، قورۇملارنىڭ كۆپىدە شورپا، سۇ، شىرنە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئېقىپ كەتسە كىيىمگە چۈشمەيدىكەن.

ياۋروپالىق بىر نەچچىمىز بىزگە يېقىن جايغا ( شىرەدە ) چوكىدىن باشقا ۋىلكا، پىچاق، قوشۇقمۇ تىزىلغانلىقىنى بايقىدۇق. مەن ئالدىمغىراق قويۇلغان پىچاق، ۋىلكا، قوشۇقنى قولۇمغا ئېلىپ قاراپ قاتتىق ھەيران بولدۇم. چۈنكى بۇلار ئۆيۈمدە ئىشلىتىۋاتقان مېنىڭ نەرسىلىرىم ئىدى. بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغاندۇ، دەپ ئويلىدىم. كېيىن بىلسەم، تىنتەي زىياپىتىنى بۇرۇن ناھايىتى ئىنچىكە ئويلاپ بۇ ئىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ، چىنىباغقا مەخسۇس چاكار ئەۋەتىپ، جاپپار ئەلىگە

ياخشىسى مەخسۇس ئىشلىتىدىغان ئاماق سايمانلىرىنى ئالغاچ بېرىشنى ئۇنتۇغان. جاپپار ئەلى بۇ گەپنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنىپ، ھەتتا بىزنىڭ ئېيتقۇلىرىمىزدىن ئارتىپ ئېلىپ بارغانىكەن! مەن چوكا تۇتۇشنى ئۆگىنەي دەپ خېلى ھەپىلەشتىمۇ، پەقەت قاملاشتۇرالمىدىم. مېنىڭ بۇ ئىشىم خانىملارنى كۈلدۈردى ۋە چاقچاقلىرىغا تېما بولدى. چۈنكى ئاران تەسلىكتە چوكىغا ئالغان نەرسە ئاغزىمغا ئاپارغۇچىلا شىرەگە چۈشۈپ كېتەتتى.

ئورغۇن نەرسىلەر جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىن كەلتۈرۈلگەنلىكى، ئىنتايىن قىممەت، ئېسىل بولغانلىقى ئۈچۈن، جۇڭگولۇق مېھمانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ زىياپەت كەم ئۇچرايدىغان، ئېسىل نازۇنېمەتلەر مول بىر كاتتا زىياپەت بولدى. لېكىن ماڭا بىر جازا بولدى. ئەگەر جاپپار ئەكەلگەن قىچا تالقىنى بىلەن تۇز بولمىغان بولسا، مەن زادىلا يۇتالمىغان بولاتتىم. ھەربىر قورۇما چىققاندا، ساھىبخان تەخسە، چىنىلەردىن چوكىدا ئېلىپ ئاغزىمغا سېلىپ قوياتتى. خېلى كۆپىنى بىر نېمىلەر قىلىپ يېدىم. بىراق دېڭىز ئادەمگىياھىغا كەلگەندە بەكلا قىينالدىم. ئەگەر ئۇنى پارچە - پارچە قىلىۋەتكەن بولسا بىر گەپ ئىدى. لېكىن ئۇنى پۈتۈن پېتى پىشۇرغانىدى. بۇدۇر - غودۇر، قاپقارا، يوغان بۇ نەرسىنى ئالدىمغا ئەكېلىپ زورلىغاندا، بۇ نەرسىنى قانداقمۇ يۇتارمەن، دەپ ئويلاپ ئىچ - ئىچىمدىن تىترەپ كەتتىم. لېكىن ئامالنىڭ يوقىدىن ئۈستىگە بىرمۇنچە قىچا تالقىنى سېلىپ، كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇپ تۇرۇپ بىر پارچىنى چايىنىمايلا يۇتۇۋەتتىم. ئۇنى يېمىسەم ساھىبخانلار خاپا بولۇپ قالاتتى. مەن يېگەندىن كېيىن ئۇلار خۇش بولۇپ كەتتى ۋە كەينى - كەينىدىن زورلاۋەردى. زىياپەت ئاخىرلاشقىچە بۇ ئازابنى نەچچە رەت تارتىشقا توغرا كەلدى. نەچچە كۈنلەر ئۆتۈپ كەتكەندىمۇ، شىلىمشىق، پارقىرىمايدىغان، پۈتۈن پىشۇرۇلغان دېڭىز ئادەمگىياھى يېگىنىمنى زادىلا ئېسىمدىن چىقىرالمىدىم. ئۇ يادىمغا كەلسىلا تۈكلىرىم ئەتۇر ئۆرۈلۈپ، كۆڭلۈم ئېلىشاتتى.

ياش خانىم مېنىڭ قىچا تالقىنىنى مەززە قىلىپ يېگىنىمنى كۆرۈپ

يەپ باقاي دەپ تۇرۇۋالدى. مەن ئازراق يەڭ دېدىم. ئەمما ئۇ لىق بىر قوشۇقنى كاپلا قىلىپ يەۋەتتى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىنى يېزىپ ئولتۇرماي، ئۆزۈڭلار تەسەۋۋۇر قىلىۋېلىڭلار.

مەن ھېرىپ كەتتىم. شۇنچىلىك چاي ئىچكۈم كېلىپ كەتتى. خەنزۇلارنىڭ ئادىتىدە چاي كەلتۈرگەنلىك، مېھمانلارغا كېتىشنى ئىما قىلغانلىق بولىدىكەن. بىز سائەت ئون ئىككىدىن تارتىپ تاكى سائەت بەشتىن ئاشقۇچە مىدىر ـ سىدىر قىلماي ئولتۇردۇق. بېشىم قاتتىق ئاغرىپ كەتتى.

بىزنى تىتەي بىلەن خانىمى دەرۋازا ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. بىز ناھايىتى تەكەللۇپ بىلەن خوشلاشتۇق. ئادەمنى قورقۇتۇپ جېنىنى ئالىدىغان پوجاڭزىلار يەنە ئېتىلدى. قايتقۇچە،مەن ھېلىقى قېچىر مەيدە كەلگەندىكىگە ئوخشاش قىينالدىم.

بۇ يەردە، بىرى سىزنى چاقىرىپ مېھمان قىلغان بولسا، كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالسىڭىز، قائىدە بويىچە: «جانابلىرىنىڭكىدە يېگەن غىزالارنىڭ تەمى ھېلىغىچە ئاغزىمدىن كەتمىدى!» دەپ قويىدىكەنسىز. مەنمۇ شۇنداق دېمەكچىمەن. چۈنكى بۇ تاماقنى يېگۈچە مېنىڭ تەسىراتىم ناھايىتى چوڭقۇر بولدى. بۇنىسى يۈزدە ـ يۈز ھەققەت.

## يەتتىنچى باب

# ئۆي ئىشلىرىنى قىلماقنىڭ تەسلىكى

مەن بۇ يات زېمىنغا تېزلا ئۆزلىشىپ، يېڭى تۇرمۇشنى باشلىۋەتتىم. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشتىكى بۇرۇنقى ئوي - خىياللىرىم پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى، ھەممىنى باشتىن ئۆگىنىشىمگە، بۇ يەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئۆرپ - ئادىتىنى چۈشىنىشىمگە توغرا كەلدى.

قەشقەردە تۇرغان دەسلەپكى ئۈچ يىلدا، مەن يۇرتۇمنى سېغىنىش ۋە غېرىبلىقنىڭ تەمىنى خېلىلا ئوبدان تېتىدىم. باشتا، تىل جەھەتتىكى ئايرىمچىلىق سەۋەبلىك مەن ئۆزۈمنى يېتىمسىراپ قالغان مۇساپىردەك، دۇنيادىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. ھېچ ئىشقا قول تىقماسلىق ۋە باش قاتۇرماسلىق مېنى ھەممىدىن بەك مەيۈسلەندۈردى. كىيىملىرىمىز يېڭى، ئالماشتۇرۇش ھاجەتسىز ئىدى. لېكىن مېنىڭ ئۇلارنى ياماشقا باھانە تېپىش ئۈچۈن، ئۇ يەر - بۇ يېرىنى يىرتىپ ياكى كېسىپ قويغۇم كېلەتتى. كىتابلىرىم ناھايىتى ئاز ئىدى. ئۇنى - بۇنى كۆچۈرۈپ رەتلەشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. شۇنداق ئىش بولغان بولسا، قىزىقىپ قىلاتتىم. مەن قىلىدىغان ھېچقانداق ئىش بولمىغاچقا، روھىم چۈشۈپ، بوشىشىپلا كەتتىم. ئېرىمنىڭ خىزمىتى ناھايىتى ئالدىراش ئىدى. بىز پەقەت تاماق ۋاقتىدىلا كۆرۈشەلەيتتۇق. كۆپ بولسا، بەزەن چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا سەيلە قىلىپ سۆزلىشەلەيتتۇق. شۇڭا، ئۇزۇن ئۆتمەي ئېرىمنى ئىش بىلەن ئىزدەپ كېلىدىغان، ھال - ئەھۋال ئېيتىدىغانلارغا ئۆچ بولۇپ كەتتىم. چۈنكى ئۇلار كەلسىلا، ئېرىم ئۇلار بىلەن بىللە بولمىسا بولمايتتى. مۇشۇنداق بىر

ئەھۋالدا، ھىندىستان تەۋەلىكىدىكى ئاشپەزنىمىز ئۆيىگە بېرىپ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى يوقلاپ كېلىشنى سورىغانىدى، مەن دەرھال ماقۇل بولدۇم. چۈنكى ئۇ كەتسە قەشقەردە ئىنگلىزچە تاماق ئېتەلەيدىغان مەندىن باشقا ئادەم يوق بولاتتى.

مەن دەرھال بىر ئېغىز ئۆينى ئاشخانا قىلىپ ئۆزگەرتتىم، ئۇنىڭغا يورۇق ئوبدان چۈشىدىغان. خالىغان چاغدا ئېچىپ-يېپىقلى بولىدىغان دېرىزە، ئادەم ئېگىشمەيلا بىمالال كىرەلەيدىغان يوغان، ئېگىز ئىشىك بېكىتكۈزدۈم. ئاندىن ئاشخانىنى ئاقارتىپ ئاپئاق قىلىۋەتتىم. خاۋگېبرگ ئەپەندى كونا كىرىسىن تۇڭىدا چىرايلىق ئوچاق ياساپ بەردى. شۇنداق قىلىپ مەن ئاشپەز بولدۇم. ئەيسا ئاخۇننى ياردەمچىم ۋە ئوقۇغۇچۇم قىلىۋالدىم.

ئەيسا ئاخۇن قەشقەرلىك ئىدى، ماڭا ئوخشاش ھىندىچىنى ئازراق بىلەتتى. ئىككىمىز ئۆزىمىز بىلىدىغان ئۇيغۇرچە، ئىنگلىزچە، ھىندىچە سۆزلەرنى قول ئىشارىلىرى بىلەن قوشۇپ ئارىلاشما تىل قىلىپ سۆزلىشەتتۇق. گېپىمىزنى ئۇقۇشاتتۇق. مەن بۇنىڭدىن ياخشىراق ئالاقە تىلىنى نەدىن تاپىمەن؟

مەن دەسلەپ خېمىرتۇرۇچ سېلىپ بولكا پىشۇردۇم. بىز ئىلگىرى دائىم ئېچىتقۇ تالقىنى بىلەن پىشۇرۇلغان بولكا يېگەچكە، ئۇنىڭدىن چەقىپلا كەتكەنىدۇق. بىز قايتا-قايتا تەجرىبە قىلىپ، مەغلۇپ بولۇپ دېگەندەك، ئاخىر كۆڭلۈمدىكىدەك يۇمشاق، تەملىك بولكا پىشۇرالىدۇق. بۇنىڭدىن مەن بەكمۇ تەسىرلەندىم. ئەيسا ئاخۇن خېمىر يۇغۇرۇشنى تېزلا ئۆگىنىۋالدى. بولكىنىڭ خېمىرىنى يۇغۇرۇش، ئادەمنى بەك ھارغۇزىدىغان ئىش ئىدى.

مەن بازاردىن قايماق ئەكەلدۈردۈم، دىن تارقىتىش ئۆمىكىدىكى دوختۇرخانىنىڭ ياردەمچى دوختۇرغا يېلىنىپ، يالۋۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئاغزى يوغان شىشىدىن بىرنى ئالدىم. ئاندىن قايماقنى شۇنىڭغا سېلىپ راسا چالغىتىپ سېرىق ماي ياسىدىم. ئەيسا ئاخۇن دېگەن بۇ يىگىت ئىشنى پۇختا قىلاتتى. باش قاتۇرىدىغان ئىش چىقسىلا، ئۇ جىمىدە ئۆز

ئىشىنى قىلاتتى، ئۇزۇن ۋاقىت ئىشلىسىمۇ ۋايسىمايتتى. ئۇ قىش كۈنلىرى مەشنىڭ ئالدىدا، ياز كۈنلىرى بوسۇغىدا ئولتۇرۇپ، زېرىكمەي - تېرىكمەي ھېلىقى بوتۇلكىنى قايماق سېرىق مايغا ئايلانغۇچە چالغىتاتتى. سېرىق ماي چىقارغاندىن كېيىن، بىز تورت ۋە پېچىنە پىشۇرىدىغان بولدۇق.

مەن ئويغۇرچە ۋە ھىندىچە سۆزلەشنى ئۆگىنىپ ماڭدىم ۋە پۇرسەت بولسىلا ئىشلەتتىم. چاكارلىرىمىز ھەر قايسى جايدىن بولۇپ، ئۇلار ئىچىدە قەشقەرلىكلەر، پەنجاپلىقلار، كەشمىرلىكلەر، لاداقلىقلار، تىبەتلىكلەر، يەنە سىنگاللىقلار بار ئىدى. لېكىن ھەممىسىلا ھىندىچە سۆزلىشەتتى. بىر مەزگىل بىز خەنزۇ ياللىدۇق. لېكىن ئۇ ئۇزۇك ئىشلىمىدى. سەۋەب، قەشقەردە خەنزۇلار ئۆزلىرىنى «خوجايىن» ھېسابلاپ، يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىنى قىلىشتىن نومۇس قىلىدىكەن. خىزمەتكارلىقنى قىلىدىغانلاردىن ئەمەسكەن. بىز ياللىغان خەنزۇ غەلىتىلا ئادەم ئىدى. مېنى ئاشخانا ئىشلىرىنى قىلىدىكەن، دەپ پەقەتلا ھۆرمەتلىمىدى. ئۇ مەن بىلەن مۇنازىرە قىلىپ، بۇ يەرنىڭ ئايال خوجايىنى ئېسىل سۈپەت خانىم بولۇشى، ئوقۇشنى، يېزىشنى بىلگەندىكىن، كۈنبويى باللىرىغا خەت يېزىشنى ئۆگىتىشى، كىتاب ئوقۇشنى ئۆگىتىشى كېرەك. لېكىن سىز ئاش - تاماقنى ئۆزىڭىز ئېتىدىكەنسىز. شۇڭا خوجايىن خانىم ھېسابلانمايسىز، دېدى. بىز تاماق يېگەندە، ئاۋۋال مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلىشنى خالىمىدى. ھەر قانداق ئىشقا بۇيرۇسامۇ قىلغىلى ئۇنىمىدى. مەن چىنىباغدىكى ئەر چاكارلار بىلەن ناھايىتىمۇ ئوبدان ئۆتتۇم. ئۇلارنىڭ چاتاق چىقىرىدىغان ئىشىمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى، ماڭا ئۇلارنى باشقۇرۇش باللارنى باشقۇرۇشقا ئوخشايدىغاندەك بىلىنەتتى. باشتا ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ تىلى بىلەن تەنبىھ بەرمەكچى بولغانىدىم، قاملاشتۇرالمىدىم. شۇڭا بۇ ئىشنى خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قىلالىدىم. ئۇلارغا ئۆز تىلى بىلەن تەنبىھ بېرىۋاتقاندا، بىردىنلا ئاچچىقىم كېلەتتى - دە، ئاۋازىممۇ چىڭ چىقاتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۆزۈمنى ساراڭمۇ مەن، دەپ قالاتتىم. چۈنكى گەپنى قىلىۋېتىپ تازا

مالقىلىق جايغا كەلگەندە، دەيدىغان سۆزۈمنى تاپالماي شاپپىدە توختاپ
قالاتتىم. مەندىن تەنبەھ ئاڭلاۋاتقان ئادەم كۈلۈپ، ماڭا دەيدىغان گەپنى
ئۆگىتەتتى. شۇڭا، كېيىن ئاچچىقىم بەك كەلگەندە ئىنگلىزچە سۆزلە-
ۋېرىدىغان بولدۇم ۋە بۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولغانلىقىنى بايقىدىم.
بۇنداق بولۇشى، تەنبەھ ئاڭلىغۇچىلارغا ئىنگلىزچە سۆزلىرىم، ئۆز تى-
لىدىكى سۆزلەردىن قاتتىقراق ئاڭلىنىدىكەن. قەشقەردە تۇرغان بىر دىن
تارقاتقۇچى يازغان بىر ماقالىنى ئوقۇغانىدىم. ئۇنىڭدا ئۇ، ئېلىپبەنى بې-
شىدىن ئايىغىغا، ئاياغدىن بېشىغا، تېز- تېز، بەزى ھەرپلەرنى ئۇرغۇلۇق
ئوقۇپ بەرسە ئادەمنىڭ ئاچچىقى خېلىلا بېسىلىدۇ، دەپ يازغانىكەن.
مەن بۇنىمۇ سىناپ كۆردۈم. لېكىن بۇ ئادەمگە بەكمۇ قىزىق، كۈلكىلىك
ئاڭلىنىدىكەن - دە، ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلايدىكەنمەن. شۇنىڭ بى-
لەن ئۇنىڭ سېھرى كۈچىمۇ شۇئان يوقىلىدىكەن.

قەشقەرنىڭ تاماقلىرى بىلەن بىزنىڭ تاماقلىرىمىزدا پەرق ناھايىتى
چوڭ بولغاچقا، بىچارە ئەيسا ئاخۇن ناھايىتى بەك كۈچەپ ۋە تىرىشىپ
بىزنىڭكىچە تاماق ئېتىشنى ئۆگەندى. لېكىن بۇ ئۇنىڭغا تاغقا چىقىشتىنمۇ
قىيىن بولدى. شۇنچە يىل تەربىيىلىگەن بولسامۇ، ئۇنىڭ ئۆگەنگەن
ھۈنىرى گاڭپەن بىلەن بۇددىن ئېتىشتىن نېرىغا بارمىدى. ئەگەر ئۇنىڭ-
دىن قانداق تاتلىق يېمەكلىك قىلىسىز، دەپ سورىسىڭىز، ئۇ گويا ئۆ-
زىنىڭ تاماق رىسالىسىدىكى خىلمۇخىل تاماقلار ئىچىدە ئاجايىپ ئۆزگى-
چە، بىز زادىلا يەپ باقمىغان بىرەر تاماقنى ئىزدەپ تاپماقچى بولغاندەك،
تـورۇسقا قارايتتى، يەرگە باقاتتى، ئاندىن ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە كۆز
يۈگۈرتۈپ چىقاتتى - دە، تەنتەنە بىلەن گاڭپەن، بۇددىن، دەپ جا-
كارلايتتى. بۇ، بىز ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىدۇ، دەپ ئويلىغان سـۆز
ئىدى. قەشقەردە يەرلىك كىشىلەر ئىنگلىزچـە سۆزلىگەندە، بەزى سۆز-
لەرنىڭ بېشىدىكى ئـۈزۈك تـاۋۇشنـى تەلـەپپۇز قىلالماي، ئۇنىڭ
ئالـدىغا سوزۇق تـاۋۇش قوشۇۋالاتتى. شۇڭا ئۇلار « sponge – cake »
نـى ( قـازان ) « firying – pan » ، دەپ espongecake ( تورت ) نى
« erfrilly – pan » ، دەپ « plum pudding » ( قۇرۇق ئۈزۈم سېلىنغان

( شامپان ) « champagne » دەپ ، « pullumpud – ding » نى ( بۇدىڭ )
نى « esimpkin » دەپ ، « fritters » ( چاناپ قىيما قىلماق ) نى
« perlitters » دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ . بىزمۇ مۇشۇ كۈلكىلىك تەلەپپۇزدا
سۆزلىگەچكە ، بىز ئۇبدانلا تەسىرگە ئۇچرىدۇق ، دەپ ئەندىشىگە چۈ-
شۈپ قالدىم .

قەشقەردە تاماق ئىچىشكە ئەنگلىيىگە قارىغاندا ۋاقىت ۋە زېھىن
كۆپ كېتىدۇ . چۈنكى ، بىز تاماققا كېرەكلىك بارلىق نەرسىنى باشتىلا
تەييارلىۋېلىشىڭىز كېرەك . تورت پىشۇرۇشنى ئالايلى . قايماق سېتىۋې-
لىش ، ئۇنىڭدىن سېرىق ماي چىقىرىش ، ئۇننى ئاۋۋال تاسقاش ، ئاندىن
قورۇتۇش ، قەنتنى ھاۋانچىدا سوقۇپ ئۇندەك قىلىش ۋە تاسقاش ، ئۇ-
رۇك ئۇچكىسىنى چېقىپ مېغىزىنى ئايرىش ، ئازراق قورۇپ مېغىز پوس-
تىنى ئايرىپ سوقۇش ۋەھاكازا . بۇ ئىشلارنى تۈگەتكەندە ، ئاندىن تورت
پىشۇرۇشقا كىرىشىشىڭىز بولىدۇ . ھەرقانداق يېمەكلىكنى ئەنە شۇنداق
قىلىش كېرەك .

مەن ياڭيۇدا ئىچىتقۇ ( خېمىر تۇرۇچ ) ياساشنى ئۆگىنىۋالدىم .
ئۇنى ئىشلىتىپ بولدۇرغان خېمىردىن ئازراق ئېلىپ قويۇپ ، كېيىن بولكا
پىشۇرغاندا ئىشلەتتۇق . بۇ ئۇسۇل بەك بەلەن بولدى . لېكىن بىز ھىن-
دىستاندىن كەلگەن تۇنجى مېھماننى ـــ گوۋرخاپپىيادىلار پولكىنىڭ پول-
كوۋنىكى پىرۋېلنى ( ھازىرقى سېرخېنر ) كۈتۈۋالغاندا ، چاتاق چىقتى .
ئىش مۇنداق بولدى : مەن بولكىنى ئوخشىتىپ قىلاي دەپ ئويلىدىم .
ئەمما ، ئېلىپ قويغان خېمىر تۇرۇچ نەچچە كۈن تۇرۇپ قالغاچقا ، كۆ-
پىدىن كەتكەنىكەن ، خېمىرىم بولماي ، بولكا قاتتىق بولۇپ قالدى .
پولكوۋنىك پىرۋېل ئۆي ئىشلىرىغا ئۇستا ئىكەن . ئۇ ماڭا گۇرۇچ ئۇنى ،
قەنت ، ئىسسىق سۇ بىلەن خېمىر تۇرۇچ ياساشنى ئۆگىتىپ قويماقچى
بولدى . ئۇ بۇ نەرسىلەردىن خېمىر قىلىپ ، ئۇنى شامپان شېشىسىنىڭ
ئىچىگە سېلىپ ، ئاغزىنى يۇمشاق ياغاچ پۆرۈكىدا چىڭ ئەتتى . ئاندىن
بىز بۇ شېشىنى تاماقخانىدىكى رۇس پاسونىدىكى چوڭ ئوچاقنىڭ يېنى-
دىكى تەكچىدە قويۇپ قويدۇق . ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇ ئېچىپ خېمىر

تۇرۇچ بولىدىكەن. مەن بىر داس خېمىر يۇغۇرۇپ قويدۇم. ئەتىسى كەچقۇرۇن، پولكوۋنىك پوۋېل شېشىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، خېمىر تۇرۇچ بولدىمۇ، يوق كۆرۈپ باقاي دېدى. ئۇ شېشىنىڭ ئاغزىنى چىگكەن شوينىنى ئۈزۈۋشىگە «پوك» قىلىپ پۇرۇپكا ئېتىلىپ تورۇسقا تەگدى، ئارقىدىنلا خېمىر تۇرۇچمۇ ئېتىلىپ باش - كۆزىمىزگە يامغۇر كەبى چۈشتى. ئەگىرىم! جىمى يېرىمىز خېمىر بىلەن بۇلغاندى! بىز ئۇنى تازىلىۋەتتۇق، لېكىن تولا كۈلۈپ ھالىمىزدىن كەتتۇق. كېيىن ئۇ يەنە ئېچىتقۇ ياسىدى. لېكىن ئۇنى سالقىنراق جايدا ئىككى كۈن قويدى.

بازاردىن ئەكەلگەن سۈتنىڭ تەمى بەك يامان ئىدى. يەرلىك كىشىلەر قوي سۈتى بىلەن كالا سۈتىنى ئارىلاشتۇرۇپ ساتىدىغان بولغاچقا، ئۇنى ھەرقانچە قېنىق چاي ياكى قەھۋە بىلەن دەملىسىمۇ قوي سۈتىنىڭ تەمى يوقالمايتتى. شۇڭا مەن بىر سىيىر بېقىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدىم - دە، بىر سىيىر باقتىم. جان سانىمىزنىڭ كۆپىيىشى بىلەن سىيىرلىرىمىزمۇ كۆپىيىپ ئۈچ بولدى. قەشقەردە بىر سىيىر كۈنىگە ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ 10 — 12 پىنت① سۈت بېرەتتى، ئەمما بىزگە ھەر كۈنى سېرىق ماي چىقىرىپ يېيىش ئۈچۈن، خېلى جىق سۈت كېرەك بولاتتى.

ئەيسا ئاخۇن ئۆزىنىڭ قالتىس بىر سۈت ساغقۇچى ئىكەنلىكىنى ھەرىكىتى بىلەن بىلدۈردى. ئەمما، ئۇ سۈت سېغىشتىن بۇرۇن سىيىرنى قانداق بەزلەشنى مەخسۇس ئۆگەنمىگەنىدى. كېيىن بىز ئۇنى ئۆستۈرۈپ خەۋەرچى قىلىپ، سىيىر سېغىشقا بۇ ھۈنەرنى ئۆگەنگەن بىر ئادەم ياللىدۇق. ئۇ ئادەم سىيىرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپلا، غىڭشىپ ئەللەي ناخشىسى ئېيتاتتى، ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇنىڭ بۇ ئۇسۇلى بىلەن سىيىرنىڭ سۈتى كۆپەيدى ۋە سۈتنىڭ سۈپىتىمۇ ئۆستى.

قەشقەردە سىيىرلار مۇزايلىرى يېنىدا بولمىسا، پەقەتلا سۈت بەر-

---

① پىنت (pint) — ئامېرىكا، ئەنگلىيىنىڭ سىغىم بىرلىكى. ئەنگلىيىدە بىر پىنت 0.5683 لىترغا تەڭ. ئامېرىكىدا سۇيۇقلۇقنىڭ بىر پىنتى 0.4732 لىترغا، قۇرۇتۇلغاننىڭ بىر پىنتى 0.5506 لىترغا تەڭ — ت.

مەيتتى . ئاۋۋال موزايىنى ئازراق ئېمىتىۋېتىپ ، ئاندىن ساغسا ، سىيىردىن سۈت چىقاتتى . بولمىسا ، بىر تېمىمۇ سۈت چىقمايتتى . سۈت ساغىدىغان چاغدا ، موزاي سىيىرنىڭ قېشىدا تۇراتتى ـ دە ، سۈتىنى ساغقۇچە سىيىر موزىيىنى يالاپ ئەركىلىتەتتى ، ئوينىتاتتى . سۈت سېغىلىپ بولغاندىن كېيىن ، بىر قېتىم سۈتى قالمىغان سىيىر موزىيى بىلەن بىر ئىككى سائەت بىللە بولاتتى . قەشقەرلىكلەر سىيىر بىلەن موزايىنى ئايرىۋېتىش گۇناھ ، تەبىئەتكە خىلاپ ، دەپ قارايتتى . بۇ خىل پىكىرمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىقتۇر . ئەمما ، بەزىدە بۇنداق چۈشەندۈرۈشمۇ ئىشنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىدىكەن . مەسىلەن ، ئەگەر موزاي ئۆلۈپ قالسا ، سىيىرنىڭ سۈتى توختاپ كېتىدىكەن .

بىزنىڭ بىر موزىيىمىز تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆلۈپ قالغانىدى ، سىيىردىن سۈت ئالالمىدۇق . بىزنىڭ بىر چاكىرىمىز بىر چارە تاپتى ـ دە ، بىچارە موزايىنى سويۇپ تېرىسىنى ئېلىپ ئىچىگە بىر نېمىلەرنى تىقتى . ئالدىراش ـ تېنەشلا قىلغاچقا ، ئۇ قورقۇنچلۇق ، بۆلەكچىلا بىر نەرسىگە ئوخشاپ قالدى . ئۇلار موزايغا ياغاچتىن پۇت ياسىدى ، كۆز بۇرنىنىمۇ بىر نېمىلەر تىقىپ چىقاردى . ئەمما ، بۇ بىر نېمىگە قارىغۇمۇ كەلمىدى ۋە قاراشقىمۇ ئۈچ بولدۇم ، بىچارە سىيىر بۇ غەلىتە مەخلۇققا چوقۇم قاراپمۇ قويمايدۇ ، دەپ ئويلىدىم . لېكىن ، ئويلىمىغان يەردىن سىيىر « موزىيى » نىڭ قايتىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە موزايىنىڭ جىمى يېرىنى پۇراپ ، يالاپ چىقتى . « قايتا ئۇچرىشىش » خۇشاللىقىدا سۈت بەردى . بۇ ئەھۋال خېلى كۈنلەر داۋام قىلدى . يەنى بۇ سىيىر ئالداندى . بىر قېتىم ئەيسا ئاخۇن بۇ نەرسىنى بىر يەرگە تاشلاپ قويغانىكەن ، سىيىر « بالام » غا ئوبدان قارىماپسەن ، دېگەندەك قىلىپ ، ئەيسانى كۆرۈپلا ئۈسۈشكە ئېتىلدى . شۇنىڭغا قاراپ ، بۇ ئىشنىمۇ بوپتۇ ، دەپ قانائەتلەندۇق .

بۇ ، يازنىڭ تومۇز كۈنلىرىدىكى ئىش ئىدى . موزايىنىڭ تېرىسىنى شۇنداقلا شىلىۋالغان ۋە ھېچقانداق ئىش قوشمىغان بولغاچقا ، تېرە تېزلا پۇراپ كەتتى . چاكارلارغا ئۇنى ئىشلەتمىگەن چاغدا ، بۇ تېرىنى ئوتۇن

دۆۋسىگە يىپىپ قۇرۇتۇشنى ئېيتتىم . ئەتىسى ئەتىگەندە ئەيسا قېشىمغا تەرى تۇرۇلگەن ، ئۆگى ئۆچكەن هالدا كېلىپ ، بۇ نەس باسقان «موزاي» نى ئىت ئېپقاچقانلىقى ، شۇنچە ئىزدەپ هېچ يەردىن تاپالمىغانلىقىنى ئېيتتى . نەتىجىدە سىيىردىن زادىلا سۈت چىقمىدى . كىشىلەرنىڭ سۈتى يوق سىيىر كېرەككە كەلمەيدۇ ، دېگىنىمۇ راستكەن . بىز نائىلاج ئۇنى قاسساپقا سېتىۋەتتۇق .

سىيىرلىرىمىزدىن بىرى ناهايىتى كۆپ سۈت بېرەتتى ، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ سۈتى توساتتىن يوقىلىپ كەتتى . بىز بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەي ، چاكارلاردىن بىرەرسى سېغىۋاتقان بولسا كېرەك ، دەپ گۇمان قىلدۇق . بۇنى پۈرىتتۇردۇق ، ئۇلار خاپا بولۇپ كەتتى . بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ، بىز ئۆينىڭ كەينىدىكى ئېتىزلىقتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتۇق ، هېلىقى سىيىر شۇ يەردە ئوتلاۋاتقانىكەن . قارىساق ئىككى قىز بالا كالىنى ئارغامچىسىدىن تۇتۇۋاپتۇ . سىيىر بەخىرامان تۇرىدۇ ، قورسىقى ئاستىدا بىر ئوغۇل بالا بىر قولىدا نان ، موزايىنى دوراپ ئاندا - ساندا مۆرەپ قويۇپ ، سىيىرنى مەززە قىلىپ ئېمىۋاتىدۇ ! بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ هەيران بولۇپ داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدۇق . ئەلۋەتتە ، ئۇ ئۈچ بالا بىزنى كۆرۈپلا قورقۇپ قاچتى . ئېرىم قوغلاپ بېرىپ ئوغۇل بالىنى تۇتۇۋېلىپ تازا قورقۇتتى ( مېنىڭچە ئۇ بۇنى ئۆمرىدە ئۇنتۇمايدۇ ) . بۇمۇ ئۆزىنىڭ شورى . چۈنكى ، ئۇ بىزگە تەئەللۇق سۈتنى مۇشۇ ئۇسۇلدا نەچچە كۈن ئېچىۋاپتۇ ئەمەسمۇ ! چاكارلىرىمىز بۇنى ئاڭلاپ ئۆزلىرىنىڭ ئاقلانغانلىقىدىن بەكمۇ خۇشال بولدى . ئادەتتە يات ئادەملەرنى كۆرسىلا ئېتىلىدىغان ، ئەلپازى يامان بۇ سىيىرنىڭ كىچىككىنە شۇمتەكلەر ئەخمەق قىلىپ سۈتىنى ئېمىۋالسا ، ياۋاشلىق بىلەن تۇرۇپ بەرگىنىنى ئويلىسام تولا دەيمەن .

بىر كۈنى ، بىر هىندىستانلىق چىنىباغقا كېلىپ ، سىلەر باققان ئالا سىيىرغا هۆرمىتىمنى بىلدۈرۈۋالسام بولامدۇ ، يوق ، دەپ مەندىن سورىدى . هىندىلار كالىنى مۇقەددەس هايۋان دەپ بىلەتتى . شۇڭا ئۇ هىندىستانلىق ، بۇ سىيىرنى ئۆز قولۇم بىلەن بىر قېتىم بېقىۋالسام ، يې-

قىسىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئانام ئۈچۈن ساۋابلىق ئىش قىلغان بولاتتىم. ئاللا
سىيىرنىڭ پېشانىسى ئاق بولغاچقا، مەن سىلەرنىڭ ئاللا سىيىرنى تاللـ
دىم، دېگەندەك بىر مۇنچە گەپلەرنى قىلدى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىـ
لىدىغان چاكارلار ماڭا، بۇ بىر نېمىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولماڭ، ئۇ سىـ
يىرغا يامان كۆزدە قاراپ سالسا، سىيىر ئۆلۈپ قالىدۇ، دېدى. مەن
ئۇلارغا ،ھىندىلار بۇ سىيىرغا زىيانكەشلىك قىلمايدۇ. ئەگەر ئۇ بۇ سىـ
يىرغا قاراش بىلەن تەسەللى تاپىدىغان بولسا، قاراۋەرسۇن، دېدىم.
شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۇ سىيىرنى كۆرگىلى كېـ
لىدىغان بولدى. ئۇ كەلگەندىن كېيىن، ئاۋۋال سىيىرغا تەزىم قىلىپ،
ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورايتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا گۈرۈچ ۋە قايماق بىلەن
پىشۇرۇلغان يېمەكلىك بېرەتتى. سىيىر بۇ نەرسىگە ئامراق ئىدى. سىـ
يىر ھىندىستانلىق ئۇزى بەرگەن نەزىر تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن،
گۇل كەشتىلەنگەن ياغلىق بىلەن سىيىرنىڭ ئاغزىنى سۈرتەتتى ـ دە،
ئۇنىڭغا تازا ئېگىلىپ تەزىم قىلىۋېتىپ، ئاندىن كېتەتتى.

بۇ ئىش خېلى كۈنلەرگىچە تەكرارلاندى. كېيىن بۇ ئەخمەق
سىيىر قالتىسكەنمەن دەپ ئۇزىگە تەمانىنا قويدىمۇ، ياكى ئۇ ئادەم بەرگەن
نەرسە زىيان قىلدىمۇ، ئىچاۋۇر سۈت بەرمەي قويدى. شۇنىڭ بىلەن
چاكارلىرىمىزنىڭ ئاغزى ئېچىلدى.

— قارالڭ، سىزگە مۇشۇنداق ئىش بولىدۇ، دېمىگەنمۇ بىز؟

مەن ئۇ ھىندىستانلىققا سىز ئەمدى باشقا سىيىر تېپىڭ دېيىشكە
مەجبۇر بولدۇم. بىر مەزگىل ئۆتكەندە، ئۇ خۇشال ھالدا كېلىپ، ماڭا،
مەن ناھايىتى مۇۋاپىق بىر سىيىر تېپىۋالدىم. ئۇنىڭمۇ بېشى ئاقكەن،
دېدى. چاكارلار نەچچە كۈن ئۇبدان باققاندىن كېيىن، ئاللا سىيىردىن
يەنە سۈت چىقتى.

قەشقەردە گۆش ناھايىتى توم بولۇپ، چاناپ قىيما قىلمىسا،
چايناپ يۇمشاتماقمۇ بىر گەپ ئىكەن، قوي گۆشى ئەجەب بىر خىل
پۇرايتتى. بىز كالا گۆشىنىڭمۇ دۇمبە گۆشىنىلا يېيەلەيتتۇق. قىش
كۈنلىرى، باشقا گۆشلەردىن تەملىكرەك، دەپ موزاي گۆشى ئېلىپ

يەيتتۇق. ياۋا غاز ۋە باشقا ياۋا قۇشلارنىڭمۇ گۆشىنى يەيتتۇق. ئەمما، تاماقنى ئېغىزغا تېتىتقۇدەك ئېتىش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى.

چىنباغدا چاكارلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ئىدى. توڭگۇز گۆشىدە تاماق ئېتىدىغان بولساق، پۈتۈنلەي ئۆزۈم قىلاتتىم. چاكارلار يېڭى توڭگۇز گۆشىنى سۇرلىگەن گۆشتىن مەينەت دەپ قارايدىكەن، سۇرلىگەن گۆشلەر قۇتىلارغا قاچىلىنىپ ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلىدىغان بولغاچقا، بىز ئاساسەن سۇرلەنگەن توڭگۇز گۆشى يەيتتۇق. قىشتا بىز دائىم يوشۇرۇنچە خەنزۇلاردىن چوشقا گۆشى سېتىۋېلىپ ئۆيدىكى ئەدىشتا تۇزلايتتۇق. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندە، بۇ گۆشلەر سۇر گۆش دېگەن نام بىلەن ئاشخانىدا پەيدا بولاتتى. بۇنى چاكارلار پەقەت بىلمەيتتى!

ھەر يىلى سوغۇق بولۇشى بىلەنلا، بىز بالدۇرلا سېتىۋېلىپ بېقىپ سەمرىتكەن ئىككى ـ ئۈچ موزاي، بىر نەچچە قوينى سويۇۋالاتتۇق ـ دە، قىشچە ئۇبدان ـ ئۇبدان تاماقلارنى ئېتىپ يەيتتۇق. كالا ـ قويلارنى قاساپ چاقىرىپ سويغۇزاتتۇق. ئەمما مەن بېشىدا نازارەت قىلىپ تۇرۇپ، گۆشلەرنى ئۇششاق قىلىپ پارچىلىتاتتىم، يەنى كالا ـ قويلارنىڭ بۆرەك، ئۆپكە ـ ئۈچەيلىرىگە ھېزى بولمسام بولمايتتى. سەللا دىققەت قىلمسام، ئۇ نەرسىلەر يوقىلىپ كېتەتتى. بۇ كىشىلەر بولسا قەسەم قىلىپ، مۇنداق گەپ، بۇ كالا ـ قويلار بەكمۇ غەلىتە ئىكەن. نېمىشقا دېسىڭىز، ئۇلارنىڭ يا بۆرىكى، يا جىگىرى يوقكەن، دەپ تۇرۇۋالاتتى. قاساپلار بىلەن ئەزەلدىن ئېپىم كېلىشمەيدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىشىغا نازارەت قىلىشنى خالىمايتتىم ۋە بۇنى قورقۇنچلۇق بىر ئىش دەپ قارايتتىم. لېكىن گۆشنى تولۇق ئېلىش ئۈچۈن، شۇنداق قىلماي ئامالىم قانچە؟ كالا ـ قويلار سويۇلۇپ ئەتىسى، ئىش تېخىمۇ ئېغىر ۋە كۆپ بولاتتى. يەنى كالا ـ قوي باشلىرىنى ئۆلكەپ، تازىلاپ، ئىددىشقا سېلىپ تۇزلايتتۇق. مايلىرىنى كۆيدۈرەتتۇق. مەن ئاش ـ قورۇملارغا كالا ـ قوينىڭ كۆيدۈرۈلگەن مايلىرىنى ئىشلىتەتتىم.

قەشقەرنىڭ قويلىرى چوڭ قۇيرۇقلۇق بولۇپ، قۇيرۇقى ساپ ماي

بولاتتى. كۆيدۈرۈپ ئېرىتسە، كۆپ ھاللاردا بىر قويدىن 20 قاداقچە ماي
چىقاتتى. سۈزۈك، ئاپئاق بۇ مايلارنى كۆپ يېمەكلىكلەرنى ئېتىشكە
ئىشلەتسە بولاتتى.

بىز ئىشلىتىۋاتقان سۇ ناھايىتى پەك دۇغ، قېنىق قەھۋە رەڭگىدە
ئىدى. سۇنى يەرلىك كۆپكە تولدۇرۇپ بىر كۈن تۇرغۇزۇپ سۈزۈلدۈ-
رۈپ، ئاندىن پاكىز، كىچىكرەك كۆپلەرگە ئېلىپ، يەنە نەچچە سائەت
تۇرغۇزۇپ، ئاندىن قاينىتىپ، كىچىك خۇمرىلارغا قۇيۇپ سوۋۇتۇپ ۋە
سۈزۈلدۈرۈپ، ئاندىن ئىچىشكە بولاتتى. شۇ تەرىقىدە شىرەگە كەلتۈ-
رۈلگەن چاي سۈپسۈزۈك، ئىچىشلىك بولاتتى. تەمدىمۇ مەسىلە يوق
ئىدى.

پوقاق قەشقەردە ناھايىتى ئومۇمىي ئەھۋال ئىدى. بولۇپمۇ يەكەن
شەھىرىدە تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. بۇ ئىككى جايدا گېلىدىن قورسىقىغىچە
قاتمۇ قات پوقىقى بار ئادەملەرنى دائىم كۆرگىلى بولاتتى. بۇ يەردىكى
خەنزۇلار پەقەت خام سۇ ئىچمەيتتى. سۇنى تازا ۋاراقشىتىپ قاينىتىپ،
چاي سېلىپ دەملەپ ئىچەتتى. شۇڭا خەنزۇلاردا پوقاق يوق ئىدى.
شۇنىڭدىن قارىغاندا، كىشىلەرنى بۇ كېسەلگە گىرىپتار قىلىدىغان ئەڭ
مۇھىم سەۋەب، مۇشۇ يەرنىڭ سۈيى بولسا كېرەك. قەشقەردە تۇرۇۋات-
قان بىزدەك ياۋروپالىقلار، سۇنى داۋاملىق قاينىتىپ ئىچكەچكىمىكىن، بۇ
كېسەلنى يۇقتۇرۇۋالمىدۇق.

ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، يېڭى يىل دېگەندەك
چوڭ بايراملاردا، بىز كاتتا سورۇن تۈزۈپ جۇڭگو ئەمەلدارلىرى ۋە
ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى مۇھاجىرلارنى كۈتۈۋالاتتۇق. بۇنداق سو-
رۇنلاردا، تەبرىكلەش پائالىيىتىنى ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى مۇھاجىرلار
ئۆزلىرى ئورۇنلاشتۇراتتى. بىز پەقەت چىقىمىنى كۆتۈرەتتۇق ۋە بېغى-
مىزنى ئۇلارنىڭ ئىشلىتىشىگە بېرەتتۇق. مۇھاجىرلار ئىچىدىكى ئىسلام
دىنىغا ئىشىنىدىغانلار باغنىڭ تۆۋىنرەك تەرىپىدە ئۆزلىرى تەبرىكلەش
پائالىيىتى قىلاتتى. ئۇلار دەرەخ تۈۋىلىرىگە گىلەملەرنى سېلىپ ئول-
تۇراتتى، قازان ئاساتتى، تاماق يېگەن چاغدا تۆت كىشىلىك مۇزىكا

ئەترىتىنىڭ مۇزىكىلىرىنى ئاڭلايتتى. زىياپەتتىن كېيىن، بىز بېرىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشەتتۇق ۋە ئۇلارنىڭ ئۇسسۇللىرىنى كۆرەتتۇق. بىزنىڭ بىر پوچتىكىشىمىز لاداقلىق بولۇپ، ئۇسسۇلغا ئاجايىپ ئۇستا ئىدى. شۇڭا كۆپچىلىك دائىم ئۇنى چاقىرىپ، ناھايىتى قوپال بولغان «قىلىچ ئۇسسۇلى» ئوينىتاتتى. ئۇ ئويناۋېتىپ قىلىچ بىلەن تاماشىبىنلارنى چېپىپ قەھر - غەزىپىنى ئىپادىلەيتتى، ئەلپازى قورقۇنچلۇق، ياۋۇز تۈس ئالاتتى. ئۇنىڭ ئويۇنىغا تاماشىبىنلار ئاپىرىن ئوقۇيتتى ھەم قەھرىدىن شۈركۈنۈپ كېتەتتى.

بىز ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇھاجىرلار ئارىسىدا بىر پەس ئولتۇرغاندىن كېيىن، باغنىڭ ئېگىزرەك جايىدا سورۇن تۈزگەن ھىندى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇھاجىرلار قېشىغا باراتتۇق. بۇنداق سورۇن تۈزگەندە، چىنىباغدىكى باغ چېدىرلار بىلەن بىر نەچچە بۆلەككە بۆلۈنەتتى. بۇنداق بولغاندا، ئېتىقادى ئوخشاشمايدىغان مۇھاجىرلار ۋە مېھمانلار ئايرىم - ئولتۇرۇپ، تاماق يەيتتى ۋە بىر - بىرىنى كۆرمەيتتى. ھىندى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇھاجىرلار مىس داسنى دۈم كۆمتۈرۈپ، شۇنى مۇزىكا ئورنىدا بارماقلىرى بىلەن چالاتتى. ئۇلارنى بۇ مۇزىكا ناھايىتى ھاياجانغا سالاتتى. ناخشىچى مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ، گويا ئۆزىنىڭ ناخشىسىغا ئۆزى مەست بولۇپ كېتىۋاتقاندەك، ئاسمانغا قاراپ بار ئاۋازى بىلەن ناخشا ئېيتاتتى. يەنە بىر ئادەم كىچىكرەك داستىخاننى (يوغان قولياغلىقچىلىك) پۇلاڭلىتىپ شوخ ئۇسسۇل ئوينايتتى. مېھمانلار باغدا مۇشۇ تەرىقىدە يېرىم كېچىگىچە ئوينايتتى. ئەلۋەتتە، قىش كۈنلىرى بۇنداق كۈتۈۋېلىشلار ئۆي ئىچىدە بولاتتى.

ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، جۇڭگو ئەمەلدارلىرىغا زىياپەت بېرىش باشقا بىر ئىش ئىدى. بەزىدە تۈرلۈك سەۋەبلەر ۋەجىدىن، بىر جوزىغا 12 خىل تاماق - قورۇما تەييارلاشنى كۆڭلۈم تارتماي قالاتتى - دە، ئاز ساز قىلىپ بىر ۋاقلىق ھەقىقىي جۇڭگو تامىقى تەييارلايتتۇق. ئەمما ئۇلار بۇنداق تاماقنى ياقتۇرمايتتى. شۇڭا بىز نائىلاج خەنزۇچە زىياپەت كۆتۈرە ئالغۇچى تەكلىپ قىلىدىغان بولدۇق. بىز ئەھۋالغا ۋە مېھ-

جانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ، ئۇلارغا زىياپەتنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك ياكى 2 ـ دەرىجىلىك زىياپەت قىلىدىغانلىقىمىزنى ئېيتاتتۇق. ئۇلار تەلەپىمىزنى دەرھال چۈشىنىپ، نېمىلەرنى ئېيتىش لازىملىقىنى بىلىۋالاتتى. ئۇلار بىزنى تاماق شىرەسى، ئورۇندۇق، چىنە ـ تەخسە، چوكا ـ چۆمۈچ ۋەھاكازا بىلەن تەمىنلەيتتى ھەمدە قازان، قاسقانلىرىنى ھەم ئېلىپ كېلەتتى ۋە بۇ نەرسىلەرنى سىرتقا ئورۇنلاشتۇراتتى. چۈنكى خەنزۇلارنىڭ ئۇرغۇن تاماق ـ سەيلىرىگە مۇشۇ نەرسىلەر لازىم بولاتتى. بىز تاماقخانىدىكى ئائىلە سايمانلىرىنى بىكارلاپ ئېلىپ چىقساق ۋە ئۇلارغا پۇل تۆلىسەكلا ئىش پۈتەتتى. ئەگەر مېھمانلارنىڭ سانى 12 دىن ئاشسا ۋە قارلىغاچ چاڭگىسى شورپىسى قىلىنسا، خىراجەت 30 فوندستېرلىڭ، ئەگەرقارلىغاچ چاڭگىسى شورپىسى قىلىنماي، چوشقا كۆچۈكى كاۋىپى قىلىنسا، خىراجەت 20 فوندستېرلىڭ بولاتتى. شۇڭا خەنزۇلارنى مېھمان قىلىشقا پۇل جىق كېتەتتى. لېكىن، مېھمانلىرىمىزنىڭ ئەڭگلىيە تاماقلىرىنى يېيەلىمىدۇق، دەپ كۆڭلى يېرىم بولغانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە، خەجلىگەن پۇلىمىزغا بەك ئېچىنمىز ئېچىشاتتى.

ئەگەر زىياپەت تاماقلىرىنى ئۆزۈم قىلىدىغان بولسام، بىر قانچە كۈن تەييارلىق قىلىشقا توغرا كېلەتتى. مېھمانلار ئۈچ سائەت يېيىشكە يەتكۈدەك قانداق تاماق ـ قورۇملارنى قىلسام بولار، دەپ ئالدى بىلەن تاماق رەسمىيىتىنى ئەتتىق قىلىشىم كېرەك ئىدى. ئۇنىڭغا قېتىمدىلا مېھمانلارغا پاختى تەسىرات بېرىش ئۈچۈن ھەر خىل تاتلىق ـ تۈرۈم يېمەكلىكلەر قىلىنت ـ گېزەك تەييارلىشىم، ئاندىن شورپا تارتىشىم، ئارقىدىن بېلىق، گۆش، ئۆخۈم، توخۇ، كۆكتات، چىلىغان گۆشلەردە خىلمۇ خىل تاماق ـ قورۇما، سەيلەرنى بىر ـ بىرىدىن ئۆزگىچە تەم بىلەن راسا ئوخشىتىپ قىلىشىم كېرەك ئىدى. بىر خىل قورۇمىنى مېھمانلار بەك ئوخشاپتۇ، ناھايىتى يېيىشلىك ئىكەن، دەپ ماختىشاتتى، ئەمما بۇنىڭ نېمە بىلەن تەييارلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. بۇ ئەمەلىيەتتە سۇرلەنگەن گۆش بىلەن قۇلۇلە قوشۇپ قورۇلاتتى. بۇنىڭ نامىنى ئىنگلىزچە دەپ بەرسەم، جۇڭگولۇقلارغا بەكمۇ قىزىق

تويۇلدى.① يەنى تىرىسكا بېلىقى كونسېرۋاسى بىلەن پىشلاقنى قوشۇپ تۈرمەللەپ تۇزلۇق گۆشنى ئارىسىغا ئېلىپ، ئاندىن يۇمۇلاق يوغان توقاچىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ، ئەكىرەتتىم. بۇ تاماق ئاجايىپ سىرلىق ۋە ئاجايىپتەك كۆرۈنەتتى ھەم ناھايىتى تەملىك، يېپىشلىك ئىدى. ئاندىن سوغۇق، ئىسسىق، تاتلىق سەي ــ قورۇمىلار كىرەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا قورۇق ئۈزۈم قوشۇپ قىلىنغان بۇدىن شاملار يېقىلغان پەتنۇسلاردا جوزىغا چىقاتتى. مېھمانلارغا بۇ بەك ياراپ كېتەتتى، ئۇلار بۇنى كاتتا رېستورانلار سەۋيىسىدىكى ئېسىل تائام دەيتتى، ئۇنىڭغا «ئوت قويۇش»② دەپ ئىسىم قويۇشتى. بىز مانا شۇ يوسۇندا، تاكى مېھمانلاردىن بىرەرسى چاكارلار ئارقىلىق بىزگە بولدى قىلىڭلار، تويۇپ كەتتۇق دېگۈچە ھېلى ئۇ، ھېلى بۇ تاماق، قورۇمىلارنى ئۈزۈلدۈرمەي شىرەگە تىزىپ تۇراتتۇق. شۇ گەپتىن كېيىن مەن چاكارلارنى قەھۋەگە بۇيرۇيتتىم. بۇ ئەڭ ئاخىرقىسى بولغاچقا، قەھۋەمۇ تارتىلغاندا، ئاندىن ئۇھ دەيتتىم، كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشەتتى. چۈنكى ئىش شۇنىڭ بىلەن تامام بولاتتى. مېھمانلار قەھۋەنى ئالدىراش ــ تېنەش ئىچىپ، ئورنىدىن تۇراتتى ــ دە، «جىق يەپ قورسىقىم ناغرىدەك بولۇپ كەتتى، يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ، كۆپ رەھمەت ئېيتىپ خوشلىشاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ گېپى ئېسىل نازۇ نېمەتلىرىمىزگە بەرگەن ئەڭ يۇقىرى باھاسى ئىدى.

مەن ئەنگلىيىدىن يوغان بىر يېشىك كەمپۈت ئەكەلگەنىدىم ۋە ئالاھىدە بىر ئەھۋاللاردا ئىشلىتىمەن، دەپ ئويلىغانىدىم. جۇڭگولۇقلارنى تۇنجى قېتىم چاقىرغاندا، مېھمانلار ھەرقانچە بولسىمۇ ئازراق يەر، قالغىنىنى كېيىن مېھمانغا قويارمەن دەپ ئويلاپ، بىرقانچە تەخسىنى لىق ــ لىق توشقۇزۇپ ھەممە شىرەگە كەمپۈت تىزىپتىمەن. كېيىن قارىسام تەخسىلەردە بىر تالمۇ كەمپۈت قالماپتىكەن، ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قال-

① بۇ قورۇمىنىڭ ئىنگلىزچە نامىنى تۈزلا تەرجىمە قىلسا «ئات ئۈستىدىكى پەرىشتە» دېگەن سۆز بولاتتى.

② «ئوت قويۇش» ــ ياغىچى بار بىر خىل سالىيوت. ئۇ ئوت يېقىلسىلا ئاسمانغا تىككىدە ئۆرلەيدۇ. بۇ يەردە، شامنى كۆرگەندە خىيالىغا كەلگەن بۇ سالىيوت كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

دىم. بۇ چاغدا ئېرىم كىرىپ، تىنتەي يوغان ياغلىقنى شىرەگە يېيىپ، ھەممە شىرەدىكى كەمپۈتلەرنى تۆكۈپ، ئايرىپ باللارغا بەرگىن، دەپ چاكىرىغا كۆتۈرتۈپ ئەكەتتى، دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن مېھمان چاقىرسام كەمپۈتنى مېھمانلارغا يەتكۈدەكلا تىزىدىغان بولدۇم.

ھەر قېتىم زىياپەتتىن كېلىپ، قاتتىق چارچاپ كېتەتتىم ـ دە، ئۇدۇل ھۇجرامغا كىرىپ كارىۋاتقا ئۆزۈمنى ئاتاتتىم. يەيدىغان ھەرقانداق نەرسىگە قارىغۇمىز، يېگۈمىز كەلمەيتتى. بىراق يەرلىك زاتلارنى مېھمانغا چاقىرىپ، زىياپەت بېرىپ تۇرۇش خىزمىتىمىزنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر قىسمى ئىدى.

زىياپەتلەردە ئۆزۈم تاماق ئېتىش ماڭا يېنىكرەك چۈشەتتى. سەۋەب، مەن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقمايتتىم. لېكىن رۇسىيىلىكلەرگە زىياپەت بەرگەندە، مەن ھەممىنى ئالدىن تەييار قىلىۋېلىپ، باشتىكى شىرەدە، ھېچ ئىشقا ئارىلاشمايدىغان، غەمسىز قىياپەتتە ئولتۇراتتىم، مېھمانلارغا چاي، ھاراقنى چاكارلار قۇياتتى، تاماقلارنىمۇ شۇلار تارتاتتى. بىراق مەن ئۆزۈم شىرە يېنىدا بولغان بىلەن كۆڭلۈم ئاشخانىدا بولاتتى، ئاشخانىدا بىرەر چاتاق ئىش يۈز بېرەرمۇ دەپ ئەندىشە قىلاتتىم.

بىرقېتىم، دۇخاپكا كاۋاپنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرسام، سىنگاللىق ئەر چاكار ــ ئۇ ئېنگلىزچە بىلەتتى ــ سەھنىلەرگە خاس جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن ( ئۇنىڭچە بوش ئاۋاز ) ماڭا: «خانىم، گۆش ھېلىقىدەك پۇراۋاتىدۇ» دېدى. مەن دەرھال ئاشخانىغا چاپتىم. راست دېگەندەك گۆش پۇراپ قاپتۇ. نەچچە كۈندىن بۇيان ئىسسىق بەك بولۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، گۆش دۇخوپكىنىڭ ئىسسىقىدىمۇ سېسىپ قاپتۇ. كىشىلەر ئاچ قورساق، ئېسىل تائاملارنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ مەن دەرھال ئامبارغا كىرىپ بىرقانچە قۇتا كونسېرۋا ئېلىپ چىقتىم ـ دە، تېزلىكتە ئاچقۇزۇپ، ئىچىدىكى گۆشلەرنى قازانغا تۆكۈپ قىزىتتىم، ئاندىن تەخسىلەرگە تۆكۈپ، ئەتراپىغا توغراپ مايدا پىشۇرۇپ قويغان ياڭيۇلارنى قويۇپ چىرايلىق

تىزىپ مېھمانلارغا ئاچىقتۇردۇم . مېھمانلار مېنىڭ بايا قانچىلىك تىپىرلاپ كەتكەنلىكىمنى بىلەلمەي قالدى .

قەشقەرگە كەلگەن بىرىنچى يىلىم ، يېڭى يىلدا جوڭگولۇق مېھمانلانى چاقىرغاندا ، ئۇلارغا ئاتاپ پىشۇرغان بۇدىنىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئاچىقالمىدىم . ئىش مۇنداق بولدى : مەن راسلىغان بۇدىنىنى قازانغا سېلىپ ، گۈگۈم ۋاقتىغىچە قايناتتىم . ئەيسا قازانغا قاراپ تۇردى . مەن ئۇنىڭغا ئاشخانىدىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولۇپ ، بۇدىنىنى قازاندىن ئېلىپ ، سۇيىنى ساقىتىش ئۈچۈن تاغىدا ئۇبدان چىگىپ ئېسىپ قويۇشنى تاپشۇردۇم . بىز كەچلىك تاماقتىن كېيىن ، راھەتلىنىپ ئارام ئېلىپ ئولتۇراتتۇق ، ئەيسا قورقۇپ كەتكەن بىر قىياپەتتە كىرىپ :

— خانىم ، مېنىڭچە بۇدىنىنىڭ ئەھۋالى چاتاق تۇرىدۇ ، چىقىپ بىر كۆرۈپ باقسىڭىز قانداق ؟ — دېدى .

مەن ئېتىلىپ دېگۈدەك ئاشخانىغا كىردىم . چىرايلىق بۇدىنىنىڭ مىجىقىدە بولۇپ يەردە ياتقىنىغا كۆزۈم چۈشتى . ئەيسا ئۇنى ئېسىپ قويۇشتىن ئىلگىرى چىلەك ياكى بوش چىگىلگەنلىكىگە دىققەت قىلمىغان . شۇڭا بىچارە بۇدىنىنىڭ ئەھۋالى ھەقىقەتەن چاتاق بولغانىدى ! ئۇ چاغدىكى كەيپىياتىمنى ئىنچىكە تەسۋىرلەپ ئولتۇرمايمەن . ئەمما بۇدىن ياسايدىغان ماتېرىيالنىڭ يوقلۇقىنى ئويلىساملا ، ماڭا بۇ بىر دەھشەتلىك پاجىئەدەك تۇيۇلدى . ئەگەر مەن بۇ نەرسىنى دەرھال ئادىمىم ئەۋەتىپ ماگىزىنلاردىن ئەكىلەلەيدىغان بولسام ، بۇنچىلىك زىيانغا ئۇنچە قىلىپ كەتمەيتتىم . لېكىن ئاران تەسلىكتە ساقلاپ كەلگەن نەرسىنىڭ بىكاردىن - بىكار زايا بولغىنى ، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن يەنە نەچچە ئاي ساقلايدىغىنىمىزغا ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئىچى ئېچىشاتتى . بىچارە ئەيسا بۇ ئىشقا ماڭا ئوخشاشلا ئېچىنىپ ، بىئارام بولۇپ تۇرغاچقا ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق گەپ - سۆز قىلالمىدىم .

ھىندىستان تەۋەلىكىدىكى بىرىنچى ئاشپىزىمىز قەشقەردىن كەتكەندىن كېيىن ، مەن ئۇبدانراق ئاشپەز تاپالمىدىم . ئەمەلىيەتتە ئۇ كەتكەندىن كېيىن ، بىز قەشقەردە تۇرغان خېلى ئۇزۇن ۋاقىت جەريانىدا

تاماقنى ئۆزۈم ئەتتىم. كېيىن ئەيسامۇ ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى. مەن لاسۇ ئىسىملىك بىر زاڭزۇنى (سۇت ساغقۇچە ناخشا ئېيتىدىغان ھېلىقى ئادەمنى) تاپتىم ۋە ئۇنى توپتوغرا بەش يىل تەربىيىلىدىم. ئۇ خېلى ئەقىللىق ئىدى. ھەر ھالدا مېنى ئاشخانىنىڭ كۆپلىگەن ئېغىر ئىشلىرىدىن ئازاد قىلدى.

پادىشاھ گېئورگې تاج كىيگەن كۈنى، بىز يەنە جۇڭگو ئەمەلدارلىرى، ياۋروپالىقلار، ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى مۇھاجىرلار، قەشقەرنىڭ بىر مۇنچە يەرلىك كاتتا كىشىلىرىنى چاقىرىپ كاتتا زىياپەت بەردۇق. ئۇ چاغدا كىچىك ئوغلۇم روبىننىڭ تۇغۇلغىنىغا ئاران بىر ئاي بولغانىدى. ئامالسىز تاماقلارنى لاسۇ قىلدى. ئۇ شۇنداق ئوخشىتىپ، ئوبدان قىلدىكى، ئېرىم ئۇنى ماختاپ كەتتى ۋە لاياقەتلىك ئاشپەز بولالىغۇدەكسىز، دېدى. ئەمما شۇ ئىشتىن 14 كۈن كېيىن، ئۇ ئۆلۈپ كەتتى. مەن يەنە ئېغىر ئاشخانا ئىشلىرىغا چۆكۈپلا كەتتىم. ئۇ ئىشەنچلىك، سادىق چاكار ئىدى، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ كەلگەنىدۇق. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە بەك قايغۇردۇق.

لاسۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، مەن ھەقىقەتەن نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي قالدىم. بۇۋاقنى باقسام، چوڭراق ئىككى بالامغا قارىمىسام بولمايتتى، ھېلىمۇ ياخشى، بىر ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى ئۇ ئىككىسىنى ئوقۇتاتتى. مەن باشتىلا بۇنداق جىق جاپا-مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىق تارتىدىغانلىقىمنى بىلگەن بولسام، ئۆزۈمنى بەك تەلەيلىك ھېسابلىمىغان بولاركەنمەن.

بىز ھىندىستاندىن ئاشپەز ئەكەلدۈرۈشكە خېلى تىرىشىپ كۆردۇق. ئەمما ئاخىرقى ھېسابتا بەك ماھىر، چاققان بولمىسىمۇ، ئاشپەزنى قەشقەردىن تېپىشنى لايىق كۆردۇق. چۈنكى، ھىندىستاندىن ئەكەلدۈرگەن ئاشپەزلەر قەشقەرگە كېلىشكە جان دەپ ئۇنايدىكەن. لېكىن ئۇنداقلار مەلۇم مىجەز-خۇلقى سەۋەبلىك ھىندىستاندا تۇرۇشقا ئامالسىز قالغانلار بولىدىكەن. شۇنداقلاردىن بىر-ئىككىسى بىزگە ئاشپەز بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن ئۇلار غەلىتە ئىشلارنى قىلغا-

لىقى، چاكارلار بىلەن چىقىشالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىشلىتەلمەي كەتكۈزۈۋەتتۇق. بىرى تاماقنى ئوبدان ئېتەتتى، لېكىن بىزنى دائىم ئالدايتتى. شۇنىڭدەك ھەر قېتىم مېھمان چاقىرىپ ئاش ـ تاماق قىلىۋاتقاندا ئىچىپ غەرق مەست بولۇۋالاتتى. شۇڭا مەن، ئاش ـ تاماقنى ئۆزۈملا ئەتسەم، گەپ ـ سۆز، باش ئاغرىقى ئاز بولۇپ، خاتىرجەم ئۆتىدىكەنمىز، دېگەن يەرگە كەلدىم.

سەككىزىنچى باب

# تۇنجى قېتىم دۆلىتىمىزگە قايتىپ دەم ئېلىش جان سانىمىزنىڭ كۆپىيىشى قەشقەرگە قايتىش

مېنىڭ چەت دۆلەتكە كەلگىنىمگە تۆت يىلدىن ئاشتى. ئېرىم دۆلەتكە قايتىپ ئۇزۇنراق ۋاقىت دەم ئېلىشقا ئىلتىماس سۇندى ھەمدە چوقۇم تەستىقلىنىدۇ، دەپ قاتتىق ئىشەندى. شۇنىڭ بىلەن مەن تەييارلىققا كىرىشتىم ۋە مەدەنىيەتلىك دۆلەتكە قايتقاندىن كېيىن قىلىدىغان بىرىنچى بارلىق ئىشلىرىمىزنى پىلانلاشقا باشلىدىم.

ئۇنىڭغا يونىڭغاندەك، ھىندىستان تەۋەلىكىدىكى كاتىپىمىزمۇ دۆلىتىگە قايتىپ تۇغقان يوقلاشنى ئىلتىماس قىلدى. ھەر ئىككى ئىلتىماس تەستىقلىنىپ، ئېرىم بىلەن كاتىپقا دەم ئېلىش بېرىلدى. بىراق، تەستىقتا ھەر ئىككىڭلار قەشقەردىن تەڭلا كەتسەڭلار بولمايدۇ، دېيىلگەن ۋە كىم ئاۋۋال مېڭىشنى ئېرىمنىڭ بەلگىلىشىگە تاپشۇرغانىدى. بىز كېتىشكە ئالدىرايتتۇق، مەن تېخى، ئانامغا خەت يېزىپ پات ئارىدا يېتىپ بارىمىز دېگەنىدىم. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھىندىستانلىق كاتىپنىڭ ئائىلىسى ھىندىستاندا ئىدى. ئۇنىڭ بالدۇرراق قايتىپ ئائىلىسى بىلەن جەم بولۇش تەقەززالىقى مېنىڭ ئۆيۈمدىكىلەرنى كۆرۈش تەقەززالىقىمغا ئوخشاشلا كۈچلۈك ئىدى. شۇڭلاشقا كىمنىڭ ئاۋۋال مېڭىشىنى بېكىتىش ھەقىقەتەن قىيىن بولدى. ئاخىر كاتىپ غەلىبە قىلدى. ئۇ ئاۋۋال ماڭىدىغان، بىز يېرىم يىلدىن كېيىن قەشقەردىن قوزغىلىدىغان بولدۇق. 1902 - يىلى ئىيۇندا J. P مايىرس ( ئۇ ھازىر گېنېرال ) ھىند-

دىستاندىن قەشقەرگە كېلىپ ، ئېرىمنىڭ ۋەزىپىسىنى ۋاقىتلىق ئۆتەپ
تۇرىدىغان بولدى . بىز خۇشال ھالدا قەشقەردىن قوزغالدۇق . بىز يولغا
چىققان كۈنى ، بىزنى ئۇزاتقىلى كەلگەنلەر ناھايىتى كۆپ بولدى . يەر-
لىك ئادەملەرنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا « گىلەملەرنىڭ چۆرىلىرىمۇ ئا-
دەم بىلەن لىق تولدى . » ئەلۋەتتە ئۇزىتىش گىلەم ئۈستىدە ئەمەس ،
بوستانلىقنىڭ چېتىدە بولدى .
قەشقەردە تۇرغان ۋاقتىمدا ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئەنگلىيىگە
ئۈچ قېتىم قايتتىم . شۇڭا بۇ قېتىم قەشقەردىن قوزغالغان چاغدىكى
ئەھۋاللارنى بىرمۇ بىر بايان قىلىپ ئولتۇرمايمەن . شۇنىڭدەك بۇ قېتىم
ئەنگلىيىگە قايتقۇچە ئۆتكەن جايلار ، كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىز قەش-
قەرگە تۇنجى قېتىم كەلگەندىكىگە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ . ئوخشى-
مايدىغان بىردىنبىر يېرى ، بىز بۇ قېتىم تەگرىتاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتكىچە
ماڭغان يول ئېغىزى تەلكە داۋىنى ئەمەس تالدىك ( Taldik ) ئېغىزى
بولدى . قار گۈمۈرۈلۈپ چۈشىدىغان بولغاچقا ، ياز پەسلىدە تەلكە ئې-
غىزى تاقىلاتتى - دە ، كارۋانلار تالدىك لىنىيىسىدە مېڭىش كېرەك
ئىدى . سەۋەب ، بۇ يەرلەردە بىرقانچە ئاي قار بولمايتتى ، يوللىرى كەڭ
ۋە مېڭىش ئاسانراق ئىدى . ئەمما بۇ يول تەلكە تەرەپتىن يىراقراق ئى-
دى .
تەگرىتاغ ئارىلىرىدا يازلىقى سەپەر قىلسا ، جىرا - جىلغىلار
كەلكۈن سۈيى بىلەن تولۇپ ، مېڭىش قولايسىز بولغان بىلەن ، كۆكۈل
ئېچىلىپ كەيپىمىز چاغ بولىدىكەن . رۇسىيە چېگرىسى ئىچىگە كىرىشى-
مىز بىلەنلا دەريا بويلىرى ، جىرالار ، تاغ - داللار يېشىللىققا پۈركەن-
گەن ، ھەرخىل ، ھەر رەڭدىكى گۈللەر ئېچىلىپ ، كائىنات گويا رەڭدار
يېشىل گىلەم سېلىنغاندەك ئاجايىپ جەلپكار تۈس ئالغان . بۇ گۈل -
گىياھ ، ئوت - چۆپلەرنىڭ بەزىلىرى تاغ - قىيالارغا يامىشىپ چىقىپ
كەتكەن ، بەزىلىرى قىيا ۋە تاش ئارىلىرىدا بېغىرلاپ ئۆزۈۋنلارغا سوزۇ-
لۇپ بارغانىدى . قۇشلارنىڭ خۇش ناۋاسى ئادەمگە ھوزۇر بېغىشلايتتى .
بىز يولغا چىققان چاغلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى رۇسىيىلىكلەر ئەنگ-

لىمىلىكلەرنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىدىن تازا گۇمانلىنىۋاتقان پەيتكە توغرا كەپتۇ. شۇڭى نەرپەشتامغا كەلگىنىمىزدە، رۇسىيىنىڭ بىر ئوفىتسېرى ۋە ئۈچ كازاك ئەسكىرىنىڭ بىزنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردۇق. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى بىزنى رۇسىيە زېمىنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئاپىرىپ قويۇش ئىدى. بىز ئۇلارنىڭ بۇنچە قىلىپ كېتىشلىرىنى ياقتۇرمىساقمۇ، گەپ - سۆز قىلمىدۇق - دە، ئاغزىمىزنىڭ ئۈچىدا رۇسىيە دائىرىلىرىنىڭ سەپىرىمىزنىڭ بىخەتەر ۋە ئارامبەخش بولۇشى ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن بولدۇق. رۇسىيە ئوفىتسېرى بىلەن بىر كازاك ئەسكەر بىز بىلەن، ئىككى كازاك چاكارلىرىمىز بىلەن ماڭدى. بۇلار يول بويى بىزگە قاتتىق كۆز قۇلاق بولدى. مەيلى نەگىلا بېرىپ قونمايلى، ئۇلارنىڭ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانلىقى، شارائىت، مۇھىتىنىڭ ئىنتايىن ياخشى. ئازادە ئىكەنلىكىنى بايقىغان بولساقمۇ، بىز خۇددى نەزەربەنت قىلىنغان كىشىلەردەك ناھايىتى سىقىلىپ كەتتۇق. بۇ ئادەملەرنىڭ ئاتلىق بەزىدە ئالدىمىزدا، بەزىدە كەينىمىزدە مېڭىپ، ھەربىر سۆز - ھەرىكەتلىرىمىزگە دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە بەكمۇ نەپرەتلىنەتتىم. ئۇلار رەسىم تارتىشىمىزغا ۋە يولدا ئۇچراشقانلار بىلەن گەپ قىلىشىمىزغا رۇخسەت قىلمىدى. رۇسىيە ئوفىتسېرى گېپىمىزنى ئاڭلاپ تۇرغان ئايرىم چاغلاردىلا، بىز كىشىلەر بىلەن سۆزلىشەتتۇق.

بىز سادىق ئىككى ئۇزاتقۇچىمىز — جاپپار ئەلى بىلەن ئەيسانىخۇن بىزنى ئوشقىچە ئۇزىتىپ كەلدى. ئايرىلىش ۋاقتىدا ئۇلار ئۆزلىرىنى تۇتالماي يىغلىغانىدى، مەنمۇ ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدىم. ئېرىم بىزنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن:

— ھەي، نېمىلا دېگەنبىلەن بىز بولمىساقمۇ، سىلەرنىڭ يەنە كۈتىدىغان ناھايىتى دىلكەش خوجايىنىڭلار بار ئەمەسمۇ! — دېدى.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى جاپپار ئەلى يىغلامسىراپ، — ئەمما سىلەرنىڭ ئەڭ يامان تەرەپلىرىڭلارنى ئوبدان بىلەتتۇق. ئۇنىڭغا كەلگەندە، ئەڭ ياخشى ئارتۇقچىلىقلىرىنى تېپىشقا توغرا كېلىدۇ.

بىز ئۇشتا ناھايىتى يوغان مەپىگە ئولتۇرۇپ ئەنجانغا ماڭدۇق. بۇ مەپىنىڭ يۇرۇشىسى بار ھەم ياخشى بولغاچقا، يۇمشاق، راھەت ئىكەن. رۇسىيە ئوفىتسېرى توغرىراقى بىزنىڭ «غوجىدار» ىمىز بىز بىلەن بىللە ئولتۇردى. بۇ مەپىنى ئۇ بىزنى دەپ قاتتىق تۇرۇپ ئالغانىدى. لېكىن بۇ مەپىدە بىز جېنىمىزدىن ئايرىلغىلى تاس قالدۇق. يولدا ئات ئالماشتۇردۇق. ئاتنى ئالماشتۇرۇپ بولۇشىمىزغا ئۈچ ئات ئۈركۈپ كەتتى. بىز ئۇنى تەسلىكتە توسۇپ جايىغا كەلتۈرۈپ، بېشىغا قاپ كىيگۈزۈپ قويدۇق. مەن، بۇ ئاتنىڭ ئۈركى ماڭا پەقەت ياقمىدى، دېۋىدىم، باشقىلار مەپە مېڭىپ كەتسىلا ھېچ ئىش بولمايدۇ، دېدى. بىر ۋاقىتلارغىچە بۇ ئات جىم ماڭماي تاقلاپ، يورغىلاپ ماڭدى، كېيىن بىسىقىپ قالدى ـ دە. ناھايىتى مەزمۇت ماڭدى. كەلكۈن سۈيى بىلەن ئۈركەشلەپ ئېقىۋاتقان بىر دەريا بويىغا كەلدۇق، دەريادا ياغاچ كۆۋرۈك بار ئىكەن. مەپە كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋاتقاندا، كۆۋرۈكنىڭ ياغىچى لىڭشىپ كەتكەنىدى، ئۈچ ئات يەنە ئۈركۈپ، ئۆزىنى ئوڭ تەرەپكە ئاتتى ۋە باشقا ئاتلارنىمۇ ئوڭ تەرەپكە تارتتى. مەپە كۆۋرۈك ياغىچىغا قاتتىق ئۈرۈلۈپ، كۆۋرۈك يان ياغىچى بىلەن مەپىنىڭ ئوقى تەڭلا سۇندى، مەپە سۇنغان كۆۋرۈك يان ياغىچىدا ئېسىلىپ قالدى. مەن ھاپىلا ـ شاپىلا مەپىدىن چۈشۈۋالدىم. مەپىكەشلەر مەپىنى جىق كۈچەپ تەسلىكتە تارتىپ ئوڭشىۋالدى. بۇ ئەتراپ قاقاسلىق بولۇپ، بىرمۇ ئۆي كۆرۈنمەيتتى. ئەگەر ئۈركەشلەپ ئېقىۋاتقان سۇغا چۈشۈپ كەتكەن بولساق، ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن بولاتتۇق. شۇڭا ئېرىم ئىككىمىز ناھايىتى بەك قورقۇپ كەتتۇق ۋە ئاغزىمىز گەپكە كەلمەي بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ تۇرۇپلا قالدۇق. بۇ قورقۇنچلۇق ئىشتىن رۇسىيە ئوفىتسېرى ئاچچىقلاپ كەتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ مەپىكەشنى ئۇرۇپ كەتتى. ئەگەر ئېرىم توسۇۋالمىغان بولسا، ئۇ مەپىكەشنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ بىچارە مەپىكەشتە ھېچ گۇناھ يوق. ئۇ قانداق ئات بېرىلسە، شۇنداق ئاتنى ئىشلىتىدۇ ـ دە. مەپىكەشلەر ئوقنى ئارغامچىلاردا چىرماپ، باغلاپ ئەپلەشتۈردى. ھېلىقى ئات يولدا

ئۈچرىغانلىقى ئەرسىدىن قورقۇپ ، ئۈركۈپ خاپا قىلدى . شۇڭا بىز
ئەنجانغا قاراڭغۇ چۈشكەندە يېتىپ كەلدۇق . بىز پويىزغا چىقتۇق . ھې-
لىقى « غوجىدار » پويىز خادىملىرىغا بىزنىڭ ئۈزى نارازەت قىلىپ ئېلىپ
كېتىۋاتقان « خەۋپلىك جاسۇس » ئىكەنلىكىمىزنى ئېيتتى بولغاي ،
بىزنى بۆلۈنمە شەكلىدىكى ۋاگونغا ئورۇنلاشتۇردى . رۇسىيە ئوفىتسېرى
كارىدوردىكى ۋاگونىمىز ئىشىكىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى . بىز ئاشخانىغا
بارساق ۋاگونلاردا مېڭىپ يۈرسەك ، ئۇ كەينىمىزدىلا يۈردى . ھېچكىم
بىلەن گەپلەشمىدۇق .
بىز ئولتۇرغان ۋاگون مەخسۇس ئاياللارنىڭ ، يېنىمىزدىكى ۋا-
گون مەخسۇس ئەرلەرنىڭ ۋاگونى ئىكەن . لېكىن ئۇ يەردە بىر ئايالمۇ
ئولتۇراتتى . يېرىم كېچىدە پويىز ئاشخابادتا توختىدى . بۇ چوڭ بېكەت
ئىكەن ، بىرمۇنچە ئادەم پويىزغا چىقتى . بىر ئەر ۋاگوندا ئولتۇرغۇدەك
ئورۇن تاپالمىدى . بىز ۋاگونىنىڭ چىرىغىنى ئۈچۈرۈۋېتىپ جىممىدە
ئولتۇردۇق . ئۇ ئادەمنى قانداق ئورۇنلاشتۇراركىن ، دەپ كۈزەتتۇق .
پويىز كونتروللىچىسى كېلىپ بىزنى نارازەت قىلىۋاتقان ھېلىقى ئوفىتسېرغا
ئىككى ئەنگلىيىلىكنى ئايرىۋېتىپ ، ئايالى بۇ ۋاگوندىكى ئايال بىلەن
ئولتۇرسۇن ، ئېرى بايا ۋاگونغا چىققان ئادەم بىلەن باشقا ۋاگوندا ئول-
تۇرسۇن ، دېگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق . ئەمما ئوفىتسېر ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق
سالمىدى . چۈنكى ئۇ ، ئەگەر بىز باشقىلار بىلەن بىللە ئولتۇرساق قانداق
ئىشلار بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى . ئىككىسى بىرپەس
سوقۇشتى . كېيىن ئوفىتسېر ئۇنىڭغا پىچىرلاپ نېمىلەرنىدۇ دېدى . ناھا-
يىتى روشەنكى ، ئۇنىڭغا ئۇ بىزنىڭ سالاھىيىتىمىزنى ، قانداق خەۋپلىك
ئادەملەر ئىكەنلىكىمىزنى ئېيتتى . شۇڭا پويىز كونتروللىچىسى يەنە بىر ۋا-
گوننى ئېچىپ ھېلىقى ئەرنى كىرگۈزۈۋەتتى . ئۇ ۋاگوندا ھېلىقى ئايال
كىيىملىرىنى سېلىپ ، چاچلىرىنى چاچ قىسقۇچلاردا قىسىپ ياتقانىدى .
شۇئان شىددەتلىك جەڭ باشلاندى . ئۇ ئايال خۇددى ساراڭلاردەك ۋار-
قىراپ ، چىرقىراپ ، ئاغزىغا كەلگەنلىكى سەت تىل ـ ئاھانەتلەرنى ھې-
لىقى ئەرگە ياغدۇرۇۋەتتى . ئەرمۇ بوش كەلمەي تازا ھۆر كىرىندى . ئاخىر

ھەر ئىككىسى ۋارقىراپ ھالىدىن كەتكەندە، ئاندىن بېسىقىشتى. ئەتىسى
ئەتىگەندە، ئۇ ئىككىيلەننى تاماق ۋاگونىدا ئۇچراتتۇق. ئاخشامقى
بوران ـ چاپقۇنلار پۈتۈنلەي ئۇنتۇلغان. ئۇلار خۇددى يېقىن دوستلار-
دەك بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشىۋاتاتتى.

شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى ئوفىتسېر بىزدىن ئايرىلمىدى. بىز كاس-
پىي دېڭىزىنى كېسىپ ئۆتىدىغان پاراخوتقا ئامان ـ ئېسەن چىققاندا،
ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتۇق. بىز ئۇنى ئاخىرقى قېتىم كۆرگەندە،
ئۇ پىرىستاندىكى بىر ساقچىغا بىزنى كۆرسىتىپ، ئىشارەتلەر بىلەن بىر
نېمىلەرنى دەۋاتاتتى.

بىز ئەسلى ئەنگلىيىدىكى ئۆيىمىزدە بىر يىل تۇرماقچى بولغانى-
دۇق. دەم ئېلىش ۋاقتىمىز توشۇشقا ئاز قالغاندا، چوڭ ئوغلىمىز ئارايىك
( تۇنجى بالىمىز ) تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن، دەم ئېلىش ۋاقتىمىزنى ئۇزارت-
تۇق.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز 1904 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى
ئۆيىمىزگە قايتىش سەپىرىمىزگە ئاتلاندۇق. بوۋاق بالا بولغاچقا، بالا
باققۇچى بولمىسا بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن جان سانىمىز بىر ھەسسە
كۆپەيدى. بوۋاق بالىنى بۇنداق ئۇزاق سەپەرگە ئېلىپ مېڭىش خېلىلا
خەتەرلىك ئىدى. بۇ بالىنى سەپەرگە لايىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بىز ئۇنى
تۇغۇلغاندىن تارتىپلا چېنىقتۇردۇق. تالا ـ تۈزگە تولا ئاچىقىپ، ھەر-
خىل ھاۋاغا ماسلاشتۇردۇق، سوغۇق يېمەكلىكلەرنىلا بېرىپ باقتۇق.
شۇنداقتىمۇ ئۇ بىرەر قېتىم زۇكام بولماي، بۇدرۇق، ساغلام چوڭ بول-
دى. بىز يولغا چىققاندا، ئۇ ئاران بەش ئايلىق بولغانىدى. ئەمما بۇ
مۇشكۈل سەپەردە ئۇ جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە باشقا ھەرقانداق ئادەمدىن
بەكرەك چىدىدى.

يولدا بالىغا نېمە بېرىپ بېقىش بىر گەپ بولدى. سۈت بېرەيلى،
دېسەك، يوللاردا داۋاملىق سۈت تېپىلماسلىقىدىن ئەنسىرىدۇق. بەش ـ
ئالتە ھەپتىلىك ئۇزۇن سەپەر جەريانىدا بالىغا كونسېرۋىلا يېگۈزۈشنىمۇ
خالىمايتتۇق. شۇڭا بىز پاراخوت بىلەن فرانسىيىنىڭ مارسېل دېگەن پې-

رىدىن يولغا چىقىپ، ئاۋۋال باتونۇمغا بېرىشنى قارار قىلدۇق. چۈنكى بۇۋاققا بويىزغا قارىغاندا پاراخوتقا ئولتۇرۇش بىخەتەررەك ئىدى. بىز ئايلىپبۇرى سۈت مەھسۇلاتلىرى شىركىتىگە دەپ باتونۇمغا بارغۇچە يەتكۈدەك دېرىنفېكسىيە قىلىنغان بوتولكىلىق سۈت تەييارلاتتۇق؛ بۇ سۈتلەرنى يېشىكلەرگە قاچىلاپ پاراخوتنىڭ سوغۇق ساقلاش خانىسىغا قويدۇق. باتونۇمدىن چىققاندىن كېيىنمۇ ئۇغلىمىز ئارايىك ئايلىپبۇرى شىركىتىنىڭ يېمەكلىكلىرىنى يەپ جان باقتى. بىز سۈتنى قايىنىتىپ يېمەكلىكنى سالاتتۇقتە ئارىلاشتۇراتتۇق، سەل سوۋۇتۇپ بۇۋاققا بېرەتتۇق. بىز تاغ يوللىرىدا ماڭغاندا، ئالدىن قايناقسۇلارنى قايىنىتىپ بوتۇلكىلارغا قاچىلايتتۇق ۋە بىر خالتىغا سالاتتۇق، ئۇنى بىر ئەر يەم بىلەن كۆتۈرۈپ ماڭاتتى. بالىنىڭ قورسىقى ئاچقان ھامان، ئۇنى تەگشەپ بېرەتتۇق. بالىغا ئاماقنى كالا قوتانلىرى، زور قورام تاشنىڭ تۈۋلىرى ۋە بوران توسىيالايدىغانلىكى بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلاردا بەردۇق. ئويلىسام ئادەمنىڭ كۆلكۆسى كېلەتتى. بۇۋاق ھارۋىسىنى ئېلىپ مېڭىپ، كېچىلىرى بۇۋاقنى شۇنىڭدا ئۇخلاتتۇق.

بالا باققۇچى قانىنى خېنىممۇ كارامەت ئايال ئىدى. مەن كىچىك چاغلىرىمدىلا ئۇ ئائىلىمىزنىڭ خىزمەتكارى ئىدى. شۇڭا ئۇ يول بويى بىزنى ناھايىتى بېرىلىپ كۈتتى. ئۇ ياشىنىپ، كۈچىدىن قالغان بولسىمۇ، قەيسەر ئىرادە ۋە بۇۋاققا ئىچ كۆيەرلىكى بىلەن يولدا ئۇچرىغان جىمى جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى قىلچە ۋايسىماستىن يېڭىپ كەتتى.

قەشقەردىن ئەنجانغىچە ئۆزىتىپ قويغان ئىككى چاكىرىمىز بىزنى يەنە ئەنجاندا كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئەمما بىز بىچارە جاپپار ئەلىنىڭ قاتتىق ئاغرىپ قالغانلىقىنى بايقىدۇق. بىز بىلەن تاغ ـ ئېدىرلاردىن ئۆتكىچە ئۇنىڭ جېنى ئاران قالدى.

ئۇلار بىزنى بىر بىرىنچى قېتىم قونغان پاسكىنا سارايدىن تاپتى. جاپپار ئەلىنىڭ «كىچىك خوجايىن» بىلەن كۆرۈشكەن چاغدىكى سەمىمىيلىكى ئادەمنى ھاياجانغا سالاتتى. ئۇ بالىنىڭ كارىۋىتى يېنىغا كەلدى. بالا ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ كارىۋات يېنىدا ھالسىزغىنا تىز چۆكۈپ

بالىدىن ھال ـ ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.
ئەسلى كاپىتان مايرس ئۇنى بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىشتىن توسىغانىكەن.
لېكىن ئۇ: «ئۆزۈم باراي، خوجايىننى تۇنجى قېتىم قەشقەرگە ھىندىسـ
تاندىن ئۆزۈم بىللە ئەكەلگەن، خانىمنىمۇ ئەكەلدىم. ئەمدى كىچىك
خوجايىننى ئەكەلمىسەم بولمايدۇ» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. بۇ ساددا ئادەمنىڭ
ۋۇجۇدىدىكى مېھىر ـ شەپقەت ۋە مۇھەببەت نەقەدەر چوڭقۇر ـ ھە!

تەگرىتاغ تىزمىلىرىدىكى سەپىرىمىز تېخى يېرىملاشمىغانىدى،
بىز بىرقىسىم قىرغىزلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، جاپپار ئەلىنى ئۇلارنىڭـ
كىمدە بىرئاز ۋاقىت دەم ئالدۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق. بىز قەشقەرگە بالـ
دۇرراق كەلدۇق. ئۇ كەلگەندە، ئىش قىلالمىغۇدەك ھالدا ئىكەن. ئېرىم
( ئەنگلىيە ـ ھىندىستان ) ھۆكۈمەتكە ئۇنىڭغا پېنسىيە پۇلى بېرىش
ھەققىدە ئىلتىماس سۇنغانىدى، تەستىقلاندى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ بۇـ
نىڭدىن نەچچە ئايلا بەھرىمەن بولۇپ، ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە ئادەمنىڭ
ئىچى ئېچىشىدۇ. ئۇ ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى، بىز قەشقەردە ئەنگلىيە
كونسۇلخانىسى قۇردۇق، ئۇنى ئۇستۇرۇپ «كامادار» ( يەنە مائاشنى
ھىندىستان ھۆكۈمىتىدىن ئالىدىغان كونسۇلخانا ئاتتا شېيسى < ھەمرام
خادىملار > لىرىنىڭ باشلىقى ) قىلىپ قويغان. ئۇ بۇنىڭدىن بەك
مەمنۇن بولغانىدى.

بالىمىز بولغاچقا، تۇرمۇشىمىز پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى. ما
كۇنلەرنى قانداق ئۆتكۈزەرمەن، دەپ غەم قىلىدىغان چولىمۇ چىقمايدىـ
غان بولدى. بىز دائىم دېگۈدەك ھەر كۈنى قىلىدىغان ئىشلارنى قانداق
قىلىپ رەتلىنىك، جاي ـ جايىدا ئورۇنلارنىشتۇرۇشنىڭ باش ئاغرىتىدىغان
ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتۇق. بولۇپمۇ ئىككى يىل ئۆتۈپ قىزىمىز
خىلۋىيا تۇغۇلغاندىن كېيىن، بۇ ئىش تېخىمۇ بىر باش ئاغرىقى بولدى،
بىز ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق.

بىز باللارنىڭ پۈتۈن كىيىمىنى، ئۆزىمىزنىڭ كىيىمىنىڭ كۆـ
پىنى ئۆزىمىز تىكەتتۇق. كىر يۇيىدىغان بىر ئايالنى ياللىۋالغان بولساقـ
مۇ، ئۇنىڭغا كىيىملەرگە ئوبدان دەزمال سېلىشنى ئۆگىتەلمەي، بۇ ئىشـ

نىمۇ ئۆزىمىز قىلىدىغان بولدۇق.

پوچتىدىن بىرمۇ نەرسە ئېلىشىمۇ ناھايىتى تەس بولۇپ، خالتىنىڭ ئېغىرلىقى يەتتە قاداقتىن ئاشماسلىقى كېرەك ئىدى. بۇنداق چەكلىمىك خالتىغا نىمە سېلىپ ئەۋەتكىلى بولىدۇ، دەپ ھەيران بولاتتۇق. بىرى ئېرىمىگە قىشلىق ئۆتۈك ئەۋەتكەنىكەن، ئۇنىمۇ بىر پايدىن قاچىلاپ ئىككى خالتا قىلىپ ئەۋەتىپتۇ!

ھىندىستاندىن ئېۋەتىلگەن خالتا قەشقەرگە ئىككى ئايلاردا ئاران كېلەتتى. ئەنگلىيىدىن ئەۋەتىلگىنى ئۈچ ئايلاردا ئاران قولغا تېگەتتى. شۇنداق بولغاندا، بىز زاكاس تالونىنى ئەۋەتكەندىن تارتىپ ھېسابلىساق، تۆت ـ بەش ئايدا ئاران مالنى تاپشۇرۇۋالاتتۇق. نەرسە ـ كېرەكلەر، بولۇپمۇ كونسېرۋالار قەشقەرگە كەلگۈچە مىجىلىپ، ماكچىيىپ بىرنىمە بولاتتى.

بىر يىلى يازدا، ئانامغا قىشتا كىيىدىغان چىرايلىق بىر شىلەپە ئەۋەتىپ بېرىڭ، قىشتا سوغۇقمۇ خېلى قاتتىق بولىدىكەن، كىيىدىغىنىم يوق، دەپ خەت يازدىم. خەت سېلىپ ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندە، ئانامدىن خەت كەلدى. ئۇ شىلەپىنى ياغاچ ساندۇقچىغا سېلىپ، قېلىن رەخت بىلەن ئوراپ چىڭ تىكىپ ئەۋەتتۇق دەپتۇ ۋە شىلەپىنى تەسۋىرلەپ، قەھۋە رەڭ ئېسىل سوكنادىن تىكىلگەن، چۆرىسىگە تۆگە قۇشىنىڭ پەيلىرى تىكىلگەن، ھازىر تازا مودا بولۇۋاتقان شىلەپە، دەپ يېزىپتۇ. ئۇنى كۆرۈپ بەك خۇش بولدۇق ۋە ئۇنى كىيىشكە ئالدىراپ كەتتىم. قىۋەت بىر كۈنى خالتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. قارىسام ئۇ چىڭ ۋە يوغان بېزىغىلا ئوخشايتتى، ئېچىدىن قېلىن رەخت بىلەن يۆگىلىپ، ئۈستىگە ئىسمىم مايماق ـ سايماق يېزىلغانىدى. ئۇنى ئېچىپلا قېتىپ قالدىم. چۈنكى ئىچىدىكى نەرسىنىڭ بۇ قاتالىق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى زادىلا خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم! چىرايلىق شىلەپە، ئۇقلىرى ۋە چۆرىلىرى پۈختىراق بولسۇن ئۈچۈن چىڭ يۆگىلىپ مۇشۇنداق ئورالغانىدى. روشەنكى، ساندۇقچە بىرمۇ جايدا بۇزۇلۇپ كەتكەن. كۆڭلى ياخشى ھىندىستانلىق پوچتا ئىدارىسى باشلىقى چىرايلىقراق بولسۇن، دەپ ئوراپ

مۇشۇ ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان گەپ. بۇ پوچتا ئىدارىسى باشلىقى تېخى چىرايلىق ۋە ئەپچىل قىلغان بۇ ئىشىدىن پەخىرلىنىپ يۈرسە كېرەك.

شۇ يىلى قىشتا، بېشىمغا كىيىدىغان باشقا نەرسە بولمىغانلىقى، باشقىنى ئەكەلدۈرۈش ئىمكانىيىتى ھەم يوق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ شىلەپىنى بېسىپ، دەزماللاپ ئاز - تولا ئىسكەتكە كەلتۈرۈپ كىيدىم. بىراق ئۇ چىرايلىقمۇ، مودىمۇ شىلەپە بولمىدى.

بۇ شىلەپىگە تازىمۇ پېشكەللىك كەلدى. شۇ يىلى يازدا مەن ئۇنى ئويدان ئوراپ ساندۇققا سېلىپ قويدۇم. ئىككىنچى يىلى قىشتا كىيەي دەپ، ساندۇقتىن ئالسام، ئىچىدىن بىر چاشقان يۈگۈرۈپ چىقتى. يەنە بىرمۇنچە بالىلىرىمۇ بار! چاشقان شىلەپىنىڭ چۆرىسىدىكى تۆگە قۇشى پەيلىرىنى يۇلۇپ پارچىلاپ راھەت ئۇۋا ياساپتۇ - دە، تۇغۇۋېرىپتۇ. شىلەپە چاشقان پۇراپ كەتكەنىكەن. شۇنچە يۇيۇپ، ئاپتاپقا سالساممۇ پۇرىقى كەتمىدى. شۇنداقتىمۇ، كىيىۋەردىم. نېمىشقا دېگەندە، يەنە ئەكەلدۈرەي دېسەم، بىرى ۋاقىت ئۆتكەنىدى؛ يەنە بىرى ئۇنى ئەۋەتكەن تەقدىردىمۇ، قەشقەرگە كەلگۈچە بىرىنچىسىگە ئوخشاشلا ھالغا چۈشەتتى.

بىر كۈنى كېچىسى، ئامبىرىمىزغا ئوغرى كىرىپتۇ. ئۇ چالا ساراڭ ئوخشايدۇ، ئامبارىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۈگتەي - توگتەي قىلىۋېتىپتۇ. سوپۇنلىرىم بىلەن كەمپۈتلىرىمنى تېرە پەلتويۇمغا ئوراپ قويۇپتۇ. بەزى نەرسىلەرنى ئېلىپ كېتىپتۇ. بىز ئۇ ھېچقانچە نەرسىنى ئەكەتمەپتۇ، دەپ ئولتۇرۇپتۇق. كۆپ ئۆتمەي، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇنى تۇتۇپ، كۆرۈپ باقسۇن دەپ ئالدىمىزغا ئەكەلدى. ئۇ ئېغىر بىر تۆمۈر يادرىغا باغلانغانىكەن. ئۇ بىزنى كۆرۈپلا كۈلدى ۋە بىزگە ئېھتىرام بىلدۈرۈپ سالاملاشتى. ئاندىن قوينىدىن يۆگەكلىك بىر نەرسىنى ئېلىپ ماڭا بەردى. بۇ مېنىڭ قىشتا كىيىدىغان، يېڭى دېگۈدەكلا كىيىمىم ئىدى. ئەمما ئۇ بۇنى كېسىپ پارچە - پارچە قىلىۋەتكەنىدى. قىش كېلىپ قالغانىدى. مېنىڭ قىشلىق باشقا كىيىم قىلىشقىمۇ ئىمكانىيىتىم يوق

ئىدى . شۇڭا شۇنچە ئادەملەر ئالدىدا ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتكىلى تاس قالدىم .

تۇرمۇش دېگەندە شۇنداق ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ . لېكىن بۇ جايدىن ماڭا لايىق كىيىم تېپىلمايتتى . شۇڭا بۇ ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، كىچىك ئىش ھېسابلانمايتتى .

كىيىملىرىمىزنى كۆيە ۋە باشقا جانىۋارلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن قانداق ساقلاپ قېلىشمۇ مېنى غەمگە سالاتتى . چۈنكى بۇ نەرسىلەر ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېرەتتى - دە ، چىشلەپ ، چايناپ ، يوغان تۆشۈك قىلىپ ، كىيىملەرنى كىيگۈسىزلا قىلىۋېتەتتى . كۆيە دورىسى ، چىرىشتىن ساقلاش دورىسىمۇ ئۇ يىمىلەرگە كار قىلمايتتى . كېيىن ، بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار ، تېرە كىيىم ۋە گىلەم قاتارلىق نەرسىلەرنى بىر ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم پۈتۈن بىر كۈن ئاپتاپقا سېلىش ئىكەنلىكىنى بايقىدىم . بۇنداق بولغاندا مېنىڭ ئىشىم يەنە كۆپىيەتتى . ئەمما ، قەشقەردە ئۆزىمىزگە مۇناسىپ كىيىملەرنى ئاسانلىقچە سېتىۋالالمايدىغان بولغاچقا ، بار كىيىملەرنى بەكرەك ئاياپ ئاسرىمىساق بولمايتتى .

ھىندىستاندىن قەشقەرگە كەلگۈچە بولغان يول ئەھۋالىنى ئويلىسام ، پوچتىدىن ئەۋەتىلگەن نەرسىنىڭ بۇنچە « رىيازەت » چېكىپ ، بۇلەكچە ئىسكەتكە كىرىپ قېلىشىدىن ئادەم ھەيرانمۇ بولمايتتى . ئەنگلىيەدىن چىققان پوچتا بۇيۇملىرى دېڭىز يولى بىلەن ھىندىستانغا ئېلىپ كېلىنەتتى . ھىندىستاندىن راۋالپىندىغا پويىز بىلەن توشۇلاتتى . ئۇ يەردىن پوچتا مەپىلىرىگە سېلىنىپ سىرىناگارغا ، ئۇ يەردىن گىلگىت ۋە خۇنزا ئارقىلىق سارىقۇل ( تاشقورغان ) غا يەتكۈزۈلەتتى . بۇ يول ئېگىز ، خەتەرلىك تاغ يولى بولغاچقا ئات ماڭالمايتتى . شۇڭا بۇ يەردىن پوچتا بۇيۇملىرىنىڭ ئېغىر ئەمگەك كۈچلىرى بولغان ئادەملەر يۈدۈپ ماڭاتتى . سارىقۇلغا كەلگەندە ، ئۇنى ئالغىلى ئادەم ئەۋەتەتتۇق ، ئۇلار خالتىنى ئاتلارغا ئارتىپ ئېلىپ كېلەتتى . بىزنىڭ سارىقۇل بىلەن قەشقەر ئارىلىقىدا يۈرۈپ مەخسۇس خەت - خالتىلارنى توشۇيدىغان تۆت ئادەم ،

تۆت ئېتىمىز بار ئىدى . بىر بېرىپ كېلىشكە 14 كۈن كېتەتتى . يول
بەك يامان بولۇپ ، ياز كۈنلىرى ئۇلار كەلكۈن يامرىغان دەريا ـ ئې-
قىنلاردا ۋاقىت ھېسابلاپ ئاۋارە بولاتتى . قىش كۈنلىرى بوران ـ چاپ-
قۇن ، قار ـ شۇۋىرغاننىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەتتى ۋە ئۇششۇپ قې-
لىش خەۋپىگە تەۋەككۇل قىلاتتى . شۇڭا ئۇلار ئۇچۇن ، بۇ ئىنتايىن
جاپالىق خىزمەت ئىدى .
شۇ سەۋەبتىن ، ھەر قېتىم پوچتا بۇيۇملىرىنىڭ ساق ، پۈتۈن
يېتى كەلگىنىنى كۆرگىنىمدە ، بىز بىلەن ھىندىستان ئارىلىقىدىكى
جاپا ـ مۇشەققەت ، خېيىم ـ خەتەرلەرنى ، يوللارنىڭ ئاشۇنداق ناچار ،
بەك يامان ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ، بۇ قالتىس ئىش بوپتۇ ، دەيمەن .
بىر قېتىم پوچتىكەش يولدا قار كۆمۈرۈلۈش سەۋەبىدىن قارغا
كۆمۈلۈپ قالغاچقا ، خەت ـ خالتىمىزنى ئالالمىدۇق . بۇنداق ئادەملەر بە-
زىدە ئۇلار قولىدىكى يۈك بىلەن جۇدۇندا قارنىڭ ئاستىدا قېلىپ ئۆلۈپ
كېتىدۇ . بۇ بەكمۇ ئېچىنىشلىق .
يازلىق قار ئېرىگەندە ، يوقىلىپ كەتكەن خەت ـ خالتىلارنى تې-
ـپىۋالغىلىمۇ بولىدۇ . بىزمۇ مۇشۇنداق تېپىۋالدۇق . لېكىن ئۇلار پۈتۈنلەي
ـھۆل بولۇپ كەتكەن ، خەتلەرنى ئوقۇغىلى بولمايتتى . خالتىدىكى نەر-
ـسىلەرمۇ بۇزۇلۇپ كېرەكتىن چىققانىدى .
قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار دېڭىز يۈزىدىن 45 مىڭ
ـئىگىلىكتە ئېگىز ، ھاۋا ئادەمگە ياقىدىغان بولغاچقا ، بىز بالىلارنى يې-
ـمىزدىن ئايرىمىدۇق .
بۇ يەردە ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشى بەك زور بولۇپ ، قىشلىقى قار ياغ-
ـدۇ ، دېيىشكە بولاتتى . ئەمما تېمپېراتۇرا فارېنگېيت نۆلدىن تۆۋەن
ـككىز گرادۇسقا چۈشەتتى . قۇرۇق سوغۇق بولغاچقا ، قۇياش نۇرى
ـق بولغان بىلەن ئادەم ئىللىقلىق ھېس قىلمايتتى . لېكىن ، بىز ناھا-
ـ دىققەت قىلاتتۇق . سەۋەب ، ھەر يىلى قىشتا ئادەم توڭلاپ ئۆلۈپ
ـدىغان ئىش بولۇپ تۇراتتى . ئۈستى يېپىق هارۋىلاردا قەشقەرگە سا-
ـنكە كېلىدىغانلاردىنمۇ پۇت ـ قولىنى ئۈششۈتىۋالىدىغانلار بار ئى-

دى. ئاتلار تەسلىكتە ماڭىدىغان بولغاچقا، ئۇلار شۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ، پۇت - قولىنىڭ ئۇششۇپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالاتتى. بۇنىڭدەك ئىشلارنى كۆپ كۆردۇق.

قىش كېلىش بىلەنلا دېرىزىلەرگە قوش ئەينەك بېكىتكۈزەتتۇق. ئۆيدە تورۇسقا تاقاشقىدىغان رۇسچە تام مەش بولغاچقا، ئۆي ئىچى ئىسسىق، راھەت ئىدى. مەشكە كۈنىگە ئۈچ ۋاخ ئوتۇن قالايتتۇق. بىر قېتىم ئوتۇننى لىق قاچىلاپ قويساق، ئۇ كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ بولغۇچە قايتا ئوتۇن سالمايتتۇق، ئەمما مەش نەچچە سائەت ئىسسىقلىق بېرەتتى.

ھەر يىلى ھاۋا 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىسسىيتتى. 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، نېپىز يازلىق كىيىملەرنى كىيەتتۇق. كۈزدىمۇ تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىشى مۇشۇنداق تېز بولىدۇ. 6 - ئايدا بەك ئىسسىق بولىدۇ. 7 - 8 - ئايلاردا ئۆي ئىچىنىڭ تېمپېراتۇرىسى فارېنگېيت 100 گرادۇستىن يۇقىرى بولىدۇ. چۈش ۋاقتى ھويلىدىكى تاش پۇت - قولنى كۆيدۈرگۈدەك قىزىپ كېتىدۇ. ئاخشىمىمۇ ئۆيلەر قايناپ چىدىغۇسىز بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا بىز ياز كۈنلىرى باغقا چېدىر تىكتۈرۈپ، چېدىردا ياتىمىز. ئەمما ھاۋا قۇرغاق ئىسسىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوخشاشلا ئىسسىققا چىدىماي قالىمىز.

قەشقەر ھاۋاسى ئېلېكتىرستاتىك زەرەت بىلەن تولغان. شۇڭا ئادەم چاچ تارىسا زەرەتلىنىپ چارسىلداپ كېتىدۇ ۋە دىك - دىك بولىدۇ. يەنە بىر ياقتىن تىرناقمۇ ئاسان سۇنىدىغان، يېرىلىدىغان بولۇپ كېتىدۇ.

بۇ يەردە يامغۇر مىقدارىمۇ ئاز. چاقماق ۋە گۈلدۈرماما بىلەن ھەيۋە سالغان يامغۇر شارىرىدە بىر قويۇۋېتىدۇ - دە، توختاپ قالىدۇ. يەرلەر قېتىپ تاراڭشىپ كېتىدۇ. يامغۇر زىرائەتنى ۋەيران قىلغۇدەك ياغمىسىلا، دېھقانلار ئېتىزنىڭ توپىسىنى چوقۇپ ۋە ئازراق ئاغدۇرۇپ يۇمشىتىدۇ. دېھقانلار ئاساسلىقى سۇغۇرۇشقا تايىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن يامغۇرغا ئۈچ.

قەشقەردە تېرىلغۇ يەرلەر مۇنبەت بولۇپ، بىر يىلدا بىرقانچە خىل

زىرائەت تېرىلىدۇ. مال ـ ئۇلاغلارغا يەم ـ خەشەك قىلىش ئۈچۈن، دېھقانلار بېدە تېرىيدۇ ۋە ئۇنى يىل بويى 4 ـ 5 قېتىم ئورۇۋالىدۇ. بېدە ئېگىز ئۆسىدۇ. قىزىق ئىش، بېدە يەنە بىزنىڭ ئەتىيازدا تۇنجى قېتىم يەيدىغان يېڭى كۆكتېتىمىز. ھەر يىلى 3 ـ ئايدا، يەرلىك باللار بېدلىككە چىقىپ بېدە تېرىپ بازاردا ساتىدۇ. بىز ئۇنى سېتىۋېلىپ پالەككە ئوخشاش قورۇپ يەيمىز. تەمى ئوبدان بولىدۇ.

يازلىق قۇياش نۇرى يېتەرلىك، ياز ئۇزۇن. زىرائەتلەرمۇ تازا ئوخشايدۇ. ھاۋا ئىسسىغانسېرى تاغلاردىكى مۇز ۋە قارلارنىڭ ئېرىشى تېز بولۇپ، سۇغۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇ كۆپىيىدۇ. يەنى ئېرىق ئۆستەڭلەردە سۇ لىق ئاقىدۇ. نەچچە كۈن ھاۋا تۇتۇق بولسىلا، سۇ سەل ئازىيىدۇ.

بىز ئەتىياز ۋە ياز كۈنى چىقىدىغان چاڭ ـ توپىلىق بوراندىن بەك قورقىمىز. بۇنىڭغا بىر مىسال ئالاي. مەن بىر كۈنى يىراقتىكى قۇملۇق تەرەپتىكى ئوچۇق ئاسماندىن غايەت زور تۈۋرۈكتەك ئىككى نەرسىنىڭ بىز تەرەپكە تۇرۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بۇ قاپقارا نەرسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قۇياش پارلاپ تۇراتتى. بۇ نەرسە بارغانسېرى چوڭىيدى، قۇياش بارا ـ بارا قىپقىزىل شارغا ئايلىنىپ يوقىلىپ كېتەيلا دەپ قالدى. دەريا تەرەپتە دەرەخلەر شامالدىن ئېگىلىپ، بىزنى قورقۇنچلۇق بىر جىمجىتلىق ئىلكىگە ئالدى. ئاسمان بارغانسېرى قاراڭغۇلاشتى. يىراقتىن گۈركىرىگەن شامالنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپلا ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى چىڭ يېپىپ ئېتىۋەتتىم. بۇ ئىشنى تۈگىتىپ تۇرۇشۇمغا شاۋقۇنلۇق بىر گۈركىرەش بىلەن شامال كېلىپ، چاڭ ـ توپا بىزگە ھۇجۇم قىلدى. ھويلىدىكى دەرەخلەر قاتتىق سىلكىنىپ، شاخلىرى ھېلىلا سۇنۇپ كېتىدىغاندەك قاراسلىدى. ئاسمان گويا كېچە بولغاندەك قاپقاراڭغۇ بولۇپ كەتتى. ئىشىك ـ دېرىزىلەرنىڭ يوچۇقلىرىدىن كىرگەن چاڭ ـ توپىدىن نەپەسىمىز سىقىلدى. بوران ئادەمنى ئۇچۇرتۇپ كەتكۈدەك قاتتىق چىقاتتى. بۇنداق چاغدا تالا ـ تۈزدە ياكى قۇملۇقتا يۈرگەن ئادەملەر دەرھال باش ـ كۆزىنى يۆركەپ ياكى بوران پەسەيـ

گۈچە يەردە يېتىۋالمسا ئىشى چاتاق ئىكەن . بۇنداق بوران ئادەتتە 24 سائەت چىقىپ ، ئاندىن شاپىدە توختاپ ، پۈتۈن ئەتراپنى جىمجىتلىق باسىدىكەن . بۇنداق كۈنلەردە بىز لوندونىنىڭ تۇمانلىرى ئارىسىدا بولمىغان بىلەن ، سارغۇچ چاڭ ـ توپا بىلەن تولغان ھاۋانىڭ ئىچىدە ياشايمىز . بىرەر پارچە ئاق قەغەزنى ئېچىپ قويۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۈستىگە قونغان قېلىن بىر قەۋەت توپىدا ئىسمىڭىزنى يازسىڭىز نامايىتى ئېنىق كۆرۈنىدۇ . گېزى كېيىقالدى ، بەزى ئادەملەرنىڭ قەشقەر رايونىدىكى توپا ھەققىدىكى قاراشلىرىنى سۆزلەپ ئۆتەي . ئۇلار ، تارىم رايونىنىڭ توپىسى سېرىق توپا تىپىگە كىرىدۇ . ئۇ ئاساسلىقى ھاۋادىن ياغقان توپىنىڭ جۇغلىنىشىدىن ھاسىل بولغان ، دەپ قارايدۇ . سۇۋېن ھېدىن قەشقەردىكى چاغدا ، شۇنىڭغا ئالاقىدار بەزى تەجرىبىلەرنى قىلغان . ئۇ بىرقانچە تاختا قەغەزنى يەرگە يېيىپ قويۇپ ، شۇنىڭغا مەلۇم ۋاقىت ئىچىدە توپلانغان توپىنىڭ مىقدارىنى ھېسابلاش ئارقىلىق بىر ئەسىر ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق ۋاقىت ئىچىدە يەر يۈزىنىڭ قانچىلىك كۆتۈرۈلىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ باققان . مەن گېئولوگىيىنى پەقەت بىلمەيمەن . شۇڭا بىلمىگەننى بىلىمەن ، دەپ مەمەدانلىق قىلىپ قەشقەرنىڭ تۇپرىقى جۇغلانما تىپتىكى ياكى توپا يېغىش تىپىدىكى تۇپراق ئىكەنلىكى ئۈستىدە گەپ ساتمايمەن . ئەمما ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغان نەرسە ، بۇ يەردىكى تۇپراقنىڭ توپا يېغىش تىپى دەپ ئېيتىش ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ تالاش ـ تارتىشلارنىڭ بولىدىغانلىقى بولدى .

بىر يىلى يازلىقى ، چىنىباغدىكى بېغىمىزنىڭ ئېگىز بىر دۆڭىدە ئۆسكەن تېرەكتە بىر جۈپ قارچىغا ئۇۋا سالدى . ئۇلار بىزنى تازا ياقتۇرمايتتى . بىز باغقا كىرىپ سەيلە قىلساقلا ، بۇنىڭدىن نارازى بولغاندەك ئۇۋىلىرىدىن چىقىپ بىزنى قاناتلىرى بىلەن باش ـ كۆزىمىزگە ئۇرۇپ قوغلايتتى . شۇنداقتىمۇ ، بىز تەگمىگەچكە ، ئۇلار بۇ يەردە تۇرۇپ قالدى . بىز ئۇلارنى ئىنچىكە كۆزەتتۇق .

بۇ بىر جۈپ قارچىغىنىڭ ھەركۈنى ئۇچۇپ كېتىپ ، ئاغزىدا ئۇزۇقلۇق ئېلىپ كەلگىنىگە قاراپ ، يېگىدىن چۈجە چىقارغانلىقىنى بىل-

دۇق . بىر يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن قورقۇنچلۇق ، چاڭ ـ توپا بوراننىڭ مۇجۇمى يەنە باشلاندى . قارچىغا ئۇۋىسى ئۇچۇقچىلىقتا بول-ماچقا ، ئۇلاردىن ناھايىتى ئەنسىرىدۇق . مەن بۇ بىر جۈپ قارچىغا بىلەن چۈجىلىرى بۇ بورانغا قانداق تاقابىل تۇراركىن ، بىر كۆرۈپ باقاي ، دەپ بوراندا باغقا چىقتىم . چىشى قارچىغا ئائىلىسى ۋە باللىرىنى قوغداپ قې-لىشقا بار كۈچى بىلەن تىرىشىۋاتقاندەك ، ئۇۋىدا قاناتلىرىنى كېرىپ تۇراتتى . ئەركەك قارچىغا ئېچىنىشلىق سايراپ ، گويا باللار ئويناۋاتقان شاردەك دەرەخ ئەتراپىدا ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى . بوران دەرەخنى قاتتىق سىلكىتەتتى . بىرقانچە سائەتتىن كېيىن بوران پەسەيدى . بىز ئۇلار قانداق بولدىكىن ، دەپ باغقا چىقتۇق . يەردە ئۇۋىنىڭ چۆۋۈقلىرى ۋە قىپقىزىل گۆش ئالتە چۈجىنىڭ ئۆلۈكى ياتاتتى . باللىرى ، ئائىلە-سىدىن ئايرىلىپ قايغۇ ـ ھەسرەتكە پاتقان بىر جۈپ قارچىغا خۇددى قايغۇرۇپ نالە قىلىۋاتقان ئىنسانلارغا ئوخشاش ، بىر تامدا قاتارلىشىپ تۇرۇپ بەكمۇ مۇڭلۇق ، ئېچىنىشلىق نالە بىلەن سايراۋاتاتتى . ئۇلار با-لىلىرىنى قوغداپ قېلىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشقان بولسىمۇ ، تەبى-ئەتنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى ئالدىدا بەكمۇ ئاجىز كەلگەنىدى .

مەن قەشقەردە ئۆتكۈزگەن تۇنجى باھار ، تولىمۇ كۆتۈلمىگەن بىر باھار بولدى . يەرگە بەش ئايدىن بېرى باغرىنى يېقىپ ياتقان مۇز پارچىلىنىپ ، يەرنىڭ توڭى ئېرىشكە باشلىدى . دەل ـ دەرەخلەرگە سۇ يۈگۈرۈپ ، ھاياتلىقنىڭ ھاياتى كۈچىدىن دېرەك بېرىپ ، مېۋىلەر قىزىل كوس ، تېرەكلەر پوتلا بولدى . كۆكۈللەر شادلىققا تولدى . قىزىل كوسلار ئىللىق قۇياش نۇرىدا كۈندىن ـ كۈنگە چوڭىيىپ ، رەڭ تۈزەپ بېرىۋاتاتتى . بىر كۈنى سەھەردە مەن توساتتىن كىچىچە قىزىل كوسلارنىڭ يېرىلىپ ئەتراپنى ئۇچۇپ يۈرگەن ئاق پاختىدەك تۈزانلار قاپلىغانلىقىنى خۇشاللىق ئىچىدە بايقىدىم . ھاۋادىن ئاجايىپ ئىللىق خۇش پۇراق پۇراپ كېلەتتى .

باغدىن بوغۇق غۇڭۇلداش ئاڭلاندى . زادى نېمە ئىش بولغانلى-قىنى كۆرەي ، دەپ باغقا كەلدىم . توساتتىن ، كۆز ئالدىمدا ئاجايىپ

گۈزەل غايىۋى مەنزىرە پەيدا بولدى : گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ ، غۇچچىدە چېچەكلەر ئاق - قىزغۇچ رەڭدە كۆز چاقنىتىپ تۇراتتى . سانسىزلىغان ھەرىلەر گۈل چېچەكلەر ئارىسىدا غۇڭغۇلداپ ئۇچۇپ شىرنە يەھۇاتاتتى . ئېرىقلاردا شىلدىرلاپ سۇ ئېقىۋاتاتتى . ئۇرۇقلار بىزنىڭ پاكار ، ۋىجىك گۈلچىمىزگە گويا قانچىلىك مۇشكۈل بولسىمۇ ، بىز ھامان تۇپراقنى يېرىپ چىقىمىز ، دەپ پىچىرلاۋاتقاندەك قىلاتتى . كەچلىرى باغنىڭ ھەممىلا يېرىدە يېقىملىق نەغمە ياڭرايدىغان بولدى . بۇ نەغمە نەدىن كېلىدىغاندۇ ، كىم ئېيتىدىغاندۇ ، دەپ ھەيران بولدۇم . كېيىن بۇنىڭ باغلاردا سەكرەپ يۈرگەن پاقىلارنىڭ يېقىملىق نەغمىسى ئىكەنلىكىنى بايقىدىم . بۇ پاقىلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ ئۇلارغا مەپتۇن بولدۇم ۋە بەكمۇ ھاياجانلاندىم : پاقا ئەپەندىم بىر - ئىككى سەكرىۋېتىپ « كۇرر - كۇرر ! » قىلىپ بەرگەن جاۋابى ئاڭلىنىدىكەن . پاقا ئەپەندىم ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە سەكرەپ كۇركىرايدىكەن . ئۇياقتىكى پاقا خېنىممۇ بۇياققا سەكرەپ - سەكرەپ كېلىدىكەن . ئىككىسى ئۇچرىشىپ قاتار تۇرىدىكەن - دە ، ئۈچ رەت كۇركىراپ قوش ئاۋازلىق ناخشا ئېيتىدىكەن . ئۇلارنىڭ گېلى كېچىككىنە شاردەك كۆپۈپ كېتىدىكەن . نەغمىسىنى تۈگىتىپ تەڭلا بىر ياقلارغا كېتىدىكەن . ئۇلارنىڭ نەغمىلىرى سۈزۈك ۋە جىمجىت كېچە ئاسمىنىدا تولىمۇ جاراڭلىق ۋە ساز ئاڭلىنىدىكەن . ھەر كېچە شۇنداق بولىدىكەن . بىز ھەر يىلى باھاردا پاقىلارنىڭ مۇزىكىسىنى بېرىلىپ ئاڭلايدىغان ، ئۇلارنىڭ بىزگە شادلىق بەخش ئېتىدىغان مۇزىكىسىنى ئاڭلاش پۇرسىتىنى ھەرگىز قولدىن بەرمەيدىغان بولدۇق . چۈنكى پاقىلارنىڭ نەغمىسى بىزگە مەنىسىز زېرىكىشلىك ئۇزۇن قىشنىڭ ئاخىر چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇراتتى .

قەشقەردە قۇشلارنىڭ تۈرى ئانچە كۆپ ئەمەس . ئەلۋەتتە قۇچقاچ ھەممىدىن كۆپ . ئۇنىڭدىن باشقا قاغا ، سېغىزخان ، سار ، ياۋا كەپتەر ، بوز تورغاي ، قورسىقى قىزىل كۆل رەڭ قۇچقاچ ، قارلىغاچ ۋە قارچىغىلار بار . بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن چىرايلىقى سوپسوپىيالاڭ بىلەن ھۆپۈپ ئىكەن .

بۇ يەردە گۈللەرنىڭ تۈرىمۇ ناھايىتى ئاز ئىكەن. شۇڭا بىز
ئەنگلىيىدىن ماسلىشىشچانلىقى ياخشى، كۈچلۈك گۈللەرنى ئەكىلىپ
تېرىدۇق. مېنىڭچە، ئەنگلىيىدىن ئەكىلىنگەن گۈل ـ گىياھلار چوقۇم
ئۆز يېرىنىڭ سۇلىرىنى، باش ـ كۆزىنى يۇيۇپ تازىلايدىغان يامغۇرىنى
سېغىندى. ھەممىدىن بەك ئۆز يېرىدىكى نەمخۇش ھاۋانى سېغىندى.
ئېرىقنىڭ ئىككى ياقىسىغا تىككەن دەرەخلەرمۇ ئايىنىپ ئاسمان ـ
پەلەك بوي تارتتى. بېغىمىزدا سۆگەت، قارىياغاچ، شاپتۇل، سورتى
ئوخشىمايدىغان تېرەكلەر ۋە بىز ئەنگلىيىدىن ئۇرۇقىنى ئەكەلدۇرۇپ
تېرىغان تۇخۇمەك دەرەخلىرى بار ئىدى. يەنە يەرلىك كىشىلەر
جىگدە دەپ ئاتايدىغان دەرەخمۇ بار. ئۆسۈملۈكشۇناسلارنىڭ ئۇنى
« Eligagnus » دەپ ئاتىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. بۇ دەرەخنىڭ يوپۇرمە-
قىنىڭ بىر يۈزى زەيتۇن رەڭ، بىر يۈزى كۈمۈش رەڭ، چېچىكى سې-
رىق، قوڭغۇراق شەكىللىك ۋە ناھايىتى قويۇق. باھاردا ئۇنىڭ چېچىكى
ئۆرۈك مېغىزى پۇرايدۇ. پۇرىقى كۈچلۈك، مېۋىسى قىزىل، يېپىشلىك،
ئۇرۇقى بەك قاتتىق. گۆشى قۇرۇقراق ئەمما تاتلىق. باھار ۋە باش ئە-
تىياز كۈنلىرى كەچقۇرۇن ھاۋادىن جىگدە ۋە ئۈزۈم چېچىكىنىڭ خۇش
ھىدى كېلىدۇ. قارا ۋە ئاق ئۈجمىلەر سانجاق ـ سانجاق بولۇپ كەت-
كەن. ئۈجمىلەر گويا ئاق ۋە قارا مەرۋايىتتەك يالتىراپ، ئېغىزغا سېرىق
سۇ كەلتۈرىدۇ. ئۈجمىلەرنى بىزگە گۈلچىمىز شاخقا چىقىپ تېرىپ بې-
رىدۇ. قارا ئۈجمە ئاق كىيىمنى بۇلغىۋېتىدىغان بولغاچقا، گۈلچى كىيى-
منى بۇلغىمايدىغان ئەپچىل چارە تېپىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئۈجمە تەرگىلى
چىقىپ كەتتى. مەن كەچتە ئۈجمە قوشۇپ پېچىنە پىشۇرماقچى ئىدىم.
شۇڭا ئۇ ئۈجمىنى تېرىپ بولدىمۇ ـ قانداق، دەپ چىقىپ قارىسام، ئۇ
ئانىدىن تۇغما ھالەتتە ئۈجمە تېرىۋېتىپتۇ. ئۇ ئەسلى كىيىمنى ئاياپ
قېلىش ئۈچۈن، سېلىۋېتىپ قىپيالىڭاچ بولۇپ ئۈجمە تېرىۋاتقانىكەن. ئۇ
كىيىمنىڭ پاكىز تۇرۇشىنى ئويلاپ، بەدىنىنىڭ ئۈجمە شىرنىسى ئېقىپ
مەينەت بولۇشىغا پەرۋا قىلماپتۇ. كېيىن مەن ئامالسىز ئۇنىڭغا، ئۈجمە
تەرگىلى چىققاندا كونا كىيىم كىيىۋېلىڭ، مەينەت بولۇپ كەتسىمۇ كې-

رەڭ يوق. مەن سىزگە يېڭى شېئىر ـ چاپان بېرىمەن، دېدىم.

قىسقىسى، مەن قەشقەردە تۇرغان مەزگىللىدىكى گۈگۈم پەيتلىرى، قۇياش تاغ كەينىگە ئولتۇرۇۋاتقان، پۈتۈن كائىناتنىڭ كەچكى شەپەقنىڭ ئالتۇن رەڭ نۇرىدا ئېيتقۇسىز گۈزەل تۈسكە كىرىدىغان ئاجايىپ دەقىقىلىرى پەقەتمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. كەچكى قۇياش تولۇق پاتقان، گۈگۈم ئۆتەي دېگەن چاغلاردا پۈتۈن ئاسمان سارغۇچ تۈس ئالىدۇ ـ دە، تۈن پەردىسى تامام يېپىلغاندا، ئاستا ـ ئاستا سارغۇچ رەڭ يوقىلىدۇ؛ هاۋادىن گۈل ـ گىياھ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ خۇش ھىدى كېلىپ، پاقا ـ كۈمۈتىلارنىڭ نەغمىسى باشلىنىدۇ؛ يىراقتىن بازاردا چېلىنىۋاتقان ساز، ئېيتىلىۋاتقان ناخشىلارنىڭ ئاۋازى كېلىدۇ. سىز مانا مۇشۇنداق پەيتتە يېزا تۇرمۇشىنىڭ چىن مەنىسىنى هېس قىلىسىز ۋە ئۇنى زادىلا ئۇنتۇيالمايسىز.

## توققۇزىنچى باب

# قەشقەر قىز - چوكانلىرى

مەن يەرلىك ئاياللارنىڭ ئائىلىسىگە كۆپ بېرىپ مېھمان بولۇش ۋە ئۇلار بىلەن يېقىنلىشىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تېزلا بايقىدىم. ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرىدە چاتاق ئىشلار ۋە ئاۋارىگەرچىلىكلەر بەك جىق ئىكەن. ئۇنىڭغا، ئۇلارنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇش ۋە مۇھەببەت ئىشلىرىنى سۈرۈشتۈرمەسلىك كېرەك ئىكەن. ئەلۋەتتە، بىر ئەر بىرقانچە خوتۇن ئالغاندىكىن، ئۇلار بالا تۇغۇپ تۇرغاندىكىن، ئائىلىدە زىددىيەتلەرنىڭ بولۇپ تۇرۇشى، چاتاقلارنىڭ كۆپلەپ چىقىشى، سۈيقەستلەرنىڭمۇ بولۇشى مۇقەررەر. شۇنداق بولغاچقا، بەزى ئاياللار ئەنگلىيە مۇھاجىرلىرى بىلەن بىرەر چاتاق چىقىرىپ قويسا، مېنىڭ تەسىرىمدىن پايدىلىنىپ، ئېرىم بىلەن بىللە ئۇلارنى ئاۋارىچىلىق ۋە چاتاقلاردىن خالاس قىلىشىمنى ئۈمىد قىلىپ مېنىڭ قېشىمغا كېلەتتى.

مەن بەزى چاغلاردا يەرلىك ئاياللارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئۇلارنىڭ بايراملىق مېھماندارچىلىقلىرىغا قاتنىشاتتىم، ناخشا - ئۇسسۇللىرىنى كۆرەتتىم. بۇنداق مېھماندارچىلىقلار ۋە ئۇنىڭغا قاتناشقان ئادەملەر ئادەمنى تولىمۇ مەپتۇن قىلاتتى. ماڭا بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ناھايىتى نەپىس تىكىلگەن ئاجايىپ كىيىملىرى بەك ياقاتتى. ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ چىرايلىق، رەڭدار كىيىملىرى بۇنداق سورۇنلارنىڭ خۇشال - خۇراملىق ۋە رەڭدارلىقىنى، جەلپكارلىقىنى ئاشۇراتتى.

بۇنداق سورۇنلارغا كەلگەندە، ئاياللار قاشلىرىغا ئوسما قويۇپ ھەتتا ئىككى قاش ئوتتۇرىسىنى قوشۇپ قاپقارا قىلىۋالاتتى. كۆزلىرىگە تارتقان سۈرمىلەر كۆزلەرنى بۆلەكچە ئوتلۇق، نۇرلۇق قىلىۋېتەتتى.

شېشىدەك سۈزۈك، ئاپئاق، نازۇك بارماقلار ناھايىتى ئوبدان ئاسرالغان، تىرناقلارغا قىپقىزىل خىنىلەر يېقىلغان بولاتتى. بويۇنلىرىغا مەرۋايىت ۋە مارجانلارنى بىرقانچە يېپتىن ئېسىۋالاتتى. بوستان چاچلىرىنىڭ ئۆرۈمىگە ئېسىۋالغان چاچ تەڭگىلەر، مارجانلار ئۇلارنىڭ مېڭىشىغا ئەگىشىپ جىرىڭلاپ يېقىملىق ئاۋاز چىقىراتتى؛ چاچلىرىنى ئۇلار يىلىم چىپىپ سىلىق، پارقىراق قىلىۋالاتتى.

قەشقەردە ياش چوكانلار زىلۋا، نازۇك، پىگورىسى چىرايلىق بولۇشنى ياقتۇرىدىكەن. يېشى چوڭلىرى، سېمىزلىك بايلىقنىڭ، تونبويى ئىش قىلماي بوش - بىكار يۈرۈشنىڭ ئالامىتى، دەپ قاراپ، ئامال بار سېمىزرەك بولسام، دەيدىكەن.

بۇ ئاياللاردا بىرخىل تەبىئىي ئېسىل سالاپەت، نازاكەت بارلىقىنى بايقىدىم. مەن ھەر قېتىم بىرەر سورۇنغا (ئاياللارنىڭ) بارسام، بارلىق مېھمانلار دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، قوللىرىنى ئۇزۇن يەڭلىرى ئىچىگە سېلىپ قوۋۇشتۇرۇپ ئېگىلىپ سالام بېرەتتى. ساھىبخان ماڭا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرەتتى ۋە مېنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. مەنمۇ قولايسىزراق بولسىمۇ، ئۇلارنى دوراپ ئېگىلىپ سالام بېرەتتىم.

خوشلىشىدىغان چاغدا، ئۇلار يەنە تەڭلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئېگىلىپ تەزىم قىلاتتى ۋە «خوش» دەپ خوشلىشاتتى.

بۇنداق سورۇنلاردا مەن ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتىم. باشقا ئاياللار گىلەم ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ئالدىغا سېلىنغان داستىخانلارغا چىنە - تەخسىلەردە قەنت - گېزەك، قۇرۇق يەل - يېمىش، مۇراببالار تىزىلاتتى.

بۇنداق چاغلاردا، يەنە بىر نەچچە كىشىلىك سازچىلارمۇ بولاتتى. ئۇلار قارنى يۇمىلاق، ماندالىنغا ئوخشايدىغان، ئەمما سېپى ئۇزۇن، ئىنچىكە كەلگەن بىر - ئىككى خىل سازنى چالىدىكەن. بىرىنى چوڭ ئىسكىرىپكا چالغان پەدىدە چالىدىكەن، قالغانلىرىنى ماندالىن چالغان پەدىدە چالىدىكەن. يەنە چىتراغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ساز ۋە كە-

چىكرەك داپ بولىدىكەن . سازچىلار ساز چېلىش بىلەن تەڭ ناخشا ئېيـ
تىدىكەن . ھەر يىلى باھاردا بىر كومپوزىتور شۇ يىلى كەڭ تارقىلىدىغان
ناخشىلارنى ئىجاد قىلىدىكەن . مەن بۇ كومپوزىتورنى تېپىشقا خېلى ھە-
رىكەت قىلدىم ، ئەمما زادىلا تاپالمىدىم ، ئۇنىڭ كىملىكىنىمۇ بىلەلمىدىم .
ئەمما ، قەشقەردە ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى كىشىلەرنىڭ ئېيتىۋاتقانلىقىنى
ئاڭلايتتىڭىز . قەشقەردە ئېشەككە مىنىۋېلىپ ئايلىنىپ يۈرگەن ئوغۇل با-
لىلار بىلەن قىز بالىلار ئەڭ ياخشى ناخشىچىلار ھېسابلىناتتى . چۈنكى
ئۇلار ئېشەكلىرىنىڭ مېڭىشىغا تەڭكەش قىلىپ ، ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ
ناخشا توۋلايتتى .

ساز چېلىنىشى بىلەن تەڭلا ، ئۇستا ئۇسسۇلچىدىن بىرى ئوتتۇ-
رىغا چۈشۈپ ئۇسسۇل باشلايتتى . ئارقىدىنلا مېھمانلار بىر ـ بىرلەپ
چۈشۈپ ئوينايتتى . ئۇلار ئوڭ ـ سولغا بۇرۇلۇپ ، ئايلىنىپ ، قوللىرىنى
ھەرخىل ھەرىكەتلەندۈرۈپ مۇزىكا رىتىمىغا كەلتۈرۈپ ئاجايىپ نەپىس ،
لەرزان ئوينايتتى .بەزىدە بەدىنىنى جىم تۇتۇپ ، پۇتلىرىنى سىلىق يۆت-
كەش بىلەنلا ئوينايتتى . جىمى ھەرىكىتى مۇزىكا رىتىمىغا شۇنچىلىك
ماس كېلەتتىكى ، ئادەم مۇزىكىغا مەپتۇن بولۇشنىمۇ ، ئۇسسۇلغا ئاپىرىـ
ئوقۇشنىمۇ بىلمەي قالاتتى .

ئۇسسۇل ئوينىغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، مۇزىكانتلار چا-
لىۋاتقان مۇزىكا ئاجايىپ يېقىملىق ئاۋاز مەنبەسىلا بولۇپ ، ئۇلار بۇ ئاۋ-
ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىسى ، ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيتتى . مۇشۇ سە-
ۋەبتىن مۇزىكا بىلەن ئۇسسۇل ھەرىكىتى شۇ قەدەر ماس ، تەڭ قەدەمدە
ئورۇنلىناتتى . شۇڭا مەن ئىختىيارسىز بۇنداق ئۇسسۇل بىلەن مۇزىكا
پۈتۈنلەي بىرلىشىپ كەتكەن ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر مىللەت
روھى بىلەن تەربىيە ئالغان قەلبنىڭ ئىجادىيەت مەھسۇلى ، دەپ تەسەۋ-
ۋۇر قىلىمەن .

كىشىلەر ئۇسسۇل باشلىغۇچىغا بولغان مىننەتدارلىقىدىنمۇ ، ياكى
نەپىس ئۇسسۇللار بەك ياراپ كەتكەنلىكتىنمۇ ، ئەيتاۋۇر بىر ـ بىرلەپ
كېلىپ ، ئۇسسۇلچىلارنىڭ بېشىدىن پۇل ئۆرۈپ ، ئۇنى سازچىلارنىڭ

ئالدىغا قويۇلغان پەتنۇسقا سېلىپ قويىدىكەن .ئۇسسۇل كىشىلەرگە قاتـ
چىلىك ياقسا ، سازچىلارنىڭ ئالدىغا يىغىلىدىغان پۇل شۇنچىلىك كۆپ
بولىدىكەن .

بۇنداق سورۇنلاردا بوۋاقلار ۋە كىچىك باللارمۇ كۆپ بولىدىـ
كەن . ئۇلار مېنى ئاجايىپ بەك جەلپ قىلاتتى .بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ قاپقارا ،
يوغان كۆزلىرىگە تولمۇ ئىچىم كۆيەتتى . ئۇلارنىڭ كىيىمى ئاتا ــ ئانىـ
لىرىنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ ، كۆڭلەك ، چاپان ، دوپپا ، ئۆتۈك كىـ
يەتتى . ئۇلار مەندىن قورقاتتى ۋە مېنىڭدىن ئىزا تارتاتتى .

قەشقەردە ، بېشى خوسۇسەن بېشىنىڭ ئارقا تەرىپى يۇمىلاق
بولسا ، باش چىرايلىق بولىدۇ ، كىيگەن دوپپا ، تۇماق يارىشىدۇ ، دەپ
قارىلىدىكەن . شۇڭا باللارنى تۇغۇلۇشىدىن تارتىپلا ياغاچ بۆشۈككە
سېلىپ ، چىڭ تېڭىپ باقىدىكەن . بوۋاقلار كۆپ ۋاقىتلاردا شۇنداق ياـ
تىدىكەن .

ئاتا ــ ئانىلار باللارنى بەك ۋاي دەپ ، ئارزۇلاپ ئەركە باقىدىـ
كەن .باللارنى قانداق قىلىپ ئەدەپلىك ، تەرتىپلىك چوڭ قىلىشنى بىلـ
مەيدىكەن .باللىغا ھازىر بىر نەرسىنى بەرسە ، كەينىدىنلا ئۇلارنىڭ يەنە
بىر تەلىپىنى قاندۇرىدىكەن .

بۇ يەردە بوۋاقلار ۋە كىچىك باللارنى ھاۋا ئىسسىغان ھامان ياـ
لىڭاچ قىلىپ قويىدىكەن .ھاۋانىڭ تازا ئىسسىق كۈنلىرى ئۇلار قىپيالىڭاچ
تالادا ئوينىغاچقا ، كۆيۈپ ،نېگىر باللىرىغا ئوخشاپ قالىدىكەن .

باللىرى ئاغرىپ قالسىلا ، ئاتا ــ ئانىلىرى بىر تەرەپتىن نېمە
كېسەل بولغانلىقىنى بىلەلمەي قالىدىكەن ، يەنە بىر تەرەپتىن خۇراپاتلىق
قىلىپ داخانغا يۈگۈرىدىكەن . مەن قىش كۈنلىرىمۇ چېچەك چىققان باـ
لىلارنىڭ كوچىدا يۈگۈرۈپ ئويناپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم . شۇنداق قىـ
لىپ يۈرۈپ باللىرى ئۆلۈپ كەتسە ، ئاتا ــ ئانىلار بەك قايغۇرىدىكەن .بۇ
يەردە چېچەك بىرخىل قورقۇنچلۇق كېسەل ئىكەن . ئەمما يەرلىك كىشىـ
لەر ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ياكى ئارقىلىپ كەتمەسلىكىنى توسۇشنىڭ
ھېچقانداق ئامالىنى قىلمايدىكەن . ئۇلار ، بىرەر ئادەم ياكى بالا ــ چاقىـ

لىرىنىڭ بۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولۇشىنى بۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى، ئۇنى ھېچنېمە بىلەن توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ. ئەگەر خۇدانىڭ ئىرادىسى بولمىسا، ھېچكىم بۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولمايدۇ، دەپ قارايتتى. بۇمۇ ئۇلارنىڭ ھەرقانداق بىر ئىشقا تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى بولۇپ، بۇمۇ بىر ھېسابتا كىشىلەرنى بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىق ۋە قايغۇ-ھەسرەتتىن خالاس قىلىدىكەن. قەشقەرلىكلەر ئەقىل بىلەن ئىش كۆرمەيدىغان، تەقدىرگە باش ئېگىدىغان كىشىلەر ئىكەن.

لېكىن بىز، بىرەر چاكىرىمىز چېچەك يۇقتۇرۇۋالسا، بىزدىن يىراق تۇرۇش، بىزگە يېقىنلاشماسلىقى كېرەك، دېگەن پرىنسىپتا چىڭ تۇردۇق. ئەمما ئۇلار بۇ كېسەلنى يۇقتۇرۇۋالغان تۇرۇپمۇ بىزنى بىلمەي قالىدىغۇ، دەپ ئويلاپ چىنىباغقا كېلىۋېرەتتى. بالىلىرىمىزغا ۋاكسىنا سېلىپ قويساڭلار، دەپ بەزى ئەرلەر بالىلىرىنى ئېلىپ كەلدى.

قەشقەردە ئەر-ئاياللارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك تاناسىل ئەزا كېسەللىكى بار ئىكەن. بۇۋاقلارمۇ مۇشۇ قورقۇنچلۇق كېسەلنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇپ بۇ دۇنياغا تۆرىلىدىكەن. نىكاھ ئىشلىرىدا چەكلىمە بولمىغانلىقتىن، بۇ خىل ئەھۋال كۆرۈلۈپ تۇرىدىكەن.

قەشقەردە كىشىلەر يامان كۆزدىن (كۆز تېگىشتىن) بەك قورقىدىكەن. بولۇپمۇ بالىلارغا كۆز تېگىپ قېلىشتىن بەك قورقىدىكەن. شۇڭا بالا تۇغۇلىدىغان چاغدا تۈرلۈك خۇراپىي ئىشلارنى قىلىدىكەن. يەنى بالا تۇغۇلىدىغان چاغدا ئەتراپ جىمجىت بولۇشى، مەخپىي بولۇپ، ھېچكىم بىلمەسلىكى كېرەك ئىكەن. بالا تۇغۇلغان ئۆيگە كىم يېقىنلاشسا، شۇ ئادەم بالىغا تۇنجى بولۇپ يېقىنلىشىدىكەن. شۇڭا دادا بولغۇچىلار بۇ جەھەتتە بەكمۇ ئېھتىياتچان بولىدىكەن. چۈنكى بالا تۇغۇلغان ئۆيگە يېقىنلاشقان ياكى بۇۋاققا يېقىنلاشقان ئادەم بۇۋاقنىڭ مىجەز-خۇلقى ۋە تەقدىرىگە تەسىر قىلىدىكەن. بۇ سەۋەبتىن قەشقەردە تۇرۇۋاتقان شۋېتسىيىلىك دىن تارقاتقۇچىلار، يەرلىك ئاياللار تۇغىدىغان چاغدا بېرىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ۋە ئۇلارنى تۇغدۇرۇشنىڭ ئىنتايىن مۇشكۈللۈكى ھەمدە كۆپىنچە رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى بايقىغان.

ئۇلارنى كىشىلەر پەقەت ئاياللارنىڭ تۇغۇتىدا جىددىي ئەھۋال كۆرۈلگەندە، ئاندىن چاقىرىدىكەن. ئەمما بۇ چاغدا ئىش ئۆتكەن بولۇپ، دىن تارقاتقۇچىلار ئانىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشقا ئامالسىز قالىدىكەن.

ئاياللار تۇغۇتىمىز ئاسان بولسۇن، دەپ تۇغۇت ۋاقتى يېقىنلاشقان چاغدا، داخانلارنىڭ قېشىغا بارىدىكەن. داخان ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر ياغاچنى تىكلەپ قويۇپ، ھامىلدار ئايالنى شۇ مومىنى ئايلىنىپ چۆگىلەشكە بۇيرۇيدىكەن. ئاندىن ئۆزى شاگىرتى — ئوغۇل بالا ـ چالغان داپقا تەڭكەش قىلىپ دۇرۇت ئوقۇيدىكەن. بۇ يەردە داخانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزلىرىدىن سېھىرگەرلىكنى ئۆگىنىدىغان شاگىرتلىرى بولىدىكەن. ھامىلدار ئايال تاكى بېشى قېيىپ، كۆزى تورلىشىپ، مادارىدىن كېتىپ يىقىلىپ قالغۇچە چۆگىلەيدىكەن. ئەگەر داخان ئىچىڭىزدىكى جىن ـ شەيتانلارنى تېخى پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقىرىپ بولمىدىم، دېسە، ھامىلدار ئايال نائىلاج يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ چۆگىلەيدىكەن. داخان ،ئەمدى ئىش پۈتتى، كېسىلىڭىز ساقايدى، دېگەندە، داخان تولۇق قانائەتلەنگەن چاغدا، ئاندىن توختايدىكەن. ھامىلدار ئايال داخانغا پۇلنى بېرىپ، يېنىكلەشكەن ھالدا ئۆيىگە قايتىدىكەن. ئۇ ئۆزى ۋە دۇنياغا كۆز ئېچىش ئالدىدا تۇرغان بالىسىنىڭ ئەمدى تىنىچ ئامان بولۇشىغا تولۇق ئىشىنىدىكەن.

بۇ خىل جىن قوغلاش ئۇسۇلى بىلەن داخانلار كېسەلنىمۇ داۋالايدىكەن. بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇلى بىزنىڭ بىر چاكىرىمىزنىڭ بېشىغا چىقتى.

ئۇ جىددىي خاراكتېرلىك ئۆپكە ياللۇغى بولۇپ قالغانىدى، دوختۇرىمىز ئۇنى داۋالاۋاتاتتى. بىر كۈنى بىز بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتسەك، ئۇ ئايالىنى دەپ داخان چاقىرتىپ كەپتۇ. بىز كەلگەندە، ئۇنىڭ ئۆيى يېنىدىن ئۆتۈپ، داخاننىڭ شاگىرتى چالغان داپ ۋە داخاننىڭ دۇرۇت ئوقۇغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتۇق. ئەتىسى ئۇ چاكار ئۆلۈپ كەتتى. بۇنداق ئىشلار ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى.

بىر كۈنى بىز بەك چىرايلىق بىر بالىنى كۆرۈپ قېلىپ، سۈرەتكە تارتىۋالايلى، دەپ فوتو ئاپپاراتنى توغرىلاپ تۇرۇۋىشىمىزغا، ئانىسى كۆرۈپ قېلىپ ئېتىلىپ كەلدى ـ دە، بالىسىنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭدەك ئاپپاراتىمىزنىڭ يامان «كۆزى» بالىغا قاراپ سالسا، بالىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەشقەرگە يېڭى بارغان يىلى، بۇ يەردىكى بالىلارنى بەكلا ياخشى كۆرۈپ قالدىم. شۇڭا ئاتىلىرى خۇشال بولارمىكىن، دەپ دائىم بالىلارنى ماختايتتىم. لېكىن مەن پاتلا بۇنداق قىلىشىمنىڭ دوتلۇق ئىكەنلىكىنى، بۇ چىرايلىق بالىلارغا بەكرەك سەپسالملا، ئاللانىڭ ئۇلارنى ئەكىتىدىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم. ئەگەر بىر ئائىلىدە ئارقا ـ ئارقىدىن بىر قانچە بالا ئۆلۈپ كەتسە (بۇنداق ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ)، ئاتا ـ ئانىلار كېيىن تۇغۇلغان بالىلارغا ئانچە ياخشى بولمىغان «سۈپۈرگە»، «تاش»، «توختا» دېگەندەك ئىسىملارنى قويىدىكەن، بۇ ئارقىلىق ئاللانىڭ بۇ پەس، ئىسمى ياخشى ئەمەس بالىلارنى ياراتماي، ئۆزلىرى يېنىدا قويۇشنى تىلەيدىكەن.

بالىلار تۇغۇلغان چاغدىلا، تىل ـ كۆز تەگمىسۇن، دەپ بوينىغا تۇمار ئېسىپ قويىدىكەن. بەزىدە تۇمارلارغا قۇرئان سۈرىلىرىنى يېزىپ ئۇنى تېرە قاپچۇقىغا سېلىپ ئېسىپ قويىدىكەن؛ بەزىدە قاشتېشىدىن نەپىس ياسالغان ھايۋانات ياكى بېلىق، بىر خىل تاش، بىرەر پارچە سۆڭەك، ياكى ياغاچ، پارقىراق مارجانلارنى تۇمار قىلىپ ئېسىپ قويىدىكەن.

بۇ يەردە بالىلارنىڭ تىرىك قېلىشى ۋە چوڭ بولۇشى ماڭا بىر مۆجىزە بىلىنىدۇ. نېمىشقا دېگەندە، بۇ يەرنىڭ ئادىتىدە بالا تۇغۇلۇپلا بىر قانچە ئايغىچە يۇيۇشقا بولمايدىكەن؛ بەزىدە بۇ بوۋاقلارنىڭ پۈتۈن بەدىنى قاسماق بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمەن. ياز كۈنلىرى ئۇلارغا چىۋىن ئولىشىپ كېتىدۇ، گايىلىرىنىڭ كۆزى ئاغرىغان، گايىلىرىنىڭ بەدىنىگە جاراھەت چىقىپ كەتكەن. مېنىڭچە، ئاتا ۋە بالىنىڭ ئىچىدە ماسلىشالىغانلىرى ھايات قالىدۇ، دېگەن سۆزنىڭ دەلىلى مۇشۇ بولسا

كېرەك.

بىز قەشقەرگە يېڭى كەلگەندە، ئەنگلىيەدىن يولغا چىققانچە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كەلگەچكىمىكىن، يۇيىدىغان نەرسىلەر بەك كۆپ بولۇپ كېتىپ، ئۇنى يۇيدۇرۇشقا ئادەم تېپىشقا توغرا كەلدى. ئېرىم قول ئاستىدىكى بىرىنى كىر يۇيىدىغان ئايال تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇ بىردەمدىلا بىر ئايالنى باشلاپ كېلىۋىدى، مەن ئاي كۈنى يېقىنلاپ قالغان ئۇ ئايالنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم ۋە ھەيران بولدۇم. ئۇ ئايال كىيىملەرنى مەن يۇيۇپ بېرەي، دېدى ــ دە، بارلىق كىرلەرنى يىغىپ يوغان بىر باغلام قىلىپ چىگىپ يۈدۈپ كەتتى. بۇ ئىشقا ئەقلىم يەتمەي قالدى. ئەتىسى بىر ئوغۇل بالا قېشىمغا كېلىپ، ئاپام: مەن كېچە تۇغۇپ قېلىپ، كىرلەرنى يۇيالماي بەك خىجىل بولۇپ قالدىم. ئەتە يۇيۇپ ئەكېلىپ بېرىمەن دەۋاتىدۇ، دېدى. دېگەندەك، ئەتىسى ئۇ ئايال يۇيۇلۇپ بولغان كىيىملەرنى ۋە بىر بوۋاقنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ! شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەر يەكشەنبە كېلىپ كىر يۇيۇپ بېرىدىغان بولدى. ئۇ كىر يۇيغىنچە چاپىنىنى سالقىن جايغا سېلىپ بالىسىنى ياتقۇزۇپ قوياتتى. ئانا ــ بالا ئىككىسى ناھايىتى ساغلام ۋە خۇشال ئىدى.

بىر كۈنى، بىزنىڭ بىر چاكىرىمىز ھاياجانلانغان ھالدا قېشىمغا كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا بىر بولاق نەرسە بولۇپ، ئەسكى ــ تۈسكى نەرسىلەر چىگىلگەن بوخچىغا ئوخشايتتى. ئوبدان زەن قويۇپ قارىسام، ئۇ بىر بوۋاق ئىكەن. ئۇ، مەن نامازغا بارغىنىمدا، مەسچىت ئالدىدىن كونا كىيىمگە ئورالغان بۇ بوۋاقنى تېپىۋالدىم، بۇ بوۋاقنى بىزگە ئاللا بەردى، دېدى. ئۇنىڭ بالىسى يوق بولۇپ، ئۇ ۋە ئايالى ئۈچۈن بۇ بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ۋە بەكمۇ بىر سەتچىلىك ئىدى. بوۋاق ئۈچ ئايلىقچە بولغان بىر قىز ئىدى، لېكىن شۇنچىلىك قاسماق ئىدى. مەن ئۇنىڭغا، بۇ بالىنى ئوبدان يۇيۇپ، پاكىز كىيىم كىيگۈزۈپ (سىلەرگە پاكىز كىيىم ــ كېچەك بېرىمەن) ئاندىن ئاپىرىپ خوتۇنىڭىزغا بېرىڭ دېدىم. ئۇ بەكمۇ خۇشال بولدى ۋە ھاياجانلاندى. تېپىۋالغان بالىسىنى ئايلىنىپ توختىماي ماڭدى، ئۇنىڭغا ھېچكىمنى يېقىن كەلتۈرمىدى. مېنىڭ

كۆرسەتمەم بىلەن ئۇ چاكارلار ئۆيىدە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان مەش يېنىدا
ئولتۇرۇپ بوۋاقنى يۇيدى، پاكىز كىيىم كىيگۈزدى. بۇ بوۋاققا يۇيۇنۇش
بەكمۇ ياققان چېغى، تېپىچەكلەپ ئويناپ كەتتى. پاكىز كىيىملەرنىمۇ
ئۇ بەكلا ياقتۇردى. بىز بىر سۈت بوتۇلكىسى تېپىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا
سۈت بىلەن سۇنىڭ مىقدارىنى قانداق قىلىش ۋە تەگشەشنى ئۆگىتىپ
قويدۇق. بوۋاق ئاچ قالغاندەك قاتتىق شوراپ، بىر بوتۇلكا سۈتنى بىر-
دەمدىلا ئىچىپ بولدى. ئاندىن چاكار بوۋاقنى كۆتۈرۈپ، خۇشاللىقتىن
ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ھالدا ئۆيىگە كەتتى. نەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇ
سالپايغان ھالدا كېلىپ ماڭا بوۋاقنىڭ ئانىسى ئىزدەپ تېپىپ كېلىپ،
(مۇشۇنداق بولۇشىنى بىز باشتىلا ئويلىغانىدۇق) بالىنى ئەكەتمەن دەپ
تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ، دېدى. ئەسلى ئايال ئېرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغان،
ئېرىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، بالىنى مەسچىت ئالدىغا تاشلاپ قويغانى-
كەن. ئۇ بالىنىڭ ئۆز باغرىنى يېرىپ چىققانلىقىنى ئويلاپلا، ئاچچىقىدىن
يېنىپ، يۈگۈرۈپ بارسا بوۋىقى ھېچنەدە يوق. بىرقانچە كۈن قاتتىق
بىئارام بولۇپ، جىق ئىزدەپ سوراپتۇ. ئەلۋەتتە، ئىرىم چاكىرىمىزغا،
بالىنى ئانىسىغا بېرىۋېتىڭ، دېدى. بۇنىڭدىن چاكار قاتتىق پەرىشان
بولدى.

قەشقەردە، توي بېشىدا تۇرۇپ نىكاھ ئوقۇغان موللا ۋاقتىنى تې-
جەش ئۈچۈن، نىكاھ ئوقۇغان چاغدىلا ئاجرىشىش خېتىنىمۇ تەييارلاپ
قويىدىكەن. چۈنكى بۇنداق ئىش قاچانلا بولمىسۇن يۈز بېرىپ تۇرىدى-
كەن. بىر ئەر بىرەر گۇۋاھچىنىڭ ئالدىدا خوتۇنىغا ئۈچ قېتىم «تالاق»
دېسە، ئەر - خوتۇن ئاجراشقان بولىدىكەن. شۇڭا بۇنداق ئەھۋالدا،
نىكاھلىنىش ھېچقانچە چوڭ ئىش ھېسابلانمايدىكەن. نۇرغۇن ئەرلەر بە-
رىنچى قېتىملىق سەپىرىدە، مەلۇم جايدا بىرەر قىز بىلەن توي قىلىدى-
كەن - دە، كۆپىنچە بىر - ئىككى كۈن، بەزىدە نەچچە ھەپتە، نەچچە
ئاي ئۆتكەندە كېتىپ قالىدىكەن. كېتىشتىن بۇرۇن ئاجرىشىدىكەن.

يەكەندىن كەلگەن بىر ھىندىستانلىق سودىگەر بەك باي، ئەمما
ياشانغان ئادەم ئىدى. ئۇ قەشقەردە ناھايىتى چىرايلىق ياش بىر قىزنى

خوتۇنلۇققا ئالدى. ئۇلار ناھايىتى خۇشال، ئوبدان ئۆتتى. بۇ قىز ھىندىستانلىق سودىگەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ، شۇ قەدەر ئامراق قىلىۋالدى. شۇڭا سودىگەر ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلىپ بەردى. ئاخىر ئۇنىڭ قايتىدىغان ۋاقتى بولغاندا، ئۇ بۇ خوتۇنىنى يەكەنگە ئەكېتىپ، بۇرۇنقى خوتۇنى ۋە بالا - چاقىلىرى بىلەن بىللە تۇرغۇزماقچى بولدى. لېكىن، خوتۇنىنىڭ دادىسى «بۇ مۇمكىن ئەمەس!» دەپ قوشۇلماي قاتتىق تۇرۇۋالدى. كېيىن ئىككى تەرەپ، بۇ خوتۇنى يەنىلا سودىگەرنىڭ خوتۇنى بولىدىغان، ئەمما باشقا ھېچقانداق يەرگە بارماي قەشقەردىلا تۇرىدىغان قىلىپ كېلىشتى.

ئۇ كۈنى ئاخشىمى بۇ ھىندىستانلىق سودىگەر، خوتۇنىنى قورال كۈچى بىلەن بۇلاپ كەتمەكچى بولۇپ، بىر توپ دوست - يارەنلىرىنى يىغىپ خوتۇنىنىڭ دادىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ جېدەل قىلدى. بۇ ئىش قەشقەردە ئەنسىزلىك پەيدا قىلدى. جۇڭگو ھۆكۈمەت تەرەپ ئېرىمگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇ باشقۇرۇۋاتقان ئەنگلىيىگە تەۋە پۇقرالار يەرلىك ئادەملەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇردى. بۇ، تىنچ كەيپىياتنى بۇزغانلىقمۇ ئەمەسمۇ، دەپ بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلدى.

ئېرىم بۇ ئەرنى چاقىرىپ كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭغا قىز تەرەپ بىلەن ئىشنى ئۇرۇشماي چىرايلىق بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ ئاچچىقى تېخى بېسىلمىغانىكەن. ئۇ تەسلىكتە ماقۇل بولدى. بىزمۇ بۇ ئادەمنىڭ ناھايىتى غەرەز ئۇقىدىغان ئادەملىكىنى ھېس قىلدۇق. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، مەن ئېرىم بىلەن يەكەنگە باردىم. بىز بېرىپ ئەتىسىلا، بۇ ھىندىستانلىق سودىگەر بىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى ھەمدە بىزگە، قەشقەرلىك ياش خوتۇنۇم مېنىڭسىز ياشىيالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، مېنى ئىزدەپ يەكەنگە كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن جىمى ئىش ھەل بولۇپ كەتتى، دېگەندەك ئۆزى توقۇپ چىققان گەپلەرنى قىلدى.

كېيىن، بىز ھەقىقىي ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرسەك، مۇنداق ئىش ئىكەن: ئېرىم قەشقەردىن كېتىشى بىلەنلا، ياش خوتۇنىنىڭ بىر دوستى

ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، سېنى يېزىدىكى بىر تويغا ئاپىرىپ كېلەي، دەپتۇ. ئۇلار چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىپ، هارۋىنىڭ كەينىگە تويلۇق سوۋغات دەپ بىر قوينى باغلاپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. قىزنىڭ دادىسى قىزنىڭ بۇ دوستىنىڭ هىندىستانلىق سودىگەرگە سېتىلىپ كەتكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي ماقۇل بوپتۇ. ياش چوكانمۇ دوستىغا ئىشىنىپ ئۇنىڭ بىلەن مېڭىپتۇ. شەهەردىن چىقىشى بىلەنلا، ئۇنىڭ دوستى هارۋىدىن چۈشۈۋاپتۇ ۋە قوينىمۇ ئېلىۋاپتۇ. هارۋىكەش هارۋىسىنى گۈلدۈرلىتىپ هەيدەپ شۇ ماڭغانچە ئۇنى يەكەنگە ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇ بەكمۇ قاملاشقان بىر بۇلاڭچىلىق بوپتۇ! ياش چوكاننىڭ دادىسى ئۆزىنىڭ ئەخمەق قىلىنغانلىقىنى بىلىپ قاتتىق غەزەپكە كەپتۇ ـ دە، كۆيئوغلۇم بىلەن چوقۇم هېسابلىشىمەن، دەپ قەسەم ئىچىپتۇ. لېكىن ياش چوكان قەشقەرگە كەلمەي يەكەندە تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ يەكەندە ئۆزى خالاپ ياكى مەجبۇرى تۇرۇپ قالغانلىقىنى بولسا بىز بىلەلمىدۇق.

قەشقەردە قىزلار 12 يېشىدىلا توي قىلىدىغان، كۆپ باللىق ياكى كۆپ نەۋرىلىك بولىدىغان بولغاچقا، ئاسان قېرىپ، 25 ياشلاردىلا قېرى چىراي بولۇپ كېتىدىكەن.

بۇ يەردىمۇ ئىسلام دۆلەتلىرىدىكىگە ئوخشاش، ئەرلەر بىلەن ئاياللار مەرىكە ـ سورۇنلارغا بىرلىكتە قاتناشمايدىكەن. ئاياللارنىڭ ئۆزىگە لايىق كۆڭۈل ئېچىش ۋە باشقا پائالىيەتلىرى بار ئىكەن: ئۇلار هەر قانداق دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشمايدىكەن، مەسچىتلەرگە بېرىپ ئىبادەت قىلمايدىكەن. ئەمما قەشقەردە ئەۋلىيا مازارلىرى كۆپكەن. ئاياللار بالا ياكى ئەر تەلەپ قىلماقچى بولسا، بىرەر ئاۋارىچىلىق ياكى قىيىن ئىشقا يولۇقسا، ئەۋلىيا مازارلىرىغا بېرىپ، يىغلاپ ـ قاقشاپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدىكەن.

چىنىباغنىڭ يېنىدىلا دېگۈدەك يىراق ـ يېقىندا مەشهۇر بىر مازار بار ئىكەن. بۇ بۇۋى ئانا دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئايالنىڭ مازارى ئىكەن. بىز سەهەردە بۇ مازارنى تاۋاپ قىلغۇچى ئاياللارنىڭ يىغا ـ زارىنى ئاڭلايمىز. مەن بۇ ئايالنىڭ (مازاردا ياتقان) هايات ۋاقتىدا كىشىلەرگە

زادى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ تېۋىنىپ دۇئا قىلغۇدەك زادى قانداق ئىشلارنى قىلىپ بەرگەنلىكىنى پەقەتمۇ بىلەلمىدىم . بەزىدە مەن ياش يىگىتلەرنىڭ مازار ئەتراپىدا يىغلاپ دۇئا قىلىۋاتقان ئاياللارنى ماراپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ، بۇ ئاياللارنىڭ دۇئاسى ئۇزۇنغا قالمايلا ئىجابەت بولغۇدەك ، دەپ ئويلايمەن .

يەنە بىر ئەۋلىيا مازارى بار . ئۇنىڭغا پارچە ـ پارچە لايلار ئۈستـ ـ ئۈستىلەپ چاپلانغان . تېرە كېسەللى بولۇپ قالغانلار ، شىپالىق تىلەپ شۇ مازارغا بېرىپ ، ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر قۇدۇقتىن لاي ئېلىپ قەبرىگە چاپلاپ قويۇپ ، ئاندىن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدىكەن .

بۇ ئەۋلىيالار هايات ۋاقتىدا سارائ قېتىش دېۋانىلەردىن بولۇشى ئېهتىمالغا ناهايىتى يېقىن . چۈنكى بۇنداق ئادەملەر قەشقەردە ناهايىتى كۆپ . ئۇلار ئەرلەر هەم ئاياللار ، هەتتا پۈتۈن بىر ئائىلە كىشىلىرى شۇنداق بولۇپ ، بۇلار قەدىمىي قەبرىلەر ياكى ئەۋلىيا مازارلىرى ئەتراپىدا يۈرىدۇ ياكى ماكان تۇتىدىكەن . يەرلىك كىشىلەر بۇنداق ئادەملەرنى ئالاهىدە كارامەت كۆرسىتەلەيدىغان ئەۋلىيا ، دەپ قاراپ ، ئۇلارغا خەير ـ ساخاۋەتنى ئايىماي بېرىپ تۇرىدىكەن .

بىزمۇ بۇنداق ئادەملەر بىلەن بىر قېتىم ئادەم قاتتىق چۆچۈگىدەك بىر ئەهۋالدا ئۇچراشتۇق . بىر يىلى يېڭى يىل ئەتىگىنى ئىدى . بىز ناشتا قىلىپ بولغانىدۇق ، ئېرىم تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى . شۇ يىلى قاتتىق سوغۇق بولغاچقا ، بىز ئۆي ئىسسىقراق بولسۇن ، دەپ ، ئۆيىمىزنىڭ ئالدى ئىشىكىنى چىڭ تاقىۋېتىپ ، كەينى ئىشىكىدىن كىرىپ ـ چىقاتتۇق . مەن : « بۇ يىل يېڭى يىللىق تۇنجى مېهمىنىمىز كىم بولاركىن » دەپ تۇرۇشۇمغا ، تۇساتتىن كارىدوردىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى ، ئار- قىدىنلا ئالدى ئىشىك قاتتىق ئۇرۇلغان ئاۋاز چىقىپ ، ئىشىكنىڭ گىرە- چىسى ۋە قۇلۇپى ئاجراپ ، ئۆيگە ئاجايىپ غەلىتە ، سارائغا ئوخشايدىغان بىر دىۋانە كىرىپ كەلدى . ئۇ كىرىپلا ئېرىمنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ يىغلاپ :

ـــ ئۇلار مېنى قوغلاپ يۈرىدۇ ، مېنى ئۆلتۈرمەكچى بو-

لۇۋاتىدۇ ! — دېدى.

ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلاپ، چاكىرىمىز يۈگۈرۈپ كىردى - دە، ئۇ ئادەمنى ياقىسىدىن تۇتۇپ ئۇلتۇرغۇزۇپ قويدى. ئېرىم ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلىشكە خېلى تىرىشىپ باقتى. لېكىن ئۇ باشقا گەپ قىلماي:

— ئۇلار مېنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى، — دېدى. توساتتىن ئۇ ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرغان چاكارنىڭ قولىدىن ئاجراپ چىقىپ، شۇنداق چاققانلىق بىلەن يۈگۈرۈپ شەھەر تەرەپكە ماڭدى ۋە ھەش - پەش دېگۈچىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

ئەتىسى، كىشىلەر ئۇنىڭ مازارلىقتىكى بىر مازار يېنىدا ئۆلۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بىزنىڭ ئۆيگە كىرگەن چاغدا، ئۇنىڭ ساراڭلىقى راسا تۇتقان، ئۇ ئۆزىنى كونترول قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانكەن.

قىياسىمچە، ئىنجىل دەۋرىدە، جىن - شاياتۇنلار بېشىنى ئايلاندۇرۇۋالغان، جىن چاپلاشقان كىشىلەرمۇ مۇشۇ يەردىكى ساراڭلىق كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىلارغا ئوخشاش بولغان بولۇشى مۇمكىن.

شۇ يىلى بىزنىڭ « يېڭى يىللىق زىيارەتچى » مىزنىڭ تۇنجىسى مانا شۇ نەس باسقۇر زىيارەتچى بولدى!

ئېسىمدە قېلىشىچە، بىر يىلى ملاد بايرىمى كېچىسى، بىر بىچارە ئايالنى قۇتقۇزۇۋالغانىدۇق. ئۇنىڭ ھېكايىسىمۇ بەك غەلىتە. بىزنىڭ ئۆيىمىزگە يېقىنلا يەردە خەنزۇلارنىڭ قەبرىستانلىقى بار ئىدى. ئۇ يەرگە قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان بىر خەنزۇ بوۋاي قارايتتى. بوۋاي قەبرىستانلىقنىڭ دەرۋازىسى يېنىدىكى ئۆيدە ئولتۇراتتى. قەشقەرلىك ئىنتايىن ئاۋاق بىر ئايال ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇراتتى.

بىر كۈنى ئەتىگەن، مەن قەبرىستانلىق يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بوۋاينىڭ ئۆيىدىن كىشىلەرنىڭ بىر گىرىبنى كۆتۈرۈپ چىققانلىقىنى، ھېلىقى ئايالنىڭ ئۆينىڭ يېنىدىراق بىر يەردە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ چىرايىدا غەلىتە بىر ئىپادە بار ئىدى. ئەتىسى باللار

ئۆتنىڭ يەنىلا ھېلىقى جايدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. ئىككى كۈن ئۆتكەندە، بالىلار مەپە بىلەن سىرتقا چىققانىدى. قايتىپ كەلگەندە، بىزگە ھېلىقى ئايالنىڭ شەھەر سىرتىدىكى قىغ دۆۋىسىدە بۇرۇنقى قىياپەتتە ئولتۇرغانلىقى، مۇزلاپ قالغاندەك كۆرۈنگەنلىكى، لېكىن تېخى جېنى باردەكمۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇ كۈنلەردە سوغۇق قاتتىق بولۇپ، قار يېغىۋاتاتتى، سىرتتا پۈتۈن بىر كېچە تۇرغان ئادەم تىرىك قالمايتتى. كەچلىك چاي ـ پايدىن كېيىن، ئېرىم ئىككىمىز گازىۋاي چىراغنى كۆتۈرۈپ ئۇنى ئىزدەپ چىقتۇق. سىرت قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئۇنى بىر قىغ دۆۋىسى ئۈستىدە مىدىر قىلماي ئولتۇرغان ھالەتتە تاپتۇق. گەپ سورىدۇق، ئۇنىڭدىن زۇۋان چىقمىدى. يەيدىغان نەرسە بەرسەك، كىرپىكىنىمۇ مىت قىلىپ قويمىدى.

ئۆتنىڭ چاپىنىنى ئېچىپ قاراپ ھەيران قالدىم. ئۆتنىڭ يېنىدا يولدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر بەرگەن يېمەكلىك ۋە پۇل تۇراتتى، لېكىن ئۇ ھېچنەرسىنى يېمىگەن، پۇل ۋە باشقا نەرسىلەرگىمۇ تەگمىگەنىدى. ئۇ پۈتۈنلەي توڭلاپ قېتىپ قالغانىدى. لېكىن جېنى باردەك قىلاتتى. ئەگەر ئۇ قىغ دۆۋىسىدە ئولتۇرمىغان، قىغنىڭ ئىسسىقلىقى ئۇنىڭغا تەسىر قىلمىغان بولسا، ئۇ ئاللىقاچان مۇزلاپ ئۆلۈپ قالغان بولار ئىدى.

ئېشەكلىك بىرقانچە ئادەم ئۆتكەنىدى، بىز ئۇلارنى توختىتىپ، بۇ ئايالنى تونۇيدىغان ـ تونۇمايدىغانلىقى، ئۇنىڭغا زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدۇق. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئايال ئۇزۇن يىل بىللە ئۆتكەن خەنزۇ بوۋاينىڭ گۆرىگە ئوت قويۇپ، ئۇنى كۆيدۈرۈۋەتمەكچى بولغانلىقى ئۈچۈن، خەنزۇلار ئۇنى جازالاپتۇ. كېيىن، ئۇنى كىشىلەر سەت ھەم قېرى كۆرۈپ پەقەتلا ئىگە بولماپتۇ ۋە ئۆيدىن قوغلىۋېتىپتۇ. بۇ ئادەملەر بۇ ئىشنى بىر شاگخو پاراڭغا ئايلاندۇرۇۋاپتۇ. ئېرىم ئۇلارغا، بۇ ئايالنى ئېشەكىڭلار بىلەن بىز تۇرغان يەرگە ئاپىرىپ قويۇڭلار، دېگەنىدى، ئۇلار ھەيران بولغان ھالدا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ بىزگە قارىدى ـ دە، تەلىپىمىزنى رەت قىلدى ھەمدە ئالمان ـ تال

مان ئېشەكلىرىگە مىنىپ قاچقاندەك كېتىپ قالدى.

بىز ئائىلاج ئۆيگە يېنىپ كېلىپ، ئىككى چاكارغا جىرغىدەك بىر نەرسە ياساپ ئۇ ئايالنى ئەكېلىشكە بۇيرۇدۇق. لېكىن ئۇلار تۈرلۈك باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ بارغىلى ئۇنىمىدى. ئېرىمنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، مۇشۇنچىلىك ياخشىلىق - ساۋابلىقنى قىلمىساڭلار، سىلەر قانداقمۇ مۇسۇلمان ھېسابلىنىسىلەر، دەپ ئۇلارنى ئەيىبلىدى.

شۇ كۈنلەردە، كونسۇلخانىدىكى تۇتۇپ تۇرۇش ئۆيى بىكار ئىدى. بىز بىر ئۆيگە ئوت قالاپ، ئۆينىڭ بىر تەرىپىگە يۇمشاق ۋە ئىسسىق پاخال تۆشەك راسلىدۇق. ئەمما چاكارلار كۆتۈرۈپ كىرگەندە قارىساق، ئۇ قېتىپ ياغاچتەك بولۇپ قالغانىكەن. شۇڭا ياتقۇزماي، كۆتۈرۈپ كىرگەن پەيتىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويدۇق. ئۇ چوقۇم كېچىچە ئۆلۈپ قالىدۇ، دەپ ئويلىدۇق.

ئەتىسى، ئۇنىڭغا بىرەر قوشۇق ئىسسىقنا بىر نەرسە ئىچۈرەلىدۇق. يەنە بىر كۈن ئۆتتى. ئۇ بىزدىن گۆش تەلەپ قىلدى. كۆپ ئۆتمەي پۇت - قولى يۇمشاپ، ئۇ ياتالايدىغان بولدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قىزىپ پاھ - پاھ بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدۇق.

ئاستا - ئاستا ئۇنىڭغا جان كىردى. ئۇششۇك يارىسىمۇ ساقىيىشقا باشلىدى. بىز ئۇنى قانداق ئورۇنلاشتۇرارمىز، دەپ باش قاتۇردۇق. بۇ ئايال بىزدىن چەكسىز مىننەتدار بولدى. كونسۇلخانىدىن، بۇ ئىللىق، ئازادە ماكاندىن ئايرىلغۇسى پەقەت كەلمىدى.

مەن ئويلىدىمكى، ئۇ كونسۇلخانىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش ئۆيى قىلىنغان ئۆيدە تۇرغان بولسىمۇ، ئەل ئۆمرىدە بۇنداق ئازادە، راھەت جايدا تۇرۇپ باقمىغان. بۇنچىلىك ئوبدان غىزالارنى يېمىگەن بولۇشى مۇمكىن. بىر ئادەمنىڭ مۇشۇنچىۋالا خارلانغاندىن كېيىنمۇ ھايات قېلىشى بەجايىكى بىر مۆجىزە ئىدى.

بۇ ئايال جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىغا مەنسۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئۇنى چاكار قىلىپ بولسىمۇ ئېلىپ قالالمايتتۇق. شۇڭا ئېرىم جۇڭگو دائىرىلىرىدىن ئۇنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلـ

دى . چۈنكى جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ كەمبەغەللەرگە بېرىدىغان ئۆيلىرى بار ئىدى .

جۇڭگو ئەمەلدارلىرى ئۇ ئايالغا شۇنداق ئۆيدىن بىرنى بېرىشكە ماقۇل بولدى ھەمدە ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىپ ياخشى قىپسىلەر ، بىراق بۇ ئايال بەك قېرى ئىكەن ، كېرەككە كەلمەيدىكەن ، شۇڭا ئەگەر سىلەر بۇ ئىشقا ئارىلاشمىغان ، ئۇ ئۆلۈپ قالغان بولسا ياخشىراق بولاتتى . چۈنكى ، سىلەرنىڭ ئۇنى قۇتقۇزۇۋالغىنىڭلار ئۇنى تېخىمۇ ئازابلىق تەقدىرگە دۇچار قىلغىنىڭلار بولۇشىمۇ مۇمكىن ، دېدى . مەن بەزى چاغدا ، بۇ ئەمەلدارنىڭ گېپى توغرۇنلۇقمۇ ، قانداق ؟ دەپ ئويلاپ قالىمەن .

## ئونىنچى باب

# قىرغىزلار ماكانىدا سالقىنداش

بالىلىق بولۇشتىن ئىلگىرى، ئېرىم سىرتقا ئىش بىلەن چىقسا مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە باراتتىم. قەشقەردە بىر مەزگىل تۇرسىلا ئادەم تۇرمۇشىنىڭ مەنىسىزلىكىدىن زېرىكەتتى. شۇڭا مەن ساياھەتكە چىقىشنى ياخشى كۆرەتتىم. بالىلىق بولغاندىن كېيىن، بالىلارنى ئېلىپ ئۇيان - بۇيان بېرىش ئادەمنى چارچىتىدىغان بولغاچقا، مەن بالىلار بىلەن قەشقەردە قالاتتىم. يەنە كېلىپ بۇ يەردە بىز قانداقلا بولمىسۇن بالىلارغا ئازادە، كۆڭۈللۈك مۇھىتنى يارىتىپ بېرەلەيتتۇق. شۇنداقتىمۇ، مەن باشقا جايلارغا بېرىش، مۇھىت ئالماشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. بىر يىلى ياز ئاجايىپ ئىسسىق بولدى. بىز تاغدا بىر مەزگىل تۇرۇپ كەل- مەكچى بولدۇق. ھەر تەرەپلىمە سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق، كىشىلەردىن بوستان تېرەك دەيدىغان ئىنتايىن مەنزىرىلىك، ئوتلاقلىرى، سۈپسۈزۈك سۇلىرى، يەنە كىگىز ئۆيلەر بار بىر تاغ جىلغىسى بارلىقى، پامىر ئېگىز- لىكىگە ئۇچ كۈنلۈكلا يول ئىكەنلىكىنى بىلدۇقتە، شۇ يەرگە بېرىپ، قىرغىزلارنىڭ ئۆيلىرىدە تۇرۇپ دەم ئېلىپ كېلىش قارارىغا كەلدۇق.

بالىلىرىنى شۇېتسىيىگە ئاپىرىپ قويۇپ يېقىندىلا كەلگەن خاۋگ- بېرگ تەپەندى بىلەن خانىمىمۇ بىز بىلەن بىللە بارماقچى بولدى. بىز بۇ سەپەر تەييارلىقىغا ئالدىراش كىرىشتۇق، بىر نەچچە كۈندە ئاران تەييار- لىنىپ بولدۇق.

بىز بالدۇرراق يولغا چىقىپ، ھاۋا بەك قىزىپ كەتكۈچە بىر كۈنلۈك يولنى مېڭىپ ئۆگىتىش ئۈچۈن، ئەتە يولغا چىقىمىز دېگەن كۈنى كېچىچە ئېلىپ ماڭىدىغان نەرسىلەرنىڭ جىمىسىنى تېڭىپ،

باغلاپ تەخ قىلدۇق . ھاۋا بەك ئىسسىق ۋە تىنجىق بولغاچقا ئۇخلىيال-
مىدۇق . ئەتىسى سەھەر سائەت تۆتتە ئورنىمىزدىن تۇرۇپ قارىسام ، ھاۋا
تۇتۇق ، تۇرۇپ - تۇرۇپ ھاۋا گۈلدۈرلەپ تۇراتتى .

خەنزۇلارنىڭ تۆت ئاتلىق مەپىسىدىن سەككىزنى ياللىۋالدۇق .
ئۇلارمۇ تەخ بولۇپ تۇرغانىكەن . لېكىن ئەتىگەنرەك ماڭايلى دېگىنىمىز
نىمە بولدى ، يەنىلا سائەت سەككىز يېرىمدا ، كۈن ئىسسىقا باشلىغاندا
ئاران يولغا چىقالىدۇق . سەۋەب ، مەپىكەشلەر قانچىلىك ئادەم ، قانچىلىك
يۈك ئېلىپ ماڭىدىغانلىقىمىز دېيىشىپ ۋە ھەر كىم ئازراق ئادەم ، ئازراق يۈك
ئېلىپ مېڭىشنىڭ ئېپىنى قىلىش بىلەن ئۆزئارا تالىشىپ ، تاكاللىشىپ بىر
مۇنچە ۋاقىتنى زايا قىلىۋەتتى . ئاخىر جاپپار باينىڭ ( جاپپار ئەلىنىڭ
ۋارىسى ) كېلىشتۈرۈشى بىلەن جېدەل بېسىقىپ ، مەپىلەر يولغا چىقتى .
مەن ئۈچ ياشلىق ئايرىك ، ئالتە ياشلىق خلۋىيا ۋە بالا باققۇچى بىلەن
ئۆزىمىزنىڭ رۇس پاسونىدىكى مەپىمىزدە ئولتۇردۇم ؛ خاۋگېبىرگ خانىم
خەنزۇ پاسونىدىكى مەپىدە ئولتۇردى . ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاتلىق
ماڭدى . ئارىمىزدا يەنە كونسۇلخانىنىڭ ھىندىستان تەۋەلىكىدىكى ۋە
جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى كاتىپلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ چاكارلىرىمۇ بار ئى-
دى . ئاتلىق ، مەپىلىك ئادەملەر ، قازان - قومۇش ، چېدىر ۋە باشقا لا-
زىمەتلىكلەرنى ئېلىپ ماڭغان بۇ كارۋىنىمىز بەئەينى سىگانلارنىڭ چوڭ
كارۋىنىغا ئوخشايتتى .

يولغا چىقىپ ، ھېچقانچە ماڭمايلا قاتتىق يامغۇر يېغىپ ، يوللار
پاتقاق بولۇپ كەتتى . ئاتلار تېيىلىپ تەسلىكتە ماڭاتتى . يېقىن ئەتراپتا
يامغۇردىن دالدىلانغۇدەك جاي يوق ئىدى . چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ
كەتكىنىمىزگە قارىماي مېڭىۋەردۇق . باللارنى چاپان ، ئەدىياللارغا
ئوراپ قۇچىقىمىزغا ئېلىۋالغانىدۇق ، ئۇلار تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى .
بوران - يامغۇر پەسلەپ قالغاندا ، بىزمۇ بىر يېزىغا كېلىپ ، بىر سارايغا
چۈشتۇق . ھەممىمىز تار بىر ئۆيگە تىقىلىپ كىرىۋالدۇق . ئاق كۆڭۈل
بىر ئايال ئىسسىق چاي ئەكەلدى . چاي پاخال پۇرايتتى . بىراق ئايالنىڭ
تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان ئىللىق چىرايىدا بىزنى قارشى ئالغانلىق ئىپا-

دىسى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. يامغۇردا قېلىپ مۇزلاپ كەتكىنىمىز ئۈچۈن، بۇ كىچىككىنە، مەينەت ئۆي قۇرۇق ھەمدە يامغۇردىن دالدا بولغاچقا، بىزگە تولىمۇ راھەت، ئازادە بىلىندى؛ ئالدىمىزغا قويۇلغان چاينىمۇ ئادەتتىكى چاغلار بولسا ھەرگىز ئىچمەيتتۇق. لېكىن چاي قويغۇچىنىڭ ھەقىقىي دوستلۇق كۆڭلى، ئىللىق تەبەسسۇمى بىزگە شادلىق بېغىشلىغانلىقى ئۈچۈن، ئىچىپ راھەتلەندۇق.

بوران – يامغۇر پاتلا توختىدى. بىز يەنە يولغا چىقتۇق. مەپە – ھارۇلار يېزىنىڭ يوللىرىدا ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. بىز قەشقەر بوستانلىقىنىڭ چېتىگە كەلدۇق. بىر موللا تېپىشىمۇ ئاجايىپ كۆركەم، ئىچى بەكمۇ كاتتا جابدۇلغان قورۇسىدا بىر نەچچە ئۆينى ئالايىتەن بىزگە راسلاپ يولىمىزغا قاراپ تۇرغانىكەن. قەشقەرلىكلەر ئىنتايىن مېھماندوست ۋە مەرد كېلەتتى. ياۋروپالىق ساياھەتچىلەرنى ئۇلار ئۆزلىرى تۇرلۇك قولايسىزلىقلارغا چىداپ بولسىمۇ ئوبدان كۈتۈۋالدۇ.

موللا بىزنى ھويلىدا كۈتۈۋالدى ۋە ئۆيگە باشلىدى. مېھمانخانىسىدا تۇۋرۇكلەر كۆپ ئىدى. تار، ئۇزۇن كارىدوردىن ئۆتۈپ مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا باراتتى. كارىدورنىڭ ئىككى تەرىپى سۇپا، سۇپىغا زىلچا گىلەملەر، كۆرپىلەر سېلىنغان، ياستۇقلار قويۇلغانىدى. ئولتۇرۇپ تۇرۇشىمىزغا داستىخان سېلىنىپ، ھەر خىل قەنت – گېزەك، قۇرۇق مېۋە – چېۋىلەر بىلەن چاي كەلتۇرۇلدى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن، بىز خانىملار، باللار ئوردا – قەسىردەك مۇشۇ مېھمانخانىدا ياتتۇق. ئەرلەر ئىچكىرىدىكى ئۆيلەردە ياتتى.

يەرلىك باشقا ئۆيلەرگە ئوخشاش، بۇ ئۆيمۇ تۈگۈلۈكتىنلا يورۇق چۈشەتتى. كېچىسى تۈگۈلۈكتىن يامغۇر چۈشەتتى. لېكىن بىز پۈتۈنلەي تىنچ، راھەت ئۇيقۇمىزنى ئۇخلاۋەردۇق. چۈنكى بۇ ئۆي پاكىز بولۇپ، باشقا ئۆيلەردىكىدەك ئادەمنى بىزار قىلىدىغان «مېھمان» بۇ يەردە يوق ئىدى. بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ساياھەتكە چىققاندا، ئېرىم بىلەن مۇشۇ يېزىدا باشقا بىر ئۆيدە قونغان، بۈرگىنىڭ بىئارام قىلىشى بىلەن كېچىچە ئۇخلىيالمىغانىدۇق. بۇ يەر بەك قۇرغاق بولغاچقا، بۈر-

گىنىڭ كۆپىيىشىگە مۇۋاپىق كەلسە كېرەك. ئۆيدە ئادەم خاتىرجەم ئۇخلىسۇن دېسە، بۇرگىنى جىق كۈچ سەرپ قىلىپ يوقىتىشقا توغرا كېلەتتى. بىز ئۆيىمىزدىكى چاغلاردا باغدا سەيلە قىلىۋاتقىنىمىزدا بۇرگىلەر بەدىنىمىزدە سەكرەپ يۈرەتتى. بىز دائىم ئۆيلەرگە دورا چېچىپ تۇراتتۇق.

ئادەمنىڭ جېنىغا تېگىدىغان بۇرگە توغرىسىدا يېزىۋاتقىنىمدا، ياشانغان بىر خانىم ئېسىمگە كېلىپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا بىزنىڭ قەشقەرگە بارىدىغانلىقىمىزنى ئېيتقاندا، ئۇ:

— بارماڭ، قەدىرلىكىم، بۇرگىلەرنى ئويلىسىڭىزلا يالتىيىپ قالىسىز! — دەپ توۋلاپ كەتتى. ئېرىم ئۇنىڭغا جاۋابەن تەمكىنلىك بىلەن:

— ئەگەر ھەممىلا برىتانىيىلىك بۇرگىلەرنى ئويلىسا، ئۇ چاغدا بىزنىڭ بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىمىز قايسى تەرىقىدە بولۇشى كېرەك؟ — دېدى.

بىز ئەتىسى ئەتىگەندە يولغا چىقتۇق. بۇ يول قۇملۇق ئىدى. چۈش مەھەلدە، قۇملۇقنىڭ چېتىدىكى بىر يېزىغا كەلدۇق. يېزىنىڭ بېشىدا بىزنى بىر مۇنچە ئادەم كۈتۈۋالدى. يوغان دەرەخنىڭ سايىسىدا تۈرلۈك يېمەك - ئىچمەك بىلەن چاي قويدى. ئوپالنىڭ مۇسۇلمان مەمۇرىي باشلىقى قازى بىزنى مېھمانغا چاقىرىپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ. بىزنىڭ نىيىتىمىز يېزىدا قونماي كۆپرەك يول مېڭىپ، ئەتىكى يولنى قىسقارتىش ئىدى. بىز ئۇنىڭ تەكلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ ئۆيىگە باردۇق. ئۇنىڭ قورۇ - جايى ناھايىتى يوغان، ئازادە ئىكەن، يەرلىك ئۇسلۇبتا بولغىنى بىلەن دېرىزىلىرىگە ئەينەك قويۇلغان، بېغى بار ئىكەن.

قازى سالاپەتلىك، نازۇك تەبىئەتلىك، ئوبدان تەربىيە كۆرگەن مۇسۇلمان مۆتىۋەرى بولۇپ، ئۇ ئورۇق، ئېگىز، چىرايى ئاق، سۇزۇك، پاكىز، ئاپئاق ساقىلى ئۇزۇن، بەكلا كېلىشكەن ئادەم ئىدى. بېشىدىكى ناھايىتى پاكىز، ئاق چىرايلىق ئورالغان سەللىسىمۇ ئۇنى ئالاھىدە چوڭ

سۈپەت، ئىززەت - ئابرويلۇق كۆرسىتەتتى. بىز ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، ئۇ ئىشىك ئالدىدا كۈتۈۋالدى ۋە ئەدەب، تەكەللۇپ بىلەن ئۆيىگە باشلىدى. بىز چاي ئىچىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇ بىزگە ئۆز قولى بىلەن چاي تۇتتى. بۇ يەرنىڭ ئادىتىدە مېھماننى ساھىبخانىنىڭ ئۆزى كۈتەتتى. ئۇنىڭدەك ياشانغان، سالاپەتلىك مۆتىۋەرنىڭ بۇقەدەر ئىززەتلىشىدىن بىز ئىختىيارسىز شەرەپ ھېس قىلدۇق.

ئالدىمىز تەرەپتىكى قونالغۇمىزغا چېدىرلارنى جايلاشتۇرۇپ تەييار قىلىشقا بىر نەچچە سائەت ۋاقىت كېتەتتى. شۇڭا بىز بالىلارنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، قازىنىڭ قورۇ - جايلىرىدا ئوبدان ئارام ئېلىۋالدۇق. ئېرىم بولسا قازى بىلەن سوقا - سۆھبەتكە چۈشۈپ كەتتى.

خوشلىشايلى دەپ قوپساق، قازى بىزنى كەچلىك تاماقنى يەپ كېتىڭلار دەپ تۇرۇۋالدى. بىز ئۇنىڭ تەكلىپىنى خۇشاللىق ئىچىدە قوبۇل قىلدۇق. بولۇپمۇ مېنىڭ ئويۇم بۇنداق كاتتا ئىمارەت، ئازادە، ياسىداق ئۆيلەردە مېھماننى قانداق ئېسىل تائاملار بىلەن كۈتىدىغانلىقىنى بىر كۆرۈپ بېقىش ئىدى. بىز چىنىلەردە شورپا ئىچتۇق، كەررى سېلىنغان تاماق، ئارقىدىن يوغان چىنە تاۋاقلاردا پولو يېدۇق. پولوغا مايدا ئوبدان پىشۇرۇلغان توخۇ گۆشى بېسىلغانىدى. پولو يېگى مايدا ئېتىلگەن، قورۇق ئۈزۈم، قارىئۆرۈك، چىلان ۋە پىستە سېلىنغان، بەكمۇ مەززىلىك، تەملىك بولغانىدى. بۇرۇن مەن سەل پۇراپ قالغان قوي مېيىنى سېلىپ پولو ئەتكەنىدە، يېگۈم كەلمەي ئاران يېگەنىدىم. ئالدىمىزغا ئۈچ خىل نان ئەكەلدى. بىر خىلى كىچىك بولكىغا ئوخشاش بولۇپ، يۇمىلاق، ئوتتۇرىسى ئويمان، كىچىك ئىدى. يەنە بىر خىلى يۇمىلاق، بەكمۇ يوغان، ئەمما نېپىز، بەكمۇ يېيىشلىك ئىدى. بۇنداق نانلارنىڭ ئارىسىغا پىياز ئارىلاشتۇرۇلاتتى. يۈزىگىمۇ پىياز، سىيادان، كۈنجۈت سېپىلەتتى. بۇغداي ئۇنىدا قىلىناتتى. ئۈچىنچى خىلى قوناق ئۇنىدا قىلىنغان نان بولۇپ، يېگى پىشقىنى (تونۇردىن چىققىنى) چۈچۈمەلرەك ئەمما بەك تەملىك بولاتتى. يەرلىك كەمبەغەللەر ئاساسەن مۇشۇنداق نان يەيتتى. چۈنكى بۇنداق ناننى يېسە قورساق ئاسان ئاچمايتتى.

ئادەتتىكىلەر ئائىلىلەرنىڭ ئاساسلىق تامىقى نان، چاي بولۇپ، ئۇلار ئۇنى يەپ سەپەر ۋە ئېغىر ئىشلارنى قىلغاندا، ئاسانلىقچە چارچاپ ۋە قورسىقى ئېچىپ قالمايتتى.

بىز قازىنىڭ ئۆيىدە، يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئادىتى بويىچە چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ۋېلكا، قوشۇق يوق ئەھۋالدا قولىمىز بىلەن ئالدىمىزغا كەلگەن تاماقنى مەززە قىلىپ يېدۇق ۋە تاماقلاردىن ناھايىتى رازى بولدۇق.

شۇ كۈنى كېچىسى بىز چېدىردا يېتىپ، ئۇزۇندىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن دەم ئېلىشىمىزنى باشلىۋەتكەنلىكىمىزنى ھېس قىلىپ خۇشاللاندۇق.

ئەمما ئەتىسى، ھاۋانىڭ تۇتتۇق ۋە سوغۇقلىقى، ھارۋىلارنىڭ يوغان تاشلارغا قويۇلغان پېتى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلىمىز لەككىدە بولدى. ھاۋا بارغانسېرى سوۋۇپ كېتىۋاتاتتى. چېكى يوق قاپقارا تۇمان بىز تەرەپكە سۈرۈلۈپ كېلىۋاتاتتى، نەپسىمىز قىسىلىۋاتاتتى. ئەمما تاغنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

چۈشلۈك تاماق مەھەلدە، بىز يول بويىدا بىزنى كۈتۈپ تۇرغان چىرايى، كۆرۈنۈشى غەلىتە قىرغىزنى كۆردۇق. يول بويىدىكى ئوتتۇن دۆۋىسى يېنىغا قارا قازان ئېسىلغانىدى، ئۇنىڭدا يۇرۇقلاپ قوي گۆشى شورپىسى قايناۋاتاتتى. ئۇ بىزگە تەييارلانغان چۈشلۈك تاماق ئىدى. مەيە - ھارۋىلار توختىدى. قىرغىزلار كېلىپ بىز بىلەن سالاملاشتى. بىز ھارۋىدىن چۈشتۇق. ئۇلار قاچا - قاچىلاردا سېمىز قوي گۆشلىرى بار شورپىلارنى ئەكەلدى. بىز ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرالمىدۇق. قولىمىز بىلەن قاچىدىكى گۆشلەرنى سۈزۈپ يېدۇق. شورپىغا تۇز سېلىنمىغانىدى. كىچىكىمدىن تارتىپ، سۇدا پىشۇرۇلغان قوي گۆشى بىلەن پەقەت خوشۇم يوق ئىدى. ئەمما بىز بۇيەردە قىرغىزلارنىڭ ئادىتى بويىچە تۇزسىز پىشۇرۇلغان گۆشنى پەقەتلا يىگۈم كەلمىدى. لېكىن قىرغىزلار جاپا كۆرمەي شۇنچە يىراقلاردىن كېلىپ، بىزنى دەپ گۆش پىشۇرۇپ تۇرغان تۇرسا بىز ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى بىر چەتكە قايرىپ قو-

يۈپ، خۇشال قىياپەتتە، مەززە قىلىپ يېگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلى ۋە ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرمىسەك قاملاشامدۇ؟

چۈشتىن قايرىلغاندا، بىز بوستان تېرەك جىلغىسىنىڭ ئاغزىغا كەلدۇقتە، تار، ئۇزۇنچاق، ياپپېشىل ئوتلاقتا تىكلەنگەن چېدىرلارنى كۆردۇق. ئەتراپ تۇمان بولغانلىقتىن باشقا نەرسىلەرنى كۆرەلمىدۇق. بىز چېدىر ئىچىدە چاپان، ئەدىياللارغا يۆگىنىپ ئولتۇرۇپ، ئىچىمىزدە يىراقتىكى تۈزلەڭلىكنى، قەشقەردىكى ئارامبەخش ئۆيىمىزنى سېغىندۇق. ئەمما، بۇ يەر ئاجايىپ ياخشىكەن، بەكمۇ چىرايلىقكەن، دېيىشىپ ئۆزئارا مەدەت بەردۇق.

ئەتىسى، ھاۋادا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. قويۇق تۇمان پۈتۈن جىلغىنى قاپلىغانىدى. ئەتىگەنلىك تاماق ۋاقتىدا كەيپىمىز ئۇچقانلىقتىن، ھېچقايسىمىز گەپ قىلمىدۇق.

تۇساتتىن بۇلۇت تارقىلىپ كۈن چىقتى، قويۇق تۇمانمۇ گويا ئاستا-ئاستا قايرىلغان پەردىلەردەك كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. پاھ! ئەتراپتىكى كۆككە تاقاشقان ئېگىز تاغلار، قونالغۇمىزغا يېقىنلا يەردىكى تاغ باغرىدىكى ئوت-چۆپلەر، يېشىل تون كىيگەن جىلغا قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ، بۆلەكچە ھەيۋەت ۋە كۆركەم تۈس ئالدى.

شۇئان بىزمۇ جانلاندۇق، كەيپىمىز كۆتۈرۈلۈپ، قونالغۇدا كۈلكە-پاراڭ ئاڭلىنىشقا باشلىدى. چېدىرنىڭ سىرتىدا باغلاقلىق تۇرغان ئات-ئېشەكلەرمۇ خۇشاللىقىمىزغا جور بولدى.

بىز ھاپىلا-شاپىلا نەرسە-كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ باغلاپ، يولغا چىقىپ كەتتۇق. بەزىلەر ئاتلىق، بەزىلەر پىيادە ماڭدى. بىز تار، ئەگرى-بۈگرى يولنى بويلاپ مېڭىپ، بېدىلىك، بۇغدايلىقلاردىن ئۆتتۇق. بېدىلىك ۋە بۇغدايلىقلار تاغدىن ئېقىپ چۈشكەن بىر ئۆستەڭنىڭ بىر تەرىپىدە ئىدى. قۇشقاچلارنىڭ شادىيانە ناۋاسىنى ئاڭلىدۇق، لېكىن ئۆزىنى كۆرمىدۇق. كىچىكرەك ياغاچ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، قونالغۇمىزغا يېتىپ كەلدۇق.

بوستان تېرەك قىرغىز قەبىلىسىنىڭ قىشلىق چارۋىچىلىق مەيدانى ئىكەن . قىرغىزلار يازلىقى بۇ يەرنى ئىسسىق كۆرۈپ ، مال ـ چارۋىلىرىنى ھەيدەپ تاغنىڭ ئېگىزرەك يەرلىرىدە بېقىش ئۈچۈن كېتىدىكەن ـ دە ، بۇ يەردىكى كېسەكتىن سېلىنغان ئۆيلەر بوش قالىدىكەن . ئادەم ۋە ماللارنىڭ قىشلىق يېمەك ـ ئىچمىكى ، يەم ـ خەشىكىنى تەييارلاش ئۈچۈن بۇ قەبىلىدىن ھەر كۈنى بىر نەچچىدىن ئادەم ئائىلىق يازلىق مەيداندىن كېلىپ ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى قىلىدىكەن .

بۇ يەردىكى قىرغىزلار بوستان تېرەكنى بەك ئىسسىق دېگەنبىلەن بىز بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى سالقىن ، ئادەمگە ياقىدىغان ، ئىنتايىن كۆڭۈلدىكىدەك سالقىنداپ دەم ئېلىش جايى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق . بۇ يەرنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى چوقۇم 7000 ئىنگلىز چىسىدىن ئارتۇق ، قەشقەرنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكىگە قارىغاندىمۇ 3000 ئىنگلىز چىسى ئېگىز كېلەتتى .

ئىنتايىن ئاددىي ، ئىپتىدائىي تۇرالغۇلارغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بۇ ئۆيلەر ئىچىدىمۇ بالىلار تۇرىدىغانغا لايىق كېلىدىغان خېلى ئازادە بىر ئۆي تاپتۇق . ئۇنىڭ يېنىدىلا چاققانغىنا ، خېلى چىرايلىق سېلىنغان مەسچىت بار ئىدى . بىز يوغان چېدىرنى ئۆزىمىز يېتىپ ـ قوپىدىغان قىلدۇق . بىر قانچە قىرغىز كىگىز ئۆيىنى ئاشخانا ۋە چاكارلارنىڭ ياتىقى قىلدۇق . خاۋگېبېرگ ئەر ـ ئاياللار جىلغىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئىچكىرى ـ تاشقىرى ئىككى خانىلىق بىر ئۆينى تاللىدى . بىز تۇرغان يەردىن بەش مىنۇت ماڭساقلا ، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارغىلى بولاتتى . بىز دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ ، بارلىق بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردىن بىرمۇ چايان تېپىلمايدىغان قىلىش ئۈچۈن ، ئۆيلەرنى ، چېدىرلارنى ، كىگىز ئۆيلەرنى پاكىز سۈپۈرۈپ تازىلىدۇق . ئاندىن يۈك ـ تاقلارنى يېشىپ ، ئورۇن ـ كۆرپە ، كىگىز ـ كېچەك قاتارلىق بارلىق لازىمەتلىكلەرنى جاي ـ جايىغا سېلىپ ۋە جايلاشتۇرۇپ ئارامىمىزغا چۈشتۇق .

ئەمما ، كېچىسى بىزنىڭ چېدىرنىڭ ئەتراپىدىن شامال كىرىپ سوغۇققا چىدىيالمىدۇق . ئەتىسى قىرغىزلارنىڭ ماقۇللىقىنى ئالغاندىن

كېيىن، مەسچىت تېمىغا يۆلەپ پۇختا قىلىپ كىگىز ئۆي ياساتتۇق. بۇ مۇقەددەس جاي بولغاچقىمىكىن، بىز تۇرغان كۈنلەردە ئاخشىمى تىنچ، راھەت ئۇخلىدۇق.

بىز بۇ يەردىكى قىرغىزلار كۆرگەن تۇنجى ياۋروپالىق بولساقمۇ، ئۇلار بىزگە ناھايىتى دوستانە مۇئامىلە قىلدى ۋە خۇشاللىق بىلەن ياردەم بەردى. ئۇلار ئوبدان قويلىرىنى بىزگە سېتىپ بەرگەندىن سىرت، قارچىغا بىلەن ئوۋلاپ كەلگەن تۈرلۈك ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى بەردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تاغ باغلىرىدا ئويناپ يۈرىدىغان، قىرغىزلار كەكلىك دەيدىغان قۇش، ياۋا توشقان، ئۇلا، ياۋا ئۆچكە، قوتاز، بۆكەن بار ئىدى. قەشقەردە كۈندە قوي گۆشى، ئورۇق توخۇ گۆشى يەپ زېرىكىپ كەتكەنىدۇق. بۇ يەردىكى ھەر تۈرلۈك ھايۋان ۋە ئۇچار قۇشلارنىڭ گۆشى بىزگە بەكمۇ ياقتى. بىز ھەپتىدە بىر قېتىم ئوپالغا ئادەم ئەۋەتىپ تۇخۇم، ئۇن، گۈرۈچ، ياغ، كۆكتات ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى ئەكەلدۈردۇق.

ئەلۋەتتە، قىرغىزلار بىز ياۋروپالىق ئاياللارغا بەكمۇ قىزىقتى ۋە ھەۋەس قىلدى. چۈنكى ئۇلار ئىلگىرى بىزدەك باشقىچە قىياپەتتىكى ئادەملەرنى كۆرمىگەنىدى. بەلكىم ئۇلار ھازىرمۇ بىر يازلىقى ئۆزلىرىنىڭ يايلىقىدا پەرەڭلەرنىڭ قانچە ۋاقىت تۇرغانلىقىنى ئەسلەپ تۇرىدىغاندۇ.

قىرغىزلار كۆچمەن مىللەت بولۇپ، جۇغراپىيىۋى مۇھىتنىڭ ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى زور. تۇرمۇشى جۇغراپىيىۋىلىك مۇھىتنىڭ تەسىرىگە قىرغىزلاردىنمۇ بەكرەك ئۇچرىغانلارنى تېپىش بەلكىم قىيىن بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار ناھايىتىمۇ ئاددىي تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. سىرتنىڭ مەھسۇلاتىغىمۇ موھتاج ئەمەسكەن. چۈنكى ئۇلار تۇرمۇشىغا كېرەكلىك يېمەك- ئىچمەك، كىيىم- كېچەك، ھەتتا تۇرالغۇ شارائىتلىرىنى ئۆزلىرى بېقىۋاتقان مال- چارۋىلاردىن ئالىدىكەن. سىرتتىن ئالىدىغان بىرلا نەرسە تاغدىن كېسىپ ئىشلىتىدىغان ئوتۇن- ياغاچ ئىكەن.

ئۇلار قوي تېرىسىدىن كىيىم كىيىدىكەن؛ ئاق ئۆينى چارۋىلار-

نىڭ يۇڭىدىن ئېتىلگەن قېلىن كىگىزلەردىن ياسايدىكەن. ئاق ئۆي ياغاچلىرىنى خام كالا تېرىسىدىن تىلىنغان تاسمىلار بىلەن باغلايدىكەن؛ ئارغامچىلارنىمۇ چارۋا يۇڭىدىن ئېشىدىكەن. يەنە ئۇلاغلارنىڭ تېزەكلىرىنى يېقىلغۇ قىلىپ ئاش - تاماق ئېتىدىكەن ۋە ئىسسىنىدىكەن.

قىرغىزلارنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى قوي گۆشى بولۇپ، قوي گۆشىدە ھەرخىل تاماق قىلىپ يەيدىكەن. قويلىرىنىڭ سورتى يوغان قۇيرۇقلۇق قوي ئىكەن. تازا سەمرىگەن قويلارنىڭ قۇيرۇقى يەرگە تېگەيلا دەيدىكەن. قۇيرۇقى پۈتۈنلەي چىلىك، ئاپئاق ماي بولىدىكەن.

قىرغىزلار يېگى سۈت - قايماق ئىچىدىكەن. ئۇلار كالا سۈتىدىن يەنە قېتىق ئۇيۇتىدىكەن. قېتىقنى ئۇيۇتۇش ئۇسۇلى مۇنداق ئىكەن: سۈتنى پىشۇرۇپ بىر قاچىغا ئېلىپ تاكى قېتىۋالغۇچە ھەرگىز مىدىرلاتماي قويىدىكەن. قىرغىزلار «كۆكاش» دەپ قىمىز ئىچىدىكەن. قىمىزنى تۇلۇمغا سېلىپ ئېچىتىپ ئىچسە بەكمۇ ئوبدان بولىدىكەن. بولۇپمۇ ئۇ سەپەرگە چىققاندا ناھايىتى ياخشى ئىچىملىك بولۇپ، ئادەمنى تېتىكلەشتۈرىدىكەن. لېكىن جىق ئىچىۋەتسە، ئادەمنى خۇش كەيىپ قىلىدىكەن. پاقلانلارنىڭ تېرىسىنى پۈتۈن پېتى ئېلىپ، پۇت - قوللىرىنى باغلىۋەتسە سۇيۇق نەرسە قاچىلايدىغان ئوبدانلا تۇلۇك (تۇلۇم) بولىدىكەن. قوي تېرىسىنىڭ بويىنى تۇگىنىڭ ئاغزى بولىدىكەن.

قىرغىز ئەرلەرنىڭ بايلىقى ئۇنىڭ قانچىلىك پۇلى بارلىقى بىلەن ئەمەس، قانچىلىك مال - چارۋىسى بارلىقى بىلەن ئۆلچىنىدىكەن. ئەرلەر نەرسە - كېرەكلەرنى بىز پۇلغا سېتىۋالغانغا ئوخشاش، مال - چارۋىغا سېتىۋالىدىكەن. خوتۇن ئالسىمۇ مال - چارۋىغا ئالىدىكەن. كەمبەغەللەر ئادەتتە 5 - 10 قويغا خوتۇن ئالالايدىكەن. قانچە ئات، قانچە تۆگە بېرىش، قىزلارنىڭ يېشى، ھۆسن - جامالىغا، يەنە چىرايلىق ياكى ئادەتتىكىچە بولۇشىغا قاراپ بەلگىلىنىدىكەن. قىز مېلىغىمۇ مال - چارۋا، ئۈنچە - مەرۋايىت بېرىلىدىكەن.

قىرغىزلار يۈزى كەڭ، ياپىلاق، مەڭزىنىڭ سۆڭىكى بۆرتۈپ چىققان، قىسىق كۆز كېلىدىكەن. بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئۇلارنىڭ موڭغۇل

ئىرقىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ. ئەرلەرنىڭ ساقال - بۇرۇتى شالاڭ ياكى يوق بولىدىكەن. ئۇزۇن مۇددەت تاشقىرىدا قۇياش نۇرى ۋە بوران - يامغۇردا يۈرگەنلىكى ئۈچۈن يۈز - قول تېرىسىنىڭ بۇزۇلۇشى بەك ئېغىر ئىكەن. شۇڭا ئەرلەر، ئاياللارنىڭ يۈزى كۆيۈپ پىشقان ناندەك قىزىل، پارقىراق كېلىدىكەن.

قىرغىز ئاياللىرى مۇسۇلمان بولغان بىلەن ناھايىتى ئەركىن ئىكەن، يۈزىنى ياپمايدىكەن. ئاياللارنىڭ كىيىنىشلىرى تۆزلەڭلىكتىكى ئاياللارنىڭكىدىن ھېچقانچە پەرقلەنمەيدىكەن. ئەمما باش كىيىمى ئالاھىدە ئىكەن. ئۇلار بېشىغا ئاق نېپىز رەختنى قات - قات، ئېگىز قىلىپ ئورىۋالىدىكەن. ئۇ ناھايىتى يوغان پىلە غوزىسىغا ئوخشايدىكەن ۋە بەك چىرايلىق كۆرۈنىدىكەن. بەزى ئاياللارنىڭ بېشىدىكى بۆك تىنىق ئاق رەڭدە بولىدىكەن، كۈمۈش بىزەكلەر قويۇلغانىكەن، كەشتە ئىشلەنگەن چۆرىسى قۇلىقى ۋە مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىكەن؛ يەنە گاھى ئاياللار سۇس رەڭلىك نېپىز رەختتە، ئەتراپىغا كەشتە تىكىپ كىيىدىكەن. ئاياللارنىڭ پىلە غوزىسىغا ئوخشايدىغان بۇنداق بۆكلىرى قەبىلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ بىر- بىرىدىن پەرق قىلىدىكەن.

تەبىئىيكى، قىرغىزلار كۆچۈپ يۈرۈپ ياشايدىغان كۆچمەن خەلق بولغاچقا، ئاياللارمۇ دۇنيادىن ئايرىلغان ھالدا بېكىنمە تۇرمۇش كەچۈرمەيدىكەن. شۇڭا ئۇلار مۇستەقىللىقى كۈچلۈك، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، ئېغىر - بېسىق كېلىدىكەن.

قىرغىز ئاياللار يايلاقلاردىن يۆتكىلىدىغان چاغدا، ئەڭ ياخشى كىيىملىرىنى كىيىدىكەن. بۇ كىيىملەر رەڭمۇرەڭ، ناھايىتى چىرايلىق، مارجان ۋە كۈمۈش زەنجىر، تەڭگىلەر قويۇلغانىكەن. چاچلىرىنىمۇ ھەرخىل كۈمۈش بۇيۇملارنى قوشۇپ ئۆرۈۋالىدىكەن. قوللىرىغا كۈمۈش ئۈزۈك سالىدىكەن. قىرغىزلارنىڭ ئەرلىرى يىل بويى ئېگىز تاغ ۋە دۆڭلۈكلەردىكى يايلاقلاردا مال باقىدىكەن. ياكى ئېتىزدا ئىشلەيدىكەن. يايلاقلارنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يىراق، ئۇزۇن بولىدىكەن. شۇڭلاشقا قونالغۇدىكى ئىشلارنىڭ جىممىسى ئاياللارغا قالىدىكەن. ئاياللار سۈت

سىغىش ، كىچىك ، ياش ماللارنى بېقىش ، كىيىم ـ كېچەك تىكىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدىكەن . يايلاق كۆچىدىغان چاغدا ئاق ئۆيلەرنى چۇۋۇپ ئېلىشمۇ ئاياللارنىڭ ئىشى بولۇپ ، ئەرلەر بىر چەتتە ئۇلارنىڭ ئىشىغا قاراپ تۇرىدىكەن . ئاياللار يەنە شىرداق تىكىش ، تۇر- لۇك كەشتىلەرنى تىكىش ، ئارغامچا ئېشىش ۋە ئاق ئۆينى بېزەشكە ئىش- لىتىلىدىغان ھەرخىل نەرسىلەرنى توقۇش ئىشىنى قىلىدىكەن .

ئادەتتە قىرغىزلارنىڭ ئائىلىسى ئانچە چوڭ ، ئادەم كۆپ بولماي- دىكەن . تاغلىق رايونلاردا قىش كۈنى سوغۇق قاتتىق ، شارائىت ناچار بولغانلىقى ، يەنە كېلىپ باللارنى بېقىش ۋە كېسەل ۋاقتىدا داۋالىتىش دېگەندەك ئىشلارغا ئومۇميۈزلۈك ھالدا سەل قاراش بولغانلىقتىن ، بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى بەك يۇقىرى ئىكەن . شۇڭا ھايات قېلىپ ، ئۆسۈپ چوڭ بولىدىغانلىرى ناھايىتى ساغلام ، كۈچلۈكلىرى ئىكەن . مەيلى ئەر ، مەيلى ئايال بولسۇن ئىشقا بەك پۇختا كېلىدىكەن .

قىرغىز ئاياللىرى ئات ۋە تۆگە مىنىشكە بەكمۇ ئۇستا بولۇپ ، ئەرلەردىن قېلىشمايدىكەن . بىز دائىم ئاياللارنىڭ ئات ياكى تۆگىگە مى- نىپ ناھايىتى تېز ، خەتەرلىك ، تار تاغ يوللىرىدا مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇردۇق . ئۇلار كۆپ ھاللاردا بوۋىقىنى قۇچاقلاپ ، چوڭراق بىر ـ ئىككى بالىنى كەينىگە مىنگەشتۈرۈپ ماڭىدىكەن . ئۇلار مىنگەن ئاتلار خۇددى چەرەندەك چاققان ، قەدەملىرى مەزمۇت ئىكەن . بۇ ئاتلار تاشلىق ساھىللار ، ئېگىز ـ پەس ، ئەگرى ـ بۈگرى ، ئوي ـ دۆڭ تاغ يوللىرىدىمۇ ناھايىتى پەم بىلەن يول تاللاپ ، ئاۋايلاپ ماڭىدى- كەن . مەن ئادەم ماڭالمايدىغان تىك يوللاردا ئاتلىق مېڭىپ باقتىم . بۇنداق ئەھۋالدا ، مەن ئاتقا يول كۆرسىتىپ يۈرمەي ، ئاتنىڭ يولنى ئۆزى تاللاپ بەخۇدۇك ماڭالايدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنسەم بولىۋېرىدى- كەن . مەن ئويلايمەنكى ، ئات كىچىكىدىن باشلاپلا مۇھىت ئامىلى ۋە مۇشۇنداق يوللاردا مېڭىپ كۆندۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن ، مۇشۇنداق بى- خالال ماڭالايدىغان بولغان بولۇشى مۇمكىن .

قىرغىزلارنىڭ ئۆي جابدۇقلىرى ، چۈيۈن قازان ۋە ئوتنىڭ ئۇس-

تىڭلا قويۇپ چاي قايىنىتىدىغان مىس چۆگۈندىن باشقىلىرى پۈتۈنلەي
ياغاچتىن ياسالغانىكەن . ئادەتتە ئۇلار شۇنى ئىشلىتىدىكەن . لېكىن
مېھمانلار ئۈچۈن تەييارلانغان فارفور چىنە ـ پىيالىلەرمۇ بار ئىكەن .
ئۇنى ناھايىتى ئاۋايلاپ بەكمۇ نەپىس ، چىرايلىق ساندۇقلارغا سېلىپ
ساقلايدىكەن .

بىز بىر كۈنى بىر ئايالنىڭ قىرغىزلارچە ئېمىزگە بوتۇلكىدا
بوۋاققا سۈت ئەمگۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدۇق . ئېمىزگە بوتۇلكىنىڭ
شەكلى بىزنى قاتتىق ھەيرەتتە قالدۇردى . ئېمىزگە بوتۇلكا قوزا تېرى-
سىدىن ياسالغان بولۇپ ، ئۇنىڭغا ئۈچكە سۈتى قاچىلانغانىكەن . قوزا
تېرىسىنىڭ بويۇن قىسمى بوۋاقنىڭ ئاغزىغا كىرگۈزۈلىدىكەن ، ئانا ئۇنى
سىقىپ تۇرۇپ ، ئاز ـ ئازدىن چىقىرىپ بوۋاقنى ئېمىتىدىكەن . بوۋاقنى
بۇنداق ئۇسۇلدا ئېمىتكەن ئانىسى ، كۆپ ھاللاردا بوۋاقنىڭ تۇغقىنى بو-
لۇشى مۇمكىن ، چۈنكى بوۋاقنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتسە تۇغقانلىرى بې-
قىۋالىدىكەن .

قىرغىزلار كىگىز ئۆيىنى مۇنداق ياسايدىكەن : ئاۋۋال يۇمىلاق جازا
تۇرغۇزىدىكەن ، جازىنىڭ مۇقىملاشتۇرۇلغان بېشىغا سەل ئەگمەچ تۈۋ-
رۈك ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياغاچتىن ياسالغان يۇمىلاق چەمبەر ئورنىتىلىدى-
كەن . بۇ چەمبەر مورا ۋە تۈگلۈك رولىنى ئوينايدىكەن ، يەنە ئۆي ئې-
چىگە ئوت يېقىلسا ، ئىس شۇ يەردىن چىقىپ كېتىدىكەن . ئاندىن يا-
غاچتىن ياسالغان جازىنىڭ ئۈستىگە كىگىز يېپىلىپ ، ئارغامچىدا چىڭ
تېڭىلىدىكەن . ئاخشىمى تۈگلۈكمۇ كىگىز بىلەن يېپىلىدىكەن . كىگىز
ئۆينىڭ بىر تەرىپىدىن ئىشىك قىلىنىپ ، ئۇنىڭغا كىگىز مەلەگزە تارتى-
لىدىكەن . ئۇلار جىلغىدا توساتتىن چىققان شامال ۋە بوران ئۇچۇرۇپ
كەتمىسۇن ، دەپ ، كىگىز ئۆينىڭ ئەتراپىنى ( كىگىزنى ) تاش بىلەن
پۇختا قىلىپ باسۇرۇپ قويىدىكەن .

بىر قېتىم ، بىز سەپەر ئۈستىدە تەكلىپكە ئاساسەن چۈشلۈك تا-
ماق ئۈچۈن بىر قىرغىزنىڭ ئۆيىگە چۈشتۇق . توساتتىن قاتتىق بوران
چىقىپ ، كىگىز ئۆينىڭ كىگىزلىرىنى قويماي ئۇچۇرۇپ كەتتى . ئەترا-

يېمىزدا ياغاچ جازىلا قالدى. يەنە بىر قېتىم كۆرگىنىمىز، بىر كىگىز ئۆينى كىشىلەر بەكمۇ بىپەرۋالىق قىلىپ پۇختا ياسىماپتىكەن، كېچىدە چىققان شامالدا ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ. كىگىز ئۆيدە بىر ئايال تۇرىدىكەن. ئەتىسى كىشىلەر قارىسا ئۇ ئايال تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن، بېشى تۈگۈلۈكتىن چىقىپ قالغانىكەن.

بىز قىرغىزلارنىڭ ئۆيىگە كىردۇق. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا — يەرگە ئوت يېقىلىدىغانىكەن. بىر تەرىپكە كىگىز سېلىقلىق، يەنە ناھايىتى چىرايلىق، ئوچۇق رەڭلىك ئورۇن - كۆرپىلەر بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە يىغىلغانىكەن. يەنە شەكلى ۋە رەڭگى ئۆزگىچە بىرنەچچە ساندۇق بار بولۇپ، پۇلغا يارىغۇدەك نەرسە - كېرەكلەر شۇ ساندۇقتا ساقلىنىدىكەن. ساندۇقلارغا سېلىنغان قۇلۇپنىڭ ئاچقۇچلىرىنى ئاياللار چاچ ئۆرۈمىگە ئېسىۋالىدىكەن. ئۆينىڭ ئوڭ تەرىپى ئوچۇق رەڭلىك يۇڭ يىپتا توقۇلغان پەردىلەردە توسۇلغانىكەن. پەردىنىڭ ئۇ تەرىپى ئاشخانا بولۇپ، قازان - چۆمۈچ، ئاشلىق ۋە باشقا نەرسىلەرمۇ شۇ يەرگە قويۇلىدىكەن.

كىگىز ئۆيلەر چوڭ ۋە كىچىك بولىدىكەن. ئىچى كەڭ، ئازادە بولۇپ، بۇ يەردە ئادەم ئەركىن - بىمالال بولىدىكەن. سەل ئەگمە ياغاچلار، كىگىز ئۆي جازىلىرى تۇتاشقان ۋە نەرسە - كېرەك ئېسىش ئۈچۈن جازىنىڭ مىخ قېقىلغان يەرلىرىدىن باشقا يەرلەردە ئادەم بەخۇدۇك ئۆرە تۇرالايدىكەن.

دەم ئېلىشىمىز ئاخىرلىشاي دېگەن چاغدا، بىز بوستان تېرەك جىلغىسىدىكى بارلىق قىرغىزلارنى مېھمانغا چاقىردۇق. ئەرلەر تەكلىپىمىزنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. بىراق، ئاياللىرىمىز كېلەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆي ئىشلىرىدىن بوشىيالمايدۇ ھەمدە ئوغرىلىقچە كېلىپ قويلارنى ئېلىپ قاچىدىغان بۆرىلەرنى قوغلىمىسا بولمايدۇ! دېدى.

بىز ئەتە كېتىمىز دېگەن كۈنى، بوستان تېرەك جىلغىسىدىكى 110 نەپەر قىرغىز ئەر ۋە ئوغۇل باللار ئات، تۆگە، بۇقا، ھەتتا كالىلارغا مىنىپ، مېھمان بولۇش ئۈچۈن، بىز تۇرغان يەرگە كېلىشتى. ئۇلار

يېتىپ كېلىپلا ماللارنى ئوتلاشقا قويۇۋەتتى. شۇئان ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى، تۆگىلەرنىڭ ئادەتتىكىدەك بوغۇق بوپ ـ بوپلاشلىرى بىلەن پۈتۈن جىلغىدا ئاجايىپ ياڭراق ئومۇمخور ساداسى ياڭرىدى.

بىز قىرغىزلاردىن بەش قوي سېتىۋالدۇق. ئادەم ئەۋەتىپ ئوپالدىن بىر تاغار گۈرۈچ، بىر تاغار سەۋزە، بىر تاغار نان، بوغان ئىككى سېۋەت ئۆرۈك ئەكەلدۈردۇق. تاماقنى ئۇلار ئۆزلىرى ئەتتى. داستىخانغا شورپا، پولو، ئۆرۈك قويۇلدى. چايلار كەلتۈرۈلدى. ئۇلار تاماقنى كارامەت يەيدىكەن! ئۇلاردەك تاماق يەيدىغان باشقا ئادەملەرنى مەن كۆرۈپ باقمىدىم. ئۇلار يېنىدا ياكى ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان ئادەمگە كۆڭلىنىڭ يېقىنلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولسا، گۆشنىڭ تازا لوق يەرلىرىنى پارچىلاپ، شۇ ئادەمنىڭ ئاغزىغا راسا تولدۇرۇپ سېلىپ قويىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، داستىخانغا قويۇلغان نەرسىلەر پاك ـ پاكىز يېيىلىپ تۈگىدى. ئازراق كېرەكلىك نەرسىنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەسلىك كېرەك، دېگەن قاراش بىلەن سۆڭەكلەرنىمۇ پاكىز غاجىلاشتى.

زىياپەت ئاخىرلاشقاندا، ئۇلار تاماقنى ھەزىم قىلىش ئۈچۈن بىزگە ئوغلاق تارتىش ئويۇنىنى كۆرسەتمەكچى بولدى. «ئوغلاق تارتىش» قىرغىزلارنىڭ ئەڭ مۇھىم تەنتەربىيە پائالىيىتى ئىكەن. بۇنىڭغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى ئات مىنىپ بىرمۇبىر ئۆچكە ياكى موزايىنى تالىشىدىكەن. بىر ئادەم ئۆچكىنى ئالدىغا توغرا قويۇۋېلىپ ئاتنى چاپتۇرىدىكەن ـ دە، ئۇنى باشقىلار ئاسانلىقچە تاپالمايدىغان يەرگە تاشلايدىكەن. باشقىلار ئۇنى قوغلايدىكەن ۋە قوغلاپ يېتىشكەندە، ئوغلاقنى تالىشىدىكەن (ئاتتىن چۈشمەيلا). ئوغلاقنى قولغا چۈشۈرگەن ئادەم يەڭگەن بولىدىكەن. ئۇنىڭغا ئوچۇق رەڭلىك يىپ ياكى يىپەك رەخت بېرىلىدىكەن. ئۇ بۇنى بېلىگە باغلاپ، ئۆچكىنى ئېلىپ چېپىپ، باشقا جايغا تاشلايدىكەن. باشقىلار ئۆچكىنى يەنە قوغلايدىكەن، تالىشىدىكەن. تالىشىش باشلانغان ھامان، بارلىق ئاتلىقلار قولىنى بوشىتىپ ئۆچكىنى تارتىۋېلىش مەقسىتىدە قامچا ياكى ئارغامچىنى چىشلەپ تۇرىدىكەن. بىز

ئاتلىقلارنىڭ سوقۇۋېتىشىدىن ساقلىنىش ھەمدە جىمى جەريانىنى ئېنىق كۆرۈش ئۈچۈن، بىر ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىۋالدۇق. ئوغلاق تارتىش ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىكەن، بەكمۇ قىزىقتۇرىدىكەن. بىرەر ئادەم ئاتتىن يىقىلارمۇ ياكى ئات دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويارمۇ دەپ جىددىيلىشىپ كېتىدىكەن. ئەگەر بىرەرسى ئاتتىن يىقىلىپ يارىلانغان بولسا خاۋگبېرگ ئەپەندى جىددىي قۇتقۇزۇش ئېلىپ باراتتى. لېكىن بىزنى ھەيران قالدۇرغان ئىش شۇ بولدىكى، يارىلانغانلار ناھايىتى ئاز بولدى. ئاتلار ئۆزلىرىنىڭ زادى نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلىدىغاندەك، ئوغلاق تارتىش باشلىنىشى بىلەنلا ئاجايىپ روھلىنىپ، ئۇچقۇر تۇلپاردەك تېز چاپىدىكەن.

ئەتىسى ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، پۈتۈن جىلغىنى قۇياشنىڭ چاقناپ تۇرغان نۇرى ئۆز قوينىغا ئالدى. لېكىن جىلغا ئىچى سالقىن، جانغا ھوزۇر ئىدى. ئەگەر تۈزلەڭلىكتە بولسا ئادەم ئاپتاپنىڭ كۆيدۈرۈشىگە چىدىماي قالاتتى. بىز ئاستا كېتىۋاتاتتۇق. ھاۋامۇ بارا - بارا ئىسسىپ كەتتى. بىز ھېلىدىن - ھېلى قايرىلىپ كەينىمىزدە قېلىۋاتقان جىلغىغا قارايتتۇق. ئېگىز تاغلار، تىك چوققىلار ئارىسىدىكى بوستان تېرەك جىلغىسى گويا ئالتۇن ئۈزۈككە ئورنىتىلغان زۇمرەت كۆزدەك تاۋلىنىپ، قۇياش نۇرىدا ئاجايىپ كۆركەم جۇلالىناتتى؛ ۋەھالەنكى، جىلغا بارغانسېرى كىچىكلىدى. ئاخىرقى قېتىم كەينىمىزگە قارىغاندا، ھېچنېمىنى كۆرەلمىدۇق. قەلبىمىزدە قىرغىزلار ئارىسىدا ئۆتكەن گۈزەل، كۆڭۈللۈك كۈنلەرنىڭ ئەسلىمىسىلا قالدى.

## ئون بىرىنچى باب

# نارىن ـ چىمكەنت ئارقىلىق ئەنگلىيىگە قايتىش

1908 ـ يىلى ، مەن ، ئىرىم ، بالام ( ئايرىك بەش ياش ، خلۋيا ئىككى ياش ئىدى ) ، بالا باققۇچى بىلەن دىم ئېلىش ئۈچۈن يەنە ئەنگـ لىيىگە قايتتۇق . بۇ قېتىم ئوش بىلەن ماڭماي ، باشقا بىر يولنى تالـ لىۋالدۇق . چۈنكى ، ئوش بىلەن ماڭساق ، كەلگۈن يامراپ ، سۇيى ئۆلـ غىيىپ كەتكەن بەش ـ ئالتە دەريادىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى . بۇ بىزگە ئېغىر چۈشەتتى . شىمالغا يېقىنراق يۆلىنىش بىلەن تاغ چوققىلىرىدىن ئۆتۈپ نارىنغا بېرىش ئۈچۈن ، بىرلا دەريادىن ئۆتسەك كۇپايە ئىدى .

بۇ لىنىيە كىشىلەر ئۈچۈن يېڭى ، ناتونۇش بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ، ئادەمدە بۆلەكچە قىزىقىش پەيدا قىلاتتى . ئويلايمەنكى بۇ قېتىمقى سەپەرىمنى ئەڭ ياخشىسى شۇ چاغدىكى كۈندىلىك خاتىرەم ئاساسىدا بايان قىلسام ، بۇ يول بىلەن مېڭىشنى ئىختىيار قىلغۇچىلارنى قىزىقتۇرۇشى ۋە ئۇلارغا پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن .

1908 ـ يىلى ئىيۇننىڭ ئاخىرىدا ، كاپىتان شېيتروۋس ئىرىمنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىن ئۇقتۇرۇش قىلمايلا قەشقەرگە كەلدى . ئىيۇننىڭ كۆيدۈرگۈچى ئىسسىقىدا سەپەرگە چىقسا قىيىنچىلىق ...زر بولىسمۇ ، بىز يەنىلا ئىمكانقەدەر تېزراق يولغا چىقىپ ، ئەنگلىيىگە ...راق بېرىش قارارىغا كەلدۇق . بۇ مەزگىلدە ئوش بىلەن ماڭساق ، ...للاردا كەلگۈن كۆپ ، مېڭىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . شۇڭا بىز نارىن

ئاتلىقلارنىڭ سوقۇۋېتىشىدىن ساقلىنىش ھەمدە جىمى جەرياننى ئېنىق كۆرۈش ئۈچۈن، بىر ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىۋالدۇق. ئوغلاق تارتىش ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىكەن، بەكمۇ قىزىقتۇرىدىكەن. بىرەر ئادەم ئاتتىن يىقىلارمۇ ياكى ئات دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويارمۇ دەپ جىددىيلىشىپ كېتىدىكەن. ئەگەر بىرەرسى ئاتتىن يىقىلىپ يارىلانغان بولسا خاۋگېپىرگ ئەپەندى جىددىي قۇتقۇزۇش ئېلىپ باراتتى. لېكىن بىزنى ھەيران قالدۇرغان ئىش شۇ بولدىكى، يارىلانغانلار ناھايىتى ئاز بولدى. ئاتلار ئۆزلىرىنىڭ زادى نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلىدىغاندەك، ئوغلاق تارتىش باشلىنىشى بىلەنلا ئاجايىپ روھلىنىپ، ئۈچقۇر تۇلپاردەك تېز چاپىدىكەن.

ئەتىسى ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، پۈتۈن جىلغىنى قۇياشنىڭ چاقناپ تۇرغان نۇرى ئۆز قويىنىغا ئالدى. لېكىن جىلغا ئىچى سالقىن، جانغا ھوزۇر ئىدى. ئەگەر تۈزلەڭلىكتە بولسا ئادەم ئاپتاپنىڭ كۆيدۈرۈشىگە چىدىماي قالاتتى. بىز ئاستا كېتىۋاتاتتۇق. ھاۋامۇ بارا - بارا ئىسسىپ كەتتى. بىز ھېلىدىن - ھېلى قايرىلىپ كەينىمىزدە قېلىۋاتقان جىلغىغا قارايتتۇق. ئېگىز تاغلار، تىك چوققىلار ئارىسىدىكى بوستان تېرەك جىلغىسى گويا ئالتۇن ئۈزۈككە ئورنىتىلغان زۇمرەت كۆزدەك تاۋلىنىپ، قۇياش نۇرىدا ئاجايىپ كۆركەم جۇلالىناتتى؛ ۋەھالەنكى، جىلغا بارغانسېرى كىچىكلىدى. ئاخىرقى قېتىم كەينىمىزگە قارىغاندا، ھېچنېمىنى كۆرەلمىدۇق. قەلبىمىزدە قىرغىزلار ئارىسىدا ئۆتكەن گۈزەل، كۆڭۈللۈك كۈنلەرنىڭ ئەسلىمىسىلا قالدى.

## ئون بىرىنچى باب

# نارىن - چىمكەنت ئارقىلىق ئەنگلىيىگە قايتىش

1908 - يىلى، مەن، ئىرىم، بالام (ئايرىك بەش ياش، خلۋيا ئىككى ياش ئىدى)، بالا باققۇچى بىلەن دەم ئېلىش ئۈچۈن يەنە ئەنگلىيىگە قايتتۇق. بۇ قېتىم ئۇش بىلەن ماڭماي، باشقا بىر يولنى تاللىۋالدۇق. چۈنكى، ئۇش بىلەن ماڭساق، كەلكۈن يامراپ، سۇيى ئۇلغىيىپ كەتكەن بەش - ئالتە دەريادىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇ بىزگە ئېغىر چۈشەتتى. شىمالغا يېقىنراق يۆلىنىش بىلەن تاغ چوققىلاردىن ئۆتۈپ نارىنغا بېرىش ئۈچۈن، بىرلا دەريادىن ئۆتسەك كۇپايە ئىدى.

بۇ لىنىيە كىشىلەر ئۈچۈن يېڭى، ناتونۇش بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ئادەمدە بۆلەكچە قىزىقىش پەيدا قىلاتتى. ئۇيلايمەنكى بۇ قېتىمقى سەپەرنى ئەڭ ياخشىسى شۇ چاغدىكى كۈندىلىك خاتىرەم ئاساسىدا بايان قىلسام، بۇ يول بىلەن مېڭىشنى ئىختىيار قىلغۇچىلارنى قىزىقتۇرۇشى ۋە ئۇلارغا پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن.

1908 - يىلى ئىيۇننىڭ ئاخىرىدا، كاپىتان شىپىتروۋس ئىرىمنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىن ئۇقتۇرۇش قىلمايلا قەشقەرگە كەلدى. ئىيۇننىڭ كۆيدۈرگۈچى ئىسسىقىدا سەپەرگە چىقسا قىيىنچىلىق زور بولسىمۇ، بىز يەنىلا ئىمكانقەدەر تېزراق يولغا چىقىپ، ئەنگلىيىگە پاتراق بېرىش قارارىغا كەلدۇق. بۇ مەزگىلدە ئۇش بىلەن ماڭساق، يوللاردا كەلكۈن كۆپ، مېڭىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا بىز نارىن

بىلەن ماڭىدىغان يولنى تالللىۋالدۇقتە ، رۇسىيىنىڭ تۆت چاقلىق پەيتۇ.
نىغا ئولتۇرۇپ سىبىرتېچىيا ئۆلكىسى ئارقىلىق مېڭىپ ئارىسقا بېرىپ ، ئۇ
يەردىن ئۇرېنبۇرگنىڭ پويىزىغا ئولتۇرماقچى بولدۇق . ئارىس تاشكەنتكە
يېقىن بىر كىچىك بازار ئىدى .

بىز تولۇق بىر ھەپتە ئىچىدە يۈك ـ تاقلارنى تېڭىپ ، يىغىشتۇ.
رىدىغاننى يىغىشتۇرۇپ جىمى تەييارلىقنى پۈتتۈردۇق . بۇ بىر ھەپتىدە
بىز قاتتىق ھېرىپ چارچىدۇق ، ئەمما بەكمۇ خۇشال ئىدۇق . يولغا چى.
قىدىغان چاغدا بىزنى ئۇزاتقىلى توپ ـ توپ ئادەملەر كەلدى . سەپەرنىڭ
دەسلەپكى ئۈچ كۈنىدە ، بىز يولنى بىلگەچكە ، بىزنىڭ رۇس شەكلى.
دىكى چاققانغىنە مەپىمىز ئارايىك ۋە بالا ياتقۇچىنى ئېلىپ ئالدىدا ماڭ.
دى . شۇ ۋەتسىيە دىن تارقىتىش ئۈمىكىدىكى دوستىمىز ئاندرىن بىز بىلەن
بىللە ماڭغانىدى . مەن خلۋىيانى ئېلىپ ئۇنىڭ پۇررىنىلىق ، تاھايىتى را.
ھەت پەيتۇنىدا ماڭدىم . بىز سەپىرىمىزنىڭ بىرىنچى بۆلىكىنى تومۇزنىڭ
سەراتان ئىسسىقدا مېڭىپ تۈگەتتۇق . بۇ يولدا بەكمۇ چارچاپ كەتمە.
دۇق .

3 ـ ئىيۇل ، جۈمە

بىز بۈگۈن ئەتىگەن ئاندرىن ئەپەندى ۋە بىزنىڭ مەپىمىزنى
ھەيدىگەنلەر بىلەن خوشلىشىپ ، ئۇلارنىڭ قەشقەرگە قايتىش يولىغا
ماڭغانلىقىغا قاراپ تۇردۇق . ئاندىن ئاتلارغا مىنىپ يولغا چىقتۇق . ئەيسا
ئارايىكنى ئالدىغا ئېلىپ بىر ئاتقا مىندى . خلۋىيا سەيلۇنلۇق ( سرىلانكا )
چاكىرىمىز جون بىلەن بىر ئاتقا مىندى . بىز گىياھ ئۈنمەيدىغان تاھا.
يىتى ئۇزۇن جىرا بىلەن مېڭىپ قاتمۇ قات تاغ ئارىسىغا كىرەتتۇق . بىز
توپتوغرا يەتتە سائەت مېڭىپ قونالغۇغا يېتىپ كەلدۇق . بىزگە قىرغىزلار
كىگىز ئۆي تەييارلاپ قويۇشقانىكەن .

لېكىن بۇ كۈنى ئاتتا ئۇزۇن ۋاقىت ئولتۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن ،
بەدەنلىرىمىز قېتىپ كەتكەنىدى . شۇڭا ئاتتىن تەسلىكتە چۈشتۇق ، چا.
يىمىزدا بىردەم تۇرۇۋېلىپ ، ئاندىن كىگىز ئۆيگە كىردۇق . بۇ جاينىڭ
ئىسمى بەكمۇ غەلىتە بولۇپ ، « ئاغاچ كولى » ( قىزنىڭ قولى ) دەپ ئا.

تىلىدىكەن . بىز بۈگۈن ئاتلىق 24 ئىنگلىز مىلى يول باستۇق .

4 ـ ئىيۇل ، شەنبە

بۈگۈن هاۋا ئاجايىپ ياخشى بولدى . بىز قارا تەكچە تاغ ئېغىزىدىن ئۆتتۇق . كۆك ئاسماندا بۇلۇتتىن ئەسەر يوق ، زۇمرەتتەك سۈزۈك ئىدى . قۇياش ئوتتەك قىزدۇرۇپ تۇرسىمۇ مەيىن شامال جانغا ھۇزۇر بېغىشلايتتى . شەكسىزكى ، بۇ تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈش خېلى مۈشكۈل ئىدى . چۈنكى ، بۇ تاغ ئېغىزى بىزگە بەكمۇ تىك تۇيۇلدى . يىراقتىن گويا غايەت يوغان ، ئېگىز ، تىك قىياغا سىيلىنغان لاي ئىزىدەك كۆرۈنەتتى ، يول بىر نەچچە ئىنگلىزچىسى كەڭلىكتە بولسىمۇ ، شېغىللىق ئىدى . لېكىن ئاتلار تەمتىرىمەي چىڭ ـ چىڭ دەسسەپ ماڭدى . بىز تەسلىكتە چوققىغا چىقىپ ، ئالدىمىزغا نەزەر سالدۇق ، ئالدىمىزدىكى يولنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ چاتاق بولۇپ ، كۆزىمىزگە يول ئەمەس پارچە ـ پارچە ، ناھايىتى يوغان قورام تاشلار كۆرۈندى . ئەمما ئەتراپتىكى بەكمۇ ھەيۋەت مەنزىرە ، تاغ چوققىسىغا چىققۇچە تارتقان جاپايىمىزنى ئۇنتۇلدۇرۇپ كۆڭلى ـ قارنىمىزنى ئاچتى . يىراقلارغا سوزۇلغان ، ئېگىز ـ پەس تاغ چوققىلار قەلبىمىزدە ئىختىيارسىز ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا قىلدى . تاغلارنىڭ ھەر خىل رەڭدە بولۇشى ، كىلىماتنىڭ ئۇلاردىكى تەسىرى ئادەمنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇراتتى . بەزى چوققىلار بىنەپشە رەڭدە بولۇپ ، ئارىلىقلىرىدا قارا رەڭلەرمۇ بار ئىدى ؛ قۇملارنىڭ جۇغلىنىشىدىن ھاسىل بولغان چوققىلار قىزىل رەڭدە تاۋلىنىپ ، ئەڭ ئۈستىدىكى يىل بويى ئېرىمەيدىغان قاردا تېخىمۇ ھەيۋەت ، كۆركەم ۋە گۈزەل تۈس ئالغانىدى . يىراقتىكى تاغلار تۇمان قوينىدا غۇۋا كۆرۈنۈپ ، ئاجايىپ سىرلىق ، لەيلەپ يۈرگەن قەسىرلەردەك تۇيغۇ بېرەتتى .

يۈك ـ تاقلىرىمىز ئارتىلغان ئاتلار ئاۋايلاپ ئەمما مەزمۇت قەدەملەر بىلەن چوققىدىن چۈشۈشكە باشلىدى . ئەرلەر مىنگەن ئاتلارنى ئارغامچا بىلەن ئۇزۇن قىلىپ باغلىدى . ئالدىمىزدىكى ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى ئارقىدىكى ئاتنىڭ بويۇنتۇرۇقىغا چىگدى ، ئاندىن بىر قىرغىز ئاتلارنى يېتىلەپ تاغدىن چۈشتى .

بىز بالىلارنىڭ تاغدىن ئامان ـ ئېسەن چۈشۈشىگە كاپالەتلىك
قىلىش ئۈچۈن، بالىلارنى سەپەردە ئىسسىنىش ئۈچۈن ئۆيدىكى كونا
يوتقانلارنى پۈختا قىلىپ تىكتۈلغان يوغان خالتىلارغا سېلىپ، ئاتقا
ئاگدۇق. خالتىدىن ئۇلارنىڭ بېشىلا چىقىپ تۇراتتى ۋە ئۇلار بەكمۇ
كۈلكىلىك كۆرۈنەتتى. لېكىن ئۇلار بىزنىڭ بۇ قىزىقارلىق ئىشىمىزدىن
مەمنۇن بولغاندەك، ئەتراپقا قىزىقىش نەزىرىدە سەپسالاتتى.

بىز ئاستا ـ ئاستا مېڭىپ ئەمەس، سىيرىلىپ دېگۇدەك تاغدىن
چۈشتۇق! چىراغا چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، كەينىمىزگە قاراپ، توۋا
شۇنچە ئېگىز چوققىدىن يىقىلماي قانداقمۇ ساق ـ سالامەت چۈشكەندى-
مىز، دەپ ئويلىدۇق. بولۇپمۇ يۈك ـ تاقلار ئارتىلغان ئاتلارنىڭ دو-
مىلاپ كەتمەي تىنىچ ـ ئامان قانداق چۈشكەنلىكىگە ئادەمنىڭ ئەقلى
يەتمەيتتى! تاغدىن چۈشكەندىن كېيىن، مېڭىش خېلى ئاسان بولدى.
بىز قايتىدىن ئاتقا مىندۇق. بىر سائەت ماڭغاندىن كېيىن، بىردىنلا
چاقماق دەرياسى بويىغا كېلىپ قالغانلىقىمىزنى بايقىدۇق. قارشى قىرغاق-
تىكى چۈپلۈككە بىزگە ئاتاپ قىرغىزلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرى تىكىلگەنلى-
كىنى كۆرۈپ تولىمۇ سۆيۈنۈپ كەتتۇق. سۇ ئانچە چوڭقۇر بولمىغاچقا،
دەريادىن تېزلا ئۆتتۇق. قونالغۇمىز رەڭگا ـ رەڭ ياۋا گۈل ـ چېچەكلەر
ئېچىلغان، ياپيېشىللىققا پۈركەنگەن ئاجايىپ گۈزەل ئوتلاق ئىدى. بۇ-
جاي دەريانىڭ نامى بىلەن چاقماق، دەپ ئاتىلاتتى. بىز بۈگۈن 16.5
ئىنگلىز مىلى يول يۈردۇق.

5 ـ ئىيۇل، يەكشەنبە

بۈگۈنكى سەپىرىمىز ئۇزۇن ۋە ناھايىتى مۇشەققەتلىك بولدى.
شامال بولغان بىلەن چىدىغۇسىز ئىسسىق ئىدى. بىز چاقماق دەرياسىنى
بويلاپ بىر قانچە سائەت ماڭدۇق، دەريا ئېقىنى ئەگرى ـ بۈگرى ئىدى.
بىز ھېلى دەريادىن كېچىپ ئۆتۈپ قارشى قىرغاققا، ھېلى كەينىمىزگە
قايتىپ يەنە بىر قىرغاققا ماڭدۇق. ئاخىر دەريانى ئارقىمىزغا تاشلاپ تاغ
ئىچىگە كىردۇق. بۇ تاغ ئاجايىپ قىزىق كۆرۈنۈشتە بولۇپ، تاغ قىزىل
رەڭدە، چوققىسى قارا رەڭدە ئىدى. قىرغىزلار ئۇنى «قارا مالخاي»

دەپ ئاتايتتى. ئانچە چوڭ بولمىغان تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، كەڭ بىر جىلغىغا كەلدۇق. جىلغا تۈزلەڭلىككە ئوخشايتتى ۋە كەڭ ئىدى. ئۇيەر ـ بۇيەردە ئېدىرلار بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە بىز تەڭرىتاغنىڭ ئەڭ ئۈستىدە بولۇپ، ئەتراپتىكى بۇ ئېگىز ـ پەس تاغ چوققىلار، ئېدىرلار بىز مېڭىۋاتقان يولدىن ئېگىز ئىدى.

يول باشلىغۇچى بىزگە قونالغۇنىڭ يېقىنلا يەردىكى بىر تاغنىڭ كەينىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. لېكىن بىز مېڭىپ ـ مېڭىپمۇ ئۇ يەرگە ھېچ بارالماي كەتتۇق. ئايلىنىپ مېڭىۋېرىپ ھالىمىزدىن كەتتۇق، گەپمۇ خۇشياقمىدى. كېيىن بىرىپ ھېچكىم بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى. تۇۋا، بۇ يول ئادەمنى نەجەپمۇ پەرىشان قىلدىغۇ! بىر قىرغىز ئاتلىق ئالدىمىزدا كېتىۋاتاتتى. ھەر قېتىم ئۇ بىر ئويماندا يوقىلىپ كەتسە، مەن سەل جانلىنىپ، ئۇ چوقۇم بارىدىغان يېرىمىزگە بىرىپ بىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. لېكىن كۆپ ئۆتمەي ئۇ يەنە پەيدا بولۇپ بىر خىلدا مېڭىپ كېتەتتى. ئۇ ھېچقانداق بىر خاتا ئىش قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ كەتتىم. ھەي، بۈگۈنكى يولىمىز ئاخىر بىر باشقا چىقتى. تۇساتتىن ئالدىمىزدىكى يەرنىڭ كۆتۈرۈلگەن قىسمىدىكى ئويمانراق يەردە ئىككى كىگىز ئۆيگە كۆزىمىز چۈشتى. مەن مىنگەن ئات ئادەتتە ياۋاش، تىنچ بولۇپ، پوشقۇرۇپ، كىشنەپ يۈرمەيتتى. ئەمما ھازىر بىردىنلا ئۇزۇن كىشنىدى ـ دە، يورغىلاشقا باشلىدى. دېمەك، ئاتمۇ بۈگۈنكى سەپەرنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن ماڭا ئوخشاشلا خۇشال بولۇپ، سەپەر ھارغىنلىقىنى ئۇنتۇغانىدى. بۇ قونالغۇنىڭمۇ نامى غەلىتە بولۇپ، قىرغىزلار ئۇنى تىشۇن ـ دېبىبا دەيدىكەن. بۇ ئەتراپتىكى بىر تاغ ئۈستىدە قىرغىزلارنىڭ ئەۋلىيا مازىرى بار ئىكەن. شۇڭا بۇ جايغا مۇشۇنداق ئىسىم قويۇلغانىكەن. بۈگۈن 23 ئىنگلىز چاقىرىم يول باستۇق.

ۋەھالەنكى، بىز بۈگۈن ماڭغان يول بەكمۇ قاقاس ئىدى! شامال ئۈچۈپلا تۇراتتى. گىياھ ئۈنمەيتتى. دېڭىز يۈزىدىن بەك ئېگىز بولغاچقا، كېسەل ئادەمدەك باشلىرىمىز قېيىپ، كۆزلىرىمىز تورلىشىپ، ناھايىتى تەسلىكتە ماڭدۇق. ئىيۇل بولۇشىغا قارىماي، كۈن تاغ كەينى-

دىن ئۇرۇن ئالمىش بىلەنلا ھاۋا سوۋۇپ ، سوغۇق شامال جاندىن ئۆت-
تى . باللارنى بوبىراق ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن ، قىرغىزلارنىڭ كىگىز
ئۆيى ئىچىگە ئۆزىمىز ئەكەلگەن كىچىك چېدىرنى ئورناتتۇق . باللارنى
ئۆنىڭ ئىچىدە ياتقۇزۇپ ، ئۆزىمىز كىگىز ئۆي بىلەن چېدىر ئارىلىقىدىكى
تارچۇق يەردە ياتتۇق .

6 ـ ئىيۇل ، دۈشەنبە

بۈگۈن ئەتىگەن بىز يولغا چىقتۇقتە ، تاكى رۇسىيە قاراۋۇلخا-
نىسى چېدىرىنىڭ ئالدىغا بارغۇچە مۇشۇ تاغ جىلغىسى ئىچىدە ماڭدۇق .
قاراۋۇلخانا تورغات تاغ ئېغىزىنىڭ باغرىدا ئىكەن . قاراۋۇلخانا ئوفىت-
سېرى ، رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى قىرغىز بىزگە ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن
چاي قويدى . بىز بىر ئاز دەم ئېلىۋېلىپلا يۈرۈپ كەتتۇق . رۇسىيىلىكلەر
بۇ تاغ ئېغىزىدىن ئۆتىدىغان يول ياسىغانىكەن . يول ئەگرى ـ بۈگرى
بولغان بىلەن تۈز ، خېلىلا ئوبدان ئىكەن . شۇڭا بىز ھېچقانچە كۆچە-
مەيلا ئېغىز چوققىسىغا چىقتۇق . بۇ يەردە جۇڭگو ۋە رۇسىيە زېمىنىدىكى
ئوتتۇرا ئاسىيا چېگرىسىنى ئىپادىلەيدىغان بىر تاش ئابىدە بار ئىكەن .
مۇشۇ يەردە بىز جۇڭگو زېمىنى بىلەن خوشلىشىپ ، چېگرىدىن ئۆتۈپ
رۇسىيە زېمىنىغا كىردۇق . شۇنىڭدەك تورغات ئېغىزىنى بويلاپ تەگرى-
تاغنىڭ چوققىسىدىن ئۆتتۇق . چوققىنىڭ بىر تەرىپىدە شەرققە ئېقىپ
لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغان چوڭ ـ كىچىك دەريا بار ئىكەن . يەنە بىر
تەرىپىدە غايەت زور بىر دەريانىڭ مەنبەسى بولۇپ ، بۇ ياشارتېس (سىر
دەريا ) دەرياسى ئىكەن . بۇ دەريا رۇسىيە زېمىنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىن
ئېقىپ ئۆتۈپ قارا دېڭىزغا قۇيۇلىدىكەن .

تاغدىن چۈشكىچە توپتوغرا ئۈچ ئىنگلىز مىلى يول باستۇق .
توساتتىن يول تەرىپىمىزدە بىر جىرا ، يىراقتا چار قول كۆلىگە كۆزىمىز
چۈشتى . سۈيى زۇمرەتتەك كۆك ، تىنىق ، ئاجايىپ چوڭ بۇ كۆل قار ـ
مۇز قاپلىغان تاغلارنىڭ باغرىدا ياتاتتى . كۆلگە ئانچە يىراق بولمىغان
بىر ئېرىق بويىدىكى پىنھان بىر جايغا بىز ئۈچۈن قونالغۇ تەييارلانغا-
نىدى . بىز تورغات ئېغىزىدىن چىققاندىن كېيىن ، ئېگىز ـ پەس ئوت ـ

چۆپلۈك ئارىسىدا ماڭدۇق . ئوت - چۆپلۈكلەردە سۇغۇر كولىغان كامار بەك تولا ئىدى . بۇ كامار ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ ، ئاتلار سەللا دىققەت قىلمىسا ، پۇتى كامارغا كىرىپ كېتەتتى . سۇغۇر توشقانچىلىك ، پۇتۇن بەدىنى سارغۇچ جىگەررەڭ ، تۇرقى بەكمۇ كۈلكىلىك ئىدى . ئۇلار چۆپلۈكتە چېپىشاتتى ، ئۆزئارا سالاملىشاتتى . بۇ جانىۋارلار ئوماق بولۇپ ، ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى . بولۇپمۇ سېمىز ، ئوماق بالىلىرى تېخىمۇ شۇنداق ئىدى . ئۇلار ئانىسىنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقىپ ، يەنە سىيرىلىپ چۈشۈپ ، خۇشال ئوينايتتى . ئەمما ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازى ياكى ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىغان هامان ئوتقا چۈشكەن چۈمۈلىدەك هولۇقۇپ هەر تەرەپكە قاچاتتى ۋە ئۇۋىلىرىغا كىرىۋالاتتى . ئانا سۇغۇر قورقۇپ ئالاقزادە بولۇپ كېتەتتى . باللىرى ئامان - ئېسەن كامارلارغا كىرىپ جايلاشقاندا ، ئاندىن سەل خاتىرجەم بولاتتى . لېكىن سۇغۇرلار توپىدىكى ئەركەك سۇغۇرغا ئوخشايدىغان بىر قانچىسى بىزدىن قورقمايتتى . ئۇلار ناهايىتى يۈرەكلىك بولۇپ ، كامار ئاغزىدا كۆكرەك كېرىپ مەغرۇر ئولتۇراتتى . ئۇلار يىراقتىن چۆپلۈكتىكى قوڭۇر رەڭ تاشلاردەك كۆرۈنەتتى . يېقىن بارغاندا ، ئاندىن سۇغۇر ئىكەنلىكىنى پەرق قىلغىلى بولاتتى . ئۇلار بىزنى كۆرگەندە ، ئاندىن قونچاق قۇتىسىدىكى قونچاقلاردەك كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە غايىب بولاتتى .

بۈگۈن بىز چوڭلار ئېگىز تاغ هاۋاسىدىن بەكلا قىينالدۇق . ئەمما بالىلار نەچچە كۈندىكىگە قارىغاندا خېلىلا تېتىك ئىدى . بىز قونالغۇغا كېلىشىمىز بىلەنلا ، ئۇلار كىگىز ئۆيدىكى بىزگە تەييارلانغان ياستۇق ، كۆرپىچەكلەرنى بىر - بىرىگە ئېتىپ « ياستۇق » جېڭىنى باشلىۋەتتى . ئاندىن كامارغا مۆكۈنگەن سۇغۇر بولۇپ ، ئۇ يەر ، بۇ يەرگە مۆكۈنۈپ ئوينىدى .

قىرغىزلار داستىخان سېلىپ چاقماق قەنت ، كەمپۈت ۋە بىر قۇتا بۆلجۈرگەن مۇراببىاسى بىلەن چاي بەردى . بىز بۆلجۈرگەن مۇراببىاسىنى كۆرۈپلا ئەنگلىيە مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچى بالىلاردەك خۇشال بولۇپ كەتتۇق . بۈگۈن بىز ئاران 13 ئىنگلىز مىلى يول مېڭىپ ، رۇسىيە تە-

رەپتىكى تورغات ئېغىزى باغرىدا قوندۇق .

7 ـ ئىيۇل ، سەيشەنبە

بۈگۈنكى سەپىرىمىز ئاساسەن چادىر قۇل كۆلى بويىدا بولدى .
ھاۋامۇ تۇتۇق . بىز سەھەر سائەت بەشتە ئورنىمىزدىن تۇردۇق . سوغۇق
شامال جاندىن ئۆتەتتى . ئەتىگەنلىك تاماق ۋاقتىدا مۆلدۈر ياغدى . كېـ
يىن ھاۋا ئېچىلدى . ئەمما شامال بار ئىدى . چادىر قۇل كۆلى تاغ ئېتە-
كىدىكى ئۇزۇن ، ئەمما تار بىر كۆل ئىدى . تىپتىنچ كۆرۈنەتتى ، مەۋ-
جۇداتلاردىن ئەسەر يوق . يېغىررەك تاغ چوققىسى ۋە قار قاپلىغان چوق-
قىلارنىڭ سايىسىدا كۆل سۈيى تولىمۇ كۆك كۆرۈنەتتى . ياپيېشىل
چۆپلۈكلەر كۆلنىڭ ئەتراپىغا يېيىلىپ يېشىل ياقۇتتەك جۇلالىنىپ
تۇراتتى . كۆكتە ئاپئاق بۇلۇتلار شامالدا ئۇيان ـ بۇيان سۈرۈلەتتى ۋە
ھەر خىل شەكىلگە كىرەتتى . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاجايىپ گۈزەل ئەمما
جانسىز بىر سۈرەتنى ھاسىل قىلغانىدى . بۇ جايدىكى جىمجىتلىق ، غې-
رىبلىقتىن ئىچىم سىقىلغاندەك بولدى . كىشىلەر بىزگە ، بۇ كۆلدە غايەت
زور ۋە غەلىتە ئەجدىھارلار بار ئىكەن ، ئۇ كۆل بويىدىن ئادەم ئۆتسىلا ،
ئېتىلىپ چىقىپ ھۇجۇم قىلىدىكەن ، دېگەن بىر رىۋايەت بارلىقىنى ئېي-
تىپ بەردى . ئەمما بىز ئۇنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمىدۇق .

بىز ئارام ئالىدىغان جايغا كەلگەندە ، بىر توپ ئاتلىق قىرغىز
ئالدىمىزغا كېلىپ بىزنى كۈتۈۋالدى ۋە ئالايىتەن بىزگە ئاتاپ تىككەن
كىگىز ئۆيلەرگە باشلىدى .

بۇ ئەتراپتىكى قىرغىزلار ناھايىتى باي بولسا كېرەك . كىگىز ئۆيـ
لىرى ناھايىتى يوغان ، قىممەتباھا تاۋار ـ دۇردۇنلار بىلەن بېزىلىپ ،
شامال كىرمەيدىغان قىلىنغان . كۆرپە ـ يوتقان ، ياستۇقلار ئۇست ـ
ئۇستىلەپ تىزىۋېتىلگەن ، ئۇستىگە بەكمۇ رەڭدار تاۋار يېپىلغانىدى .
ھالبۇكى ، بۇ باي ـ باياشاتلىقتا ئۇلار تۇرمۇشىنى پاكىز ، رەتلىك ئۆت-
كۈزۈشكە ئادەتلەنمىگەنىدى . بولۇپمۇ ياتىدىغان يەر مەينەت بولۇپ ،
تۇرلۇك قۇرت ـ قوڭغۇزلار مىڭىپ يۈرەتتى . باللار ئۇلاردىن قورقۇپ
كەتتى . بۇ پارازىت قۇرتلار بەك كىچىك ئىدى . يۇڭ كىيىملەر ئارىسىغا

كىرىۋالاتتى، ئۇ نەرسىلەرنى تۇتۇپ ياكى قوغلاپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كېيىملەرنى ئىسسىق سۇدا يۇيۇش بىلەنمۇ يوقاتقىلى بولمايتتى.

بىزنى كۈتۈۋالغان ساھىبخانا ئېگىز، قاۋۇل، سېمىز بىر بەگ ئىدى. ئۇ بىزنى رۇس شەكلىدە ياسالغان چەينەككە دەملەنگەن چاي، يېغلا پىشۇرۇلغان بولكا بىلەن مېھمان قىلدى. بىز يوغان ياستۇقلارغا يۆلىنىپ شىرداقلاردا ئولتۇرۇپ ( ئۇ چاغدا بۇ ياستۇقلارنىڭ ئىچىگە نېمىلەر يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلمەيتتۇق ) قىزىق چاي ئىچتۇق. بۇ چاي ئادەتتىكىدەك ئىس پۇرىمايتتى. بولكا يۇمشاق، يېڭى بولغاچقا چايغا چىلاپ ياكى تۆگۈرۈپ يېيىشمۇ ھاجەتسىز ئىدى. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسىمۇ ئانچە شالاڭ ئەمەس ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن بىز بەكمۇ راھەتلەندۇق ۋە ئىللىقلىق ھېس قىلدۇق. لېكىن بىزنى باشقا بىر ئازاب قىيندى. ھەممىمىز يۈز ۋە قوللىرىمىزغا قېلىن قىلىپ ماي ۋە كۆيدۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئالدىغان ئۇيا سۈرتكەن بولساقمۇ، يەنە كۆيۈپ كەتتۇق. شۇڭا يۈز قوللىرىمىزنى يۇساق ئېچىشىپ، كۆلسەك تارتىشىپ بىزنى بەك بىئارام قىلدى. بولۇپمۇ خلۇيا تولىمۇ كۈلكىلىك بولۇپ كەتتى. يەنى ئۇنىڭ كىچىككىنە ئوماق يۈزى ئىششىپ، كۆزلىرى ئېچىلمايلا قالدى. ئەمما ئۇنىڭ بۇنىڭغا پەرۋا قىلماسلىقى بىزنى ئاز تولا خۇشال ۋە مەمنۇن قىلدى. لېكىن ھە دېسە قورسىقىمىز ئېچىپ كەتتى، دەپ غەلۋە قىلاتتى. بۇ ئەتراپقا رۇس پاسونىدا سېلىنغان بىر ئىمارەت بولۇپ، ئۇ يەردە ئۈچ كازاك تاموژنا ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. بۇ جاينىڭ نامى قاراسۇ ئىدى. بۈگۈن بىز سەپەرگە چىققاندىن بۇيان ئەڭ كۆپ مېڭىپ 25 ئىنگلىز مىلى يۈردۇق. چۈنكى، بۇ يول ياخشى ئىدى.

8 ـ ئىيۇل، چارشەنبە

ئەتىگەندە ئويغانساق، بىزنى يازنىڭ مەيىن شامال، نۇرلۇق قۇياش جانغا ھۇزۇر بېغىشلىغان سەھىرى كۈتۈۋالدى. بىز سائەت يەتتىدە يولغا چىقتۇق. بۈگۈن تۈپتۈز، ئوت ـ چۆپلەر ئۆسكەن يولدا ماڭدۇق. ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدا ياۋا گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەنىدى. بىز خېلى

ئۇزۇن ۋاقىت ناھايىتى كەڭ، ئوت - چۆپلەر بەكمۇ بولۇق ئۆسكەن بىر ئوتلاق جىرادا ماڭدۇق. ئوتلاق ئىككى تەرىپىمىزدە يەلپۈنۈپ، ئۇزاقلارغا سوزۇلۇپ ياتاتتى. چوققىلار چوققىلارغا تۇتىشاتتى. بەزىدە ئاتلار ياۋا ساماساقنى دەسسەپ ماڭسا، گۆپپىدە ياۋا ساماساق ھىدى پۇرايتتى؛ بەزىدە خۇشبۇي گۈل ھىدى ئادەمنى مەسخۇش قىلاتتى. مەنزىرە شۇنچىلىك گۈزەل، ئەتراپ شۇنچىلىك تىمتاس ئىدىكى، ئادەم ئۆزىنى يازنىڭ يارقىن گۈزەللىكى پارلىغان دېڭىزدا تۇرغاندەك ھېس قىلاتتى. ئوتلاقتا توپ - توپ كالىلار ئوتلاۋاتاتتى. بىپايان يايلاقتا بۇ كالىلار يېشىل كىمخاپ ئۈستىگە چېكىلگەن قارا رەڭلىك مەرۋايىتتەك كۆرۈنەتتى. ئەتراپىتىكى غايەت ئېگىز تاغ چوققىلارغا سېلىشتۇرغاندا، بۇ كالىلار توپى كىچىككىنە بىر چېكىت ئىدى. كائىناتنىڭ بۇنداق بىپايان، ھەيۋەت قوينىدا ئادەم ئۆزىنى بەكمۇ كىچىك سېزەتتى ۋە چەكسىز پايانسىز كۆركەملىككە ئىختىيارسىز ئېھتىرام بىلدۈرەتتى. قىرغىزلارنىڭ يازلىق قونالغۇسى بىر كىچىك جىلغىدا بولۇپ، يىراقتىن كىگىز ئۆيلەر تاغ باغرىدا ئۈنۈپ چىققان سانسىز يوغان موگۇدەك كۆرۈنەتتى.

نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى بۇ يەردىكى قىرغىزلار بۇ يولدا شور پېشانە ساياھەتچىلەر ۋە سودا كارۋانلىرىنى بۇلاپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇلاڭچى، دېگەن سېسىق نامى پۇر كەتكەنىدى. ھازىر بولسا ئۇلار مال - چارۋا بېقىپ تىنچ ياشايتتى. بۇ قىرغىزلار ناھايىتى مەرد، مېھماندوست، قىزغىن ئىكەن. بىز بۈگۈن 15 ئىنگلىز مىلى يول يۈرۈپ ئاق بايىرغا كەلدۇق.

9 - ئىيۇل، پەيشەنبە

بۈگۈن تېپتىنچ تاغ باغرى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىدۇق. يول ئۇزۇن، ھاۋا ئىسسىق ئىدى. بىر جايغا يېرىشىمىز بىلەن تەڭ توپ - توپ ئاشقازان بۆگىلىكى ئاتلارغا ھۇجۇم قىلىپ، يول بويى ئاتلارنى ۋە بىزنى يەتكىنچە قىينىدى. ئات ھېلى بېشى، ھېلى بۇرنى، پۇتى ۋە قويرۇقىغا ھۇجۇم قىلغان ئاشقازان بۆگىلىكى بىلەن ئېلىشىپ، تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىپ ماڭدى. مەن بولسام ئاتتىن يىقىلىپ چۈشەرمەنمىكىن دەپ تەش-

ۋىشلەندىم.

بىز ئۆچۈن تەييارلانغان كىگىز ئۆيلەرگە چۈشۈپ، ئادەتتىكى جاھازلاردىن بۆلەك بىر شىرە، بىر قانچە ئورۇندۇق ۋە بىر ياغاچ كا. رىۋاتنى كۆرۈپ ھەۋەتلا خۇشال بولدۇق. ئادەتتە قىرغىزلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرىدە بۇنداق نەرسىلەر بولمايتتى. ئاز - تولا چۈشكۈنلىشىۋاتقان بىزدەك ياۋروپالىقلارغا يەردە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشكە قارىغاندا ئورۇن. دۇقلاردا ئولتۇرۇپ شىرەدە تاماق يېيىش ئاجايىپ ھوزۇر ئىدى. يەردە ئولتۇرۇپ تاماق يېگەندە، بەزىدە داستىخان ئوتتۇرىسىغا قول سۇنسا چەتتىكى چىنە - تەخسىلەرگە ئۇرۇلىدىغان، سۈركىلىدىغان ھەتتا ئۇلارنى چېقىپ قويىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇراتتى. ئۇن كۈندىن بېرى بىز شۇ تەرزدە تاماق يەپ كەلگەنىدۇق.

بۈگۈن 22 ئىنگلىز مىلى يول مېڭىپ قارا قۇلاقتا قوندۇق.

10 - ئىيۇل، جۈمە

بىز بۈگۈن ئاتباشىغا يېتىپ كېلىپ، ئاتلىق سەپىرىمىزنى ئا. ياغلاشتۇردۇق. بۈگۈن بەكمۇ زېرىكىشلىك، قاقاس تۈزلەڭلىكتە ماڭ. دۇق. ئىسسىقمۇ تازا بولدى. يول بويى ئاتباشىغا قاچان بارارمىز، دەپ تاقىتىم تاق بولدى. ماڭا - ماڭا، ئاخىر ئاتباشى دەرياسى بويىغا كەل. دۇق. دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى كەنت ئېنىق كۆرۈنەتتى. تەگرىم! دەريادا سۇ ئۇلۇغ بولۇپ، ئۇركەش ياساپ دولقۇنلاپ ئېقىۋاتاتتى. ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلەتتى.

ئۇ قاتتىكى كەنت باشلىقى، بىر قانچە ئادەمنى ئېلىپ بىزنى قارشى ئالغىلى كەلدى ۋە دەريادىن ئۆتۈشىمىزگە ياردەملەشتى. يەرلىك ئۆرپ - ئادەت بويىچە ئۇ بىزگە كۆمۈش (سۈت شارابى) تەكەلگەنىدى. ئېرىم ئۇ تۇتقان سۈت شارابىنى بىر كۆتۈرۈشتىلا ئىچىۋەتتى. ئاندىن بىز دەريادىن ئۆتۈشكە باشلىدۇق. باشتا تېيىزراق جاينى تاپالماي، كۆپچە. لىكنىڭ ئاتقا مىنىپ ئۈزى بىلگەن جايدىن ئۆتمەكچى بولدى. لېكىن ئازراقلا ماڭغاندا ئات چۆكۈپ كەتكەنىدى. دەرھال قىرغاققا قايتىپ چىقتى. كىشىلەر ئۇيان - بۇيان چېپىشىپ، ئاخىر دەريانىڭ تېيىزراق

بىر جايىنى تاپتى. بىز 40 تەك ئادەم ئىدۇق. مەن ۋە بالا باققۇچىنى ئىككىدىن ئادەم ئېلىپ ماڭدى، يەنە بىر ئادەم يەنە بىر تەرىپىمىزدە تۇرۇپ ئاتنى يېتىلىدى. سۇ ئاتنى ئېقىتىپ كېتەي دېسىلا، ئىككى ئاتلىق ئىككى بېلىكىمىزدىن چىڭ قىسىپ تۇتتۇۋالدى. ئاتلىقلارغا مەدەت بېرىپ ماڭدى. مىڭ بىر مۇشەققەتتە قىرغاققا چىقتۇق. ئىككى بالىمىز دەريادىن ئۆتكۈچە ناھايىتى باتۇرلۇق كۆرسەتتى، يەنى ئۇلار ئاتلارنىڭ سۇ بىلەن كۈچ ئېلىشىپ كىشنەشلىرىدىنمۇ، كىشىلەرنىڭ چۇقان سۈرەنلىرىدىنمۇ قورقمىدى. لېكىن، بۇ سۇدىن ئۆتكۈچە ھەقىقەتەن قورقۇپ جېنىمىز ئاران قالدى. ھەر بىر ئادەم سۇدىن ئامان - ئېسەن ئۆتكەندە، بىز خۇداغا شۈكۈرلەر ئېيتتۇق ۋە بىزنى سۇدىن ئۆتكۈزگەنلەردىن تولىمۇ مىننەتدار بولدۇق. قارشى قىرغاقتا كىشىلەر توپ - توپ بولۇپ دەريا ياقىلاپ يۈگۈرۈپ، بىزنىڭ قانداق ئۆتۈشىمىزنى تاماشا قىلدى. سۇدىن ئۆتكۈچە كاللامدا بۇنىياننىڭ ①خرىستىئان مۇرتلىرى كەلكۈن سۇدىن ئۆتۈپ قارشى قىرغاققا چىققاندا، كىشىلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولغانلىقى ھەققىدىكى ئاجايىپ قالتىس تەسۋىرى پەيدا بولدى. دەريانىڭ بۇ قېتىمغا ئۆتسەك، كەنت كوچىسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا نۇرغۇن ئادەم بىزگە قىزىقىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. ئىككى كىچىك بالىنى كۆرۈپ ئۇلار چۆچۈپ كېتىشتى ۋە ھەيران بولۇشتى. مەن بىزنىڭ كېلىشىمىز تۈپەيلى پەيدا بولغان بۇ چۇقان - سۈرەنگە ئىچىمدە كۈلۈپ كېتىۋاتاتتىم، ئۇشتۇمتۇت ئەيسا ماڭا قاراپ:

— دەرھال بايۋەچچىنى ئېلىۋېلىڭ! يىقىلىپ كېتىدىغاندەك تۇرىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى. ئېرىم دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چاپتى — شۇ چاغدا ئەيسا ئارايك بىلەن بىر ئاتقا مىنگەندى - دە، بېرىپ ئەيسا ئاتتىن يىقىلىۋاتقان پەيتتە ئارايكنى تۇتۇۋالدى. مەن قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم، ئەگەر دەريادىن ئۆتۈۋاتقاندا، ئەيسانىڭ بېشى قېيىپ كەتكەن بولسا، قانداق قورقۇنچلۇق ئىش يۈز بېرەر ئىدى - ھە،

① جون بۇنيان (1628 — 1688) — ئەنگلىيىلىك مەشھۇر يازغۇچى، مەشھۇر دىنىي ساتىرىك رومان «ساما يولى سەپىرى» نىڭ ئاپتورى.

دەپ ئويلىدىم. كىشىلەر ئەيسانى دەرەخنىڭ سايىسىغا ئاپىرىپ ياتقۇزدى. ئۇ ئاستا - ئاستا ھوشىغا كەلدى. مېنىڭچە ئۇ دوپپا بىلەنلا كۈن بويى ئاتتا ماڭغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئىسسىق ئۆتۈپ قالغان ۋە ھوشىدىن كېتىپ ئاتتىن يىقىلغانىدى.

كەنت باشلىقىنىڭ قېيناتىسى بىزنى دەريادىن ئۆتكۈزدى. بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرىلا ئۇ بىزگە قورۇسىدىن ئىككى ئېغىز ئۆي تەييارلاپ قويغانىكەن. ئۇ تاتار، يەنى قازاندىن كەلگەن رۇسىيىلىك مۇسۇلمان ئىدى. ئۆيلىرى پۈتۈنلەي ياۋروپا ئۇسلۇبىدا بولۇپ، پىژقىرىم ئاپتاپتا ئىسسىپ ۋە ھېرىپ ئۇنىڭ سالقىن ئۆيىگە كىرگىنىمىزدە شۇنچىلىك راھەتلەندۇقكى، ئۆز ئۆيىمىزگە كەلگەندەك بولدۇق. مېنىڭ خىيالىمغا ئەنگلىيىدىكى ئىللىق، جانغا ھۇزۇر بېغىشلايدىغان يېزا داچىلىرى كەلدى.

چاي ئىچىۋاتقىنىمىزدا، بىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي، بىزدە ھەقىقەتەن ئۆيىمىزگە قايتىپ كەلگەندەك بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى. بىز پۈتۈنلەي يات ئادەملەر بولساقمۇ، كۆرگەنلەر بىزنى دوستانىلىق بىلەن ئىنتايىن سەممىي، قىزغىن قارشى ئالدى. كېيىن كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلدى بولغاي، جىمى يەر جىمجىتلىققا چۆمدى. بىرنەچچە تاتار ئايال مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى. تاتارلار ئاياللارنى بەك قاتتىق تۇتىدىكەن، يات كىشىلەر بىلەن كۆرۈشتۈرمەيدىكەن. بولۇپمۇ ياش، ھۆسن - جامالى گۈزەللەرنى يات ئەر كىشىلەرنىڭ كۆرۈشىگە يول قويمايدىكەن. مەن بىر توپ ياش، چىرايلىق، خۇش چاقچاق قىزلار بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرسام، ئېرىم پەيدا بولۇپ قېلىۋېدى، ئۇلار ئۈركىگەن قۇشلاردەك ھەش - پەش دېگۈچىلا چىقىپ كېتىشتى. ئايال ساھىبخانا ئوتتۇرا ياشلىق، سەتقىنا ئايال ئىدى. ئۇ قورۇنماي ئەركىن كىرىپ چىقاتتى. ئۇ ئېرىم بىلەن رۇسچە بىردەم سۆزلەشتى. ئۇ خېلى جېنى بار ۋە ئۆزىگە ئىشىنىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

ئەر - ئايال ساھىبخانىلار بەك ئاق كۆڭۈل، سەممىي ئىدى. چىرايىدىن بىزنى كۆڭلىدىكىدەك كۈتەلمەيۋاتقاندەك بىر ئىپادە ئەكس

ئېيتەتتى؛ ئۇلار داستىخانغا بارلىق ياخشى يېمەكلىكلەرنى تۆكۈۋەتتى. چۈشتىن ئايرىلغان چاغدا، بوۋاي بىزگە پاتنۇس قويۇپ بەردى.

بىز چىنباغدىكى ئۆيىمىزدىن ئايرىلغاندىن بۇيان، ئۇزۇن يول يۈرۈپ، يول ئازابىنى يەتكۈچە تارتقانىدۇق. بۈگۈن بىر ئىللىق ئائىلىدە ئاغزىمىزغا تېتىغۇدەك تاماق يېدۇق، يۇمشاق تۆشەكلەر سېلىنغان، ما-مۇق ياستۇقلار قويۇلغان، پاكىز كىرلىك سېلىنغان كارىۋاتلاردا ياتتۇق. بۇ قانچىلىك راھەت دېسىڭىزچۇ!

بۈگۈن 5 .21 ئىنگلىز مىلى يول باستۇق. تورغاتتىن باشلانغان ئېگىز ـ پەس يولدا ھارۋا ماڭالمايتتى. بۇ يول ئاتباشىغا كېلىپ، ياسا-لغۇاتقان ھارۋا يولىغا تۇتاشقانىدى.

11 ـ ئىيۇل، شەنبە

راھەت، يۇمشاق كارىۋاتتا ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلىدۇق. ئورنىمىزدىن تۇرغاندا، خوجايىن بىزگە چوڭ بىر پەيتۇننى قېتىپ تەييارلاپ قويغانە-كەن. ناشتىدىن كېيىن، بىز بۇ يەردىكى ئاق كۆڭۈل دوستلار بىلەن خوشلاشتۇقتە، قاۋۇل ئۈچ ئات قوشۇلغان پەيتۇندا يولغا چىقتۇق. ئاتقا مىنگەنلەر ئارقىمىزدىن ماڭدى. بىز ئېدىرلىق ئىچىدە تۆت يېرىم سائەت مېڭىپ 20 ئىنگلىز مىلى يول باستۇق. يول بويى پەيتۇن ئادەمنى قورقۇ-تۇپ ناھايىتى تېز ماڭدى. تار ھەم ئوي ـ دۆڭ بىر تاغ يولىدىن ئۆت-تۇق، يەنە بىر يەردە تاش جاردىن ئۆتتۇق. ئۇنىڭ ئاستى تۇۋسىز بىر ھاڭ ئىدى. ئېغىر پەيتۇننىڭ بۇنداق يوللاردا مېڭىشى ئادەمنى قورقۇ-تۇپ، جېنىنى ئېلىپ يېنىدا قوياتتى. چۈنكى تىك قىيا يوللاردىن چۈشكۈچە ئەگەر ئات قورقۇپ ماڭالمىسا، ياكى پەيتۇن سەللا قىڭغىر بولۇپ كەتسە قىيا ئەتراپىدا بىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالايدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق ئىدى. كېيىن پەيتۇن چوڭقۇر بىر جىراغا كىردى. يول ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. پەيتۇن چاقىدا تورمۇز بولسىمۇ، پەيتۇنچى ئاتنى پەقەت باشقۇرالمىدى. ئاخىر نېمە ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشىنىمۇ ئويلىماي، ئاتنى ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئاتلار بەكمۇ قابىل، زېرەك بولۇپ، بۇنداق ئەھۋاللاردا قانداق قىلىش كېرەك-

لىكنى ئوبدان بىلىدىكەن. شۇڭا ئات چېپىپ پەسكە چۈشۈشكە باشلى-
غاندىلا يۈرىكىمىز ئاغزىمىزغا تىقىلغان بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي بۇنداق
خەتەرلىك يولدا مۇشۇنداق پەيتۇندا ئولتۇرغانلىقىمىزدىن خۇشاللاندۇق.
پەيتۇن ئۇچقاندەك چاپتى، بىزمۇ ھەيۋەت ۋە گۈزەل مەنزىرىلەردىن
قانغۇچە بەھرى ئالدۇق.

چۈشتىن كېيىن نارىنغا يېتىپ كەلدۇق. بىز ئۈچۈن ئوبدان ئۆي
ۋە ئېسىل تاماقلار تەييار قىلىنغانىدى. نارىن رايونىنىڭ ئەمەلدارلىرى
بىزدىن ھال - ئەھۋال سوراپ كەلدى. رۇسىيىلىكلەر بەكمۇ مېھمان-
دوست، ئىنتايىن دوستانە ئىكەن. بىز رۇسىيە چېگرىسىغا كىرىشىمىز
بىلەنلا، ئۇلار بىز ئۈچۈن بارلىق ئىشلارنى ناھايىتى ئوبدان، كۆڭۈلدى-
كىدەك ئورۇنلاشتۇردى. شۇڭا 30 ئىنگلىز مىلى يولنى باسقىنىمىزنىمۇ
تۇيماي قاپتۇق.

12 - ئىيۇل، يەكشەنبە

شۇنچە كۈنلەر يول يۈرۈپ، ئاخىر بۈگۈن بىر كۈن ئارام ئال-
دۇق. چۈشتىن كېيىن، بىر پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ نارىننى ئايلىنىپ، ناھا-
يىتى كۆڭۈللۈك تاماشا قىلدۇق. نارىننىڭ ئاجايىپ چوڭلۇقى بىزنى سەل
ھەيران قالدۇردى. شەھەرنىڭ بەزى ئىمارەتلىرى ناھايىتى نەپىس،
چىرايلىق سېلىنغان بولۇپ، پاسونى رۇسچە ئىدى. بازارلىرىدا دۇكان
ئاچقان رۇسلارمۇ بار ئىدى. ئاھالىسى ھەر قايسى مىللەتتىن تەركىپ
تاپقانىدى. ئاجايىپ غەيرىي كۆرۈنەتتى، ئۇلارنىڭ كىيىملىرىمۇ بىر-
بىرىگە ئوخشىمايتتى. بەكمۇ ئۆزگىچە ئىدى. چىرايلىق فورما كىيگەن
رۇسلار مودا كىيىملەرنى كىيگەن سەتەڭ، گۈزەل خېنىملار بىلەن مۇ-
رىدىشىپ مېڭىپ سەيلە قىلىپ يۈرەتتى؛ تاتارلار يارىشىملىق قارا پەلتو
ۋە قارا قوزا تېرىسىدىن تىكىلگەن قۇلاقچا كىيىشىدىكەن؛ يەرلىك
كىشىلەر بولسا، رەڭلىك يول - يول رەختتە چاپان كىيگە-
نىدى. تۇڭگانلار[1] بىلەن قىرغىزلار كىيگەن يوغان تېرە تۇماقلار

---

① تۇڭگانلار — بۇ يەردە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا رۇسىيە زېمىنىدىكى ئوتتۇرا
ئاسىياغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان تۇڭگانلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئالەمدە كۆزگە چۈشەتتى.

بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزدىكى ئۆيدە بىر جۈپ رۇس ياش ئەر - ئايال ئولتۇرىدىكەن. بىز ئۇلارنى يوقلىدۇق. ئۇلار ئىنتايىن مېھماندوست ئىكەن. بىزگە سۈت ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى ئەكىلىپ بەردى. ئۇلارنىڭ ئون ئايلىق بولغان بىرقىزى بار ئىكەن. قىزچاق بەك ئوماق، تاتلىق ئىكەن ۋە قونچاققىلا ئوخشايدىكەن.

13 - ئىيۇل، دۈشەنبە

بىز كېيىنكى سەپىرىمىزگە لازىملىق نەرسە - كېرەكلەرنى سېتىۋېلىش ئۈمىدىدە، چۈشتىن كېيىن بازارغا چىقتۇق. ئەپسۇسكى ھېچنېمە ئالالماي تولىمۇ مەيۈسلەندۇق. ئەمما ئازراق ئۈمىدىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئۇلار بىزگە، بۇ كارۋان سارىيىدىكى يەنە بىر ھارۋا ياۋروپاغا توشۇلىدىغان يوچتا بۇيۇملىرىنى ئەكەتكەن، شۇڭا سىلەرگە بىرلا پەيتۇن بېرىلدى، ئەتىگىچە كۆتسەڭلار يەنە بىر پەيتۇنمۇ تېپىلىدۇ، دېدى.

14 - ئىيۇل، سەيشەنبە

بۈگۈن سەھەردە، يەنى سائەت بەشتە چاقلارنىڭ تاراقلىشى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى بىلەن تەڭ ئىككى پەيتۇن كېلىپ بىز چۈشكەن ئۆينىڭ ئالدىدا توختىدى. بىز يۈك - تاق ۋە لازىمەتلىكلەرنى تېزلا پەيتۇنغا سالدۇق ۋە ئۆزىمىزمۇ چىقىۋالدۇق. نارىندا قەشقەرگە قايتىپ كېتىدىغان ئەيسا بىلەن خوشلاشتۇق. بىز بۇ مۇشەققەتلىك يولنى بىرگە باسقانىدۇق. ئەمدى ئايرىلىۋاتقان چاغدا، ئۇنىڭمۇ، بىزنىڭمۇ كۆڭلىمىز يېرىم بولدى. بىز جوننى ئېلىپ ئارىس پويىز ئىستانسىسىغىچە بارماقچى بولدۇق.

بىز يولغا چىقتۇق. پەيتۇننىڭ چوڭ كوچىدا قاتتىق تاراقلاپ مېڭىشى پۈتۈن نارىن شەھىرى خەلقىنى شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋەتتى! بىز ئولتۇرغان پەيتۇنغا خېلى ئۇزۇندا ئاران كۆنەلىدۇق. باشتا ئۇ بىزنى بەك تاسقاپ جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى.

پەيتۇن نارىن شەھىرىدىن چىقىپلا تاغ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. يىلانباغرى، ئېگىز - پەس تاغ يولىدا سىلكىنىپ، چايقىلىپ ئۈچ سائەت

مېڭىپ ئون ئارچىدىكى سارايغا كېلىپ چۈشتۇق. ئازراق ئارام ئېلىپ، چاي ـ پاي ئىچتۇق. بىز بۇ سارايغا ئاز قالغاندا پەيتۇن چاقىنىڭ تۆمۈر چەمبىرىكى چۈشۈپ كەتتى. ئارقىدىنلا چاقنىڭ ئازراق يېرى سۇنۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەيتۇندا ئولتۇرغان بالا باققۇچى بىلەن ئارايىك بىزنىڭ پەيتۇنغا چىقىۋالدى. ئۇ پەيتۇن بولسا بىچارە، توكۇر ئادەمدەك ئاران مېڭىپ سارايغا كېلىۋالدى. ھېلىمۇ ياخشى چاق پۈتۈنلەي سۇنۇپ ۋەيران بولمىدى.

ئىككىنچى ياسقۇچلۇق سەپىرىمىزدە ياسىدىغان رايونلار بەك مەن-زىرىلىك ئىدى. پەيتۇن بۇككىدە ئورمانلىق ئىچىدە ئويدان ياسالغان يولدا بىمالال چاپتى. ئورمانلىق يىراقتىكى تاغ باغرىغا تۇتاشقانىدى. يەر يۈزى ياپيېشىل ئوت ـ چۆپلەر ۋە رەڭمۇرەڭ ياۋا گۈللەر بىلەن تولۇپ، بەئەينى ناھايىتى نەپىس توقۇلغان سۆسۈن رەڭلىك گىلەم سېلىنغاندەك گۈزەل تۈسكە كىرگەنىدى. يېنىمىزدىكى جىرادا ئېگىز تاغدىن چۈشكەن بىر ئېقىن ھاسىل قىلغان دەريا بولۇپ، تېز چۈشكەن سۇ غايەت يوغان تاشقا ئۇرۇلۇپ ئۆركەش ياساپ ئېقىپ، بۇ گۈزەل تاغ مەنزىرىسىگە تېخ-خىمۇ يارقىن، ھەيۋەت تۈس بېرىپ، ئۇنىڭ كۆركەملىكىنى ئاشۇرغا-نىدى.

بىز سائەت ئىككى بولغاندا، قارا ئۆڭكۆرگە كەلدۇق. مەن، ئەمدى بىر كۈنلۈك سەپىرىمىز ئاياغلاشتى، بۇنداق مەنزىرىلىك، ھاۋاسى ساپ جايدا توختاپ بۇلاردىن قانغۇچە ھۇزۇرلىنارمىز، دەپ ئويلىدىم. بۇ سارايىنى بىر كۆچمەن رۇس بالا ـ چاقىلىرى بىلەن باشقۇراتتى. ساراي قارىغايزارلىق يېنىغا جايلاشقان ئاددىيلا ئىمارەت ئىدى. بۇ يەردە ھەممىلا نەرسە ئاددىي بولغان بىلەن ھېسسىياتقا باي ۋە قىزىقارلىق ئىدى.

بىز ساراي ئالدىدىكى تاغقا چىقتۇق. تاغدا قارىغايلار ئاسمانغا تىككىدە بوي تارتقان، ئارىلىرىدا ياۋا گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەنىدى. بۇ يەردىكى خېلى كۆپ رەڭگارەڭ گۈللەر بىزگە ئىرېلاندىيىدىكى ھەرخىل گۈللەر بىلەن تولغان چىمەنزارنى ئەسلەتتى. «مېنى ئۇنتۇماڭ» دېگەن گۈل مەن كۆرگەن بۇ خىلدىكى گۈللەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئېچىلىدىغىنى

ئىدى. بىر ئىنگلىزچىسى ئېگىزلىكتىكى پىلىكئوتتىناڭ گۈلى ئاجايىپ يوغان بولۇپ، زېمىنغا يېشىل مەخمەل سېلىنغاندەك كۆرۈنەتتى.

بىز ياۋا گۈللەردىن يوغان گۈلدەستە ياساپ كەينىمىزگە يانايلى، دەپ تۇرساق، توساتتىن يەرلىك دېھقاننىڭ قىزى يۈگۈرۈپ كېلىپ، بىزنى ئانىسىنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ قويۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ بىزگە ئانىسىنىڭ تۇيۇقسىز قاتتىق ئاغرىپ قالغانلىقىنى، ئۆيدىكىلەرنىڭ ئۇنى ساقىيالماسلىقىن، دەۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا دوختۇر ئەمەسلىكىمنى ئېيتتىم. ئەمما، ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلمەيتتىم. شۇڭا رۇسچىنى بىلىدىغان چاكىرىمىز جوننى تەرجىمانلىق قىلدۇردۇم. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەگەر ئۇنىڭغا دورا بەرسەم، دورامنى يېگەندىن كېيىن ئۇ ئۆلۈپ-تارتىپ قالسا، بۇ كىشىلەر ماڭا ئايالنى ئۆلتۈرۈۋەتتى دەپ ئېيىبلىۋالارمىكىن دەپمۇ قورقتۇم. ۋەھالەنكى بۇ قىزنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا قۇلاق يۇمۇپ تۇرۇشنىمۇ ۋىجدانىم كۆتۈرمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاددىي دورىلار ۋە سۈرىدىغان بىرخىل دورا سۇيۇقلۇقىنى ئېلىپ ئۇ ئاغرىق ئايالنى كۆرۈشكە باردىم. بىچارە ئايالنىڭ هالى ھەقىقەتەن ئېغىر ئىدى. ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي تولغىناتتى. ئۇنى يۈرەك كېسىلى بولۇپ قالدىمىكىن، دەپ ئويلىدىم. ئايال ئاشخانىدىكى كارىۋاتتا ياتاتتى. دېرىزىلەر مەھكەم ئېتىۋېتىلگەنىدى. ئوچاقتا ئۇلۇغ ئوت كۆيۈۋاتاتتى. قازاندا نېمىدۇر قايناۋاتاتتى. دۇخوپكىدا بولكا پىشۇرۇلۇۋاتاتتى. ئۆيدە جىمى ئادەم ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇرۇپ بەزىلىرى ئۈن سېلىپ، بەزىلىرى ئۈنسىز يىغلىشىۋاتاتتى. ئۆينىڭ ھاۋاسى يامان بولۇپ، نەپەس بوغۇلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسسىققا چىدىغىلى بولمايتتى. مەن دەرھال ئايالنى ھاۋاسى ياخشىراق يەنە بىر ئۆيگە ئاچىقتۇردۇم-دە، باشقىلارنى چىقىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ يېنىدا ئېرىم بىلەن ئۆزۈملا قالدىم. ئازراق دورا ئىچكۈزسەم ئۈنۈمى بولمىدى. بىرقانچە قېتىم، ئۇ قولۇمدا جان ئۈزىدىغاندەكلا ئويلاپ كەتتىم. ئۇنىڭ بەدىنىگە ئايرىمان ماركىلىق سۇيۇق دورىنى سۈرتكەنىدىم، بىردەمدىن كېيىن چىرايى سەل ئوڭشىلىپ، نەپەس ئېلىشى نورماللاشتى. ئاندىن ئارام ئېلىپ ئۇخلىدى. مەن ئۇنىڭغا قاراشقا قىزنى قېشىدا

قويۇپ ، ئاشخانىغا قايتىپ چىقتىم . ئۆيدىكىلەر بىر بۆلۈگىدىكى ئەيسا سۈرىتى ئالدىدا تۇرۇپ ، ئۆكسۈپ يىغلىغان هالدا ، ئەيسانىڭ سۈرىتىگە تەزىم قىلىپ ، مەيدىسىگە كرېست سىزىۋاتاتتى . ئۇلارغا ياخشى خەۋەر يەتكۈزگىنىم ئۈچۈن خۇداغا شۈكۈرلەر ئېيتتىم . بۇ يەردىكىلەر كېيىل كۈتۈشنى پەقەتمۇ بىلمەيدىكەن . ئۇلارنىڭ دۇنيادىن ئايرىلغان هالدا مۇشۇنداق چەت ـ ياقا جايدا قانداق ياشايدىغانلىقىغا هېچ ئەقلىم يەتمىدى . بۇ ئۆيدە 12 ياشلاردىكى بار بىر ئوغۇل بالا پار بولۇپ ، بىر پۇتى تېگىلغان هالدا ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدىكەن . بۇ بالىغا نېمە بولغانلىقىنى سورىۋېدىم ، ئۇلار ماڭا ، بىرنەچچە هەپتىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ تاغدىن يىقىلىپ چۈشۈپ بىر پۇتى سۇنۇپ كەتكەنلىكىنى ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇنى نارىنغا ئاپىرىپ تاگدۇرۇشقا چولىسى تەگمىگەنلىكىنى ئېيتتى .

15 ـ ئىيۇل ، چارشەنبە

بۈگۈن تاڭ ئېتىشىغىلا ، خىيالىمىزغا تۇنۇگۈنكى كېسەل ئايال كەلدى . ئايال يەنىلا زەئىپ بولسىمۇ ، خېلى ياخشى بولۇپ قالغانىدى . بۇنىڭدىن خۇشال بولدۇق . بىز قىزغا ئانىسىنى قانداق كۈتۈش ، دىم ئالغۇزۇش ، يېمەك ـ ئىچمەكتە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى تاپىلىغاندىن كېيىن ، يولغا چىقىپ كەتتۇق .

يولغا چىقىپلا دولان تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈشكە باشلىدۇق . بۇ يول ناهايىتى يامان بولۇپ ، تاغ ئېگىز ، يانتۇلۇقى تىك ئىدى . يول بارغانسېرى تارىيىپ باراتتى .بىز بىر تاغ جىلغىسىغا كەلدۇق . جىلغىدا سۈيى شىددەت بىلەن ئاقىدىغان بىر دەريا بار ئىدى . تار ئېغىزدىكى يول ئوبدان بولغانلىقى ئۈچۈن ،هېچقانچە جاپا تارتماي ئۆتۈۋالدۇق . ئەمما بۇ يەر دېڭىز يۈزىدىن بەكلا ئېگىز ئىكەن ، بىزنى خېلىلا پاراكەندە قىلدى . بىچارە ئاتلارمۇ نەپەس قىسىلىپ ،هاسىراپ ـ هۆمىدەپ ئاران ماڭدى . چوققىغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن ، پەيتۇن بىزنى قورقۇتۇپ خۇددى پويىزدەك تېزلىك بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈشكە باشلىدى . بۇ ئەھۋالغا بىز خېلى تەسلىكتە ئاران كۆندۇق ۋە تېخى بۇنىڭدىن كۆڭلىمىز ئېچىلىپ قالدى . بولۇپمۇ باللار تاغقا چىقىش ، تاغدىن چۈشۈشلەردىكى قىزىقار-

لىق ھەرىكەتكە ئامراق بولۇپ قالدى . پەيتۇنچىلار ناھايىتى زېرەك ۋە قا-
بىل ئىدى ، ئاتلارمۇ ياخشى ئىدى . بىز ئات ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن
سارايغا چۈشكەندە ، بالىلار خۇددى قەپەستىن چىققان يىرتقۇچ ھايۋان
بالىلىرىدەك ئەركىن تاقلاپ يايراپ كەتتى .

بۈگۈن ئىككىنچى بېكەتتە ئالماشتۇرىدىغان ئات تاپالمىغاچقا ،
ئاران ئىككى بېكەتلا ماڭالىدۇق . بۇ يەردىكى ئادەملەر بەك بەغەرەز ،
كۆزى كىچىك ئىكەن . بىز ھەتتا چىشىمۇ ئۆتمەيدىغان قېرى مېكىيانلىك
باھاسىنى تالىشىپ ئۇلار بىلەن سوقۇشۇپ كەتتۇق . چۈنكى ئۇلار بۇ
توخۇغا ئادەتتىكىدىن بىر ھەسسە يۇقىرى باھا قويۇپ تۇرۇۋالدى .

16 ــ ئىيۇل ، پەيشەنبە

بىز بۈگۈن بالدۇرراق يولغا چىقايلى ، دەپ ئەتىگەن سائەت ئال-
تىدىلا يۈرۈپ كەتتۇق . لېكىن ئالدىرىغان يولدا قالار دېگەندەك ، يېرىم
سائەت ماڭا ـ ماڭمايلا بىر پەيتۇننىڭ چاقى بۇزۇلدى . شۇنىڭ بىلەن بىز
شۇ يەردە ساقلاپ تۇردۇق . بىر پەيتۇنچى پەيتۇننى چىقىرىۋېتىپ ئاتقا
مىندى ـ دە ، كەينىگە يېنىپ چاق ئەكەلدى . شۇنداق قىلىپ قىممەتلىك
بىر سائەت ۋاقتىمىز شۇ تەرزدە ئۆتۈپ كەتتى . يولدا بىر سارايدا توختاپ
ئازراق دەم ئېلىۋالدۇق . سائەت ئىككىدە ئىسسىق كۆلنىڭ بويىدىكى
كۆلتېي مالدىنغا يېتىپ كېلىشىمىزگە چېلەكلەپ قۇيغاندەك قاتتىق يامغۇر
يېغىپ كەتتى . بىز قەشقەردىن چىققاندىن بۇيان بىر تامچە يامغۇر كۆر-
مىگەنىدۇق . ئەمدى ھەتتا مۆلدۈرنىمۇ كۆردۇق . ھاۋا كەچقۇرۇن سا-
قىن ، كۈندۈزى مۆتىدىل ، تازىمۇ راھەت بولۇپ قالدى .

بىز پوچتىخانىدىن بىر بوش ئۆي تېپىپ ئورۇنلاشتۇق . ئەمما ،
كەچلىكى ياتايلى دەپ تۇرساق ، بىر رۇسىيە ئوفىتسېرى خوتۇنى ،
ئىككى قىزى ۋە بىر بالا باققۇچىسى بىلەن بىللە كىرىپ قالدى . شۇلار
بىلەن تەڭلا دېگۈدەك ئىككى پولشالىقمۇ كەلدى . ئىككى ئېغىز ئۆيدە
بۇنچىۋالا ئادەم قانداقمۇ ياتارمىز ، دەپ غەم يەپ تۇرساق ، ئىككى پولشا-
لىق ئات يەڭگۈشلەپ مېڭىپ كەتتى . رۇسىيە ئوفىتسېرىمۇ باشقا جاي
تېپىپ ئورۇنلاشتى . شۇنىڭ بىلەن بىز ئەمدى ئارامخۇدا ياتىدىغان بول-

دۇق، دەپ خاتىرجەم بولدۇق.

ئەتىسى ئەتىگەندە، بىزگە رۇسىيە ئوفىتسېرى بىلەن بەيگىگە
چۈشكەندەك بەسلىشىشكە توغرا كېلەتتى. چۈنكى كىم ئەتىگەنرەك يولغا
چىقالىسا، شۇ كېيىنكى بېكەتلەردە ئات ئالماشتۇرۇپ بىمالال ماڭالايتتى.

17 - ئىيۇل، جۈمە

بىز ئەتىسى سەھەردە ھاپىلا - شاپىلا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، تامـ
قىمىزنى ئالدىراشلا يېدۇق. بىز تۇرغان ئۆينىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆيگە
چۈشكەن رىقابەتچىلىرىمىزمۇ ئالدىراش - تېنەش ناشتا قىلىپ، نەرسە -
كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى. بەختكە قارشى، بىزنىڭ ئىشىمىز پۈتـ
مەي كەتتى. جىمى ئىشنى تەخ قىلىپ يولغا چىقايلى دېگەندە، ئۇلارنىڭ
پەيتۇنى بىزدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ چىرايىدا مەغرۇرانە تەبەسسۇم
جىلۋە قىلاتتى. پەيتۇنچىلىرىمىز كېيىنكى بېكەتتە كىم بۇرۇن يېتىپ
بارالىسا، ئاتلارنى يەڭگۈشلەپ توختىماي مېڭىپ كېتەلەيدىغانلىقىنى
ئوبدان بىلگەچكە، بۇ مۇسابىقىدە چوقۇم ئۆتۈپ چىقىشقا بەل باغلاپ
جىمى ھۈنىرىنى ئىشقا سالدى. بىزنىڭ پەيتۇنىمىز تاغ يولىدا گاھ يۇقىـ
رىغا چىقىپ، گاھ تۆۋەنگە چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ
ئىلگىرىلەيتتى. ئىنتايىن خەتەرلىك بىر جايدا ئۇلارغا يېتىشىۋالدۇق،
لېكىن يول بەك تار بولغاچقا، ئالدىغا ئۆتەلمەي قالدۇق. تاغ ئۈستىگە
چىققاندىن كېيىن، بىر مىنۇتمۇ توختىماستىن، پەسكە قاراپ ئاتقان
ئوقتەك تېز چۈشتۇق. ئاتلارمۇ بىزنىڭ مۇسابىقىگە چۈشكىنىمىزنى بىلـ
گەندەك شۇنداق تېز ماڭدى. ئەپسۇسكى، بارلىق تىرىشچانلىقىمىز بېـ
كەتكە كەلگەندە يوققا بولدى. چۈنكى بېكەتتە بىرمۇ ئات يوق بولغانلىقى
ئۈچۈن، بىزمۇ، ئۇلارمۇ ئامالسىز قالدۇق. بېكەتتىكىلەر چۈشتە ئۈچ ئات
پەيدا بولىدۇ، ئۇنى ياخشىسى ئۈچ ئات بولسىلا ماڭالايدىغان رۇسىيىلىكـ
لەر ئېلىپ ماڭسۇن، دېيىشتى. دەرۋەقە بىزگە توققۇز ئات بولمىسا بولـ
مايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇ بېكەتتە رەقىبلىرىمىز بىلەن تونۇشۇپ،
دوستلىشىپ ۋاقىتنى ئەستىن چىقمايدىغان دەرىجىدە كۆڭۈللۈك ئۆتـ
كۈزگەندىن كېيىن، ئۇلار يولغا چىقتى. سائەت تۆتلەردە بىزمۇ ئاتلارنى

يەڭگۈشلەپ مېڭىپ كەتتۇق. بۇرمان جىلغىسىدىن ئۆتتۇق. بۇ، چۇ دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدىغان ناھايىتى قاقاس بىر جىلغا ئىكەن. بىز بۇ يەرگە كەلگۈن سۈيى بىلەن تولغان دەريا تازا ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان بىر چاغدا كەپتۇق.

18 ـ ئىيۇل، شەنبە

بۈگۈنكى بېكەتلەرنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يىراق، يول تاشلىق ۋە ئىنتايىن ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل بولغانلىقى ئۈچۈن، بەكمۇ ھېرىپ كەتتۇق. تاغ رايونىدىن ئايرىلغاندا، ھاۋا يەكلا سالقىن ئىدى. لېكىن ئوتلاق، دەپ ئاتىلىدىغان جايغا كەلگەندە، ھاۋا ئىسسىپ تونۇردەك بولۇپ كەتتى. توقماقنىڭ سالقىن، دەرەخلىك بولىغا كەلگەندە، ئاندىن ئۇھ، دەپ راھەتكە چىقىپ قالدۇق.

19 ـ ئىيۇل، يەكشەنبە

بۈگۈن بىز ئىمكانقەدەر توختىماي مېڭىپ 55 ئىنگلىز مىلى يول يۈردۇق. چۈشكە قالماي رۇسىيىنىڭ چوڭ بىر بازىرى پىشپەككە كەلدۇق. ئۇ يەردە ئازراق ئارام ئېلىپ، بازارلىرىنى بىر چۆرگىلىۋېتىپ يەنە يۈرۈپ كەتتۇق. ئاخشىمى كېيىنكى بېكەت بولغان سۇكالاك ناملىق كىچىك بىر يېزىغا كېلىپ قوندۇق. بۈگۈنكى ئوتلاق بويلاپ قىلغان سەپىرىمىز ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولدى. بىز يول بويى كۆچمەن رۇسلار ئولتۇراقلاشقان نۇرغۇن كىچىك يېزىنى كۆردۇق. قارىغاندا بۇ كۆچمەنلەر بۇرۇن قىرغىزلارغا تەئەللۇق زېمىننى ئىگىلىگەندەك قىلاتتى. قىرغىزلارنى بولسا رۇسلار قوغلىۋەتكەنىدى. قىرغىزلارنىڭ شىكايەتلىرىدىن، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشتىن قاتتىق نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى بىلدۇق. يېزىلار تولىمۇ چىرايلىق، يول بويىدىكى باراقسان ئۆسكەن دەل ـ دەرەخلەر يولغا سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىگىمۇ ئوت ـ چۆپ ئۆسكەن. ھەممە ياقتا ئېگىز قۇرۇق ئوت ـ چۆپ دۆۋىلىرى، توپ ـ توپ كالىلار ئوتلاپ ياكى ئاستا مېڭىپ يۈرەتتى. ئېچىلغان بوزيەرلەردە زىرائەتلەر راسا ئوخشىغانىدى، كومباينلار جىددىي سۈرئەتتە زىرائەتلەرنى يىغىۋاتاتتى. روشەنكى، كۆچمەنلەرنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىگە ئۇ-

زۇن بولمىغان . چۈنكى كىشىلەر شاخ ـ يوپۇرماقلاردىن ياسىغان ئىپ-
تىدائىي كەپىلەردە تۇرۇپ ، يېڭىدىن ئۆي ـ ئىمارەتلەر سېلىشۋاتاتتى . ئا-
ياللار ۋە قىزلار ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ ، گۈللۈك رەختلەردىن كۆڭلەك
كىيىپ ،رەڭدار ياغلىقلارنى چىگىشۋالغانىدى . بۇ يەردە ئۆيىنى ئاياللار سا-
لىدىكەن ، ئەرلەر بولسا ئېتىز ـ ئېرىق ئىشىنى قىلىدىكەن .

20 ـ ئىيۇل ، دۈشەنبە

بۈگۈن ، يولىمىز پەقەت ئاۋۇمىدى . توپا ـ چاڭ ئىچىدىلا ماڭ-
دۇق . بەزىدە توپا ـ چاڭدا ئەتراپىمىزدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرەلمەيت-
تۇق . ئات ۋە بىز توپىغا مىلىنىپ رەسۋا بولۇپ كەتتۇق . ئۈچ بېكەت
يول مېڭىشنى پىلانلىغان بولساقمۇ ، ئىككىنچى بېكەتكە كەلگەندە ، چا-
ھانى قاراڭغۇ تۈن قوينىغا ئالدى . بىز نائىلاج كارابالتى دېگەن جايدا
قوندۇق . بۇ خېلى چىرايلىق ، ئەمما چىۋىن مىژىلدايدىغان بىر يېزا ئې-
كەن .

21 ـ ئىيۇل ، سەيشەنبە

بۈگۈن چاڭ ـ توپا ئۆزىنچىلىك كۆپ ئىدىكى ، نەپەسنى بوغات-
تى . يۈك ـ تاق ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە توپا كىرىپ رەسۋا
بولدى . بىر چامادانىنى ئېچىپ قارىسام ، يېرىمىدىن ئاشقۇچە توپىغا مىلى-
نىپتۇ . ئۆيگە بارغاندا ، نەرسە ـ كېرەكلەرنى قايسى سۈرەتتە كۆرەرمىز-
كىن ؟

ھازىر تاماق يېيىش بىر مەسىلە ئىدى . ئەگەر بىز يەيدىغان نۇر-
غۇن نەرسە ئېلىۋالمىغان ، جون بىزگە تاماق قىلىپ بەرمىگەن بولسا،
قانداق قىلاتتۇقكىن ، ھېچ بىلمىدىم ! قائىدە بويىچە ھەر بىر بېكەتتە يو-
لۇچىلارغا تاماق بېرىلىشى كېرەك ئىدى . لېكىن ، تاماق يەيلى دېگەندە
يوق ئىدى . مىڭ بىر بالالىقتا تاپقان تۇخۇملارمۇ يېگى نەمەس ئىدى .
تېپىلىدىغان ۋە كۆپ بولغان بىردىنبىر نەرسە بولكا بولسىمۇ ، رۇسلار-
نىڭ بولكىسى ئاچچىق ئىدى . باللارغا نەمەس ، بىزگىمۇ پەقەت ياق-
مىدى .

22 ـ ئىيۇل ، چارشەنبە

يەڭگۈشلەپ مېڭىپ كەتتۇق . بۇرمان جىلغىسىدىن ئۆتتۇق . بۇ ، چۇ دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدىغان ناھايىتى قاقاس بىر جىلغا ئىكەن . بىز بۇ يەرگە كەلگۈن سۈيى بىلەن تولغان دەريا تازا تۇركەشلەپ ئېقىۋاتقان بىر چاغدا كەپتۇق .

18 ـ ئىيۇل ، شەنبە

بۈگۈنكى بېكەتلەرنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يىراق . يول تاشلىق ۋە ئىنتايىن ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل بولغانلىقى ئۈچۈن ، بەكمۇ ھېرىپ كەتتۇق . تاغ رايونىدىن ئايرىلغاندا ، ھاۋا بەكلا سالقىن ئىدى . لېكىن ئوتلاق ، دەپ ئاتىلىدىغان جايغا كەلگەندە ، ھاۋا ئىسسىپ تونۇردەك بولۇپ كەتتى . توقماقنىڭ سالقىن ، دەرەخلىك يولىغا كەلگەندە ، ئاندىن ئۇھ ، دەپ راھەتكە چىقىپ قالدۇق .

19 ـ ئىيۇل ، يەكشەنبە

بۈگۈن بىز ئىمكانقەدەر توختىماي مېڭىپ 55 ئىنگلىز مىلى يول يۈردۇق . چۈنكە قالماي رۇسىيىنىڭ چوڭ بىر بازىرى پىشپېككە كەلدۇق . ئۇ يەردە ئازراق ئارام ئېلىپ ، بازارلىرىنى بىر چۆرگىلىۋېتىپ يەنە يۈرۈپ كەتتۇق . ئاخشىمى كېيىنكى بېكەت بولغان سۇكالاك ناملىق كىچىك بىر يېزىغا كېلىپ قوندۇق . بۈگۈنكى ئوتلاق بويلاپ قىلغان سەپىرىمىز ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولدى . بىز يول بويى كۆچمەن رۇسلار ئولتۇراقلاشقان نۇرغۇن كىچىك يېزىنى كۆردۇق . قارىغاندا بۇ كۆچمەنلەر بۇرۇن قىرغىزلارغا تەئەللۇق زېمىننى ئىگىلىگەندەك قىلاتتى . قىرغىزلارنى بولسا رۇسلار قوغلىۋەتكەندى . قىرغىزلارنىڭ شىكايەتلىرىدىن ، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشتىن قاتتىق نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى بىلدۇق . يېزىلار تولىمۇ چىرايلىق . يول بويىدىكى باراقسان ئۆسكەن دەل ـ دەرەخلەر يولغا سايە تاشلاپ تۇراتتى . ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىگىمۇ ئوت ـ چۆپ ئۆسكەن . ھەممە ياقتا ئېگىز قورۇق ئوت ـ چۆپ دۆۋىلىرى ، توپ ـ توپ كالىلار ئوتلاپ ياكى ئاستا مېڭىپ يۈرەتتى . ئېچىلغان بوزيەرلەردە زىرائەتلەر راسا ئوخشىغانىدى . كومبايىنلار جىددىي سۈرئەتتە زىرائەتلەرنى يىغىۋاتاتتى . روشەنكى ، كۆچمەنلەرنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىگە ئۇ-

زۇن بولمىغان . چۈنكى كىشىلەر شاخ ـ يوپۇرماقلاردىن ياسىغان ئىپ-
تىدائىي كەپىلەردە تۇرۇپ ، يېڭىدىن ئۆي ـ ئىمارەتلەر سېلىۋاتاتتى . ئا-
ياللار ۋە قىزلار ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ ، گۈللۈك رەختلەردىن كۆڭلەك
كىيىپ ، رەڭدار ياغلىقلارنى چىگىۋالغانىدى . بۇ يەردە ئۆيىنى ئاياللار سا-
لىدىكەن ، ئەرلەر بولسا ئېتىز ـ ئېرىق ئىشىنى قىلىدىكەن .

20 ـ ئىيۇل ، دۈشەنبە

بۈگۈن ، يولىمىز پەقەت ئاۋۇمىدى . توپا ـ چاڭ ئىچىدىلا ماڭ-
دۇق . بەزىدە توپا ـ چاڭدا ئەتراپىمىزدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرەلمەيت-
تۇق . ئات ۋە بىز توپىغا مىلىنىپ رەسۋا بولۇپ كەتتۇق . ئۈچ بىكەت
يول مېڭىشنى پىلانلىغان بولساقمۇ ، ئىككىنچى بېكەتكە كەلگەندە ، چا-
ھاننى قاراڭغۇ تۈن قوينىغا ئالدى . بىز ئامالسىز كاراۋانلار دېگەن جايدا
قونىدۇق . بۇ خېلى چىرايلىق ، ئەمما چۈشىنى مىزىلدايدىغان بىر يېزا ئى-
كەن .

21 ـ ئىيۇل ، سەيشەنبە

بۈگۈن چاڭ ـ توپا شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى ، نەپەسنى بوغات-
تى . يۇڭ ـ تاق ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە توپا كىرىپ رەسۋا
بولدى . بىر چامادانىنى ئېچىپ قارىسام ، يېرىمىدىن ئاشقۇچە توپىغا مىلى-
نىپتۇ . ئۇيىگە بارغاندا ، نەرسە ـ كېرەكلەرنى قايسى سۇرەتتە كۆرەرمىز-
كىن ؟

ھازىر تاماق يېيىش بىر مەسىلە ئىدى . ئەگەر بىز يەيدىغان نۇر-
غۇن نەرسە ئېلىۋالمىغان ، جون بىزگە تاماق قىلىپ بەرمىگەن بولسا ،
قانداق قىلاتتۇقكىن ، ھېچ بىلمىدىم ! قائىدە بويىچە ھەر بىر بېكەتتە يو-
لۇچىلارغا تاماق بېرىلىشى كېرەك ئىدى . لېكىن ، تاماق يەيلى دېگەندە
يوق ئىدى . مىڭ بىر بالالىقتا تاپقان تۇخۇملارمۇ يېڭى ئەمەس ئىدى .
تېپىلىدىغان ۋە كۆپ بولغان بىردىنبىر نەرسە بولكا بولسىمۇ ، رۇسلار-
نىڭ بولكىسى ئاچچىق ئىدى . بالىلارغا ئەمەس ، بىزگىمۇ پەقەت ياق-
مىدى .

22 ـ ئىيۇل ، چارشەنبە

لىق ھەرىكەتكە ئامراق بولۇپ قالدى. پەيتۇنچىلار ناھايىتى زىرەك ۋە قابىل ئىدى. ئاتلارمۇ ياخشى ئىدى. بىز ئات ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن سارايغا چۈشكەندە، بالىلار خۇددى قەپەستىن چىققان يىرتقۇچ ھايۋان بالىلىرىدەك ئەركىن تاقلاپ يايراپ كەتتى.

بۈگۈن ئىككىنچى بېكەتتە ئالماشتۇرىدىغان ئات تاپالمىغاچقا، ئاران ئىككى بېكەتلا ماڭالىدۇق. بۇ يەردىكى ئادەملەر بەك بەغەرەز، كۆزى كىچىك ئىكەن. بىز ھەتتا چىشىمۇ ئۆتمەيدىغان قېرى مېكىيانىنىڭ باھاسىنى ئالىشىپ ئۇلار بىلەن سوقۇشۇپ كەتتۇق. چۈنكى ئۇلار بۇ توخۇغا ئادەتتىكىدىن بىر ھەسسە يۇقىرى باھا قويۇپ تۇرۇۋالدى.

16 ـ ئىيۇل، پەيشەنبە

بىز بۈگۈن بالدۇرراق يولغا چىقايلى، دەپ ئەتىگەن سائەت ئالتىدىلا يۈرۈپ كەتتۇق. لېكىن ئالدىرىغان يولدا قالار دېگەندەك، يېرىم سائەت ماڭا ـ ماڭمايلا بىر پەيتۇننىڭ چاقى بۇزۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز شۇ يەردە ساقلاپ تۇردۇق. بىر پەيتۇنچى پەيتۇننى چىقىرىۋېتىپ ئاتقا مىندى ـ دە، كەينىگە يېنىپ چاق ئەكەلدى. شۇنداق قىلىپ قىممەتلىك بىر سائەت ۋاقتىمىز شۇ تەرزدە ئۆتۈپ كەتتى. يولدا بىر سارايدا توختاپ ئازراق دەم ئېلىۋالدۇق. سائەت ئىككىدە ئىسسىق كۆلنىڭ بويىدىكى كۆلتۈپ مالدىغا يېتىپ كېلىشىمىزگە چېلەكلەپ قۇيغاندەك قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. بىز قەشقەردىن چىققاندىن بۇيان بىر تامچە يامغۇر كۆرمىگەنىدۇق. ئەمدى ھەتتا مۆلدۈرنىمۇ كۆردۇق. ھاۋا كەچقۇرۇن سالقىن، كۈندۈزى مۆتىدىل، تازىمۇ راھەت بولۇپ قالدى.

بىز پوچتىخانىدىن بىر بوش ئۆي تېپىپ ئورۇنلاشتۇق. ئەمما، كەچلىكى ياتايلى دەپ تۇرساق، بىر رۇسىيە ئوفىتسېرى خوتۇنى، ئىككى قىزى ۋە بىر بالا باققۇچىسى بىلەن بىللە كىرىپ قالدى. شۇلار بىلەن تەڭلا دېگۈدەك ئىككى پولشالىقمۇ كەلدى. ئىككى ئېغىز ئۆيدە بۇنچىۋالا ئادەم قانداقمۇ ياتارمىز، دەپ غەم يەپ تۇرساق، ئىككى پولشالىق ئات يەڭگۈشلەپ مىڭىپ كەتتى. رۇسىيە ئوفىتسېرىمۇ باشقا جاي تېپىپ ئورۇنلاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئەمدى ئارامخۇدا ياتىدىغان بول-

دۇق ، دەپ خاتىرجەم بولدۇق .
ئەتىسى ئەتىگەندە ، بىزگە رۇسىيە ئوفىتسېرى بىلەن بەيگىگە چۈشكەندەك بەسلىشىشكە توغرا كېلەتتى . چۈنكى كىم ئەتىگەنرەك يولغا چىقالىسا ، شۇ كېيىنكى بېكەتلەردە ئات ئالماشتۇرۇپ بىمالال ماڭالايتتى .
17 - ئىيۇل ، جۈمە
بىز ئەتىسى سەھەردە ھاپىلا - شاپىلا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ، تامىقىمىزنى ئالدىراشلا يېدۇق . بىز تۇرغان ئۆينىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆيگە چۈشكەن رىقابەتچىلىرىمىزمۇ ئالدىراش - تېنەش ناشتا قىلىپ ، نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى . بەختكە قارشى ، بىزنىڭ ئىشىمىز پۈتمەي كەتتى . جىمى ئىشنى تەخ قىلىپ يولغا چىقايلى دېگەندە ، ئۇلارنىڭ پەيتونى بىزدىن ئۆتۈپ كەتتى . ئۇلارنىڭ چىرايىدا مەغرۇرانە تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى . پەيتونچىلىرىمىز كېيىنكى بېكەتكە كىم بۇرۇن يېتىپ بارالىسا ، ئاتلارنى يەڭگۈشلەپ توختىماي مېڭىپ كېتەلەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە ، بۇ مۇسابىقىدە چوقۇم ئۆتۈپ چىقىشقا بەل باغلاپ جىمى ھۈنىرىنى ئىشقا سالدى . بىزنىڭ پەيتونىمىز تاغ يولىدا گاھ يۇقىرىغا چىقىپ ، گاھ تۆۋەنگە چۈشۈپ ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ ئىلگىرىلەيتتى . ئىنتايىن خەتەرلىك بىر جايدا ئۇلارغا يېتىشىۋالدۇق . لېكىن يول بەك تار بولغاچقا ، ئالدىغا ئۆتەلمەي قالدۇق . تاغ ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن ، بىر مىنۇتمۇ توختىماستىن ، پەسكە قاراپ ئاتقان ئوقتەك تېز چۈشتۇق . ئاتلارمۇ بىزنىڭ مۇسابىقىگە چۈشكىنىمىزنى بىلگەندەك شۇنداق تېز ماڭدى . ئەپسۇسكى ، بارلىق تىرىشچانلىقىمىز بېكەتكە كەلگەندە يوققا چىقتى . چۈنكى بېكەتتە بىرمۇ ئات يوق بولغانلىقى ئۈچۈن ، بىزمۇ ، ئۇلارمۇ ئامالسىز قالدۇق . بېكەتتىكىلەر چۈشتە ئۈچ ئات پەيدا بولىدۇ ، ئۇنى ياخشىسى ئۈچ ئات بولسىلا ماڭالايدىغان رۇسىيىلىكلەر ئېلىپ ماڭسۇن ، دېيىشتى . دەرۋەقە بىزگە توققۇز ئات بولمىسا بولمايتتى . شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇ بېكەتتە رەقىبلىرىمىز بىلەن تونۇشۇپ ، دوستلىشىپ ۋاقىتنى ئەستىن چىقمايدىغان دەرىجىدە كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ، ئۇلار يولغا چىقتى . سائەت تۆتلەردە بىزمۇ ئاتلارنى

يەڭگۈشلەپ مېڭىپ كەتتۇق . بۇرمان جىلغىسىدىن ئۆتتۇق . بۇ ، چۇ دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدىغان ناھايىتى قاقاس بىر جىلغا ئىكەن . بىز بۇ يەرگە كەلگۈن سۈيى بىلەن تولغان دەريا تازا ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان بىر چاغدا كەپتۇق .

18 ـ ئىيۇل ، شەنبە

بۈگۈنكى بېكەتلەرنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يىراق . يول تاشلىق ۋە ئىنتايىن ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل بولغانلىقى ئۈچۈن ، بەكمۇ ھېرىپ كەتتۇق . تاغ رايونىدىن ئايرىلغاندا ، ھاۋا بەكلا سالقىن ئىدى . لېكىن ئوتلاق ، دەپ ئاتىلىدىغان جايغا كەلگەندە ، ھاۋا ئىسسىپ تونۇردەك بولۇپ كەتتى . توقماقنىڭ سالقىن ، دەرەخلىك يولىغا كەلگەندە ، ئاندىن ئۇھ ، دەپ راھەتكە چىقىپ قالدۇق .

19 ـ ئىيۇل ، يەكشەنبە

بۈگۈن بىز ئىمكانقەدەر توختىماي مېڭىپ 55 ئىنگلىز مىلى يول يۈردۇق . چۈشكە قالماي رۇسىيىنىڭ چوڭ بىر بازىرى پىشپەككە كەلدۇق . ئۇ يەردە ئازراق ئارام ئېلىپ ، بازارلىرىنى بىر چۆرگىلىۋېتىپ يەنە يۈرۈپ كەتتۇق . ئاخشىمى كېيىنكى بېكەت بولغان سوكالاك ناملىق كىچىك بىر يېزىغا كېلىپ قوندۇق . بۈگۈنكى ئوتلاق بويلاپ قىلغان سەپىرىمىز ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولدى . بىز يول بويى كۆچمەن رۇسلار ئولتۇراقلاشقان نۇرغۇن كىچىك يېزىنى كۆردۇق . قارىغاندا بۇ كۆچمەنلەر بۇرۇن قىرغىزلارغا تەئەللۇق زېمىننى ئىگىلىگەندەك قىلاتتى . قىرغىزلارنى بولسا رۇسلار قوغلىۋەتكەنىدى . قىرغىزلارنىڭ شىكايەتلىرىدىن ، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشتىن قاتتىق نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى بىلدۇق . يېزىلار تولىمۇ چىرايلىق ، يول بويىدىكى باراقسان ئۆسكەن دەل ـ دەرەخلەر يولغا سايە تاشلاپ تۇراتتى . ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىگىمۇ ئوت ـ چۆپ ئۆسكەن . ھەممە ياقتا ئېگىز قۇرۇق ئوت ـ چۆپ دۆۋىلىرى ، توپ ـ توپ كالىلار ئوتلاپ ياكى ئاستا مېڭىپ يۈرەتتى . ئېچىلغان بوزيەرلەردە زىرائەتلەر راسا ئوخشىغانىدى . كومبايىنلار جىددىي سۈرئەتتە زىرائەتلەرنى يىغىۋاتاتتى . روشەنكى ، كۆچمەنلەرنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىگە ئۇ-

زۇن بولمىغان . چۈنكى كىشىلەر شاخ ـ يوپۇرماقلاردىن ياسىغان ئىپ-
تىدائىي كەپىلەردە تۇرۇپ ، يېقىندىن تۆي ـ ئىمارەتلەر سېلىشۋاتاتتى . ئا-
ياللار ۋە قىزلار ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ ، گۈللۈك رەختلەردىن كۆڭلەك
كىيىپ ، رەڭدار ياغلىقلارنى چىگىۋالغانىدى . بۇ يەردە تۆيىنى ئاياللار سا-
لىدىكەن ، ئەرلەر بولسا ئېتىز ـ ئېرىق ئىشىنى قىلىدىكەن .

20 ـ ئىيۇل ، دۈشەنبە

بۈگۈن ، يولىمىز پەقەت ئاۋۇمىدى . توپا ـ چاڭ ئىچىدىلا ماڭ-
دۇق . بەزىدە توپا ـ چاڭدا ئەتراپىمىزدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرەلمەيت-
تۇق . ئات ۋە بىز توپىغا مىلىنىپ رەسۋا بولۇپ كەتتۇق . ئۈچ بېكەت
يول مېڭىشنى پىلانلىغان بولساقمۇ ، ئىككىنچى بېكەتكە كەلگەندە ، جا-
ھاننى قاراڭغۇ تۈن قوينىغا ئالدى . بىز ئائىلاج كارابالتى دېگەن جايدا
قوندۇق . بۇ خېلى چىرايلىق ، ئەمما چوڭىن مىزىلدايدىغان بىر يېزا ئى-
كەن .

21 ـ ئىيۇل ، سەيشەنبە

بۈگۈن چاڭ ـ توپا شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى ، نەپەسنى بوغات-
تى . يۈك ـ تاق ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە توپا كىرىپ رەسۋا
بولدى . بىر چامادانىنى ئېچىپ قارىسام ، يېرىمىدىن ئاشقۇچە توپىغا مىلى-
نىپتۇ . ئۆيگە بارغاندا ، نەرسە ـ كېرەكلەرنى قايسى سۈرەتتە كۆرەرمىز-
كىن ؟

ھازىر تاماق يېيىش بىر مەسىلە ئىدى . ئەگەر بىز يەيدىغان نۇر-
غۇن نەرسە ئېلىۋالمىغان ، جون بىزگە تاماق قىلىپ بەرمىگەن بولسا ،
قانداق قىلاتتۇقكىن ، ھېچ بىلمىدىم ! قائىدە بويىچە ھەر بىر بېكەتتە يو-
لۇچىلارغا تاماق بېرىلىشى كېرەك ئىدى . لېكىن ، تاماق يەيلى دېگەندە
يوق ئىدى . مىڭ بىر بالالىقتا تاپقان تۇخۇملارمۇ يېگىلى ئەمەس ئىدى .
تېپىلىدىغان ۋە كۆپ بولغان بىردىنبىر نەرسە بولكا بولسىمۇ ، رۇسلار-
نىڭ بولكىسى ئاچچىق ئىدى . باللارغا ئەمەس ، بىزگىمۇ پەقەت ياق-
مىدى .

22 ـ ئىيۇل ، چارشەنبە

تاڭ سەھەر، تاڭ يورۇماستىنلا بىز تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئارانلا
ئورنىمىزدىن تۇردۇق. بىز پەقەت بالدۇرراق يولغا چىقىپ، كۈندۈزى
يەك ئىسسىقتا ئۆزۈنراق ۋاقىت دەم ئېلىشنى ئويلايتتۇق. بىز يولغا چە-
قايلى دەپ تۇرغاندا، بىر خانىم، بىر تۆرە، بىر قىزچاق ئولتۇرغان بىر
پەيتۇن كېلىپ قالدى ـ دە، ئات تەلەپ قىلدى. بىز ئاتلارنى ئالماشتۇ-
رۇپ بولغانىدۇق. خانىم بىزنىڭ قېشىمىزغا كېلىپ، ئېغىر كېسەل ئانى-
سىنى يوقلاپ سان پېتېربورگقا ماڭغانلىقىنى ئېيتىپ، بىزدىن ئات ئۆتۈ-
نۈپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. بىز بىر پەس ئىككىلەنگەندىن كېيىن،
ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلىۋەتتۇق. چۈنكى بىز يولغا چىقايلى دەپ
تۇرغانىدۇق. يەنە كېلىپ بالىلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ
تېزرەك ماڭمىساق بولمايتتى. كېيىنكى بېكەتتە تاماق يەۋاتقىنىمىزدا
ئۇلارمۇ يېتىپ كەلدى. لېكىن بىز يولغا چىققاندا، ئات يەڭگۈشلەشنى
ساقلاپ قالدى.

ئاخشىمى بىز ئۆتەڭدە تاماق يەۋەتساق، ھېلىقى رۇسىيىلىكلەر
ئولتۇرغان بىر پەيتۇن ئۆتەڭگە كەلدى. بىزنىڭ كېچىلەپ مېڭىش نو-
يىتىمىز بولمىغاچقا ئۇلار دەرھال ئاتلارنى ئالماشتۇرۇشتى. قارىغاندا ئۇلار-
نىڭ پەيتۇنىدا كېچىلەپ ماڭسىمۇ، ئېگىز ـ پەس يوللاردا بەخىرامان
ئۇخلىغىلى بولىدىغاندەك قىلاتتى. مەن ئۇ خانىمنىڭ فرانسۇزچە بىلىدى-
غانلىقىنى بايقاپ، ئاتلارنى ئالماشتۇرغۇچە ئارىلىقتا ئۇنىڭ بىلەن بىر پەس
پاراڭلاشتىم. ئۇنىڭ ماڭا ئېيتىپ بەرگەنلىرىدىن بىلدىمكى، ئۇنىڭ
ئېرى پارتلاتقۇچ دورا پارتلاپ كېتىش ۋەقەسىدە ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ
ھازىر تۇل قاپتۇ. قىزىق ئىش، ئۇ بۇ قېتىم ئانىسىنىڭ ئاغرىپ قالغانلى-
قىنى ئېغىزغا ئالماي، سان پېتېربورگقا قىزىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن قايتىپ
كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلاپ ۋىجدانىي ئازابتىن قۇتۇلۇپ،
كۆڭلىمىز ئارامىغا چۈشتى. چۈنكى بۈگۈن ئەتىگەن ئۇ ھېلىقىدەك
گەپلەرنى توقۇپ بىزنى گوللىغاندا، مەن ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ قې-
لىپ، يولبويى ئاتلىرىمىزنى بەرمىگەنلىكىمىزدىن ئۆكۈنۈپ، ئۆزۈمنى ئە-
يىبلەپ كەلگەنىدىم.

ئەڭ ئاخىرقى بىر بېكەت يولدا بىزنى تازىمۇ پالاكەت باستى. بىزنىڭ پەيتونىغا قوشۇلغان ئاتلار بەك شاش ئىدى. يولغا چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاتلار ئۈركۈپ، پەيتوننى ئېلىپ قاچتى. پەيتونچى بار كۈچىنى ئىشقا سېلىپمۇ ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىۋاتقاندەك ئاتلارنى پەقەت باش-قۇرالمىدى. ئاخىر بىر چوڭقۇر ئازگال يەرگە كەلگەندە، ئاندىن ئاتلار چىپپىدە توختىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئاتنىڭ ئۈركۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، پەيتونچىغا ناھايىتى دىققەت قىلىپ، ئاستا مېڭىشنى ئېيتتۇق. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاتلار يەنە يېنىدىن گۈلدۈرلەپ ئۆتكەن بىر نەچچە ھارۋىدىن ئۈركۈپ قاچتى. ئاتلار پەيتوننى سۆرەپ بىر ئايلىنىپ چىقتى. كۆتۈرۈلگەن توپا - چاڭدا بىز ھېچنەرسىنى كۆرەلمەي قالدۇق. بىر چاغدا بىر چاق چىقىپ كېتىپ، پەيتوننىڭ قىڭغىيىشى بىلەن بىز قۇتۇلۇپ قالدۇق. يەنى ئاتلار چاقتىن ئاجرالغان ئوقنىڭ يەردە سۆرۈ-لۈشىدىن توختاشقا مەجبۇر بولدى. پەيتونچى داتلىشىپ كەتكەن مىخلار بىلەن پەيتوننىڭ چاقىنى جايىغا سالدى. بىز يولنى پىيادىلەرنىڭ سۈر-ئىتىدە ناھايىتى ئاستا مېڭىپ ئاران تۈگەتتۇق. ھېرىپ ھالىمىزدىن كەتتۇق.

23 - ئىيۇل، پەيشەنبە

بۈگۈن بىز رېكورتنى بۇزۇپ، تۆت بېكەت يول ماڭدۇق! چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتلەردە ئەۋلىيا - ئاتا دېگەن جايغا كەلدۇق. بىچارە ئوغلۇم ئارايىڭ كۈنبويى قىزىپ، ئاغرىپلا كەلدى. لېكىن ئوڭغۇل - دوڭغۇل يولدىمۇ ئۇخلاپلا ماڭغاچقا ئۇنچىۋالا ھەرەج تارت-مىدى. بۈگۈن ئوت - چۆپ، ياۋا گۈل - گىياھلار بولۇق ئۆسكەن ۋە رەڭگارەڭ ئېچىلىپ كەتكەن ئوتلاقتا ماڭدۇق. شۇڭا توپا - چاڭنى ئانچە كۆرمىدۇق. ئەۋلىيا - ئاتا چوڭ بازار ئىكەن، يەرلىك پۇراق قو-يۇق، لېكىن رۇسلارغا خاس پۇراق ئانچە كۈچلۈك ئەمەس ئىكەن.

بۈگۈن ئەتىگەن يولغا چىقىپ ھېچقانچە ماڭمايلا، پەيتوننىڭ چاقى يەنە چىقىپ كېتىپ، بىزنى پالاكەت باستى. لېكىن تۈنۈگۈن پەيتونچى چاقنى داتلاشقان مىخ بىلەنلا ئورناتقان. بۈگۈن يولغا چىقىش-

تىن ئىلگىرى ئۇنى ئۇبدانراق ياساپ قويۇش خىيالىغا كەلمىگەچكە، بۇ-نىڭغىمۇ ئەجەبلىنىپ كەتمىدۇق. يەنە كېلىپ، سەپەردە پەيتۇن چاقىنىڭ چىقىپ كېتىشى كىچىك ئىش بولغىنى ئۈچۈن، بۇنداق ئىشلارغا كۆ-نۈپمۇ قالغانىدۇق. بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى كىشىلەر بۇ ئەتراپتا چىدىغۇسىز ئىسسىق بولىدۇ، دېيىشكەنىدى. ئەمما ھاۋا ئۇبدان بولدى. بۇنىڭدىن ھەيران بولدۇق ۋە خۇشاللاندۇق.

24 ـ ئىيۇل، جۈمە

بۈگۈن ئەتىگەن ئورنىمىزدىن تۇرۇپ قارىساق، ئارايىكنىڭ كې-سىلى خېلىلا ياخشى بولۇپ قاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ بىزمۇ خاتىرجەم بول-دۇق. مەن بۇ كېسەلنىڭ ئادەتتىكى زۇكام بولۇشىنى ئۈمىد قىلدىم. ئا-دەتتىكىدەك چوڭ ئۆتەڭلەردە ئات يەڭگۈشلەش ئىشى بەك ئاستا بول-غاچقا، سائەت سەككىزلەردە ئاران يولغا چىقالىدۇق. ھاۋا شۇنچىلىك ئوچۇق، ئاسمان بۇلۇتسىز سۈپ ـ سۈزۈك ئىدى. يىراقتىكى قارلىق تاغ قۇياش نۇرىدا ئەينەكتەك يالتىراپ ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنەتتى. بىز چەكسىز ئوتلاقتا كېتىۋاتىمىز. دېھقانلار ئوت ئورۇۋاتىدۇ ۋە ئوتلارنى ئېگىز ـ ئېگىز دۆۋە قىلىۋاتىدۇ. بىز تەرەپتىكى يېزىلارغا ئوخشاش بول ياقىسىدىكى مەنزىرە ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يايرىتاتتى. ئۈچ سائەت ماڭغان-دىن كېيىن ھاردۇق، قورساقمۇ ئاچتى. بۇ ئۆتەڭدە ئەتىگىنى ئات يەڭگۈشلەش قىيىن، دەپ ئاڭلىغان بولساقمۇ، ۋاقىتنىڭ كۆزىگە قارىماي ئۇبدان بىر ئارام ئېلىۋالماقچى بولدۇق. بۇ ئۆتەڭ قۇلباستاي دەپ ئاتى-لىدىكەن.

25 ـ ئىيۇل، شەنبە

بىز بىر كۈن تاسقىلىپ ـ چايقىلىپ، توپا ـ چاڭغا مىلىنىپ يول ماڭدۇق. ھەممىمىزلا بۇنداق سەپەر تۇرمۇشىدىن جاق تويدۇق. شۇڭا پۈتۈن يولنى بېسىپ بولغاندا، خۇداغا مىڭ بىر شۈكۈرلەر ئېيتىمىز. بىز پوچتىكەشلەر كورنىلوۋسكى دەيدىغان جايدىن ئۆتتۇق.

26 ـ ئىيۇل، يەكشەنبە

بۈگۈنكى سەپەر بىز ئۈچۈن تولىمۇ مۈشكۈل سەپەر بولدى. با-

لىلار بىر نەچچە كۈندىن بۇيان تاۋى يوق بولسا كېرەك، سولىشىپ قالغانىدى. بۈگۈن بىراقلا يىقىلدى - دە، ھېچنەرسە يېمىدى. ھەممىدىن يامىنى، مەن تويۇقسىز قىزىپ كەتتىم. بۇ ئۆلگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك بىر ئىش بولدى. شۇڭا بىز ئىككىنچى بېكەتتىلا توختاپ ئارام ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇق. بۇ جاينىڭ نامى بىلى ۋولا ئىكەن. ئارايىك بىلەن مەن يېتىپلا قالدۇق. كىچىككىنە خلوۋيانىڭمۇ ھالى خاراب ئىدى. ئۇ قاتتىق ئاغرىپ، ئىنتايىن بىئارام بولۇۋاتسىمۇ، جېنى ئىچىگە پاتمايۋاتقاندەك، سىرتلارغا چىقىپ ئوينىغۇسى كېلەتتى. بىزنى ئايال مېھمانلار ياتىدىغان كىچىككىنە بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرغىنى، ئادەم كۆپ بولغىنى ئۈچۈن ھەممىمىزگىلا مىنۇتمۇ ئارامىلىق بولمىدى. ئۆينىڭ ئۈستىگە كۈن بويى كېلىپ - كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئۇلار ياندىكى ئۆيلەردىلا چاي ئىچىشەتتى، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشاتتى. يولغا چىقىدىغان چاغدىكى ئاراق - تۇرۇقلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئاخشىمى ياتىدىغان چاغدا، ئۆزىمىزگە تېگىشلىك ئۆيلەرگە ئىگە بولۇپ، كۆڭلىمىز كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

كېچىسى مېنىڭ قىزىتمام يېنىپ، خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم. لېكىن باللارنىڭ ئەھۋالى يامانلىشىۋاتاتتى. ئېرىم ئىككىمىز غەمدە قالدۇق.

بۈگۈنكى سەپىرىمىزدە بىز ئازراق پېشكەللىككە يولۇقتۇق، بۇ پېشكەللىك پاجىئەگە ئايلانغىلى تاس قالدى. بىز تىك تاغ يولىدا كېتىۋاتاتتۇق، يۈك - تاق باسقان ھارۋىنىڭ ھارۋىكەشى ھارۋىغا بېسىلغان نەرسىلەر بەك كۆپ، ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن، بىردىنلا چېپىشقا چۈشكەن ئاتنى زادىلا باشقۇرالماي قالدى. ئەسەبىيلەرچە چېپىپ تاغدىن چۈشۈۋاتقان ئاتلار ئارايىك ۋە بالا باققۇچى ئولتۇرغان پەيتوننى سوقۇپ ئۆرۈۋەتكىلى تاس - تاس قالدى! ئاتلار تاغ باغرىدىكى تار بىر كۆۋرۈك يېنىغا كېلىپ، كۆۋرۈككە چىقاي دەۋاتقاندا، ئۈچ چاق چاچراپ چىقىپ، ئاتلار توختاشقا مەجبۇر بولدى - دە، چوڭ خەتەر يۈز بەرمىدى. روھىي جەھەتتىن تەييارلىقسىز تۇرغان ئادەم بۇنداق ئىشنى كۆرسە

قورقۇپ ئەرۋايى ئۇچۇپ كېتىدۇ.

27 ـ ئىيۇل، دۈشەنبە

بالىلارنىڭ ئەھۋالى كېچىچە يامانلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بىز سۈبھى بىلەن تەڭ ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، چىمكەنتكە قاراپ ئالدىراش يولۇپ كەتتۇق. ئاڭلىساق، ئۇ يەردە بىر دوختۇر بارمىش، بىز ئۇدۇل دوختۇرنىڭ ئۆيىگە باردۇق. بەختىمىزگە ئۇ دوختۇر ئۆيىدە بار ئىكەن. ئۇ بىزنىڭ بۇ يەردە بىر قانچە كۈن تۇرۇپ، بالىلارنىڭ كېسىلى ياخشىلانغاندا ئاندىن سەپىرىمىزنى داۋام قىلىشنى ئېيتتى ھەمدە ئۆيگە يېقىنلا يەردىكى بىر كىچىك سارايدىن ئۆي ئىجارە ئېلىپ بەردى. سارايىنىڭ يېنىدا تېخى بىر دورىخانىمۇ بار ئىكەن. بۇ يەر سالقىن ۋە تىنچ ئىكەن. يازنىڭ تومۇزىدا، چاڭ ـ توزان ئىچىدە خېلى كۈنلەر ماڭغاچقا، بۇ يەردە بىر نەچچە كۈن توختاپ، سەپەر ھارغىنلىقىنى چىقىرىش خىيالىغا كەلدىم. ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن بالىلارنى يۇيۇندۇرۇپ، پاكىز كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ ياتقۇزۇۋەتتىم. ئۇلار پاكىز ئورۇن ـ كۆرپىگە كىرىپلا ئۇخلاپ كەتتى ۋە قاتتىق ھېرىپ كەتكەچكە پۈتۈن بىر كۈن ئويغانماي ئۇخلىدى. بۇ يەرگە كەلگەندە مەن بالىلىرىمنىڭ قاسساق كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە ئاغرىق دەردىدىن روھسىزلانغان ئەپتىنى كۆرۈپ يىغلىۋەتكۈم كەلدى. بۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا ئۇلار خېلىلا تارتىلىپ قالغانىدى.

28 ـ ئىيۇلدىن 22 ـ ئاۋغۇستقىچە

بىز ئەسلى چىمكەنتتە ئىككى ـ ئۈچ كۈنلا تۇرارمىز، دەپ ئويلىغانىدىم. كىم بىلسۇن، بىر ئايغا يېقىن تۇرۇپ قالدۇق ۋە غەم ـ ئەندىشە، قورقۇنچتا جېنىمىز تۇمشۇقىمىزغا كېلىپ قالدى. بىر قانچە كۈن ئىچىدە بالىلارنىڭ كېسىلى ياخشىلانماقتا يوق، تەرەققىي قىلىپ ئىچ سۈرۈش كېسىلىگە ئايلاندى. بالا كەلسە قوش كەپتۇ دېگەندەك، بۇ كېسەل بالا باققۇچىغىمۇ يۇقتى. توپتوغرا ئۈچ ھەپتە بىز ئارايكىنىڭ جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جان تىككىپ ئىشلىشتۇق. بەزىدە بىزگە بۇ بالىمىزدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كېتەتتى. خىلۋىيانىمۇ

ئەھۋالى يامان ، لېكىن ئارايكىنىڭكىدەك قورقۇنچلۇق ئەمەس ئىدى . با-
لىلارغا سېلىشتۇرغاندا ، بالا ياققۇچىنىڭ كېسىلى سەل يېنىك ئىدى . ئې-
رىم ئىككىمىز ئۈچ كېسەلنى باقتۇق . بۇ جەرياندا بىر قېتىممۇ كىيىم سې-
لىپ بەخىرامان ئۇخلىمىدۇق . رۇسىيىلىك دوختۇر بىزگە ئىنتايىن كۆ-
يۈندى . كۈندە ئۈچ - تۆت قېتىم كېلىپ بالىلارنىڭ كېسىلىنى كۆردى ،
ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن بىزگە ياردەم قىلدى . يېمەكلىكلەرنى تېپىپ
بەردى ، تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقلىرىمىزنى يەڭگىللەتتى . بىز تونۇمايدى-
غان نۇرغۇن ئادەملەرمۇ بىزنىڭ مۇساپىر ئىكەنلىكىمىز ، بېشىمىزغا كۈن
چۈشكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ ياردەم قولىنى سۇندى . قوي سۈتى ،
پېچىنە - پىرەنىك ، مېۋە - چېۋە ۋە باشقا ئوبدان نەرسىلەرنى ئەكىلىپ
بەردى . بىزدەك مۇشكۇل ئەھۋالدا قالغان ئادەملەرلا ، دۇنيادا ياخشى ئا-
دەملەرنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ . لېكىن تەشۋىش ، غەم ۋە تىت -
تىتچىلىقتا ئۆتكەن ئاشۇ يىگىرمە نەچچە كۈن ئىچىدە ، مەن دائىم يە-
قەتلا تونۇمايدىغان كىشىلەرنىڭ بۇ خەيرخاھلىقى ۋە ئەمەلىي ياردىمىگە
ئېرىشكەن بىزدىن باشقا ئادەم يوق بولسا كېرەك ، دەپ ئويلىدىم . بۇ
يەردە ئاز جاپا تارتمىدۇق . كارىۋات قويغۇدەكمۇ جاي يوق تارغىنا ئۆي-
لەردە تۇرغاچقا ، ئېرىم ئىككىمىزدىن بىرىمىز ئۇزۇن كۈرسىتا ، يەنە بى-
رىمىز يەردە ياتتۇق . كىشىلەر كېسەل يۇقتۇرۇۋېلىشتىن قورققاچقا ، ئۆي
ئىجارە ئالالمىدۇق . بىرلا سارايۋەن ئايال بىزنى قوغلىمىدى . شۇڭا ،
بۇنداق ناچار مۇھىتتا ئېغىر كېسەلنى بېقىش ئاسانغا چۈشمىدى .

چىمكەنت كىچىككىنە جاي بولغىنى بىلەن ، بىزگە ياقتى . بۇ
شەھەر رۇسىيىلىكلەر رايونى ۋە يەرلىك كىشىلەر رايونى دەپ ئىككى را-
يونغا بۆلۈنىدىكەن . شەھەردە رۇسىيىلىكلەر ئاچقان ئالتە - يەتتە دۇ-
كان ، ھەربىي گازارما ، ھەربىي دوختۇرخانا ، تېخى بىر چېركاۋ بار ئى-
كەن . مەخسۇس ھاراقلار ساتىدىغان بىر نەچچە قاۋاقخانا بار ئىكەن ،
رۇسلار ۋە يەرلىك ئادەملەر دائىم ئۇ يەرلەرگە بېرىپ تۇرىدىكەن . شەھەر
ئەتراپىنى ئورمانلار ئوراپ تۇرىدىكەن . ئېتىز - داللارنىڭ مەنزىرىسى
ئاجايىپ گۈزەل ئىكەن . ئورمانزارلارنىڭ نېرىسى رۇسىيىنىڭ چەكسىز

كەتكەن يايلىقى بولۇپ، يېشىل كىمخاپتەك كۆركەم يايلاقنىڭ چېتىگە كۆز يەتمەيدىكەن. يازنىڭ ئەڭ ئىسسىق كۈنلىرىمۇ غۇر - غۇر شامال، سالقىن هاۋا جانغا هۇزۇر بەخش ئېتىدىكەن. 7 -، 8 - ئايلاردا قەشقەردىن كۆپ سالقىن بۇنداق هاۋاسى ياخشى جايدا تۇرغىنىمىزنىڭ ئۆزى تەلىيىمىزنىڭ ئوڭدىن كەلگىنى ئىدى.

ئاخىر بالىنىڭ كېسىلى ساقايدى. بىز يولغا چىققالايدىغان بولدۇق. ئەتە ئارىستىكى پويىز ئىستانسىسىغا بارىمىز. ئېغىر كېسەل تارتقاچقا بالىلىرىمىز ياداپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ ئىنتايىن ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. ئارايىك هەتتا ئورنىدىنمۇ تۇرالمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ، تېزراق ئەنگلىيىگە قايتىۋالايلى، دېگەن يەرگە كەلدۇق.

23 - ئاۋغۇست

بۈگۈن قاق سەھەردە هاۋانىڭ سالقىنىدا مېڭىپ كۆزلىگەن جايغا تېزرەك بېرىۋېلىش مەقسىتىدە، سۈبھى بىلەن تەڭ يولغا چىقىپ كېتىش ئۈچۈن سائەت ئىككى يېرىمدا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ كەتتۇق. جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارنىڭ ياردىمىدە يۈك - تاقلارنى هارۋىلارغا بېسىپ، ئۇپۇق سەل سۇرۇلگەن مەھەلدە يۇرۇپ كەتتۇق. شەھەرنىڭ چوڭ كوچىلىرىدا كېتىۋېتىپ، ئۇيقۇدا ياتقان شەھەر چىمكەنت بىلەن خوشلاشتۇق. سارايى خوجايىنى ئۆزىنىڭ رۇس پاسونىدىكى چوڭ سەپەر پەيتۇنىنى هەيدىدى. ئۇنىڭدا ئېرىم، مەن، خلۇيا ئولتۇردۇق. بالا باققۇچى، ئارايىك ۋە بىز بىلەن قىسقا ۋاقىتلىق دەم ئېلىشقا ماڭغان ئايال سارايۋەن ئولتۇرغان چاققانراق پەيتۇننى ئۇلارنىڭ چاكىرى هەيدىدى. چاكىرىمىز جون بىلەن پەيتۇنچى پەيتۇن ساندۇقىنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى. بىرىنچى بېكەتكىچە ئوبدان ماڭدۇق. كېيىن كۈندۈزنىڭ ئىسسىقىدىن قېچىپ، بىر دېھقاننىڭ ئۆيىدە ئازراق ئارام ئالدۇق. بۇلار ئەمگەكچان، ناهايىتى كەمبەغەل ئادەملەر ئىكەن. ئەمما ئاددىي جاهازلانغان ئۆيى ناهايىتى پاكىز ئىدى. ئۆيلەردىكى باهاسى ناهايىتى قىممەت ۋە بەكمۇ نەپىس سىزىلغان ئىسا پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئىلاهلىرىنىڭ رەسىمى دىققىتىمىزنى تارتتى. رۇسلار دىنغا قاتتىق بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئاز يەپ، ئاز كە-

يىپ بولسىمۇ، پۇل تېجەپ ئىسا پەيغەمبەرنىڭ قىممەت باھالىق رەسىملە-
رىنى سېتىۋالىدىكەن، تۇرمۇشتا بىرەر قىيىنچىلىق، مۇشكۈلاتقا ئۇچرى-
سا، ئىسا پەيغەمبەرنىڭ رەسىمى ئالدىدا ئىبادەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن مەدەت
تىلەيدىكەن.

ئالدىمىزدا يەنە 20 ئىنگلىز مىللىق يول بولغانلىقى ئۈچۈن، سائەت
تۆت يېرىمدا يەنە يولغا چىقتۇق. يولدا بىرەر پالاكەتچىلىككە يولۇقۇپ
تۇرۇپ قالمايلى، دەپ بىز مېڭىشقا ئالدىرايتتۇق. لېكىن سارايۋەن بولسا
ۋاقىت دېگەن كۆپ! » دەپ غۇڭشۇپ، يولغا چىقىشقا ئالدىرىمىدى.
يولغا چىقىپ يېرىم سائەت ئۆتە — ئۆتمەيلا، پەيتۇننىڭ بىر تېمىسى
سۇندى. سارايۋەن ئۇنى بىر ئۇرۇندا ياساپ بولدى. ئارقىدىن، يول
بەكمۇ يامان بولغاچقا، ئاستا مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇق. شۇڭا كائىناتقا
تۈن پەردىسى يېپىلغاندا، بىز تېخى ئوتلاقتا ئۇخلىغاندەك ئاستا مېڭىپ
كېتىۋاتاتتۇق. يەنە كېلىپ بۇ يول بەكمۇ كاتاڭ بولۇپ، بىر كاتاڭدا
پەيتۇنىمىز ئۆرۈلۈپ كەتكىلى تاس قالدى. شۇنىڭ بىلەن سارايۋەن
جىددىيلىشىپ، بۇ مەپىنى چاكىرىمىز ھەيدىسۇن، ئۇلارنىڭ مەپىسىنى
جون ھەيدىسۇن، مەن ئالدىدا مېڭىپ يول باشلاي، دەپ تۇرۇۋالدى.
ئۇ ئالدىمىزدا سەرەڭگە يېقىپ يوللارنى كۆرۈپ ماڭاتتى. ئەمما سەرەڭگە
بىردەمدىلا ئۆچۈپ قالاتتى. قاپقاراڭغۇ ئاي دالا، چىراغسىز، ھېلى بىرەر
ئورەككە چۈشۈپ كېتەرمىزمىكىن، دەپ پەيتۇنچىمۇ ناھايىتى دەككە —
دۈككىدە، بىزنىڭ جېنىمىزمۇ تۇمشۇقىمىزغىلا كېلىپ قالدى. ئۆلگەن-
نىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك ئارايىكنىڭ يەنە قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتتى. بىر
يەردە بىز پەيتۇندىن چۈشۈۋېلىشقا مەجبۇر بولدۇق. ئارايىكنى سوغۇق
تەگكۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، چىڭ ئوراپ يۆگەپ پەيتۇندا قالدۇر-
ساقمۇ بولاتتى. لېكىن پەيتۇن بىر دۆڭدىن چىقىپ چۈشكىچە، قاراڭ-
غۇدا بىرەر ئويمانغا چۈشۈپ كېتىپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قور-
قۇپ، تەۋەككۇل قىلىپ، ئۇنىمۇ مەھكەم ئوراپ كۆتۈرۈپ ماڭدۇق. شۇ
تەرزدە 20 ئىنگلىزمىللىق يولنى ئالتە سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىتتا بېسىپ،
كېچە سائەت ئون يېرىمدا ئارسىقا كەلدۇق. شۇئان بىز ئالدىن چۈ-

شۇشكە كېلىشىپ قويغان مىنكېللىېر ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ خانىمى تۇرىدىـ غان ئۆينى ئىزدەپ باردۇق. ئۇلار ئىشىكلەرنى چىڭ تاقاپ ئۇخلاپ قالـ غانىكەن، ئۇلارنى ئويغاتتۇق. ئۇلار ئالدىراپ - تېنەپ، ئەمما قىزغىن ھالدا بىزگە ئامال بار ئوبدان جاي راسلاپ بېرىشكە ھەرىكەت قىلدى. تۈن يېرىمىدا يېتىپ قالدۇق.

قەشقەردىن چىققاندىن بېرى بىز 800 ئىنگلىزمىلى يولنى ماڭـ دۇق.

24 - ئاۋغۇست

بىچارە يالام ئارايك كۈن بويى قاتتىق ئاغرىپ ياتتى. قىزىتمىسى پەك ئۆرلەپ، بۇرۇنقى كېسەللىك ئالامەتلىرى يەنە كۆرۈلۈشكە باشلىـ دى. ئەر - ئايال ساھىبخانىلار تولىمۇ ئوبدان ئادەملەر ئىكەن. بۇنداق قائىدە - يوسۇنلۇق، ناھايىتى ئوبدان تەربىيە كۆرگەن ئائىلىدە تۇرغانـ لىقىمىزغا خۇشال بولدۇق. ئۇلارنىڭ پەك ئوماق ئۈچ بالىسى بار ئىكەن. لېكىن كېسەل يۇقتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇلارنى باللىرىمىزدىن يىراق قىلماساق بولمايتتى. بۇ دۆلەتتە كىشىلەر بار ئامالنى قىلىپ تولغاق كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن.

مىنكېللىېرنىڭ ئۆي - ئىمارىتى ياۋروپا ئۇسلۇبىدا، ناھايىتى چىرايلىق، ئېسىل ۋە نەپىس سەرەمجانلاشتۇرۇلغان. سەنئەت تۇسى قويۇق ئىدى. رۇسىيىنىڭ بۇ رايونىدا بۇنداق ئۆيلەرنى كۆرۈش ئادەمنى ئەجەبلەندۈرەتتى. ئۇلارنىڭ گۈللۈكىدە رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن، بېغىدا بىرمۇنچە يەردە بامبۇك، پالما دەرىخى ۋە باشقا كەم ئۇچرايدىغان ئېسىل دەرەخلەر بار ئىدى. گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر فونتان بولۇپ، ئۇنىڭ سۈيى بىلەن گۈللەر سۇغۇرۇلىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئەتراپتا دەريا، قۇدۇق سۈيى يوق ئىكەن، يامغۇرمۇ ئاز ياغىدىكەن. گۈللۈكلەرگە سۇ يىراقلاردىن پويىزدا ئېلىپ كېلىنىپ، تۆمۈر يول بويىدىكى ئېگىز، يوغان بىر ساندۇققا قاچىلىنىدىكەن. شۇ يەردىن ئېقىپ گۈللۈككە كېلىدىكەن. مىنكېللىېر ئەپەندى موسكۋا -

تاشكەنت تۆمۈر يولىنىڭ مۇشۇ بۆلىكىدە ئىنژېنېر ۋە باش دىسپېتچېر① بولۇپ ئىشلەيدىكەن.

ئارىس كىچىككىنە، مەخسۇس تۆمۈر يول خادىملىرى تۇرىدىغان ئازغىنا ئۆي بار جاي ئىكەن. يەرلىك كىشىلەرنىڭ بىر بازىرى، ۋوگزاللا بار. تۆت ئەتراپى قۇملۇق ئىكەن. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن، مەن بىلەن بالا باققۇچى خىلۇۋيانى ئېلىپ موسكۋاغا قاتنايدىغان پويىزنى كۆرۈپ كەلدۇق. بىرقانچە يىلدىن بېرى پويىز كۆرۈپ باقمىغاچقا ئۇنى كۆرگەندە خۇشاللىق ۋە ھاياجاندىن يىغلىۋەتكىلى تاس قالدۇق. ئەمما خىلۇۋيا بۇ يوغان مەخلۇقتىن قورقتى.

25 ـ ئاۋغۇست

خەيرىيەت، ئارايكىنىڭ قىزىتمىسى چۈشۈپ، روھىي ھالىتىمۇ خېلى ئوبدان بولۇپ قالدى. شۇڭا مىنىكپېللېر خانىمنىڭ كۆپرەك تۇرۇڭلار، دەپ قاتتىق تۇتقىنىغا قارىماي، بۈگۈن چۈشتىن كېيىنكى پويىزدا كېتىۋېلىش قارارىغا كەلدۇق.

7 ـ سېنتەبىر

بىز ئۇزۇن سەپىرىمىزنى ئاخىر تاماملاپ، ئامان ـ ئېسەن ھالە ئۆيگە كېلىۋالدۇق. قەشقەردىن ئايرىلىپ ئۈچ ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت يول يۈرۈپ مىڭ بىر مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، نۇرغۇن ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلارنى باشتىن كەچۈردۇق. ئارىستىن ئايرىلغاندىن كېيىن، بالىلارنىڭ ئەھۋالى ياخشى بولۇپ كەتتى. كېسەل ئاسارىتى پۈتۈنلەي چىقىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىر ئۇلار ناھايىتى ساغلام.

بىز پويىزغا چىققاندىن كېيىن، سامارادىن ئۆتۈپ پاتلا موسكۋاغا كەلدۇق. موسكۋادا بىر كۈنلا دەم ئېلىپ، ۋارشاۋا ئارقىلىق بېرلىنغا باردۇق. ئۇ يەردە، بىز قەشقەردە تونۇشقان قەدىردان دوستىمىز، دوكتور ٨ فون لېكوك، ئۇنىڭ خانىمى ۋە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن تۆت كۈن خۇشال ـ خۇرام بىللە بولغاندىن كېيىن، يەنە بېرلىندىن يولغا چىقىپ

---

① دىسپېتچېر ـ ترانسپورت ۋاستىلىرىنى باشقۇرغۇچى ۋە ئورۇنلاشتۇرغۇچى خادىم.

كالايس ، دوۋېر ئارقىلىق لوندونغا باردۇق . يول بويى بىز يىراقتىن خىرە ـ شىرە كۆرۈنگەن ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى دېڭىز ياقىسىدىن كۆز ئۈزمىدۇق . دېڭىز ياقىسى بارا ـ بارا يېقىنلاپ ، مەنزىرە ئېنىق كۆرۈندى . ئاخىر دوۋېر قەلئەسى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى . ئېگىز ، تىك قىيادا يېشىللىققا چۆمگەن دېڭىز ياقىسىغا بارىدىغان دۆڭدىن قارىسا ، بۇ قەلئە ئاجايىپ ھەيۋەت كۆرۈنەتتى . ئۆزگە ئەللەردە ئۇزۇن يىللار يۈرگەن ، ناھايىتى ئۇزاق يوللارنى بېسىپ ، ئۆز يۇرتىغا كەلگەن بىزدەك ئادەملەرنىڭ قەلبىدىلا ، بۇ قەلئەنى كۆرگەندە ئاجايىپ بىر خىل كۆڭۈل شادلىقى ۋە چەكسىز ھاياجان دولقۇنى كۆتۈرۈلىدۇ .

# ئون ئىككىنچى باب

## جۇڭگو ئىنقىلابى

1912 - يىلى، قەشقەردە ئىنقىلاب ھەققىدە مىش - مىش گەپلەر پەيدا بولدى. جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە ئەمەلدارلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر تارقالدى. شىنجاڭدا مالىمانچىلىق ئاۋۋال بىر جايدا، كېيىن باشقا جايلاردا كېلىپ چىقتى. ئاخىر بۇ يەردىكى ئەمەلدارلارمۇ تىپىرلاپ قالدى. ئۇلار يامۇلنى چىڭ تاقاپ ئولتۇرىدىغان، ھەتتا گەمىلەرگىمۇ كىرىۋالىدىغان بولدى. 5 - ماي، يەكشەنبە ئىدى. ئىبرىم يامۇلدىن چىقمىغىلى نەچچە ھەپتە بولغان يۈەن دوتەينى يوقلاپ باردى. ئۇنى يامۇلدىكى بىر زىندانغا كىرىۋاپتۇ، دېگەن مىش - مىشلار بار ئىدى. چۈنكى دوتەي، ئەگەر ئىنقىلاب ئوتى قەشقەرگە تۇتىشىدىغان بولسا بىرىنچى بولۇپ ئۆزىنى نەس باسىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

ئىبرىم يامۇلغا بېرىپ ھەيران قاپتۇ. چۈنكى يۈەن دوتەي سۆز - چۆچەكلەردىكىدەك ئەمەس، بەلكى ناھايىتى خۇشال، ئەركىن يۈرگۈدەك. يۈەن دوتەي ئىبرىمگە ئۆزى، خانىمى ۋە باشقا ئەمەلدارلارنىڭ ئىنقىلابچىلارغا نۇرغۇن پۇل ئەۋەتىپ بەرگەنلىكى، ئۆزلىرىنىڭ شۇنىڭ بىلەن ئىشىنىڭ ھەل بولۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئىبرىم بولسا كۆڭلىدە، بۇنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئالدامچىلىق ۋە قاقتى - سوقتىنىڭ باشلىنىشى بولىدىغانلىقىنى سېزىپ ئويلىنىپ قاپتۇ.

يۈەن دوتەي قولىدىكى بىر قاشتېشى بىلەيزۈكنى ئىبرىمغا كۆرسىتىپ:

— قاراڭ، بۇ قاشتېشى نەقەدەر ئېسىل ۋە چىرايلىق - ھە! بۇ

ناھايىتى جىلىڭ، بەكمۇ سوزۇلۇك ۋە نەپىس. بۇ بىلەيزۈك سۇنۇپ كەتمەي بىلىكىمدە تۇرسىلا، جېنىممۇ ئامان قالىدۇ، – دەپتۇ.

ئېرىم قايتىپ كەلدى. باغدا چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، ماڭا بۇ گەپلەرنى دەپ بېرىۋاتاتتى، بىرى يۈگۈرۈپ كىرىپ، بىزگە ئاقسۇدا ئىنقىلاب بولغانلىقى ھەققىدە خەۋەر يەتكۈزدى ۋە ئۇ يەردىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئاقسۇ قەشقەرنىڭ شىمالىدا بولۇپ، قەشقەردىن ئازراقلا كىچىك ئىدى. بىز بوران – چاپقۇننىڭ پات ئارىدا قەشقەرگە يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ، ياشىنىپ قالغان دوتەينىڭ قولىدىكى بىلەيزۈك نېمىمۇ قىلىپ بېرەلەر، دەپ ئويلىدۇق.

ئىككى كۈندىن كېيىن، يەنى 7 – ماي، سەھەر سائەت تۆت مەھەل، بىز قاتتىق ئۇيقۇدا ئىدۇق. بىر خىزمەتكارىمىز بىزنى ئويغاتتى. ئۇ، رۇسىيە كونسۇلخانىسىدىن رۇسىيە كونسۇلى سوكوۋنىڭ بۇ يەرگە كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلىپ، بىر كازاك كەپتۇ، دېدى. ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنچە سەھەردە بىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنلىكىنى شۇئان چۈشەندۇق. سەۋەب، ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى، ئىشخانىدىكى بىخەتەر ئامبارنى ساقلاشقا مەسئۇل چاكار كۈندۈزى شەھەردە خەلقنىڭ ھاياجاندا تەۋرەپ قالغانلىقىنى، ئىنقىلاب ئۈستىدىلا گەپ بولۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، چاكارلارنىڭمۇ جىددىيلىشىپ قالغانلىقىنى ئېرىمگە ئېيتىپ، ئۆزىنىڭدىن ئۆزىگە يەنە بىر ئادەم قوشۇپ بېرىشنى ۋە قورال ئېلىۋېلىشنى ئېيتىپ يولیورۇق سورىغانىدى.

ئېرىم ئورنىدىن چاچراپ تۇردى – دە، ھاپىلا – شاپىلا كىيىن-دى، ماڭا كۆرسەتمەي تاپانچىنى يانچۇقىغا سېلىۋالدى. ئاندىن ماڭا دەرھال كىيىملىرىڭىزنى كىيىڭ، باللارنىمۇ كىيىندۈرۈڭ، دېدى. ئۇ چىقىپ كونسۇلخانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئويغاتتى. ئۇ چاغدا سىڭلىمە-نىڭ ئېرى دونالدا بىلەن ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگو ئىچكى قۇرۇقلۇقىدا تۇ-رۇۋاتقان دىن تارقاتقۇچى ئۆمىكىدىكى خونتېر ئەپەندىمۇ چىنباغدا تۇ-رۇۋاتاتتى.

ھايال ئۆتمەي سوكوۋ بىر قانچە ئوفىتسېر بىلەن يېتىپ كەلدى.

ئۇلار، شەھەردە ھازىر ئېتىشىش بولۇۋاتىدۇ، شەھەر دەرۋازىلىرى ئېتىك بولغاچقا، زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمىدۇق. دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەنىدى.

بۇ جىددىي پەيتتە مەن بەكمۇ ئەخمىقانە بىر ئىش قىلىپ كۈلكىگە قالدىم. شۇ چاغدا كاللامغا ئەگەر بىرەرسى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىدىغان بولسا، مەن ۋە بالىلار پاكىز رەتلىك كىيىمدە بولۇشىمىز كېرەك، دېگەن بىر ئوي كەلدى. شۇڭا سائەت تۆت يېرىم بولغاندا بالىلىرىم بىلەن مەن خۇددى باغ سەيلىسىگە بارىدىغاندەك سۈتتەك ئاق كىيىم كىيىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققاندا، رۇسىيە كونسۇلى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەنلەر ھەيران بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپ قالدى.

بىر نەچچە پاي ئوق ئاۋازىدىن كېيىن، پۈتۈن جاھان تىمتاس بولۇپ كەتتى. بۇنداق تىمتاس، تىنچ ياز سەھەرىدە ھېچقانداق بىر ئىش يۈز بەرمەيدىغاندەك بىلىنەتتى.

بىز ناشتا قىلىشقا ئولتۇرغاندا، سېپىلدا بىر ئادەم پەيدا بولدى، ئۇ قولىدىكى بىر قىزىل باغاقچىنى پۇلاڭلىتىپ، مەن ئىنقىلابىي پارتىيىنىڭ ۋەكىلى بولىمەن، دېدى. بىر چاكىرىمىز يۈگۈرۈپ چىققاندى، ئۇ باغاقچىنى چاكارغا تاشلاپ بەردى. باغاقچىغا: بىچارە دوتەيي (ئۇ قاشتېشى بىلەيزۈكنى تاقىۋالغان بولسىمۇ)، ئايالى ۋە ئامبال قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەمەلدارلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى يېزىلغانىدى. ئۇ ئادەم، سىلەر ھودۇقماڭلار، ياۋروپالىقلارغا ھېچ ئىش يوق. شەھەردە ئاما قوزغىلىپ كەتكەچكە ۋەزىيەتنى كونترول قىلماق تەس. بۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى، ياخشىسى بىر نەچچە كۈن سىرتقا چىقماي ئۆيدىرەك بولۇڭلار، دېدى.

بىز دەرھال كونسۇلخانىمىزدا بار بەش دانە بايراقنى تېپىپ چىقىپ ئېسىۋەتتۇق. ئېرىم قەشقەردە تۇرۇۋاتقان ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى كىشىلەرگە، ئىشىكىنىڭ بېشىغا ئەنگلىيە دۆلەت بايرىقىنى ئېسىپ قويۇڭلار، دەپ بۇيرۇق ۋە كۆرسەتمە بەردى. ئۇلار تەييار بايراق بولمىغاچقا، ئۆزلىرى قاملاشتۇرۇپ ۋە قاملاشتۇرالماي بولسىمۇ تىكىپ ئېسى-

كالايىس، دوۋېر ئارقىلىق لوندونغا باردۇق. يول بويى بىز يىراقتىن خىرە - شىرە كۆرۈنگەن ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى دېڭىز ياقىسىدىن كۆز ئۈزمىدۇق. دېڭىز ياقىسى بارا - بارا يېقىنلاپ، مەنزىرە ئېنىق كۆرۈندى. ئاخىر دوۋېر قەلئەسى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى. ئېگىز، تىك قىيادا يېشىللىققا چۆمگەن دېڭىز ياقىسىغا بارىدىغان دۆڭدىن قارىسا، بۇ قەلئە ئاجايىپ ھەيۋەت كۆرۈنەتتى. ئۆزگە ئەللەردە ئۇزۇن يىللار يۈرگەن، ناھايىتى ئۇزاق يوللارنى بېسىپ، ئۆز يۇرتىغا كەلگەن بىزدەك ئادەملەر- نىڭ قەلبىدىلا، بۇ قەلئەنى كۆرگىنىدە ئاجايىپ بىر خىل كۆڭۈل شادلىقى ۋە چەكسىز ھاياجان دولقۇنى كۆتۈرۈلىدۇ.

## ئون ئىككىنچى باب

# جۇڭگو ئىنقىلابى

1912 ـ يىلى ، قەشقەردە ئىنقىلاب ھەققىدە مىش ـ مىش گەپلەر پەيدا بولدى . جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە ئەمەلدارلارنىڭ ئۆلتۈرۈل-گەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر تارقالدى . شىنجاڭدا مالىماتچىلىق ئاۋۋال بىر جايدا ، كېيىن باشقا جايلاردا كېلىپ چىقتى . ئاخىر بۇ يەردىكى ئە-مەلدارلارمۇ تىپىرلاپ قالدى . ئۇلار يامۇلنى چىڭ تاقاپ ئولتۇرىدىغان ، ھەتتا گەمىلەرگىمۇ كىرىشۋالىدىغان بولدى . 5 ـ ماي ، يەكشەنبە ئىدى . ئىبرىم يامۇلدىن چىقمىغىلى نەچچە ھەپتە بولغان يۈەن دوتەينى يوقلاپ باردى . ئۇنى يامۇلدىكى بىر زىندانغا كىرىۋاپتۇ . دېگەن مىش ـ مىشلار بار ئىدى . چۈنكى دوتەي ، ئەگەر ئىنقىلاب ئوتى قەشقەرگە تۇتىشىدى-غان بولسا بىرىنچى بولۇپ ئۆزىنى نەس باسىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەت-تى .

ئىبرىم يامۇلغا بېرىپ ھەيران قاپتۇ . چۈنكى يۈەن دوتەي سۆز ـ چۆچەكلەردىكىدەك ئەمەس ، بەلكى ناھايىتى خۇشال ، ئەركىن يۈرگۈ-دەك . يۈەن دوتەي ئىبرىمگە ئۆزى ، خانىمى ۋە باشقا ئەمەلدارلارنىڭ ئىن-قىلابچىلارغا ئۆزگۈن پۇل ئەۋەتىپ بەرگەنلىكى ، ئۆزلىرىنىڭ شۇنىڭ بىلەن ئىشنىڭ ھەل بولۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ . ئىبرىم بولسا كۆڭلىدە ، بۇنىڭ ئۆزۈن مۇددەتلىك ئالدامچىلىق ۋە قاتتى ـ سوقتىنىڭ باشلىنىشى بولىدىغانلىقىنى سېزىپ ئويلىنىپ قاپتۇ .

يۈەن دوتەي قولىدىكى بىر قاشتېشى بىلەيزۈكنى ئىبرىمغا كۆر-سىتىپ :

ــ قاراڭ ، بۇ قاشتېشى نەقەدەر ئېسىل ۋە چىرايلىق ـ ھە ! ئۇ

ناھايىتى جىلىق، بەكمۇ سۇزۇك ۋە نەپىس. بۇ بىلەيزۈك سۇنۇپ كەتمەي بىلىكىمدە تۇرسىلا، جېنىممۇ ئامان قالىدۇ، — دەپتۇ.

ئېرىم قايتىپ كەلدى. باغدا چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، ماڭا بۇ گەپلەرنى دەپ بېرىۋاتاتتى، بىرى يۈگۈرۈپ كىرىپ، بىزگە ئاقسۇدا ئىنقىلاب بولغانلىقى ھەققىدە خەۋەر يەتكۈزدى ۋە ئۇ يەردىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئاقسۇ قەشقەرنىڭ شىمالىدا بولۇپ، قەشقەردىن ئازراقلا كىچىك ئىدى. بىز بوران — چاپقۇننىڭ پات ئارىدا قەشقەرگە يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ، ياشىنىپ قالغان دوتەيىنىڭ قولىدىكى بىلەيزۈك نېمىمۇ قىلىپ بېرەلەر، دەپ ئويلىدۇق.

ئىككى كۈندىن كېيىن، يەنى 7 — ماي، سەھەر سائەت تۆت مەھەل، بىز قاتتىق ئۇيقۇدا ئىدۇق. بىر خىزمەتكارىمىز بىزنى ئويغاتتى. ئۇ، رۇسىيە كونسۇلخانىسىدىن رۇسىيە كونسۇلى سۇكوفنىڭ بۇ يەرگە كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلىپ، بىر كازاك كەپتۇ، دېدى. ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنچە سەھەردە بىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنلىكىنى شۇئان چۈشەندۇق. سەۋەب، ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى، ئىشخانىدىكى بىخەتەر ئامبارنى ساقلاشقا مەسئۇل چاكار كۈندۈزى شەھەردە خەلقنىڭ ھاياجاندا تەۋرەپ قالغانلىقىنى، ئىنقىلاب ئۈستىدىلا گەپ بولۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، چاكارلارنىڭمۇ جىددىيلىشىپ قالغانلىقىنى ئېرىمگە ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە يەنە بىر ئادەم قوشۇپ بېرىشنى ۋە قورال ئېلىۋېلىشنى ئېيتىپ يولىيۇرۇق سورىغانىدى.

ئېرىم ئورنىدىن چاچراپ تۇردى — دە، ھاپىلا — شاپىلا كىيىندى. ماڭا كۆرسەتمەي تاپانچىنى يانچۇقىغا سېلىۋالدى. ئاندىن ماڭا دەرھال كىيىملىرىڭىزنى كىيىڭ، باللارنىمۇ كىيىندۈرۈڭ، دېدى. ئۇ چىقىپ كونسۇلخانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئويغاتتى. ئۇ چاغدا سىڭلىمنىڭ ئېرى دونالدا بىلەن ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگو ئىچكى قۇرۇقلۇقىدا تۇرۇۋاتقان دىن تارقىتىش ئۆمىكىدىكى خونتېر ئەپەندىمۇ چىنىباغدا تۇرۇۋاتاتتى.

ھايال ئۆتمەي سۇكوف بىر قانچە ئوفىتسېر بىلەن يېتىپ كەلدى.

ئۇلار ، شەھەردە ھازىر ئېتىشىش بولۇۋاتىدۇ ، شەھەر دەرۋازىلىرى ئېتىك
بولغاچقا ، زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمىدۇق . دېگەن خەۋەرنى
ئېلىپ كەلگەنىدى .
بۇ جىددىي پەيتتە مەن يەكمۇ ئەخمىقانە بىر ئىش قىلىپ كۆل-
كىگە قالدىم . شۇ چاغدا كاللامغا ئەگەر بىرەرسى بىزگە زىيانكەشلىك
قىلىدىغان بولسا ، مەن ۋە بالىلار پاكىز رەتلىك كىيىمدە بولۇشىمىز كې-
رەك ، دېگەن بىر ئوي كەلدى . شۇڭا سائەت تۆت يېرىم بولغاندا بالىل-
رىم بىلەن مەن خۇددى باغ سەيلىسىگە بارىدىغاندەك سۈتتەك ئاق كىيىم
كىيىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققاندا ، رۇسىيە كونسۇلى ۋە ئۇنىڭ بىلەن
بىللە كەلگەنلەر ھەيران بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپ قالدى .
بىر نەچچە پاي ئوق ئاۋازىدىن كېيىن ، پۈتۈن جاھان تىمتاس
بولۇپ كەتتى . بۇنداق تىمتاس ، تىنچ ياز سەھىرىدە ھېچقانداق بىر ئىش
يۈز بەرمەيدىغاندەك بىلىنەتتى .
بىز ناشتا قىلىشقا ئولتۇرغاندا ، سىپىلدا بىر ئادەم پەيدا بولدى ،
ئۇ قولىدىكى بىر قىزىل باغاقچىنى پۇلاڭلىتىپ ، مەن ئىنقىلابىي پارتىي-
نىڭ ۋەكىلى بولىمەن ، دېدى . بىر چاكىرىمىز يۈگۈرۈپ چىققانىدى ، ئۇ
باغاقچىنى چاكارغا تاشلاپ بەردى . باغاقچىغا : بىچارە دوتەي ( ئۇ قاش-
تېشى بىلەيزۈكنى تاقىۋالغان بولسىمۇ ) ، ئايالى ۋە ئامبال قاتارلىق بىر
تۈركۈم ئەمەلدارلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى يېزىلغانىدى . ئۇ ئادەم ، سىلەر
ھودۇقماڭلار ، ياۋروپالىقلارغا ھېچ ئىش يوق . شەھەردە ئامما قوزغىلىپ
كەتكەچكە ۋەزىيەتنى كونترول قىلماق تەس . بۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆ-
زىنىڭ ئىشى ، ياخشىسى بىر نەچچە كۈن سىرتقا چىقماي ئۆيدىرەك بو-
لۇڭلار ، دېدى .
بىز دەرھال كونسۇلخانىمىزدا بار بەش دانە بايراقنى تېپىپ چە-
قىپ ئېسىۋەتتۇق . ئېرىم قەشقەردە تۇرۇۋاتقان ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى
كىشىلەرگە ، ئىشىكىنىڭ بېشىغا ئەنگلىيە دۆلەت بايرىقىنى ئېسىپ قو-
يۇڭلار ، دەپ بۇيرۇق ۋە كۆرسەتمە بەردى . ئۇلار تەييار بايراق بولمى-
غاچقا ، ئۆزلىرى قاملاشتۇرۇپ ۋە قاملاشتۇرالماي بولسىمۇ تىكىپ ئېسى-

ۋەتتى. بۇ بايراقلارنى كۆرسە ئادەمنىڭ كۈلگۈسى كېلەتتى.

خوتنىر خەنزۇلارنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، چېچىنى بىر تال ئۆرۈۋالغانىدى. ئېرىم ئۇنىڭغا بۇ «قۇيرۇق» نى كېسىۋېتىپ ياۋروپاچە كىيىم كىيىۋالمىسىڭىز كىشىلەر سىزنى خاتا ھالدا خەنزۇ، دەپ تونۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، دەپ جىق گەپ قىلدى. خوتنىر ئەپەندى ناھايىتى ئېگىز، قاۋۇل ئادەم ئىدى. ئېرىمنىڭ كىيىملىرى ئۇنىڭغا يېقىن كەلمەيگەچكە، ئۇنىڭدەك ئېگىز، قاۋۇل خاۋگېبېرگ ئەپەندىنىڭ كىيىملىرىنى ئارىيەت ئەكەلدۈرۈپ كىيدۈردۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەسلى ئۆزىگە — شوتلاندىيىلىككە ئوخشىدى.

چۈش بولغاندا، شەھەرنىڭ بىر دەرۋازىسى ئېچىلىپ، بالا قازادىن قېچىپ چىققان جوڭگو ئەمەلدارلىرى ھارۋىلارغا يوشۇرۇنۇپ چىقىپ، بىز تۇرغان جايغا كەلدى. ھارۋىلارنى بېشىغا كۈن چۈشكەن ئەمەلدارلارنىڭ دوستلىرى بولغان ئۇيغۇرلار ھەيدىگەنىدى. بىز باغدىكى بىر قانچە ئۆينى بوشىتىپ، ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇردۇق. ئۆيلەر توشۇپ كەتكەندىن كېيىن، باغقىلا چېدىرلارنى تىكتۇق. ئەمما قېچىپ چىقىۋاتقانلار شۇنچىلىك كۆپەيدىكى، بىز ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالدۇق. بۇ كىشىلەر چىنباغقا كىيىملىرى رەتسىز، ئۆزلىرى ناھايىتى ھودۇققان ھالەتتە كېلەتتى. شەھەر كوچىلىرىدا ئىنقىلابچىلار خەنجەر-قىلىچلارنى كۆتۈرۈپ، ھەممە ياقنى تېنتىپ يۈرەتتى. خەنجەر، قىلىچلارنىڭ بىسىدىكى قان يۇقىنى كۆرسە، قورقۇنچتىن ئادەمنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلاتتى.

ئۆلتۈرۈلگەن ئامبالنىڭ تۇل قالغان خوتۇنى ۋە باللىرىمۇ، بەرىنچى تۇر كومدىكىلەر بىلەن چىنباغقا قېچىپ كېلىۋالدى. ئۇ ئېرىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەچكە، ئۇنىڭدا ئادەم چىرايى قالمىغان، ئىنتايىن پەرىشان ئىدى. شۇڭا ئۇ: «مەن ھەممىنى كۆردۈم، ئۇ نېمىلەرنىڭ قايسى سۈرەتتە ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن!» دەپ توختىماي دادلاپ يىغلايتتى. ئۇلار تېخى ئۇنىڭ ئوغلىنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغانىكەن، ئۇ ئېتىلىپ بېرىپ، بالىنىڭ بىر قو-

شۇق قىلىندىن كېچىڭلار، دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇلار سەل چوڭراق بالىلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاچقا، ئۇنىڭ بالىسىنى قولىغا بېرىپتۇ. بۇ ئايال يېڭى تۇغۇتلۇق ئىكەن. قاتتىق قورقۇنچتا بالىغا سۈتىمۇ چىقمىدى. مەن ئۇنىڭغا ئېمىزگە ۋە بالىنىڭ يىمەكلىكلىرىنى بەردىم ( بۇ چاغدا بىزنىڭ كىچىك بالىمىز تېخى يېشىغا توشمىغانىدى ). بۇ ئايال قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ كەتتى. بالىسى بولسا ئەمرىپ قالدى. ئىنقىلابچىلار ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ كەلگەنلەرگە ناھايىتى كۆپ ئىنئام بېرىشنى جاكارلىغان بىر قانچە ئەمەلدارلارمۇ چىنباغقا قېچىپ كېلىپ، باغدىكى چېدىردا بىر قانچە ھەپتە تۇردى.

بەش كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى تۈن تەڭ مەھەل، شۋېتسىيىلىك دىن تارقاتقۇچىدىن ئىككىسى ئۇيغۇرچە كىيىنگەن، كۆرۈنۈشى ناھايىتى ئېچىنىشلىق بىر ئادەمنى يۆدۈپ چىنباغقا ئېلىپ كەلدى. ئۆيگە كىرگەندە، ئېرىم ئۇنىڭ شەھەردىكى بىر ئەمەلدار ئىكەنلىكىنى تونۇدى. ئۇ سەيشەنبە كۈنى، يەنى توپىلاڭدىن كېيىن يوقىلىپ كەتكەنىكەن. ئۇ ئەمەلدار بولغان چاغلىرىدا خەلققە قاتتىق زۇلۇم قىلغاچقا، ئۇنىڭغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتكەن توپىلاڭچىلار ،ئۇنى چوقۇم تۇتماي قويمايمىز ، ھەر قانچە كۆپ پۇلمۇ ئۇنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ ، دەپ جاكارلىغانىكەن. ئۇ جان قايغۇسىدا سارالاڭدەك بولۇپ، ئاق كۆڭۈل بىر ناۋايىنىڭ تونۇرىدا بەش كۈن يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ. ناۋاي ئۇنىڭغا تۇغرىلىقچە نان بېرىپ بېقىپتۇ. بىز مۇھاپىزەتچى كۈچىمىز بولمىغاچقا، بۇنداق زالىم، نامى يامان ئادەمنى قوغداپ قالالمايتتۇق. ئۇنىڭ جېنىنى 60 كازاك ئەسكىرى بار رۇسىيە كونسۇلخانىسى ساقلاپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئېرىم بىلەن ئىنىسى ئازراق يىمەكلىك بېرىپ، ئۇنى ئېتىز ئىچى بىلەن مېڭىپ، تۇيدۇرماستىن رۇسىيىلىكلەرنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قويدى. رۇسىيىلىكلەر ئۇنى دەرھال ھېچكىمگە كۆرسەتمەي بىر ئۆيگە سولاپ قويۇپتۇ. بىر قانچە ھەپتىدىن كېيىن، خەت-چەك توشۇيدىغان ئىككى كازاك ئۇنى كازاك ئەسكەرچە كىيىندۈرۈپ،

رۇسىيىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. ئۇ رۇسىيە ئارقىلىق جۇڭگودىكى يۇرتىغا قايتىپ كېتىپتۇ.

شەھەردە جۇڭگو ئەمەلدارلىرى ئۆلتۈرۈلگەن كۈنى، توپىلاڭ-چىلار بۇ ئەمەلدارنى تاپالماي، ئۇنىڭ كىچىككىنە ئوغلىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆلتۈرۈۋېتىمىز، دەپ جار سېپتۇ. ياۋۇز بىر ئەبلەخ قىلىچتا ئۇنىڭ بې-شىنى ئازراق تىلىۋېتىپتۇ. بالىنىڭ ئانىسى ھېچنەرسىگە قارىماي ئۆزىنى ئېتىپ بالىنى قۇتقۇزۇۋاپتۇ. كېيىن قېچىپ بىر ياخشى نىيەتلىك ئۇي-غۇرنىڭ بالىخانىسىغا يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. بالا داۋالىنالمىغاچقا، يارا ئېغىزى چۈشىنىڭ پوقى ۋە توپا ـ چاڭدىن يىرىڭداپ كېتىپتۇ.

ئۈۋېتسىيە دىن تارقاتقۇچىلار ئۆمىكى دوختۇرخانىسىدىكى سېس-ترالار بىر كېسەلدىن بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپتۇ ـ دە، باتۇرلۇق بىلەن شە-ھەرگە كىرىپ ئىزدەپ ـ سوراپ ئۇلارنى تېپىپتۇ ھەمدە ئۇلارنى داۋالاش-تىن كېيىن، ئۇنىڭ كېسىلى ساقايدى. ئۇلار كېيىن بىر قانچە خەنزۇ ئاياللار ۋە بالىلار بىلەن ئىچكى ئۆلكىگە قايتىپ كەتتى. شۇنىڭغىچە ئې-رىنىڭ ئىز دېرىكىنى ئالالماي، ئۇنى چوقۇم ئۆلۈپ كەتتى، دەپ ئويلى-غان بۇ ئايال، ئېرى بىلەن خوتەندىكى يۇرتىدا ساق ـ سالامەت كۆ-رۈشكەن. ئويلاپ كۆرۈڭ، بۇ نەقەدەر خۇشاللىق ۋە كۆڭۈللۈك ئۇچ-رىشىش، ھە! ئەپسۇسكى، قەشقەردە بۇنداق ئويدان كۈنلەرگە ئۇلاشقان ئەمەلدارلار ئائىلىسى يوق دېيەرلىك.

قەشقەر كونا شەھەردە ئىنقىلاب بولۇپ ئەتىسى، قەشقەرنىڭ مۇ-ئاۋىن دوتىيى ياڭ غوجام بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ، ئېرىم بىلەن نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى مۇزاكىرە قىلدى. ياڭ غوجام ھايات قالغان ئاز ساندىكى يۇ-قىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ بىرى ئىدى. تۇساتتىن بىر ئادەم پالاقلاپ كېلىپ، قەشقەر يېڭىشەھەردىمۇ جۇڭگو ئەمەلدارلىرى ئۆلتۈرۈ-لۈۋاتىدۇ، دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. مۇئاۋىن دوتەي دەرھال چىقىپ ئېتىغا منىدى ـ دە، بىر نەچچە ئادەم بىلەن يېڭىشەھەرگە قاراپ چېپىپ كەت-تى. يېڭىشەھەر دەرۋازىسىغا كەلگەندە، ئۇ بىر توپ توپىلاڭچىنىڭ بىر خەنزۇ ئادەمنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. مۇئاۋىن دوتەي

ئۇلاردىن ، بۇ ئادەمنى نېمە ۋەجىدىن ئۆلتۈرمەكچىسىلەر ، دەپ سوراپتۇ .

— ئۇ چېچىنى كېسىۋېتىپتۇ ! — دەپتۇ بىر ئادەم .

— قاراڭلار ، — دەپتۇ مۇئاۋىن دوتەي ، — مانا مېنىڭ چېچىمنى كېسىۋەتتىم . ئاۋۋال مېنى ئۆلتۈرۈڭلار ، ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈرسەڭلەرمۇ كېچىكمەيسىلەر ، — دەپتۇ .

توپىلاڭچى ئامما ئۇنىڭ باتۇرلىقىغا قول قويۇپ ، دەرھال تىزلىنىپتۇ - دە ، ئۇنىڭدەك قورقماس ، يۈرەكلىك ئادەمنىڭ مويىغا تەگمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ .

— ئۇنداق بولسا ، بۇ ئادەمنى قويۇۋېتىڭلار ، — دەپتۇ مۇئاۋىن دوتەي . ياڭ دوتەي يامۇلغا كىرىپ ياساۋۇل يىگىتنىڭ ھايات قالغانلىقى ئەمما بىر قانچە ئەمەلدارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلىپتۇ .

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ، يېڭىشەھەردىن بىر تېلېگرامما تاپشۇرۇۋالدۇق . ئۇنىڭدا بۇ يەردىكى توپىلاڭچىلارنى تىنجىتالمىدۇق . ئۇلار قىرىمىز ، چاپىمىز ، دەپ ئەلپازىنى يامان قىلىپ شەھەرگە ماڭدى . بۇ ئادەملەر ياۋروپالىقلارنى ھۆرمەت قىلمايدۇ ، دەپ يېزىلغانىدى .

بۇ تېلېگراممىنى كۆرۈپ ، بىز ئەڭ يامان ئاقىۋەتنى نەزەردە تۇتۇپ تەييارلىق كۆرۈپ قويۇش لازىملىقىنى چۈشەندۇق . ئېرىم شۇئان ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى پۇقرالارغا ، پۇلغا يارىغۇدەك نەرسە كېرەكلەرنى ئېلىپ كونسۇلخانىغا كېلىپ يوشۇرۇنۇشنى ئۇقتۇردى . ئۇلارنى كونسۇلخانا ئىچىدىكى قوغدىنىشقا ئەپلىك يوغان بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرماقچى ، زۆرۈر تېپىلغاندا كونسۇلخانىدىكى بارلىق خادىملارمۇ مۇشۇ ئۆيگە بېكىنمەكچى بولدى . كېيىن بىلسەم ، ئېرىم ئىنىسى بىلەن توپىلاڭچىلارغا تەڭ كېلەلمەي قالسا ئاياللار ۋە باللارنى قانداق قىلىپ ئالدىن چېكىندۈرۈپ كېتىش ئۈستىدىمۇ مەسلىھەتلىشىۋالغانىكەن . بىز ئورام - ئورام بىنتلارنى تەييارلىدۇق . باللارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى يىغىپ تاڭدۇق . باللارنىڭ يېمەكلىكلىرىنى خالتىلارغا سالدۇقتە ، ھەممىنى تاسادىپىي بىر ئەھۋالدا ئىشلەتمەكچى بولۇپ ، بىز شۇنداق چاغدا بارىمىز ، دېگەن جايغا ئاپىرىپ تىقىپ قويدۇق .

كونسۇلخانىدىكى چاكارلار ۋە باشقا خادىملار خەنجەر، تاياق، كونا خەنجەر قاتارلىق قوراللار بىلەن قوراللاندى. ھەتتا ئائىلە ئوقۇتقۇچىمىز كرېسۋېلمۇ بىر چەيدو بىلەن تۆمۈر تاياقچىنى كارنۇتتى ئاستىغا تىقىپ قويدى. ئىش ئۆتكەندىن كېيىن بىرى ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى ئېيتىپ بەردى: شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكى دوختۇرخانىسىدىكى بىر سېستىرا ھەتتا چوڭ بىر ئىشپىرىسقا كىسلاتا قاچىلاپ، ئەگەر توپىلاڭچىلار ماڭا ھۇجۇم قىلسا، بۇنى شۇلارغا چېچىپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى نەچچە كۈنگىچە ھېچنەرسە كۆرەلمەيدىغان قىلىۋېتىمەن، دەپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرۇۋېتىپتۇ. بىز جىمى ئىشنى تەخ قىلىپ، نەچچە كۈنگىچە تولۇق قوراللىنىپ، پۈتۈن يېتىپ، پۈتۈن قوپۇپ يۈردۇق. دونالد بىلەن خونتېر ئەپەندى ئۆي ۋە باغ ئەتراپىدا نۆۋەت بىلەن قاراۋۇللۇق قىلدى.

كۈندۈزى بىر نېمىلەرنى قىلىپ ئۆتكۈزۈۋۈپ، ئاخشىمى يېتىپ ئارام ئېلىشمۇ چوڭ ئىش بولۇپ قالدى. ئەتراپىمىزدا غەلىتە بىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. توساتتىن بىر كۈنى كېچىدە ئېتىلغان ئۈچ پاي ئوق پۈتۈن چىنىباغدىكى كىشىلەرنى چۆچۈتۈپ ئۇيقۇدىن ئويغاتتى. ھەممىمىز يۈرىكىمىز ئاغزىمىزغا تىقىلغان ھالدا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ بىر يەرگە يىغىلدۇق. ھەممەيلەن ئەمدى ھۇجۇم باشلىنىدىغان بولدى، دېگەن ھېسسىياتتا كۈتۈپ تۇردۇق. ئەمما ھېچقانداق ئەھۋال يۈز بەرمىدى. خورازلار چىللاپ، دەرەخ شاخلىرىدا قۇشلار ۋىچىرلاپ سايراشقا باشلىدى. سېخىي قۇياش كائىناتقا ئىللىق نۇر چاچتى، كېچىنى ۋەسۋەسە ۋە قورقۇنچتا ئۆتكۈزگەن كىشىلەر تەبىئەتنىڭ بۇ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنىڭ تەسىرىدە يېنىكلەپ قالدى. بۇ چاغدىكى مەنزىرە ۋە كەيپىياتنى تەسۋىرلەش قىيىن ئىدى. كېيىن ئېنىقلىشىمىزچە، يېڭىشەھەردىن توپىلاڭچىلار ئەھەرگە قاراپ ماڭغان، كېيىن نېمە سەۋەبتىندۇر كەينىگە يېنىپ كەتكەنىكەن. مەن بۇنى پەقەت دېنسوننىڭ① «دۇئا ـ تىلاۋەتنىڭ قۇدرىتى ئىنسانلارنىڭ ئارزۇ ـ تەلەپ قىلغىنىدىن چەندان

① دېنسون ـ ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر شائىرى.

ئارتۇق بولىدۇ » دېگەن گېپى بىلەنلا چۆچەندۈردۈم . توپىلاڭچىلارنىڭ كېچىدە بۇلاش ـ تالاش ، ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئاتلىنىپ ، يەنە كەي-نىگە يېنىپ كېتىش ئىشى كېيىن يەنە بىر قانچە نۆۋەت بولدى . بىزنى چۆچۈتۈپ پاراكەندە قىلىۋەتكەن ئۈچ پاي ئوق دوتەيىنى ئۆلتۈرگەنلەر ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى گىرىكە سالغان چاغدا ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاتقان ئوق ئىكەن . دوتەيىنىڭ قېرى خانىمىنى ئۆلتۈرگەنلەرنى ئۆز پارتىيىسىدىكى باشقا كىشىلەر قېرى بىر مەزلۇمنىمۇ ئۆلتۈرەمسىلەر ، دەپ قاتتىق ئەيىبلەپتۇ . ئۇلار بولسا ، سۇيىمى مەھەلدىكى قاراڭغۇلۇقتا ئۇنى خاتا ھالدا دوتەي ئوخشايدۇ ، دەپ ئۆلتۈرۈپ ساپتىمىز ، دەپ ئۆز-لىرىنى ئاقلاپتۇ .

قەشقەردە ئىنقىلاب پارتلاپ بىر ھەپتە ئۆتكەندە ، ئىنقىلاب ھەر-كەتى يېڭىسارغىمۇ يېتىپ باردى ( قەشقەردىن ئىككى كۈنلۈك يول ) . يېڭىساردىكىلەر يەرلىك ئەمەلدارنى ئۆلتۈرۈشكە مەلۇم بىر كۈننى بەلگى-لەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەمەلدار قورقۇنچقا چۈشۈپتۇ . ئۇنى ئۆلتۈرۈ-مىز ، دېگەن كۈنى شۇنداق قاتتىق بوران چىقتى . بوران قەشقەرگە كەلگەندە جاھاننى بىردىن قاراڭغۇلۇق بېسىپ ، ھېچنەرسىنى كۆرگىلى بولمىدى . بوران ھۆركىرىگىنىچە يېڭىسار تەرەپكە ماڭدى . توپا ـ چاڭ ، قۇم تۇۋرۇكلەر شۇنداق قورقۇنچلۇق ئىدىكى ، يېڭىسارلىقلار بۇنى كۆرۈپ ۋەھىمىگە چۈشۈپتۇ . يېڭىسارنى ئۇلار ھېچقاچان كۆرۈپ باقمى-غان ، ئىلگىرىكى ھەر قانداق چاغدىكىگە ئوخشىمايدىغان بىر زۇلمەت بىر قاراڭغۇلۇق ئۆز ئىلكىگە ئاپتۇ . بورانمۇ ئادەملەرنى ئۇچۇرۇپ كەتكۈدەك دەھشەتلىك چىقىپتۇ . يېڭىساردىكى ئىنقىلابچىلار خۇدا بىزنىڭ يەرلىك ئەمەلدارنى ئۆلتۈرۈشىمىزدىن غەزەپكە كەلگەن ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپ ، بۇ ئىشنى كېچىكتۈرۈشنى قارار قىلىپتۇ . ئۇلار ئەس ـ ھوشىنى يىغىپ ئۆ-زىگە كەلگۈچە ئارىلىقتا ، قەشقەردىكى ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتتىن ، ئادەم ئۆلتۈرۈش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ ، دېگەن بۇيرۇق كەپتۇ . شۇنىڭ بى-لەن يېڭىساردىكى يەرلىك ئەمەلدارنىڭ جېنى ئامان قاپتۇ . كېيىنمۇ قان-لىق ۋەقەلەر بولماپتۇ .

ئېرىم بىلەن دونالد جۇڭگولۇقلارغا سىلەر بىزگە بىخەتەر بولىسىلەر ، دەپ كاپالەت بەرگەن ، شۇ كاپالىتىڭلارغا ئىشىنىمىز ، دېگەننى بىلدۈرۈش مەقسىتىدە ، ھەمراھىمۇ ، قوروغچىمۇ ئالماي ئۆزلىرىلا ئاتلىق شەھەرنى ئايلىنىپ چىقتى . بۇ ئىككىيلەننىڭ ھېچنېمىدىن قورقماس جاسارىتى جۇڭگولۇقلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇپتۇ . شۇڭا ئۇلارنى دۈشمەن قاتارىدا كۆرمەپتۇ . كېيىن دونالد مېنىڭدىن توققۇز ياشلىق ئوغلۇم ئارايكنى ئاتقا مىندۈرۈپ شەھەرنى ئايلاندۇرۇپ كېلىشنى ئىلتىماس قىلدى . بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئارايك خۇشال بولۇپ كەتتى . لېكىن ، مەن راست گېپىمنى قىلسام ، بۇنداق قىلىشنى ئانچە خالىمىدىم . ئەمما ، بۇ ئىش تۈپەيلى ئارايكنىڭ ئىشەنچى ئاشىدىغان بولسا ، بوپتۇ ، بارسۇن ، دەپ ئويلىدىم . ئۇلار ئاتلىق شەھەرگە كىرىشكە ئەسكەرلەر ئارايك مىنىگەن ئاتنى قاتمۇ قات قورشىۋېلىپ ئۇنى ماڭغۇزماپتىكەن ، قورققىنىدىن دونالدنىڭ جېنى چىققىلى دەپتۇ . ئەمما ، بۇ ئۇلارنىڭ ئۇنى كۆرۈپ خۇشال بولغانلىقى ، قىزىققانلىقى ۋە قارشى ئالغانلىقى ئىكەن . بۇ كىشىلەر جۇڭگولۇقلارنىڭ كىچىك بالىلارغا ئامراق تەبىئىتىنى نامايان قىلىپ ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن كەمپۈت ، پېچىنە بېرىپتۇ . لېكىن بۇ كىشىلەر تېخى بىر نەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا نۇرغۇن يامان ئىشلارنى قىلغانىدى . ئەسكەرلەرنىڭ سوۋغاتلىرىنى ئالغاندىن كېيىن ، دونالد بىلەن ئارايك گازارمىنى كېسىپ ئۆتۈپتۇ . ئەمما ھېچكىم ئۇلارغا يامان كۆزدە قارىماپتۇ ۋە ھاقارەتلىك ئىشلارنى قىلماپتۇ .

چوڭراق ئىككى بالىمىز بۇ كۈنلەردە بىز يولۇققان مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىگەن بىلەن ، دادىسىغا ، دادىسىنىڭ ھوقۇقىنىڭ بارلىق قېيىن ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا كۈچى يېتىدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ، نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ ، پەقەتلا غەم قىلمىدى . كىرپىسلوۋ خېنىممۇ شۇنداق ئويدا ئەمكىن ، بىمالال يۈرەتتى ، ئۇ ئەقىل - پاراسەتلىك ، پەملىك ئىدى . لېكىن ، مەن بەزى چاغلاردا ، تاڭ ئاتقۇچە ئارىلىقتا كۈتۈلمىگەن قانداق ئىشلار يۈز بېرەركىن ، دەپ ئۆزۈمچە غەم - ئەندىشىگە چۈشەت-

تىم . باللىرىمنىڭ خاتىرجەم ، تىنچ ئۇخلاۋاتقىنىنى كۆرگىنىمدە ، كۆڭلۈم جايىغا چۈشۈپ قالاتتى .

ۋەقە ئىككى ئاي داۋام قىلدى . بۇ ئارىلىقتا قەشقەرنى چوشقا سويۇپ ساتىدىغان بىر قاسساپ بىلەن بىر ساتىراش سورىدى . بالا- قازادىن ئامان قالغان ساناقلىقلا ئەمەلدارلارمۇ شۇلارنىڭ قاش- قاپىقىغا قاراپ ئىش قىلدى . يېڭى ھۆكۈمرانلار ئىبرىم ۋە سوكوف بىلەن دوستانە ئالاقە ئورنىتىشقا ئالدىرىدى . ئەمما چەت ئەل كونسۇلخانىسى ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلمىدى .

بىز شۇنداق ياشاۋەردۇق . كونسۇلخانىمىزغا قېچىپ كېلىۋالغانلارمۇ چىنىباغدا تۇرىۋەردى . ئۇلارنى ئۆلتۈرىمىز دېگۈچىلەر بىزنىڭ ئەسكىرىمىز يوقلۇقىنى ، ئۇلارنى تۇتىمىز دېسىلا ، تۇتۇپ كېتەلەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى . لېكىن ئۇلار ھەر قېتىم دەرۋازا ئالدىغا كېلەتتىيۇ ، ئەنگلىيە بايرىقى ئاستىدىن ئۆتۈپ ، ئىچكىرىگە كىرىشكە پېتىنالماي كېتەتتى . بىز قىزغىن سۆيىدىغان ، دۆلىتىمىزگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ بايراقلار ، بىزگە ھەمراھ بولۇپ چىنىباغدا توپتوغرا ئالتە ھەپتە لەپىلدەپ تۇردى .

ئەڭ خەتەرلىك پەيتلەر ئۆتۈپ كەتتى . يېڭىشەھەرنىڭ ياساۋۇل بېگى يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ بىر توپ مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەرنىڭ قوغدىشى بىلەن قەشقەرگە بىزنى يوقلاپ كەلدى . ئۇنىڭ خانىمىنى تونۇيتتۇم . شۇڭا ئۇنىڭغا بولغان ئالاھىدە دوستانىلىقىمىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ، چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈم . ئۇ مېنىڭدىن ئىنقىلاب كۈنلەردە بەك تەشۋىشلەندىڭىزمۇ ، يوق ، قاتتىق قورقۇپ كەتتىڭىزمۇ ، قانداق ، دەپ سورىدى .

— ياق ، سىلەر بىزگە كاپالەت بەرگەن تۇرساڭلار ، بىز نېمىدەپ تەشۋىشلىنەتتۇق ؟ — دەپ جاۋاب بەردىم .

بۇ گېپىمدىن ئۇ خۇشال بولدى . ئىبرىم گېپىمگە ئۇلاپلا شۇنداق دېدى :

— بىزنى ئۆلتۈرىمىز دېسەڭلار ئاسان گەپ ، لېكىن بۇنداق قىل-

ساڭلار، كېيىن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ. — ئېرىم بۇرۇلۇپ ئىشىك ئالدىدىكى ئەسكەرلەرگە قاراپ دېدى، — گېپىمنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ سىلەردىن كونسۇلخانا خادىملىرىنىڭ ھاياتىغا مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئېسىڭلاردا تۇتۇۋالدىڭلارمۇ؟

ئەسكەرلەر جىددىي قىياپەتتە باش لىڭشىتتى. بۇ ئىش باللارچە قىلىققا ئوخشاش، ئادەمنىڭ كۈلكىسىنى كەلتۈرسىمۇ، بىز قاپىقىمىزنى تۈرۈپ، ھۆكۈمەت ئىشىنى ھۆكۈمەت ئىشىدەك قىلىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالدۇق.

تەخمىنەن ئىككى ئايدىن كېيىن، قەشقەرگە بىر پولك رۇسىيە ئەسكەرلىرى كېلىپ، بۇ يەردە تەرتىپ ساقلىدى.

رۇسىيە تەرەپنىڭ ھەربىي جەھەتتە قەشقەرگە ھەددىدىن زىيادە قىزغىن ئېپادىدە بولغانلىقى ۋە ۋەزىيەتنى خاتا چۈشىنىۋېلىشى تۈپەيلى، ئۇلار بىلەن جۇڭگولۇقلار ئوتتۇرىسىدا جەڭ بولۇپ كەتكىلى تاس ـ تاماس قالدى. بۇ ئىشلارمۇ بىزگە تەسىر قىلىپ، بىزنى ۋەھىمىگە سېلىپ قويدى. ئەلۋەتتە، رۇسىيە ئەسكەرلىرى كېلىپ، بۇ رايوننىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىغانلىقى ئۈچۈن، بىز خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالغانىدۇق. لېكىن، مەن ئىشىنىمەنكى بۇ ئەسكەرلەر ئۆزلىرىنى بۇ يەرگە يۆتكەپ كېلىشنى پەقەت بىر باھانە، يالغانچىلىق دەپ قارىغان ھەمدە بۇ يەردىكى تىنچ، مەنىسىز تۇرمۇش ئۇلارغا ياقمىغان. رۇسىيە كونسۇلخانىسى رۇسىيە قوشۇنلىرى كەلگەن كۈنى بۇ بوستانلىقنىڭ چېتىدىكى يوغان بىر باغدا، ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ناھايىتى كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزدى. قەشقەردىكى بارلىق ياۋروپالىقلار بۇ مۇراسىمغا تەكلىپ قىلىندى.

يېقىندىن بېرى جىددىيلىك، ۋەھىمە ئىچىدە ياشىغان بىز ئۈچۈن، قوملۇقلارنى كېزىپ كەلگەن ئەسكەرلەر پولكىنىڭ چىرايىنى يېقىملىق مۇزىكا ساداسى ئىچىدە كۆرۈشنىڭ نەقەدەر خۇشاللىنارلىق، ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان كۆرۈنۈش بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ ئوفىتسېرلىرى ئاتتىن چۈشكەندىن كېيىن، تونۇشتۇرۇشلار باشلاندى. ياساۋۇل بېگى بىلەن ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ يېڭى رەھبەرلىرىنىڭمۇ ماشىنا بىلەن كەلگەنلىكى سورۇن ئەھلىنى ھەيران قالدۇردى.

ئۇلار ئەسلى ئېرىمنىڭ ياساۋۇل بېگىگە، رۇسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ كېلىشىگە قارشى تۇرسىڭىز ئاقىللىق بولمايدۇ، ياخشىسى ئۇلارغا مېھمان سۈپىتىدە ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىڭ، دەپ قىلغان نەسىھىتى بىلەن كەلگەنىدى.

رۇسىيە ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ مايور دەرىجىلىك قوماندانى ئېرىمگە:

— نېمە ئىش بولۇپ كەتتى، ھېچ بىلمىدىم. بىز ئەسلى قەشقەرگە جەڭ بىلەن كىرىمىز، دەپ ئويلىغان. ئەمدى قارىساق، قەدىناس دوستلاردەك قارشى ئېلىنىۋاتىمىز! — دېدى.

رۇسىيە ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ ئاساسلىق قىسمى شەھەرگە بىر قانچە ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان بىر يېزىدا تۇردى. قالغانلىرى رۇسىيە كونسۇلخانىسىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر قىسمىغا قوشۇلدى.

ئەمما كۆپ ئۆتمەيلا، باتۇر، ئۇرۇشقا ماھىر رۇسىيە ئەسكەرلىرى تۇرمۇشنىڭ مەنىسىز، زېرىكىشلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن غەرق مەست كازاك ئەسكەرلەر بىلەن جۇڭگو ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش، كېيىنچە ئانچە - مۇنچە ئېتىشىش پەيدا بولدى. بىر كۈنى ئاخشىمى، بىز ياتايلى دەپ تۇرغانىدۇق. رۇسىيە كونسۇلخانىسى ئەۋەتكەن بىر خەۋەرچى قەشقەر شەھەر دەرۋازىسى بۇزۇلاي دەپ قالدى، سىلەر توپىلاڭدىن، ھەتتا قانلىق جەڭدىن مۇداپىئەلىنىشكە تەييارلىنىشىڭلار كېرەك، دېگەن بىر قورقۇنچلۇق خەۋەرنى يەتكۈزدى. رۇسىيىلىكلەرنىڭ بۇنداق جىددىي تەدبىر قوللىنىشىدا مۇنداق سەۋەب بار ئىكەن: شۇ كۈنى كۈن پېتىپ، شەھەر دەرۋازىسى تاقىلىشقا يېقىن بىر توپ كازاك ئەسكەر ئاتلىق بازار ئايلىنىپتۇ. ھەر يىلى بۇ كۈن خەنزۇلار ئۈچۈن ئالاھىدە بىر كۈن بولۇپ، بۇ كۈنى ئۇلار ئىبادەتخانىلار ياكى

ئىلاھ سۇپىسى ئالدىدا ئۆلۈپ كەتكەن يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ ئەرۋاھىغا
قەغەز كۆيدۈرىدىكەن . كازاك ئەسكەرلەر بۇنى كۆرۈپ قېلىپ ، بۇ ئىشقا
قىزىقىپتۇ ـ دە ، ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ، ئاتلارنى باغلاپ قويۇشنىمۇ ئۇنۇ-
تۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىشىغا قاراپ تۇرۇپتۇ . كازاك ئەسكەرلەرنىڭ كۆزى
رۇسلار ئولتۇرغان بىر ئۆينىڭ يېنىدا كۆيدۈرۈلگەن قەغەزنىڭ كۆپلۈ-
كى ، ئوتنىڭ ئۇلۇغلۇقى ، ئۆيگە ئوت كېتىش خەۋپى بارلىقىغا چۈشۈپ-
تۇ ، بۇ ئىش توغرىسىدا جۇڭگولۇقلارنى ئاگاھلاندۇرۇپتۇ . جۇڭگولۇقلار
بولسا ، يوقىلاڭ ئىشقا ئارىلاشماي يولۇڭغا ماڭ ، دەپ ھەيدەپتۇ . شۇنىڭ
بىلەن ئىككى ئوتتۇرىدا ئېغىز جېڭى باشلىنىپ كېتىپتۇ . بۇ ئارىدا
كازاكلار ئاتلىرىنىمۇ ئۇنتۇپتۇ . تۇيۇقسىز قاتتىق ھاۋا گۈلدۈرلەپ ئاتلار
ئۈركۈپ كېتىپتۇ ـ دە ، شەھەرنىڭ تار كوچىلىرىدىن چېپىپ ئۆتۈپ
شەھەردىن چىقىپ ، ئۇدۇل رۇسىيە كونسۇلخانىسىدىكى ئاتخانىغا قايتىپ-
تۇ . كازاكلار يۈگۈرۈپ دەرۋازا قېشىغا كەلگەندە ، دەرۋازىلار تاقىلىپ
بولغانىكەن ، ئۇلار دەرۋازىنى ئاچقۇزالماي شەھەردە قونۇپ قاپتۇ .
رۇسىيە كونسۇلخانىسىغا ئاتلار قايتىپ كېلىپ ، كازاك ئاتلىق
ئەسكەرلەر قايتىپ كەلمىگەندىن كېيىن ، كونسۇلخانىدىكى بىرى بېرىپ
بۇ ئىشنى كونسۇلغا ئېيتىپتۇ . بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇ ئەندىشىگە چۈ-
شۈپتۇ ، قوللىرىنى قاتتىق ئىشقىلاپ :
— ئەگىرىم ، بىچارە كازاكلىرىم ، شەھەردە ئۇلار قولغا چۈشۈپ
قاپتۇ ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشىدۇ ، چوقۇم قۇتقۇزۇۋېلىشىمىز لازىم ، — دەپ-
تۇ .
بۇ بۇيرۇقنى بىرى دەرھال يېزىدا تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەرگە يەت-
كۈزۈپتۇ . رۇسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى شۇئان ئاتلىرىغا مىنىپ ،
رۇسىيە كونسۇلخانىسى ئالدىغا يىغىلىپتۇ . كۈچكە تولۇپ ، قولى قىچى-
شىپ تۇرغان بۇ جاسارەتلىك ئەسكەرلەر ، ئاخىر جەڭ قىلىدىغان ، ئۆ-
زىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىدىغان پۇرسەت كەلدى ، دەپ
ئويلاپ ، تۇن تەڭ مەھەلدە شەھەر دەرۋازىسىنى ئۇرۇپ بۇزۇپ يوغان
تۆشۈك ئېچىپ ، شۇ ئارقىلىق دەرۋازىنى ئېچىپ شەھەرگە كىرىپتۇ .

كېچىچە چاقماق ۋە گۈلدۈرماما بىلەن شارقىراپ قاتتىق يامغۇر
ياغدى . كازاك ئەسكەرلەر باتۇرلۇق بىلەن شەھەرگە بېسىپ كىرگەندە ،
شەھەر تىمتاس بولۇپ ، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئېغىر ئۇيقۇدا ياتقان
ياكى يامغۇردىن ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالغانىكەن . ئىش تېرىغان كازاك
ئەسكەرلەرمۇ ، بۇنچە غەلۋە ـ غوۋغا ، پاراكەندىچىلىك بولۇپ كەتكەنلى-
كىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي ، غېمىدە يوق چايخانىدا كۆڭۈل ئېچىپ
ئولتۇرغانىكەن . شەھەرگە كىرگەن كازاك ئەسكەرلەر ئۇلارنى تاڭ ئات-
قاندا ،ئاندىن تېپىپتۇ .
رۇسىيىلىكلەر ھەيۋىمىزنى بىر كۆرسىتىپ قويۇش كېرەك ، دەپ
ئويلاپتۇ ـ دە ، مايور بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى بازار مەيدانىغا ئورۇنلاش-
تۇرۇپ ، بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقى-
رىپتۇ . بۇنىڭ بىلەن موللىلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپتۇ . باشقا ئەس-
كەرلەر كوچىلاردا كۆزەت قىلغاچ يوقاپ كەتكەن ئەسكەرلەرنى ئىزدەپ-
تۇ . كېچىچە يامغۇردا يۈرگەچكە ، ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى سۇغا چۈ-
شۈپ كەتكەن توخۇدەك ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ .
مۇستەھكەم ، ھەممە يېرى ھىم يامۇلدا بوران ـ يامغۇرنى كۆرمەي
بەخىرامان ئۇخلىغان جۇڭگو ئەمەلدارلىرى ، شەھەردە يۈز بەرگەن
ئىشلاردىن ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا خەۋەر تېپىپتۇ . شەھەر دەرۋازىسىنىڭ
بۇزۇۋېتىلگەنلىكى ، قەشقەرنىڭ رۇسىيە ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئىشغال
قىلىنغانلىقىنى بىلىپ ھەيران بوپتۇ ۋە قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ .
ياساۋۇل بېگى دەرھال كېلىپ ئېرىم بىلەن كۆرۈشتى . ئۇ غەزەپ
بىلەن :
— بۇ زادى نېمە ئىش ، بۇ ئاشكارا بىزگە جەڭ ئېلان قىلغان-
لىقتۇ ! مەن ئەسكەرلەرگە سېپىل ئۈستىگە چىقىپ ، توپ ـ زەمبىرەك-
لەرنى رۇسىيە كونسۇلخانىسىغا توغرىلاشقا بۇيرۇق بەردىم ، — دېدى ،
ئېرىم ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ ، سىلەر رۇسىيىلىكلەرنىڭ چىشىغا
تەگمەڭلار ، بولمىسا سىلەر رۇسىيىلىكلەرنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ ، رۇسى-
يىلىكلەرنى پايدىغا ئېرىشتۈرۈپ قويىسىلەر . شۇڭا بۇدا مېنىڭ سىزگە

تەكلىپىم، بايىقى بۇيرۇقىڭىزنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بۇ ئىشنى رۇسىيەلىكلەرنىڭ خاتالىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋەقە قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىڭلار، ئىشنىڭ ھەقىقىتىمۇ شۇ، دېدى.

ئىش شۇ تەرزدە ھەل قىلىندى. رۇسىيىلىكلەر دەرۋازىنى ياساپ بەردى!

جۇڭگولۇقلار ئىنقىلابقا قاتناشقان بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى شىنجاڭنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىگە يۆتكەشنى قارار قىلدى ۋە بۇ ئەسكەرلەرنى 1912 ـ يىلى كۈزنىڭ مەلۇم بىر كېچىسى شەھەردىن ماڭدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئەسكەرلەر ئۈرۈمچىگە مارالبېشى بىلەن باراتتى. بازاردا كىشىلەر بىر قىسىم جۇڭگو ئەسكەرلىرىنىڭ قەشقەردىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئوچۇق ـ ئاشكارا سۆزلەپ يۈرۈشتى. بۇ گەپ رۇسىيىلىكلەرنىڭ قۇلىقىغا يەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن، ئېرىم بىلەن ئىنىسى كەچلىك تاماقتىن كېيىن سەيلە قىلىپ رۇسىيە كونسۇلخانىسى يېنىغا بارغاندا، رۇسىيە ئاتلىق كازاك ئەسكەرلەر پولكىنىڭ ئاتلارغا مىنىپ، تولۇق قوراللىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە ھەيران بوپتۇ. ئېرىم كونسۇلنىڭ قېشىغا بارسا، ئۇ قوماندان مايور بىلەن سۆزلىشىۋاتقانىكەن. ئېرىم كازاك ئەسكەرلەرنىڭ رەتلىك، چىرايلىق، روھلۇق تۇرغانلىقىنى بىر ماختاپ، مۇنداقلا سورىغان بولۇپ، كازاك ئەسكەرلەر بۇ كېچىدە بىرەر ئىش قىلىشقا بارامدۇ يوق، دەپ سوراپتۇ. مايور جاۋابەن، ئەسكەرلىرىمىز يېقىندىن بېرى ئانچە مەشىق قىلمىدى. بۈگۈن ئۇلار مارالبېشىغا بارىدىغان چوڭ يولغا چىقىپ ھەربىي مانېۋىر قىلماقچى، دەپتۇ.

مارالبېشى يولى جۇڭگو ئەسكەرلىرى ماڭىدىغان يول تۇرسا، ئىككى قوشۇن كېچىدە ئۇچراشسا، ئۇرۇش قىلماي نېمە ئىش قىلىدۇ دەيسىز؟

ئېرىم ئۆيگە قايتىپ كېلىپلا، جۇڭگولۇقلارغا، جۇڭگو تەرەپنىڭ چەت ئەل كونسۇلخانىلىرىغا ھەربىيلەرنى كېچىسى يولغا سالىدىغانلىقى ھەققىدە رەسمىي نوتا تاپشۇرمىغانلىقىدىن سەل ھەيران بولغانلىقى، رۇ-

سىيە ئەسكەرلىرىنىڭ مارالبېشىغا بارىدىغان چوڭ يولغا ھەربىي مانېۋىر قىلىش ئۈچۈن ئاتلانغانلىقى، بۇ ئەھۋالدا قاراڭغۇدا ئاسانلا ۋەقە تۇغۇلدىغانلىقى مەزمۇن قىلىنغان بىر خەتنى يېزىپ ئەۋەتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، جوڭگو تەرەپ بىر چاكاردىن ياساۋۇل بېگىنىڭ باغقى ۋە ئاغزاكى گېپىنى يەتكۈزدى ۋە ئەسلىدىكى پىلان ئۆزگەردى، جوڭگو قوشۇنى ئەتە چۈشتىن بۇرۇن سائەت سەككىزدە شەرقىي دەرۋازىدىن شەھەردىن چىقىدىغان بولدى، دېدى. ئاندىن ئۇ چاكار ئەمدى رۇسىيە كونسۇلخانىسىغا بېرىپ، ئوخشاش ئاغزاكى گەپنى رۇسىيە باش كونسۇلىغا يەتكۈزىمەن، دېدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، پۈتۈن بىر كېچە جوڭگو ئەسكەرلىرىنىڭ يولىنى توسۇپ ئولتۇرغان رۇسىيە كازاك ئاتلىق ئەسكەرلەر، ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي سالپايغان ھالدا گازارمىغا قايتىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ بىر توقۇنۇشنىڭ ئالدى ئېلىندى.

كېيىن شۇنى ئۇقتۇقكى، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا كۆتۈرۈلگەن بۇ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى ناھايىتى چوڭ بىر مەخپىي تەشكىلات قوزغىغان ۋە تەشكىللىگەنىكەن. ئۇلار جوڭگونىڭ بارلىق ئۆلكە - شەھەرلىرىدە تارماق تەشكىلاتلارنى قۇرغانىكەن.

بۇ مەخپىي تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى ھەر قايسى قاتلام، ھەر قايسى سىنىپ ئىچىدە بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ناھايىتى يۇقىرى ئورۇن - مەرتىۋىلىك ئەمەلدارمۇ، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى نامراتلارمۇ بار ئىكەن. قەشقەردىكى ياساۋۇل بېگى مۇشۇ مەخپىي تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇ بىرگە ئىشلىگەن خىزمەتداش ئەمەلدارلار كېينى - كەينىدىن ئۆلتۈرۈلگەندە ئۇ ساق قالدى ھەمدە قەشقەرگە ئىنقىلابچىلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان كۈنلەردە، ئۇ ئاساسلىق بىر ئادەم بولدى. بۇ چوڭ، مەخپىي تەشكىلاتنىڭ بۈيۈك نىشانى باي بولۇشنى مەقسەت قىلغان ئادەملەردىن تەشكىللەنگەن ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ھۆكۈمەتنى ئۆز قولىغا ئېلىشتەك قىلاتتى. ۋەزىيەت ئاستا - ئاستا تىنجىدى. كونا ھۆكۈمەت ھوقۇقنى

يەنە قولغا ئالدى . چوشقا سويۇپ ساتىدىغان قاسساپ بىلەن ساتىراشمۇ كاللىسىدىن ئايرىلدى . ھايات قالغان جۇڭگو ئەمەلدارلىرى ئۆز جانلىرىنى ناھايىتى ئۇرغۇن پۇل ھېسابىغا ساقلاپ قالدى . ۋەھالەنكى ، بۇ پۇللارنى ئۇلار خەلقنى تالان - تاراج قىلىپ ، قاقشىتىپ يىغىۋالغانىدى .

قەشقەردىكى ئىنقىلابچىلار چەت ئەللىكلەر بىلەن سۈركىلىش پەيدا بولۇپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلغانلىقى ئۈچۈن ، بۇ يەردىكى ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ۋە رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى كىشىلەر ھېچقانداق زىيان تارتمىدى . بۇ مەزگىلدە ئىبراھىمنىڭ نىشانىمۇ ئىنقىلابچىلار ۋە رۇسىيە ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش پەيدا بولۇشتىن ساقلىنىش بولدى . مەرھۇم بۇخانىنىڭ ( شۇ چاغدا ئۇ ئەنگلىيىنىڭ سان پېتىربورگتا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئىدى . ) رۇسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا بېسىم ئىشلىتىشى ۋە تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن رۇسىيە قوشۇنى قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ ئىككى يىلغا يېقىن تۇرغاندىن كېيىن ، چېكىنىپ چىقىپ كەتتى .

# ئون ئۈچىنچى باب

## قەشقەردىكى ئۆزگىرىش

يىللار – ئايلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قەشقەردىكى تۇرمۇشىمىزدا كۆپ تەرەپلىمە ئۆزگىرىشلەر بولدى . بىز بۇ يەردە تۇرغان ئاخىرقى بەش يىلدا ، ھەر قايسى جەھەتلەردىكى ئەھۋال يېڭى كەلگەن ۋاقتىمىزدىكىگە پەقەتلا ئوخشىمايدۇ .

1911 – يىلى كەنجى ئوغلىمىز روبىن تۇغۇلۇپ ، بالىمىز ئۈچ بولدى . شۇنىڭ بىلەن ئائىنى كرېسۋېل ئىسىملىك خېنىمنى ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلدۇق . ئۇ بالىلارنىڭ تەربىيىسىگە مەسئۇل بولۇپ ، ئۇلارنى ئوقۇتتى .

1913 – يىلى ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى يېڭىدىن ياسالدى . بۇ يېڭى قۇرۇلۇشنى قەدىناس دوستىمىز خاۋگېبېرگ ئەپەندى لايىھىلىدى ، يەرلىك بىناكارلار قۇرۇپ چىقتى . بىز بۇ قۇرۇلۇشنى قىلىش ئۈچۈن بىر قانچە يىل تەييارلىق قىلدۇق . باشتىن تارتىپلا ماتېرىياللارنى ئۆزىمىز تاللىدۇق . قەشقەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان جايلىرىدىن تاللىغان ياغاچ ماتېرىياللىرىنى ئاۋۋال ئادەم ياللاپ كەستۇردۇق ، ئاقلاتتۇق ( قوۋزاقلىرىنى سويغۇزدۇق ) ، ئەنچە ياز ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتتۇق . خىش – كېسەكلەرنى شۇ جايدا خىش قۇيغۇزۇپ ، خۇمداندا پىشۇرغۇزۇپ تەييارلىدۇق . ئۆي ئىچىنى بېزەيدىغان نەرسە – كېرەك ۋە جاھازلارنى ئەنگلىيىدىن بۆلۈپ – بۆلۈپ ، ئارقا – ئارقىدىن ئەكەلدۈردۇق .

دەسلەپ قىلىپ . كونسۇلخانا كاتىپلىرى ۋە تىببىي خادىملارغا مەسئۇل ئەمەلدارلار تۇرىدىغان چاتقانىراق ئۈچ قاتار ئۆي ياساتتۇق . ۋە-

ھالەتكى، ئەسلىدىكى تۇرالغۇمىز ۋە ئىشخانىمىز چېقىلغانلىقى ئۈچۈن، بىزمۇ بۇ ئۆيلەرگە كۆچتۇق. يېڭىدىن سېلىنغان تۇرالغۇ ئۆيلەر ۋە ئىشخانىلار ئەسلىدىكى ئورنىغا، ئەمما توپا ياردىن سەل نېرىغا سۈرۈپ سېلىندى، توپا يارنىڭ ئالدىغا پۈتۈنلەي پىششىق خىشتىن تام قوپۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئەتراپ پۇختا ۋە بىخەتەر بولدى.

يېڭى كونسۇلخانا يەنىلا شىپاڭلىق، بىر قەۋەتلىك قىلىپ سېلىندى. ئوخشىمايدىغىنى گۈللۈككە قارىتىپ ئىككى ئېغىز ئۆي بار مۇنار سېلىندى. پەلەمپەيلەر ياسالدى. سالقىن كارىدور قىلىندى. مۇنار خېلى ئېگىز بولۇپ، ئۇنىڭغا چىقسا، ئەتراپتىكى ئېتىز ـ دالا مەنزىرىسى ئېنىق كۆرۈنەتتى. ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى تۈز قىلىندى. قۇياش نۇرى ئوبدان چۈشكەچكە، قىش كۈنلىرى بىز ئۆگزىگە چىقىپ ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتۇق. ئۆگزىلەردىن كۆرۈنگەن پامىر ئېگىزلىكىنىڭ ھەيۋەتلىك چوققىلىرى ۋە ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلەر ئادەمنى مەپتۇن قىلاتتى.

كونسۇلخانا ئىچىگە بىر قانچە چوڭ مېھمانخانا ۋە ئۇنىڭغا تۇتاشتۇرۇلۇپ ئوتتۇرىغا يوغان زال سېلىندى. ئەمما بۇلار ئىشخانا ۋە ھۇجرا ئۆيلەرگە تۇتاشتۇرۇلمىدى. بۇنداق ئۇسلۇبنى ئەنگلىيىدە كىشىلەر ياقتۇرماسلىقى مۇمكىن. لېكىن بۇ ئۇسلۇب بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىغا باب كېلىدۇ ۋە ئىشلىتىشكىمۇ ئەپلىك. چۈنكى، ئېرىم ھەر قېتىم جۇڭگولۇق مېھمانلارنى چاقىرسا، ئۇلار ھەممىلا نېمىگە قىزىقىدىغان بىر مۇنچە ئادەمنى ئېلىپ كېلىدۇ.

مەركەزلىك ھالدا ئىسسىتىش ئۈچۈن، ئاساسىي ئىمارەتنىڭ بىر ئېغىز يەر ئاستى ئۆيىگە پارنىۋاي ئوچاق ئورنىتىلدى. قىش كۈنلىرى بۇ ئوچاققا ئوت يېقىلسا، جىمى ئۆيلەر خۇددى باھار كۈنلىرىدەك ئىللىق بولۇپ كېتەتتى.

تاملارغا قەغەز چاپلاش بەكمۇ كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئىش بولۇپ، يەرلىك بىناكارلار بۇنى پەقەت قىلالمايتتى. شۇڭا شىۋېتسىيەدىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ پۈتۈن ئادىمى ياردەمگە كەلدى. ئۇلار، كونسۇلخانىدىكى ئادەملەر بولۇپ، ئەر ـ ئايال ئون نەچچە ئادەم توپتوغرا ئۈچ

كۈنىدە، توققۇز ئېغىز ئۆيىنىڭ تاملىرىغا قەغەز چاپلاپ بولدى. بىزمۇ بۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ سۈرئەتنىمۇ تېز دېيىشكە بولاتتى.

خاۋگېبېرگ ئەپەندى ماڭا يوغان، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئاشخانا لايىھىلەپ بەردى. ئوچاق پىششىق خىشتىن ياسالدى. ئاشخانىنىڭ يېنىغا يەنە ئۇنىڭ لايىھەسى بويىچە سۈتلۈك يېمەكلىك خانىسى، ئامبار ۋە كىرخانا سېلىندى. يېڭى ئاشخانا ۋە باشقا ئەسلىھەلەر بۇرۇنقىلىرىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى. كونا ئاشخانا كىچىك، قاراڭغۇ بولۇپ، ئۆڭكۈرگە ئوخشايتتى. ئوچاق تۆمۈردىن ياسالغان يۇمىلاق قۇتا شەكلىدە بولۇپ، ئوتۇننى بىر - ئىككى تالدىن سېلىپ ئوت قالاشقا توغرا كېلەتتى. لېكىن بىر نۇقتىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمەن، بۇ ئوچاقلاردا بولكا، پىچىنە - پىرەنىكلەر ئوبدان پىشاتتى.

كونسۇلخانىدىكى يېڭى ياسالغان بىرقانچە ئىشخانا كونسۇلخانىنىڭ ئورنىغا تولىمۇ ماس كېلەتتى. ناھايىتى يوغان بىر سوراقخانىمۇ بار بولۇپ، ئۇنىڭ تېمىغا پادىشاھنىڭ ناھايىتى نەپىس سىزىلغان رەسىمى ئېسىلدى. سىرتتىن ئوغرى كىرەلمەسلىكى ئۈچۈن خەزىنە قاتار ئىشخانىلارنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا ياسالدى.

كونسۇلخانا ئىشىكى ئالدىغا بىزگە ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئالايىتەن ئەۋەتىپ ئەنگلىيىنىڭ ئىنتايىن نەپىس ياسالغان قالقان شەكىللىك دۆلەت گېربى قويۇلغانىدى. بىز بۇنىڭدىن ئىنتايىن پەخىرلەندۇق. كونسۇلخانىنىڭ تۆت ئەتراپى ئېگىز تاملار بىلەن ئورالدى. قورۇ ئىچىگە چەت ئەلنىڭ تۇخۇمەك دەرەخلىرى تىكىلىپ، قاتار كەتكەن سايە يوللار بەرپا قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىز كونسۇلخانا ئەمەلدارلىرى ۋە مېھمانلار ئۈچۈن مەخسۇس تۇرالغۇ ئۆيلەر ۋە مېھمان ياتاقلىرىنى، چاكار - خىزمەتكارلار ئۈچۈن بەئەينى كىچىككىنە يېزىغا ئوخشاش ئۆيلەرنى سالدۇق. بۇ ئۆيلەرنىڭ يېنىدا بىر مەسچىت، بىر كۆلمۇ بار ئىدى. خىزمەتكارلارنىڭ ئۆيلىرى يەرلىك ئۇسلۇبتا ئايرىم - ئايرىم قورۇ - ئۆيلەر قىلىپ ناھايىتى سۈپەتلىك سېلىندى.

پېڭى ياسالغان كونسۇلخانىنىڭ كۆرۈنۈشى ۋە ئازادىلىكى جە-
ھەتتە ئىلگىرىكىدىن چەندان ئېسىل ۋە چىرايلىق ئىكەنلىكىگە گەپ
كەتمەيتتى. بىراق بىز كونسۇلخانىنىڭ كونا ئۆي - ئىمارەتلىرىدە ئۆت-
كۈزگەن گۈزەل كۈنلەرنى مەڭگۈ ئەسلەپ تۇرىمىز.

قەشقەردىكى رۇسىيىلىكلەرمۇ نەچچە ھەسسە كۆپەيدى. بۇنداق
بولۇشى، رۇسىيە كونسۇلخانىسى، بانكا، تاموژنا ئەمەلدارلىرى ۋە خىز-
مەتچى خادىملار خوتۇن، بالا - چاقىسىنى ئېلىپ كەلدى. قەشقەردە دا-
ئىمىي تۇرۇشلۇق بەزى سودىگەرلەرمۇ ئائىلىسىنى كۆچۈرۈپ كەلدى.
رۇسىيىلىك خانىملاردىن ئىنگلىزچە بىلىدىغان بىر - ئىككىسى بىلەن
دوست بولۇۋالدىم. ئۇلارمۇ ماڭا ئامراق بولۇپ قالدى. ئەمما تىل جە-
ھەتتىكى توسالغۇ ۋە تۇرمۇش شەكلىمىزنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلى
كۆپ ساندىكى خانىملار بىلەن قويۇق ئالاقە ئورنىتىش، ئۆزئارا چۈشە-
نىش ھاسىل قىلىشقا ئامالسىز قالدىم.

بىز چۈشتىن كېيىن ياكى كەچقۇرۇنلاردا رۇس خانىملىرىنىڭ
ناھايىتى چىرايلىق، ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ يۈرۈشكەنلىكىنى كۆرەت-
تۇق. ئۇلارنىڭ تېرىسى سۈتتەك ئاق ۋە شېشىدەك سۈزۈك ئىدى، سۇس
كىرىملىرى، كۆكۈل قويۇپ چىرايلىق ياسىۋالغان چاچلىرى ئۇلارنىڭ
گۈزەل ھۆسنىنى يەنىمۇ ئاچاتتى. ئەمما ئاسادىيىي بىر ئىشلار بىلەن
چۈشتىن بۇرۇن قانداق ۋاقىتتا بولمىسۇن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قال-
ساق، ئۇلارنىڭ كېچىلىك كىيىملىرى بىلەنلا ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش
ئىكەنلىكىنى كۆرەتتۇق. بۇ خانىملار مېھمانلار كېلىشكە ئاز قالغاندا،
چاي ئىچىدىغان چاغدا، ئاندىن ياسىنىپ - تارىنىپ كىيىنىدىكەن. ئۇلار
ئىجتىمائىي پائالىيەتنى ھەر كۈنى ناھايىتى كەچ باشلايدىكەن، ئەتىسى
سۈبھى مەھەلدە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كېيىن تاماملايدىكەن. شۇڭا جىمى
ئادەم بەك ۋاقىچە ئورنىدىن تۇرىدىكەن.

مېنىڭ تۇرمۇش شەكلىم ۋە ئادىتىم رۇسىيىلىكلەرنى ھەيران
قالدۇردى. بىر قېتىم بىر خانىمنىڭ: «ئەنگلىيە ئاياللىرى غەلىتە بول-
دىكەن، ئۇلار ئەتىگەن سائەت يەتتىدىلا رەتلىك، چىرايلىق كىيىنىپ،

چاچلىرىنىمۇ تاراپ يۈرىدىكەن .» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم.

رۇسىيىلىك ئاياللار بېشىغا شىلەپە كىيمەيدىكەن. ياز كۈنلىرى ئايلانغىلى (ئۇلار شۇنداق ئىسسىق كۈنلەردىمۇ «سەيلىگە» قورقماي چىقىشىدۇ) چىققاندىمۇ ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ ياسىنىپ، چىرايلىق، رەتلىك كىيىنىپ، كۈنلۈك تۇتۇپ يۈرۈشىدۇ. قىش كۈنلىرى يەنە شىلەپە كىيمەي پەقەت پىلاتى ئارتىۋېلىشىدۇ.

رۇسىيىلىك ئەرلەر فورما كىيىشىدۇ، قاتمال كۆرۈنسىمۇ، فورما بەك يارىشىدۇ. باشتا ئۇلارنىڭ باشقىلار بىلەن كۆرۈشۈپ سالام ـ سائەت قىلىشلىرى ماڭا بەكمۇ كۈلكىلىك بىلىنگەنىدى. بۇنىڭغا مەن ئۇزۇن ۋاقىتتا ئاران كۆندۈم. رۇس ئوفىتسېرى مەن بىلەن بىرىنچى قېتىم كۆرۈشكەندە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىمغا كەلدى ـ دە، پۇتلىرىنى جۈپلەپ ھەربىيچە چاس بەردى، ئاندىن تەزىم قىلىپ قولۇمنى سۆيدى. ئارقىدىن يەنە چاس بېرىپ، پۇتلىرىنى جۈپلىدى. كۆرۈشۈش شۇنىڭ بىلەن تاماملاندى. رۇسىيە كازاك ئاتلىق ئەسكەرلىرى قەشقەرگە كەلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ ئوفىتسېرىنىڭ ماڭا سالام بەرگەندىكى كۆرۈنۈشى ئۆمرۈم بويى ئېسىمدىن چىقمايدۇ. مايور دەرىجىلىك قوماندان ئەڭ ئالدىدا تۇردى، قول ئاستىدىكى ئوفىتسېرلىرى ئۇنىڭ كەينىدە يىلان باغرى قاتار بولۇپ تۇردى. ھەربىر ئوفىتسېر بىرقانچە قەدەم مېڭىپ ئالدىمغا كەلدى، يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەرتىپ بويىچە ماڭا سالام بەرگەندىن كېيىن، ئورنىنى كەينىدىكى ئوفىتسېرگە بوشىتىپ بەردى. بۇ سالام بېرىشلەر ئاياغلاشقىچە قورۇنۇپ شۇنداق ئاجايىپ بىرخىل بولۇپ كەتتىم. سەل نېرىراقتا تۇرغان رۇسىيىلىك بىر خانىم تۇساتتىن بۇ كۈلكىلىك مۇراسىمنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كەتتى. مەن ئامالسىز چىرايىمنى ئۆزگەرتمەي، ھېچ ئىش بولمىغان قىياپەتكە كىرىۋالدىم.

رۇسىيىلىكلەر سۆيۈشۈشكە بەك ئامراق ئىكەن. مۆتىۋەرلەرمۇ دائىم ئاياللارنىڭ قولىنى سۆيىدىكەن. ئەرلەر بىلەن قاتتىق قۇچاقلىشىپ سۆيۈشىدىكەن. ئېرىم بۇنداق ئىشقا تولا يولۇقمىغان بولغاچقا، ماڭا بەكمۇ قىزىق تۇيۇلاتتى. شۇ چاغدا قەشقەرگە كەلگەن ئەنگلىيىلىك مېھ-

مانلارغا ئىدىيىدە تەييارلىق قىلىپ قويۇشى ئۈچۈن، بۇ ئىشنى ئالدىن ئېيتىپ قوياتتىم. بۇنى ئاڭلاپ ئۇلار قورقاتتى ۋە غەمگە چۆكەتتى.

بىر قېتىم ئېرىم خىزمەت بىلەن باشقا جايغا كەتكەنىدى. رۇسىيە كونسۇلى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ قەشقەردىن كېتىدىغان بولۇپ قالدى. مەن ماشىنا بىلەن بېرىپ ئۇنى ئۇزىتىپ قويدۇم. قەشقەردىكى ياۋروپالىق باشقا كىشىلەرمۇ مەن بىلەن بىللە باردى. خوشلىشىدىغان چاغدا، رۇ-سىيە كونسۇلى ئالدىمغا كېلىپ ئېھتىرام بىلەن چوڭقۇر تەزىمدىن بىرنى قىلىۋېتىپ قولۇمنى سۆيدى. ئاندىن بېرىپ رۇسىيىلىك خانىملار بىلەن بىر - بىرلەپ خوشلاشتى. قارىساق، ئۇ خانىملارنىڭ قولىنى سۆيدى، خانىملار بولسا ئۇنىڭ تاقىر بېشىغا سۆيدى. بۇنىڭدىن قاتتىق ھەيران بولۇپ، خەيرىيەت، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرىنچى بولۇپ خوشلاشقان ئا-يال ئىكەنمەن، بولمىسا مەنمۇ باشقىلارنى دوراپ ئۇنىڭ تاقىر بېشىنى سۆيەركەنمەن، خۇداغا شۈكۈر! ئەگەر شۇنداق قىلغان بولسام تازىمۇ قىينىلار كەنمەن، دەپ ئويلىدىم.

رۇسىيىلىك دوستلىرىمىز راھەت - پاراغەتكە، ئىجتىمائىي ئالاقە - سورۇنلارغا، مېھمانغا بېرىشقا بەك ئامراق ئىكەن. ھەركۈنى ئاخشىمى بىرەر ئائىلە باشقا ئائىلىلەرنى مېھمانغا، بەزمىگە چاقىرىپ تۇرىدىكەن. بىزنىمۇ دائىم چاقىرىشىدۇ. بۇنداق پائالىيەتلەردە ھەممىلا ئادەم قانغۇدەك ئويناپ - كۈلىدىكەن، ھۇزۇرلىنىدىكەن. ئۆزئارا يېقىن، دوستانە، ئە-دەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشىدىكەن. ئەمما تاماق يېيىش ۋاقتى بەك ئۇزۇن بولىدىكەن. بۇنداق سورۇنلاردا كىشىلەر بىر ياكى بىرقانچە خىل چەت ئەل تىلىدا سۆزلىشەتتى. بۇ بىزگە ئېغىر كېلەتتى. شۇڭا گەپ قىلماي يەپ - ئىچىپ ئولتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. بەزمە كەچ سائەت توققۇز ياكى توققۇز يېرىملاردا باشلانسا، ئەتىسى سەھەر سائەت بىر ياكى ئىك-كىگىچە تاماق شىرەسى يېنىدىن قوپماي ئولتۇرۇپ ھېرىپ ھالىمىزدىن كېتەتتۇق. ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، بەزى مېھمانلار بىر تاماق بىلەن يەنە بىر تاماق ئارىلىقىدا تېخى تانسا ئويناپ چۈشۈپ كېتەتتى. مېھمان ۋە ساھىبخانلار تاماكا دېگەننى ھېسابسىز چېكىپ مېھمانخانىنى ئىسقا

تولدۇراتتى . شۇڭا ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئادەمنى كۆرگىلى ، ئەركىن
نەپەس ئالغىلى بولمايتتى . ھاراقنىمۇ بولۇشىغا ئىچەتتى . باشتا ۋودكا ،
ئارىلىقتا بىرقانچە خىل ئۈزۈم ھارىقى ، ئاخىرىدا بولسا شامپان ۋە باشقا
كۈچلۈك ھاراقلارنى ئىچىشەتتى . مەن بىلەن ئېرىم ھاراق ئىچمەيتتۇق .
ئەمما رۇسىيىلىكلەر بىلەن مېھمانلىرى ھاراقنى سۇ ئورنىدا ئىچەتتى .
شۇڭا ، بۇنداق سورۇنلاردا بىز ئۇلار تۇتقان ھاراقنى ئۇلارنىڭ دىلىنى
ئاغرىتماستىن رەت قىلىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ ھېرىپ كېتەتتۇق ۋە
تەڭلىك بولاتتۇق . ئادەتتە ئالدىمىزغا قويۇلغان ھەرخىل رومكىلارغا لىق
ھاراق قۇيۇلاتتى . مەن ئىچمىگەچكە ، زىيابەت ئاخىرلاشقۇچە لىق پېتى
تۇراتتى . كۆپىنچە زىيابەت يېرىملاشقاندا ، ئەرلەرمۇ ، ئاياللارمۇ ئوخشاشلا
كەيپ بولاتتى . ئۆزلىرىنى باشقۇرالماي قالاتتى . گەپ ـ سۆز كۆپىيەت-
تى ، تېخى بەزىلەر تۇساتتىن يوقاپ كېتەتتى . كېيىن قارىساق ، جوزى-
نىڭ ئاستىدا ياتقان بولاتتى . رۇسلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بۇ زىيابەت
كەيپىياتىنىڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكى ، دوستلۇقنىڭ گەۋدى-
لەندۈرۈلۈشى ئىكەن . شۇڭا رۇسىيىلىك بىر خانىمنىڭ ماڭا : «ئەگەر
ئېرىم ئىچىپ مەست بولمىسا ، ئۇنى ھەقىقىي ئەركەك ھېسابلىمايمەن»
دېگىنى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى . لېكىن ، بىز ئۈچۈن بۇ ئازاب
ئىدى .

ئۇلارنىڭ ھېيت ـ بايرىمى بولسىلا ، رۇسىيىلىكلەر ناھايىتى كاتتا
زىيابەت ئۆتكۈزەتتى . بىز بۇنداق سورۇنلاردا قانچە قېتىملاپ قورقۇنچ-
لۇق سىناقلارنى باشتىن كەچۈردۇق . بىر قېتىم رۇسىيىلىكلەر دۆلەت
بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنى پۈتۈن بىر كۈن قىلىپ . راسا ئويناپ
كۈلۈشتى . ئاخشىمى بىز ئۇلارنىڭ دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش يۈز-
سىدىن ئۆتكۈزۈلگەن كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ، رۇسىيە
كونسۇلخانىسىغا باردۇق . ئالدىمىزغا چىققان كونسۇل رەسمىي تەڭشىلىپ
قالغانىكەن ، تۈۋرۈكلەرنى تۇتۇپ يۈرۈپ ئالدىمىزغا ئاران كەلدى . بىز
كىرىپ ئورۇن ئالدۇق . يېنىمدا ئولتۇرغان ئوفىتسېر غەرق مەست ئى-
كەن ، شۇنچىلىك بىئارام بولدۇم ، لېكىن باشقا ئامال يوق ئىدى . ئېرىم-

ىنىڭ ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم جايىغا چۈشتى. زىيا-پەتتە شامپان ئاراقا - ئارقىدىن قويۇلدى. مېھمانلار ئۇنى سۇ ئىچكەندەك ئىچىۋەردى. ئىككى تەرىپىمدە ئولتۇرغان ئوفىتسېرلار بارا - بارا ئۆزىنى تۇتالماي ئالا - جوقا سۆزلىگىلى تۇردى. كېيىن بىر-بىر مالغا يۆلىنىپ-لىشۋالدى. مەن قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە چاندۇرماي ئۇلارنى يۆلەپ ئول-تۇردۇم. بىر چاغدا ئىككىسى سوقۇشۇپ كەتتى. قورقۇپ كەتتىم. ئېـ رىمنىڭ بۇ ئىككى ئادەمگە كۆز تىكىپ ئولتۇرغىنىنى ۋە سەل سەگەكرەك باشقا ئوفىتسېرلارنىڭمۇ ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقسىزلىقىنى ياقتۇرماي نەپرەتلە-نىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆڭلۈمدە بىلىپ تۇراتتىم.

بىز خوشلىشىدىغان چاغدا، ساھىبخان بولغان رۇسىيە كونسۇلى ئاران - ئاران ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىمىزغا كېلىپ خوشلاشتى. ئۇنىڭ قولىدا بىر رومكا ھاراق، ئۆزى سەنتۈرۈلۈپ ئاران ماڭاتتى. رومكىدىكى ھاراق باش - كۆزۈمگە تۆكۈلۈپ كەتتى، ئەمما ئۇ ھېچنەرسىنى سەز-مەستىن تىلىنى چاينىپ سۆزلەپ كەتتى. ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى پەقەت ئۇقالمىدۇق. ئۈستۈبېشىمغا ھاراق تۆكۈلگىنىنى كۆرۈپ، بىرنەچچە ئو-فىتسېر يۈگۈرۈپ كېلىپ خوشامەت بىلەن سالفېتكىدا كىيىملىرىمنى سۈرتۈۋەتتى. كونسۇل بىز بىلەن خوشلىشىپ بولۇپلا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى پەقەتلا سەزمەي ھاڭۋېقىپ تۇراتتى. بىز ئەجەب ئوبدان بولدى، دەپ غېپىدە چىقىپ كەتتۇق. بىزنىڭ كەتكىنىمىزنى مېھمانلارنىڭ كۆپى بىلمەي قالدى. ئەمما قىممەت باھالىق ئېسىل كۆڭلىكىمنىڭ رەسۋا بولغىنىغا ئىچىم ئېچىشتى. نېمە ئامال، باشقا كۆڭلەكلىرىممۇ بۇ پاجىئەلىك تەقدىردىن قۇتۇلالمىغان تۇرسا.

بۇ ئىشلار قەشقەردە بىزنىڭ خىزمىتىمىزنىڭ، شۇنداقلا كۈندى-لىك تۇرمۇشىمىزنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىناتتى. بۇ، ناھايىتى قىيىن ۋە ئادەمنى بىزار قىلىدىغان ئىش بولۇپ، بۇنداق سورۇن بىزدىن ناھايىتى سەۋرچان، ئىنتايىن پەم - پاراسەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى. شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇلارغا لايىقىدا تاقابىل تۇرۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ساقلانغىلى بولاتتى.

قەشقەردىكى بىر قىسىم رۇسىيىلىكلەر تېنىس توپ ئويناشقا ئامراق بولغانلىقى ئۈچۈن، تېنىس توپ مەيدانى قۇرغانىدى. بىزمۇ ئىككى كونسۇلخانا ئارىلىقىدىن ئازراق يەر ئېلىپ، ئۇنى تۈزلەپ ئىككى تېنىس توپ مەيدانى ياسىدۇق. بۇ ئالدىنقى قاتاردىكى، يۇقىرى سەۋىيە يارىتالايدىغان ياخشى تېنىس توپ مەيدانى بولمىسىمۇ، ھېچقايسىمىز ئۇستا تېنىس توپ تەنھەرىكەتچىلەردىن بولمىغاچقا، ئۇنچە ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدۇق. بۇ بىزگە ئاساسلىقى چېنىقىش مەيدانى بولدى. شۇنداقلا بىزنى ئالاقە سورۇنى بىلەن تەمىنلەپ، ئىجتىمائىي ئالاقە كەيپىياتىنى ئاشۇردى.

رۇسىيىلىك ئىككى خانىم تەۋەككۈلچى ۋە جۈرئەتلىك ئىكەن، تېنىس توپ ئويناشقا قاتناشتى. ئەمما باشقا خانىملار ئۈچۈن، بۇ قىيىن ۋە ۋاقىت ئىسراپ بولىدىغان ئورۇن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنى ئوينىغاندا، ئەركىن، جانلىق ھەرىكەت قىلىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، پەس پاشنىلىق ئاياغ ۋە كەڭ كۆڭلەك كىيىشكە توغرا كېلەتتى. رۇسىيىلىك خانىملار بۇنداق كىيىمدە كىشىلەرگە كۆرۈنۈشنى خالىمايتتى. ئۇلارنىڭ بېشىنى قاتۇرغان يەنە بىر ئىش، بىرلا ۋاقىتتا تېنىس توپ ئويناش ھەم كۆيۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۈنلۈك تۇتۇپ يۈرۈشكە مۇمكىن ئەمەس ئىدى!

بىز ئاياللار ھەپتىدە ئىككى قېتىم ئۆزئارا چايغا چاقىرىشىپ كىمنىڭ پېچىنە، تورت پىشۇرۇشقا ياكى مارۇژنا ياساشقا ئۇستىلىقىنى باھالاپ مۇسابىقىلىشەتتۇق.

جۇڭگودا ئىنقىلاب بولۇپ، رۇسىيىلىك كازاك ئاتلىق ئەسكەرلەر قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، تېنىس توپ ئويناشقا ئامراق بەزى ياش ئوفىتسېرلار بىزنىڭ كۇلۇبىمىزنى بەكمۇ ياقتۇرۇپ قالدى.

بىز تېنىس توپ ئوينىغاندا، بۇ ئىش قىزىق تۇيۇلغان يەرلىك كىشىلەر تېنىس توپ مەيدانى ئەتراپىدىكى تام تۈۋىدە تۇرۇپ ئويۇنىمىزنى قىزىقىپ كۆرەتتى ۋە ياۋروپالىقلارنىڭ شۇنداق ئىسسىقتا ئۇيان-بۇيان يۈگۈرۈپ يۈرگىنىگە كۈلگۈسى كېلەتتى. كېيىن ئاياللارنىڭمۇ

بۇنى ئەرلىرى بىلەن بىللە ئوينىغانلىقىنى كۆرۈپ، ھېچنېمىنى چۈشەنمەي گاڭگىراپ قالدى. شۇنداقتىمۇ كۆزىنى ئۈزمەي ھەۋەس بىلەن تاماشا كۆردى.

شۋېتسىيەدىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ ئادەملىرىمۇ كۆپەيدى. ئۇلار قەشقەر، يېڭىسار، يەكەندە دىن تارقىتىش پونكىتلىرىنى قۇرۇپ، كېسەل داۋالاش، بالىلار ئۈچۈن مەكتەپ ئېچىش، دىنىي مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇنىڭدىن سىرت، ئائىلىلەرنى زىيارەت قىلدى، «ئىنجىل»، دىنىي مۇناجات، دىنىي قوللانمىلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى. ئۇلارنىڭ داۋالاش پائالىيىتى ھەممىدىن بەك قارشى ئېلىندى. ھەر كۈنى كېسەل كۆرسىتىشكە كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى.

شۋېتسىيىلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئىنگلىزچە بىلگەچكە، بىزگە دىن تارقىتىش ئۆمىكىدە ناھايىتى بەلەن دوستلىرىمىز باردەكلا تۇيۇلاتتى.

ئەلۋەتتە، بىز قەشقەردە تۇرغان يىللاردا، بۇ يەردىكى ياۋروپالىقلارنىڭ ئەھۋالىدىمۇ ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئېرىم ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە تۆت نەپەر رۇسىيە كونسۇلىنى ئۇزىتىپ قويدى. شۋېتسىيىلىكلەرنىڭ كۆپلىرى كەتتى، ئورنىغا يېڭىلىرى كەلدى. جۇڭگو ئەمەلدارلىرىمۇ ئالماشتى. بەزىدە بىز قانچىلىك ئادەم كەتسۇن، ياكى كەلسۇن، بىز بۇ يەردە خۇددى قىزىل دەرياسىدەك بىر جايدا تۇرۇش، بۇ يەردىن زادىلا ئايرىلماسلىق پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن ئوخشايدۇ، دېگەندەك ھېسسىياتتا بولاتتۇق.

بىز ھەر يىلى شىنجاڭغا سىرتتىن كەلگەن ئۈچ - تۆت مېھمان بىزنى زىيارەت قىلسىكەن، دەپ ئارزۇ قىلاتتۇق. تىلىسەڭ تاپارسەن دېگەندەك، قەشقەرگە نۇرغۇن مەشھۇر زاتلار كەلدى ۋە بىز بىلەن بىللە تۇردى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئېكسپېدىتسىيە، ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن كەلگەن بۇ ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى زوئولوگ، تەبىئىي مۇزېيشۇناسلار، يەنە بەزىلىرى مۇخبىر ئىدى. ئۇلار بۇ يەردە ئىلمىي تەتقىقات، ئارخېئولوگىيە پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. مەرھۇم دوكتور

موراپسمۇ بېيپىڭدىن ( بېيجىڭ ) يولغا چىقىپ بەزىدە مەپىگە ئولتۇرۇپ،
بەزىدە ئاتلىق پۈتۈن جۇڭگونى ئايلىنىپ قەشقەرگە كېلىپ، بىزنىڭكىدە
مېھمان بولدى. دوكتور ئوللېرستەين بىلەن دوكتور فون لېكوكنۇ شىن-
جاڭنى ئېكسپېدىتسىيە قىلىش مەزگىلىدە، كۆپ قېتىم بىزنىڭكىدە
تۇردى.

1914 - يىلى دوكتور دې. فىلىپ① چوڭ ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيە
ئەترىتىنى ئېلىپ قەشقەرگە كېلىپ، چىنىباغقا يېقىن بىر ئۆيدە تۇردى.
ئۇلار بىزنىڭ كەينىدىكى دۆڭلۈككە ئېگىز ئانتېنا ئورناتتى. بۇ ئان-
تېنا ئورنىتىلغاندىن كېيىنكى ھاياجانلىق كۆرۈنۈش پەقەت ئېسىمدىن
چىقمايدۇ. ئۇلار بۇ ئانتېننى ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن رادىئو — رادىئو
قوبۇللىغۇچنى ئىشلىتىش، ئۇ ئارقىلىق لاھور تارقاتقان ۋاقىت مەلۇم قى-
لىش سىگنالىنى قوبۇل قىلىش ئۈمىدىدە ئورناتقان. ئۇ يىللاردا قەشقەردە
رادىئونى ئىشلىتەلەيدىغان ياكى ئۇنى بىلىدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى.
ئۇنىڭ ئۈستىگە لاھور بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا شۇنچىلىك ئېگىز تاغ -
چوققىلار بار ئىدى. شۇڭا ئېلېكتر دولقۇنىنىڭ شۇ تاغلاردىن ئۆتۈپ
قەشقەرگە كېلەلىشى مۇمكىن ئەمەستەك بىلىنەتتى. شۇ كۈنى ئاخشىمى
بىز سىگنال كېلىدىغان ۋاقىتتا، رادىئو قويۇلغان جاينى چۆرىدەپ جىد-
دىيلەشكەن ھالدا سىگنال كۈتۈپ ئولتۇردۇق. سىگنال ناھايىتى ئېنىق
ئاڭلانغان چاغدا بەك ھاياجانلىنىپ بىر - بىرىمىزنى تەبرىكلەپ كەت-
تۇق. ھەممىمىز گويا مۇشۇ ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىلمىي كەشپىيات
ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك ھېسسىياتقا چۆمدۇق. لېكىن مەن شۇ چاغدا،
بىرنەچچە يىلغا قالمايلا ھەر بىرىمىزنىڭ ئۆيىدە ( ئەنگلىيە كونسۇلخانى-
سىدىكى خادىملارنى دېمەكچى — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن )
رادىئو بولىدىغانلىقىنى زادىلا خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم! بىز رادىئودىن
يەر شارىنىڭ يەنە بىر بېشىدىن كېلىدىغان خەۋەر، مۇزىكىلارنى ئاڭلى-
دۇق. كېيىن بىز ئېگىز ئانتېنا، توك سىمى تارتمىساقمۇ، چامادانغا قا-

① فىلىپ ئىتالىيىلىك ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىچىسى، ئۇ 1912 - ، 1914 - يىللىرى
ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتى ئېلىپ بارغان.

چىلاپلا ئېلىپ ماڭغىلى بولىدىغان كىچىككىنە رادىئونى ئىشلىتىدىغان بولدۇق.

سىگنال قوبۇل قىلىنغان چاغدا، كونسۇلخانىنىڭ جوڭگو تەۋەلىكىدىكى كاتىپىمۇ بار ئىدى. ئېرىم ئۇنىڭ بۇ نەرسىگە بەكمۇ قىزىقىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، يېقىن بېرىپ ئۇنىڭغا رادىئونىڭ سىگنال، ئاۋاز قوبۇل قىلىش پرىنسىپلىرىنى زېرىكمەستىن، توختىماستىن ناھايىتى قايىل قىلارلىق قىلىپ چۈشەندۇردى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىگەندە، ئۇ كاتىپ ھەممىنى چۈشەنگەن قىياپەتتە ئېرىمگە قاراپ قويۇپ:

— بۇ بىرنېمىگىزگە مېنى ئىشىنىپ قالدى. دەپ ئويلىمالى، بۇ ناھايىتى ئاۋۇ يەردىكى (ئۇ رۇسىيە كونسۇلخانىسى تەرەپنى كۆرسەتتى) ئېلېكتر سىمىدىن چىققان ئاۋاز، — دېدى.

مەن قەشقەرگە كېلىشىنىڭ ئالدىدا لېتلېردال ئەپەندى ۋە خانىمى قەشقەرگە كېلىپ، چىنىباغدا بىر مەزگىل ئېرىم بىلەن بىللە تۇرغانىكەن. مەن كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەرگە پەقەت ئۈچ ئەنگلىيىلىك ئايال كېلىپ مېھمان بولدى.

1912 ـ يىلى ئېرىم ھىندىستاندىن ئەۋەتىلگەن كېمپ خېنىم بىلەن ماك دوۋگىل خېنىم قەشقەرگە بارماقچى بولۇۋاتىدۇ، دېگەن خەتنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ چاغدا، قەشقەردە يۈز بەرگەن ئىنقىلابىي ھەرىكەت تېخى ئاياغلاشمىغان، ۋەزىيەت مۇقىم ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئېرىم ئۆزنىڭ غېمىنى ئاز دېگەندەك، ئەنگلىيىلىك خانىملارنىڭ غېمىنى يېيىشنى خالىماي كەسكىن قىلىپ: «ئۇلار بۇ يەرگە كەلمىسۇن» دەپ جاۋاب خەت يېزىۋەتتى. ئەمما ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان بۇ ئىككى خېنىم بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي كېلىۋەردى. بىز ئۇلارنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ناھايىتى قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق. G . E . كېمپ خېنىم داڭلىق سەنئەتكار بولۇپ، جوڭگوغا بىرقانچە قېتىم ساياھەتكە كەلگەن، خېلى كۆپ ھاسىلاتقا ئىگە بولغانىدى. بىزنى ئىنتايىن خۇشال قىلغان ئىش شۇ بولدىكى، ئۇلار بەكمۇ ئېھتىياتچان باش كونسۇلنىڭ (ئېرىمنى دېمەكچى) قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، قەشقەرگە ئۆزلىرى قارار قىلىپلا

كەلگەنىدى. ئۇلار لاداق رايونىنى تولۇق ئايلانغان، ئاندىن يەرلىك چا-
كارلارنىڭ ھەمراھلىقىدا قارا قورۇم تېغىدىن ئۆتكەن. قارا قورۇم تېغى-
دىن ئۆتۈش بۇ ئىككى خېنىم ئۈچۈنلا ئەمەس، ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن
ناھايىتى خەتەرلىك ئىدى.

مەن قەشقەردە ئۇزۇن يىل تۇرۇپ، ئەنگلىيىلىك خانىملار بىلەن
ئالاقە قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن، بۇ ئىككى خېنىمنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ، مەن
بىلەن بىر مەزگىل بىللە تۇرۇشىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى
مەنلا ئوبدان چۈشىنەتتىم. ئۇلار قەشقەرگە ئىللىق باش كۆزدە كەلدى.
ئۇ چاغدا كونا كونسۇلخانا چېقىلىپ، يېڭىسى سېلىنىۋاتقان بولغاچقا،
تۇرالغۇ ئۆيلەر ناھايىتى قىس ئىدى. شۇڭا بىز باغقا كەڭ - كۆشادە،
ئازادە قىلىپ ئىككى چېدىر تىكتۇردۇق. ئۇلار ماڭا يول بويى دالىدا قو-
نۇپ - تۈنەپ كەلگەچكە، ئۆيدە ياتقۇسى بارلىقىنى ئېيتتى.

ئەتىسى ئەتىگەن، ماك دوۋگل ئويغانسا كارىۋىتى يېنىدا سەت،
قاسماق بىر ئەر كىشى ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغانىكەن. ئۇنىڭ كۆزىنى ئاچ-
قىنىنى كۆرۈپلا چېدىردىن قېچىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ بۇ ئادەمنىڭ
قانداق يامان نىيەت بىلەن كىرگەنلىكىنى بىلەلمەي، چاچراپ ئورنىدىن
تۇرۇپ كېيىپ خېنىمنىڭ چېدىرىغا كىرىۋاپتۇ. ماك دوۋگل خېنىمنىڭ
قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ تولىمۇ بىئارام بولدۇق. لېكىن ئۇ-
نىڭ قېشىغا كىرگەن ئەر كىشىنىڭ كىملىكىنى قىياس قىلىپ بىلەلمى-
دۇق. كېيىن ئىگىلىشىمىزچە، ئۇ ھەممىلا ئادەم بىلىدىغان بىر ساراڭ
ئىكەن. ھاۋالەنكى، بۇنداق ئەھۋالدا بۇ ئىككى خېنىمنى باغدا ياتقۇزۇشقا
بولمايتتى.

بىزنىڭ كاتىپىمىز بىر ئەقىل تېپىپ بۇ ئىككى خېنىمنى ئۆزىنىڭ
مېھمانخانىسىدا ياتقۇزماقچى بولدى. لېكىن مېھمانخانىغا ئۇنىڭ خوتۇنى-
نىڭ ھۇجرىسىدىن ئۆتۈپ كىرىشكە توغرا كېلىدىكەن. خېنىملار بۇنداق
قىلىشنى خالىمىدى. كاتىپنىڭ مېھمانخانىسى ئاتخانىنىڭ يېنىدا ئىدى.
شۇڭا بىز ئاتخانا تېمىدىن كولاپ تۆشۈك ئېچىپ، ئۇنىڭغا ئىشىك بېكى-
تىپ خېنىملارنى شۇ ئىشىكتىن كىرىپ چىقىدىغان قىلدۇق. قەشقەردە

بۇنى قىلماق ئاسان ئىدى . بۇ ئىش پۈتكەندىن كېيىن ، خانىملارنى مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇق .

ئۇ چاغدا ھۆرمەتلىك خانىملارنى بۇنداق ئۇسۇلدا ، بۇنداق جايدا ياتقۇزۇش غەلىتە ۋە يوق ئىش بىلىنمەيتتى . شۇڭا بۇ خېنىملار ياتىدىغان چاغدا ، بىر تال شامنى يېقىپ ، ئاتلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ ، ياتىدىغان مېھمانخانىسىغا چىقىپ كېتىشەتتى .

لېكىن ، ئەمدى ئويلىسام ، بۇ ئىش ماڭا بەكمۇ قوپال ۋە ئىپتىدائىي بىلىندۇ . بىر ئادەم ناھايىتى چۆل يەرگە بىرىپ قارىسا ، ئۇنىڭ پۈتكۈل كۆز قارشى ۋە ھەرىكىتىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ . يەنى ئۇنىڭغا شۇ جاينىڭ ئەھۋالىغا ماسلىشىشقا توغرا كېلىدۇ . لېكىن مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا ، بۇ خېنىملارنىڭ زىيارەتكە كېلىشى بىزگە ، بولۇپمۇ ماڭا بۆلەكچە خۇشاللىق بەخش ئەتتى .

قەشقەرگە زىيارەتكە كەلگەن ئىككى خانىم ئېلا سېكس بولدى . 1915 - يىلى بىز پۈتۈن ئائىلە دەم ئېلىش ئۈچۈن ئەنگلىيىگە قايتقاندا ، ئۇ ئېرىمنىڭ خىزمىتىنى ۋاقىتلىق ئۆتەپ تۇرۇش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلگەن ئاكىسى لود پېرتى سېكس① ( ئۇ چاغدا ئۇ قورۇقلۇق ئارمىيە گېنېرال برىگادىرى ئىدى ) بىلەن بىللە كەلگەنىدى .

ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ، شىنجاڭ شەھەرلىرىنىڭ قىياپىتىدە تۈزۈك ئۆزگىرىش بولمىدى . كوچىلار ئىلگىرىكىدەكلا بولۇپ ، مەينەت ۋاڭ - چۇڭ تولغانىدى . ئايرىم ساندىكى بايلار نەچچە ئەسىردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ھايات رىتىمى بويىچە ياشايتتى . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ، خەنزۇلارمۇ كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىدىغان بولدى . لېكىن بۇ كىيىملەردە ئۇلار سالاپەتلىك ئەمەس ، بەلكى كۈلكىلىك كۆرۈنەتتى .

---

① پېرتى سېكس ( 1867 — 1945 ) — ئەنگلىيە ئوفىتسېرى . ئۇ 1893 - يىلدىن باشلاپ ئىران ، ئافغانىستان ، ئوتتۇرا ئاسىيادا 26 يىل تۇرغان . مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن « پارسقا ساياھەت » ( 1902 - يىلى ) ، « ئوتتۇرا ئاسىيا قۇملۇقى ۋە بوستانلىقىدىن ئۆتۈش » ( 1920 - يىلى ) ، « پارس تارىخى » ( 1925 - يىلى ) ، « ئافغانىستان تارىخى » ( 1940 - يىلى ) قاتارلىقلار بار .

ئىرىم ئىككىمىز جۇڭگودا ئۆتكۈزگەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق
كۆتۈۋېلىش يىغىنىدا ( توغرىسىنى ئېيتقاندا ، مەن ئۆتكۈزگەن ئەڭ ئا-
خىرقى قېتىملىق يېڭى يىللىق كۆتۈۋېلىش يىغىنىدا ) جۇڭگو ئەمەلدار-
لىرى ئەنگلىيىنىڭ كونا ماللىرى سېتىلىدىغان دۇكاندىن ئالغان كىيىم-
لەرنى كىيىپ كەلگەنىدى . ياساۋۇل بېگىمۇ يېڭىشەھەردىن كەلدى . ئۇ
ئىككى ئات قوشۇلغان ، تۆت ئەتراپى ھىم تۆت چاقلىق خېلى كاتتا پەي-
تۇنغا چۈشۈپ كەپتۇ . ئۇ قارا چاپان ، چىلتەك تۇتۇلغان جىلىتكە ، قارا
تاۋاشىم ، ئۈستى يۇمىلاق قارا شلەپە كىيگەن ، ئۇچۇق رەڭلىك گالس-
تۇكنى ئېگىكىگە دېگۈدەك تاقىغانىدى . ئادەتتە ئەرلەر چىرايلىق يىپەك
كىيىم كىيىپ ، ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكلەرنى تاقاپ يۈرسە ، جولڭ بىئۇ-
پەت ، سالاپەتلىك كۆرۈنىدۇ . ئەمما ، ئۇلار بۇ كىيىم بىلەن قاغىغا
ئوخشاپ قالغان بولۇپ ، ئادەمگە ئۇلارنىڭ تۇرقى ھەجۋىي ، كۈلكىلىك
كۆرۈنۈش بىلەنلا قالماي ، كۆپرەك بىچارە ، ئاۋارە كۆرۈنەتتى . بىر قىز
تېخى تويدا ياۋروپا قىزلىرى توي قىلغاندا كىيىدىغاندەك كىيىم كىي-
مەن ، دەپ تۇرۇۋالغان ھەمدە قولدا ياسىغان گۈللەر بىلەن بېزەلگەن
يوغان چىغ قالپاق كىيىۋالغان . ئەمما گۈللەر مىجىلىپ ، مەينەت بولۇپ
كەتكەنىكەن . قەشقەر بازارلىرىدا ياۋروپانىڭ كونا كىيىم - كېچەكلىرى-
نىڭ بازىرى ، بولۇپمۇ شلەپىنىڭ بازىرى ئىتتىك ئىدى . ئەپسۇسكى ،
جۇڭگو پاسونىدىكى ئېسىل ، چىرايلىق كىيىم - كېچەكلەر ۋە بېزەكلەرنى
تاپقىلى بولمايتتى .

قەشقەر كوچىلىرىدا تۆت چاقلىق پەيتۇنلار پەيدا بولدى . ئەمما
كۆپ ئەمەس ئىدى . يوللار بەك ئوڭغۇل - دوڭغۇل بولغاچقا ، بۇنداق
پەيتۇندا ئولتۇرسا ئادەم راھەتلىنەلمەيتتى . ئەنجانلىق بىر يىگىت ۋېلىس-
پىت مىنىپ يۈردى . كوچىدا كىشىلەر شۇئان ئۇنىڭغا « شەيتان هارۋا »
دەپ ئىسىم قويۇۋالدى . كېيىن بىرى موتسىكلىت ئەكەلدى . ئەمما بۇ نۆ-
ۋەت يەرلىك كىشىلەر ئۇنىڭغا مۇۋاپىق سەت ۋە يامان ئىسىم تاپالمىدى .
ئۇنىڭ ئاۋازى بەك قورقۇنچلۇق بولغاچقا ، ئۇنىڭدىن ئادەملەر ۋە ئاتلار
بەك قورقاتتى . شۇڭا بىزمۇ دائىم ئاتلىق سىرتقا چىقساق ، موتسىكلىتقا

ئۇچراپ قېلىشتىن قورقاتتۇق. بىر كۈنى بىز ئاتقا مىنىپ ئايلانغىلى چىقتۇق. تۇساتتىن ئات ماڭماي توختىۋېلىپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلدى، پۈتۈن بەدىنى تىترەپ كەتتى. بىز يىراقتىن موتسىكلىت ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق. ئات بىرلا سەكرەپ خېلىلا كەڭ ئۆستەڭدىن ئۆتتى ـ دە، بىز نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە دالىغا قاراپ چاپتى. بۇ ھالنى كۆرگەندىن كېيىن، موتسىكلىت مىنگەن ئادەم دەرھال توختىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئاتنى توختىتىۋالدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن، بىز ھەر قېتىم ئاتلىق چىققاندا، ئات ھېلىقى قورقۇنچلۇق مەخلۇقنى كۆرگەن جايغا كەلسىلا ئۈركۈپ قاچىدىغان بولدى. موتسىكلىتنىڭ ئىگىسى يول بەك يامان ۋە مەينەت بولغاچقا، ئۇنىڭغا قونغان توپا ـ چاڭ ۋە لايىنى تازىلاشقا ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدىكەن، دېدىمۇ قانداق، پەقەتلا مىنمەس بولدى.

ئەنجانلىق بىر ئادەم قەشقەردە كىنوخانا ئاچتى. ئەمما، كىنوخانىنىڭ ئىشى تازا يۈرۈشمىدى. يەنە كېلىپ ئۇ فىلىملەرنى ئوبدان تاللىمىغاچقىمىكىن، ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئىگە بىزدەك ياۋروپالىقلارنى ھېچقانچە جەلپ قىلالمىدى.

1910 ـ يىلى، غەلىتە ئاسترونومىيە ھادىسىسىنى كۆرگىنىمنى پەقەتلا ئۇنتۇمايمەن. شۇ يىلى كىشىلەر ئەنگلىيىدە ھاللېي قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزىنى كۆردى. لېكىن قەشقەردە بىز كۆرگەن ھاللېي قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز ئالدىدا، ئەنگلىيىدە كۆرگىنى ھېسابقا پەقەت ئۆتمەيدۇ. قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنى بىز دەسلەپ كېچە سائەت ئۈچتە ئورنىمىزدىن تۇرۇپ كۆردۇق. كېيىن بىرقانچە ھەپتە كۈن ئولتۇرۇشى بىلەن تاڭ ئاسمانىنىڭ يېرىمىدا گويا غايەت يوغان كۈنلۈكنىڭ يېرىمىدەك كېلىدىغان ئاجايىپ كۈچلۈك ۋە يارقىن نۇر ( قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنىڭ ) پەيدا بولۇپ، بارا ـ بارا كېڭىيىپ، ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلاپ ئۇيۇقتا، كۆكۈش ئاسمان بوشلۇقىدا غايىپ بولدى. يەرلىك كىشىلەر قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنىڭ پەيدا بولۇشىدەك بۇ ئاسترونومىيىلىك ھادىسىدىن قورقۇپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ نېمىدىن بېشارەت بېرىدىغانلىقى ھەققىدە تۈرلۈك قىياسلارنى قىلىشتى. خەنزۇلار بولسا، بۇ ئۇلۇغ بىر زاتنىڭ ۋاپات بولۇشى ياكى دۇنيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن چوڭ

بىر ۋەقە يۈز بېرىشىنىڭ بېشارىتى، دېيىشتى. ئۇزۇن ئۆتمەي پادىشاھ ئېدۋاردنىڭ ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە خەۋەر كېلىۋېدى، ئۇلار بۇنى دەرھال قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنىڭ پەيدا بولۇشىغا باغلىدى.

مەن قەشقەردە كۈننىڭ تۇتۇلغىنىنى ئىككى قېتىم كۆردۈم. بىر قېتىم، چۈش مەھەلدە كۈن تۇتۇلدى. جاھان قاراڭغۇلىشىپ، ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلاپ كۆرۈندى. ئۇچار قاناتلارنىڭ ھەممىسى ئۇۋىسىغا كىرىپلا كەتتى. كۈن تۇتۇلۇشتىن بىر كۈن ئاۋۋال، مەن «ۋېتنىك يىللىق مەجمۇئەسى»[1] دىن ئوقۇغىنىمغا ئاساسەن، ئاشخانىدىكى خىزمەتكارلارغا، ئەتە سائەت ئوندا كۈن قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. جاھانغا نۇر چاچمايدۇ، بىر پۈتۈنلەي قاراڭغۇلۇقتا قالىمىز، دېدىم. ئۇلار مېنى ساراڭ بوپقالغان ئوخشايدۇ، دەپ قالدى. ئەتىسى ئەتىگەن سائەت ئوندا ئىرىم ئىككىمىزنىڭ كۈنگە قاراۋاتقانلىقىمىزنى كۆرۈپ ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە بىزگە مەسخىرە بىلەن قارىدى ۋە بېگىم بىلەن خانىم ئەقلىدىن ئېزىپتۇ، دەپ ئويلىدى. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي، كۈن بارا-بارا يوقىلىپ، جاھان قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى. بىز باققان ئىت ئادەمنى شۈركۈندۈرگۈدەك ئېچىنىشلىق قاۋاپ كەتتى. ئارقىدىن تۈن پەردىسى يېپىلغاندەك قاراڭغۇچىلىق بولۇپ كەتتى. كۈننىڭ ئەتراپىدا ئوت ئۇچقۇنىدەك نۇر چاچراپ تۇرىسىمۇ، جىمى جاھان سۈرلۈك، سىرلىق تۈس ئالدى. كېيىن كۈننىڭ ئەتراپىدىكى قارا سايە بارا-بارا يوقىلىپ، جىمى جاھان ۋاللىدا يورۇپ، ئىللىق قۇياش نۇرىغا چۆمدى. تولۇق كۈن تۇتۇلۇشنى «ئالدىن خەۋەر قىلىش» ئىم بىلەنلا مېنىڭ نامىم چىقىپ كەتتى. ئويلايمەنكى، خىزمەتكارلار ۋە باشقىلار مېنى چوقۇم قانداقتۇر بىر ھۈنەر ئىشلىتىپ بۇ كارامەتنى كۆرسەتتى، دەپ قالدى!

قەشقەردىكىلەر ئاينىڭ تولۇق تۇتۇلۇشىنى ئوبدان بىلىدىكەن. بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلگەن ھامان، خەنزۇلار قايناپ كېتىدىكەن. بەزىدە بىر داقا-دۇمباق چېلىنغانلىقى، چەينەك، پەتنۇسلارنىڭ ئۇرۇلغانلىقى،

[1] «ۋېتنىك يىللىق مەجمۇئەسى» — ئەنگلىيىنىڭ جوزېف ۋېتنىك 1868-يىلى تەسىس قىلغان يىللىق مەجمۇئە.

پوچاگزىلارنىڭ ئېتىلغانلىقى ،چۇقان ـ سۈرەن ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ ، ئاي-
نىڭ تۇتۇلغانلىقىنى بىلىمىز . خەنزۇلار ئاۋاز چىقىدىغانلىكى نەرسىنىڭ
ھەممىسىدىن ئاۋاز چىقىرىپ باقىدىكەن . مەن ھەتتا كونسۇلخانىدىكى
جۇڭگولۇق كاتىپنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا چىرايلىق ئولتۇرۇپ ، چوكا بىلەن
پەتنۇسنى ئۇرغانلىقىنى كۆردۈم . خەنزۇلار ئاينىڭ تۇتۇلۇشىنى يامانلىق-
نىڭ يامراپ ، ياخشىلىقنىڭ ئازلاپ ئاجىزلاپ كېتىشىنىڭ بېشارىتى ، دەپ
قارايدىكەن . شۇڭا مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن يامانلىقنى قوغلايدىكەن .
شۇڭا ئاينىڭ ئەتراپىدىكى سايىلەرنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنى ئۇزلىرىنىڭ
مۇشۇنداق كۈچەپ ، جىمى ئاۋازنى چىقارغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ، تۆھ-
پىسى ، دەپ ھېسابلايدىكەن .

## ئون تۆتىنچى باب

# قەشقەر بىلەن خوشلىشىش، ئۇرۇش تۇمانلىرى ئىچىدە ياۋروپا ئارقىلىق يۇرتقا قايتىش سەپىرى

بالىلىرىمىز ئەنگلىيىگە قايتىپ ئوقۇش يېشىغا يەتتى . 1914 – يې-
لىنىڭ بېشىدا ئېرىم دەم ئېلىشقا دوكلات يازدى . شۇ يىلى ئارايك 12
ياش ، خىلۋىيا سەككىز ياش ، كىچىك بالىمىز روبىن ئۈچ ياش ئىدى .
ئېرىم قەشقەردە يەنە ئۈچ يىل ۋەزىپە ئۆتەيتتى . شۇڭا بىز بالىلارنى
ئەنگلىيىدىكى ئۆيدە قالدۇرۇپ قويۇپ ، مەن ئېرىم بىلەن قايتىپ بۇ ۋا-
قىتنى ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۆتكۈزۈشنى پىلانلىدۇق . لېكىن بىز بالايې-
ئاپەتلىك 1914 – يىلى يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى پەقەتمۇ خىيالىمىزغا كەل-
تۈرمىگەنىدۇق . ئىلتىماسىمىز تەستىقلانغان ھامان ، بىز ئەمدى خاتىرجەم
ئەنگلىيىگە قايتىپ دەم ئالالايدىغان بولدۇق ، دېگەن ئوي بىلەن بىر قىس-
نەرسىلەرنى سېتىۋەتتۇق . ئەكېتىدىغان نەرسە – كېرەكلىرىمىزنى چ-
مادان – ساندۇقلارغا سېلىپ قاچىلاپ ، تېڭىپ ، بۇ [illegible]ر يۈكلەر بىزدىن
خېلى كېيىن ، ئاندىن ئەنگلىيىگە بارىدۇ ، دەپ ئويلاپ ماڭغۇزۇۋەتتۇق .
بۇ يامان قىياسىمىز توغرا كېلىپ قېلىپ ، بۇ يۈكلەر لوندونغا ئۈچ يىلدا
ئاندىن يېتىپ باردى !

كرېسۋېل خېنىم سالامەتلىكى تازا ياخشى بولمىغاچقا ، ئەنگلىيىگە
بالدۇرراق قايتىشقا ئالدىرىدى . شۇڭا ئۇنى ئالدىن يولغا سېلىۋېتىپ ، بىز
ئېرىمنىڭ ئورنىغا كېلىدىغان ئادەمنى ساقلاپ قالدۇق . كۆپ ئۆتمەي ،
بىز بېيىپىڭ ئارقىلىق ئەنگلىيىنىڭ گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىق

خەۋىرىنى ئاڭلىدۇق. ئارقىدىنلا ھىندىستاندىن (مۇستەملىكە ھۆكۈمەتتىن) بىزگە ھەر قانداق شەكىلدىكى دەم ئېلىش تەستىقلانمايدىغانلىقى، شۇنداقلا ئارام ئېلىشقىمۇ رۇخسەت يوقلۇقى ھەققىدە تېلېگرامما كەلدى.

بىز باشقا ئادەملەرگە ئوخشاشلا ئىنتايىن گاڭگىراپ قالدۇق. ئەمما بۇ پەيتتە پۈتۈن دۇنيانىڭ قورقۇنچلۇق بىر ئەھۋالغا دۇچ كەلگەنلىكى ئېڭىمىزغا كەلمىدى. ئەمما ماڭا ئەنگلىيىگە قايتالماسلىق قاتتىق ئەلەم قىلدى. ياۋروپادا ئىشلەنگەن نەرسە - كېرەكلىرىمىزدىن بىرىمۇ قالمىغانىدى، ئۇنى قايتا ئەۋەتىپمۇ بېرەلمەيتتى. ھەممىمىزنىڭلا قىشلىق كىيىملىرىمىز يوق، بىزگە نەرسە كېرەك ئەۋەتىپ بېرىش ئىمكانىيىتى ھەمدە باللارنى ئوقۇتىدىغان، ئىش - كۈشلىرىمىزگە قارىشىپ بېرىدىغان ئادەم يوق ئىدى. مەن بىر قوللۇق تەربىيىلەپ چىققان ئاشپەز يېگىلا ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، ھەتتا ئاشپىزىمىز يوق. شۇنداق ئەھۋالدا قانداقمۇ قىلارمىز؟

چوڭراق ئىككى بالىمىزنى ئوقۇتىدىغان ئادەم بولمىسا، ئۇلار يامان ئۆگىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۈچ ياشلىق ئوغلۇمغىمۇ كۈن بويى بىرى قارىمىسا بولمايتتى. تېخى ھىندىستاندىن كەلگەن ئىككى مېھمان بار ئىدى.

بۇ مېھمانلار بىزنىڭ ھالىمىزغا يەتتى. ئۇلارنىڭ بىرى، ھىندىستان مۇھاپىزەتچىلەر قىسمىنىڭ ئوفىتسېرى بولۇپ، بىز ئۇنى كاپىتان بلاكېر دەيتتۇق؛ يەنە بىرى جامائەتچىلىكتە تونۇلغان مەشھۇر گېئولوگ دوكتور خىگتون ئىدى. بىر كۈنى مەن بىر قولۇمنى ئىككى قىلالماي كەتكەنىدىم، كاپىتان بلاكېر ئارايىكنى ئاچچىقىپ كېتىپ، ئۇنىڭغا لاتىن تىلىدىن دەرس بەردى؛ دوكتور خىگتون روبىنتى باغقا ئاچچىقىپ، لايدىن توقاچ ۋە باشقا نەرسە ياساپ بېرىپ ئوينىتاتتى.

بىز ئادەتتىكىدەكلا بۇ ئىشلارغىمۇ كۆندۇق، ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىپ، ئىشلارنى رەتكە سېلىۋالدىم. مەن بەك ئالدىراش بولۇپ كەتكەن بولسامۇ، ئۈچ ۋاق تاماقنى ۋاقتى - قارايىدا قىلدىم. كىيىم - كېچەكلەرنى ھەم تىكىپ تەييارلىدىم، باللارنى ئوبدان تەربىيىلىدىم، ئۇلارغا

دەرس ئۆتتۇم، تېخى ئاغرىپ قالغان شۋېتسىيىلىك بىر دوستىمىزنى بىر قانچە ھەپتە باقتىم. شۇ تەرىقىدە پالاقلاپ يۈرۈپ بىر قىشنى ئۆتكۈزدۈم. ياۋروپادىن كېلىۋاتقان خەۋەرلەر ئادەمنى تەشۋىشكە سالسىمۇ، بۇ يەردە بىز خاتىرجەم، كۆڭۈللۈك ياشاۋاتاتتۇق.

بىز ھىندىستاندىن كەلگەن پوسۇلكىلار ئارقىلىق گىلگىتتىن كەلگەن روتېر (ئەنگلىيە) ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە ئىگە بولاتتۇق. پوچتىدىن ئەۋەتكەن نەرسىلەر ئىككى ھەپتىدە بىر كېلەتتى. ئىككى ھەپتىلىك خەۋەرلەرنى ئوقۇشقىمۇ كۆپ ۋاقىت كېتەتتى. گېزىتلەرگە بېسىلغان خەۋەرلەر بۇ يەرگە بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت كېچىكىپ كەلسىمۇ، ئىشەنچلىك ئىدى.

ئىككىنچى يىلى ئاپرېلدا، ئېرىم ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇقتۇرۇشتا، سىزنىڭ ئورنىڭىزدا ئىشلەپ تۇرىدىغان لورد پېرتىسى سېكس (ئۇ چاغدا ئۇ گېنېرال برىگادىر ئىدى) قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى، دېيىلگەنىدى.

بىز دەرھال يول تەييارلىقىنى قىلدۇق. ئىككى كۈندىن كېيىن لورد سېكس بىلەن سىڭلىسى ئېلا سېكس قەشقەرگە كەلدى. ئۇلار كېلىشىگە بىز يولغا چىقتۇق. سەۋەب، تەلكە ئاغزى كەلكۈندىن توسۇلۇپ قالغۇچە تېز مېڭىپ ئۇ يەردىن ئۆتۈۋالمىساق بولمايتتى. ئۇنداق قىلمىساق، تالدىنك ئېغىزى ئېچىلغۇچە نەچچە ھەپتە ساقلاپ تۇرۇپ كېتەتتۇق.

ماڭىدىغان ئاخىرقى كۈنلەردە، بىر قولىمىزنى ئىككى قىلالماي بەكمۇ تېنەش بولۇپ كەتتۇق. ھەممىدىن يامىنى، روبىن قىزىتىپ قالدى. ھىم، بىزنى تەس باستى. يولغا چىقىشىمىز كېچىكىدىغان بولدى، دەپ غەمگە پاتتۇق.

بەختىمىزگە، ئۇنىڭ قىزىتمىسى تېزلا ياندى. بىز مېڭىشتىن بۇرۇن، دوستلىرىمىزنى ئوبدانىراق كۆرۈۋالايلى، قانچە كۆپىنى كۆرۈۋالساق شۇنچە ياخشى، دەپ ئويلىغان بولساقمۇ، مېڭىشقا ئالدىرىدۇق. بىز كەتـەكمۇ چىنباغنىڭ ئىشلىرىغا جان كۆيدۈرىدىغان بىر خانىمنىڭ

بولغانلىقىدىن خۇشال بولدۇق. بۇ يەردىكى خىزمەتكار-چاكارلارمۇ شۇنداق خىيالدا، دەپ ئويلىدىم.

بىز پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ چىنباغدىن ئايرىلغان چاغدا، كەينىمگە قايرىلىپ ئۆيىمىزگە قارىدىم، بۇ، ئۇلاردىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىشىم بولۇپ قالارمۇ، قانداق، دېگەن ئوي كۆڭلۈمدىن كەچتى. ئەنگلىيىگە قايتىپ يۇرتۇمنى كۆرۈش ئالدىدا تۇرساممۇ، شۇ تاپتا كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى.

ئەگرىتاغ يوللىرى بەكمۇ يامان ئىدى، ھەممىلا يەردە قار-مۇز ئېرىۋاتاتتى، يوللاردىكى تاش سۇلارنىڭ يالىشى بىلەن ئويمان-چوڭقۇر بولۇپ كەتكەن، تاغلاردىن دومىلاپ چۈشكەن ھەر يوغان تاشلار يوللارنى توسۇۋالغانىدى ھەمدە بىز كېتىۋاتقاندىمۇ دومىلاپ چۈشۈش خەۋپى بىزنى ئەنسىزلىككە سالاتتى. مېڭىشىمىزنى قىيىنلاشتۇراتتى.

تەلكە ئېغىزىدا تار بىر جىرا بويلاپ ماڭدۇق. جىرانىڭ ئىككى تەرىپى تىك، خەتەرلىك ۋە ئېگىز قىيا، يولدا تاش كۆپ. بىز بۇ تاشلارنىڭ يېقىنىدىلا تاغدىن سۇ ۋە لاي بىلەن ئېقىپ چۈشكەنلىكىنى زادىلا ئويلىماپتۇق. ئېرىم بىلەن مەن ئاتقا مىنىپ ئالدىدا كېتىپ باراتتۇق. ئوشتۇمتۇت ئەيسا مىنگەن ئات (ئۇ ئالدىدا خىلۋىيانى ئولتۇرغۇزۇۋالغان) ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن ئۈستىدە ئادەم يوق. ئۇ ئات باشقا ئاتلارنىمۇ ئۈركۈتۈۋەتتى. بىز ئۈركۈپ چاپقان ئاتلارنى تەسلىكتە توختىتىپ كەينىمىزگە قارىساق، خىلۋىيا بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قاتتىق يىغلاۋاتىدۇ، ئەيسا ئۇنىڭ نېرىسىدىراق يەردە ياتىدۇ. خۇداغا مىڭ شۈكرى، بۇ ئىككىيلەن ئېغىر يارىلانماپتۇ. پەقەت خىلۋىيا قاتتىق قورقۇپ كېتىپتۇ. ئېرىم مىنگەن ئات خېلى ياۋاش ئىدى. خىلۋىيانى جىق گەپ-سۆز بىلەن ئات مىنىشكە كۆندۈرۈپ، ئەيسا بىلەن ئۇنى ئېرىمنىڭ ئېتىغا مىنگۈزدۇق. ئەيسانىڭ ئېتىنى ئېرىم مىندى. ھېچقانچە ماڭمايلا ئېرىم مىنگەن ئەيسانىڭ ئېتى يەنە بايىقىدەك ئۈركۈپ، باشتا بېشىنى ئويان-بۇيان بۇراپ تۇرغان جايىدا بىر ئايلاندى، ئاندىن چېپىپ كەتتى. باشقا ئاتلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ

چاپتى .ئاتلارنى توختىتىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۈركۈش سەۋەبىنى بىلدۇق. بىر تەرەپتىكى ئېگىز تاغدىن ئېرىگەن سۇ ۋە لايلار يوغان - يوغان ۋە كىچىكرەك تاشلارنى ئېقىتىپ ھەيۋەت گۈلدۈرلەپ شىددەت بىلەن تاغ باغرىنى بويلاپ ئالدىمىزدىكى يولغا چۈشۈۋاتاتتى. بۇ ئات ئىلگىرى سارىكۆلگە ( تاشقورغان ) خەت - خالتا توشۇغاچقا، ناھايىتى تەجرىبىلىك ئىكەن. تاغدىن ئاڭلىنىۋاتقان گۈلدۈرلىگەن ئاۋازنىڭ نېمە ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن. شۇڭا بۇ دورمم ئۇ بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ چېچىپ، جېنىمىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى. شۇ كۈنى ئۇ شۇ تەرزدە بىزنى بىر قانچە قېتىم ئاگاھلاندۇرۇپ، تاغدىن چۈشۈۋاتقان تاشلارنىڭ خەۋپىدىن ساقلاپ قالدى.

تەلكە ئېغىزى ئاستىدىكى ئۆتەڭ قاراكۆمۈشكە كەلدۇقتە، ماغدۇرىدىن كېتىپ تۈگىشىپ كەتكەنلەردەكلا بولۇپ قالدۇق. بۇ يەر دېڭىز يۈزىدىن خېلىلا ئېگىز بولغانلىقى ئۈچۈن، بېشىمىز ئېسىلىپ بەك بىئارام بولدۇق. بىز يېتىپ ئەمدى ئارام ئالايلى، دەپ تۇرساق، ئويناۋاتقان روبىن ئوتنىڭ تەپتىدىن قىپقىزىل بولۇپ كەتكەن مەشنىڭ كانىيىغا ئىككى قولىنى يېقىۋالدى. ئۇنىڭغا قىزىل كاناي قىزىق تۇيۇلۇپ كېتىپ تۇتۇپ باققۇسى كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىزگە ئۇيقۇ - ئاراملىق دېگەن نەرسە يوقلا بولدى.

ھېلىمۇ ياخشى، مەن فون لېكوك قەشقەردە تۇرغاندا بەرگەن ناھايىتى ئۈنۈملۈك كۆيۈك داۋالايدىغان دورىلارنى ئېلىۋالغانىكەنمەن. روبىننىڭ قولىغا شۇنى سۈرتتۈم. يول بويى شۇ دورا بىلەن ئۇنىڭ كۆيگەن قولىنى داۋالىدىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە يولغا چىقىپ تەلكە ئېغىزىدىن ئۆتتۇق. يوللارنى سۇ باسقان ۋە يول يۈزىنى ئويۇپ ئوي - دۆڭ قىلىۋەتكەنىدى. يول بويى ئاتلارنىڭ تاپى ۋە ئۆلەي دەپ قالغان ئاتلار ئۇچرىدى. بەزى تاپلارنىڭ تېنىلا، بەزىلىرىنىڭ تۆت پۇتىلا قالغان. ئۆلەي دەپ قالغان ئاتلارنىڭ پۈتۈن بەدىنى يارا، كۆرۈنۈشى ئېچىنىشلىق بولۇپ، تاپ ۋە ئۇلارنىڭ ئىككى يېنىدا بۇرۇن ئارتىلغان يۈكلەر تۇراتتى. يېقىن ئەتراپ-

تىكى ھاۋا بوشلۇقىدا، بىز ئۆتۈپ كېتىشىمىز بىلەنلا، ئۆزلىرىنىڭ دەھشەتلىك تاپ تالىشىش جېڭىنى باشلىۋېتىشىنى كۈتۈپ ئۇچۇپ يۈرگەن قۇمايلار كۆزگە چۈشەتتى.

ياللىۋالغان ئىككى قىرغىز بىزگە، خىلۋىيا بىلەن روبىننى يوتقان ئورنىدا ئىشلىتىۋاتقان خالتىلارغا سېلىپ يۇدۇپ ماڭايلى، دېۋىدى، بالىلارمۇ ماقۇل بولدى. قولى تېڭىلغان بىچارە روبىن روھلۇق، باتۇر ئىدى. بالىلارنى قىرغىزلار يۇدۇپ ماڭدى. مەن بىر قوتازغا مىندىم، ئۇنى ياشانغا بىر قىرغىز بوۋاي يېتىلەپ ماڭدى. بۇ يولدا مەن پىيادە ماڭالمايدىغان بولغاچقا، قوتاز ئۈستىدە تاسقىلىپ، يىقىلىپ كەتمەسلىككە تىرىشىپ ئولتۇرۇپ ماڭدىم. ئېرىم بىلەن ئارايىك چاكارلار بىلەن پىيادە ماڭدى. ھاۋا شالاڭ ئىدى. يۇقىرىغا ئۆرلىگەنسېرى نەپەس ئېلىش قىيىنلىشىپ، قاتتىق كۆچەشكە توغرا كېلەتتى. تاغ ئۈستىگە چىققاندا، ئارايىك يىقىلدى – دە، سىدىر – سىدىر قىلماي يېتىپ قالدى. ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بار ئاماللارنى قىلدۇق. ھەتتا چوڭلارغا ئوبدان تەسىر قىلغان براندى ھارىقىدىنمۇ نەچچە يۇتۇم ئىچكۈزۈپ باقتۇق، بولمىدى. بىز قورقۇپ كەتتۇق ۋە ئەندىشىگە چۈشتۇق. ئۇنى مەن ئالدىمغا ئېلىۋالدىم – دە، قوللىرىنى ئىككى بېقىنىمغا قويۇپ، ئۆزىنى باغرىمغا چىڭ بېقىپ ئولتۇرۇپ، تاغدىن چۈشۈشكە باشلىدىم. داۋان تىك بولغاچقا، ئىرغاڭلاپ ماڭىدىغان قوتازدا يىقىلىپ كەتمەي چىڭ ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزى چوڭ ئىش ئىدى. قىرغىزلار بالىلارنى ناھايىتى پەم بىلەن مېڭىپ تاغقا ئېلىپ چىقتى ھەمدە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئامان – ئېسەن تاغدىن چۈشتى. ئۇلاردىن بەكمۇ مىننەتدار بولدۇق. بالىلارغا بۇ ئىش بەكمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلدى. مىڭ ئىنگىلىزچىدەك تۆۋەنگە چۈشكەندە، ئارايىك تۇيۇقسىز قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. تاغ باغرىدىكى ئۆتەڭگە كەلگەندە يەنە پۈتۈنلەي ساقىيىپ قالدى. بۇنىڭدىن ئەجەبلەندۇق ۋە خۇشاللاندۇق، خاتىرجەم بولدۇق.

يەنە ئازراق مېڭىۋېدۇق، ناھايىتى پاجىئەلىك مەنزىرىنى يولۇقتۇردۇق. بۇ پاجىئەنى بىرىنچى بولۇپ ئاتلار كۆردى. ئۇلار دەسلەپتە

پۇشقۇرۇپ كەتتى، كېيىن چاپچىپ بىئارام بولۇشقا باشلىدى. ئارقىدىنلا كۆرگىنىمىز ئالدىمىزدىكى جىرانىڭ تەسكەي تەرىپىدە توڭلاپ ئۆلۈپ قالغان بىر كارۋان ئادەم ۋە ئاتلار بولدى. ئاتلار ئۆرە تۇرغىنىچە مۇزلاپ قېتىپلا قالغانىدى. ئۇلار بەلكىم قاتتىق جۇدۇن ـ چاپقۇنغا ئۇچراپ مۇشۇ تەتۈر قىسمەتكە يولۇققان بولۇشى مۇمكىن. قومايلار بولسا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قونۇۋېلىپ ئادەت بولۇپ كەتكەن ئەسكىلىكلىرىنى قىلىپ، ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرى بىلەن ئاتلارنى مەززە قىلىپ چوقۇپ يەۋاتاتتى. بىز ئاستا مېڭىپ سۆگەكلەر يېنىدىن ئۆتتۇق. بۇ پاجىئەلىك قىسمەتكە ئۇچرىغان كارۋانلارنى كەينىمىزگە تاشلاپ، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق بۇ ھالاكەت جىراسىدىن چىقىپ كەتتۇق. ئەمما بۇ دەھشەتلىك، پاجىئەلىك مەنزىرە بالىلارنىڭ قەلبىگە ئورناپ كەتتى، ئۇزۇن زامانلارغىچە بىزنىڭمۇ كۆز ئالدىمىزدىن زادىلا كەتمىدى. بۇ ئىش بۇ قېتىمقى سەپىرىمىزدە بىزگە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇردى.

مەندە بىردىنلا بۇ سەپەرنى بېسىپ ھايات تۈگىتەلمەيدىغاندەك بىر تۇيغۇ پەيدا بولۇپ، روھىم چىقىپ كەتكەندەكلا بولۇپ قالدى. بۇ تۇيغۇنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزۈمدىن پەقەت نېرى قىلالمىدىم.

خۇدايىم ئۆز پاناھىدا ساقلىدىمۇ، ياكى تەلىيىمىز ئوڭمۇ، ئەيتاۋۇر تاغ ـ چوققىلاردىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈپ، ئەنجاندا پويىزغا ئولتۇرۇپ ئۇھ، دېدۇق. بىز تەگرىتاغ رايونىدا، قار ـ مۇزنىڭ سوغۇقىدا توڭلاپ جاپا تارتقانىدۇق. رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قۇرغاق، ئىسسىق ھاۋاسىمۇ بىزنى چىدىغۇسىز دەرىجىدە قىينىدى.

رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا بىز توپ ـ توپ نېمىس ئەسىرلەرنى ئۇچراتتۇق. ئۇلار ناھايىتى روھلۇق، تېتىك بولۇپ، ئازابلانغاندەك ئەمەس ئىدى. بۇنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇرۇشنىڭ ئىزنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئەمما ئورېنبۇرگقا كەلسەك، ۋاگونلار كازاك ئەسكەرلەر بىلەن تولۇپتۇ، ۋاگون دېرىزىلىرى چۈشۈرۈلۈپ، چىلىك توسۇلۇپتۇ، ھەربىر ۋاگون ئىشىكىنى ئەسكەرلەر ساقلاپتۇ. بۇ خىل ئەھۋال بىز ئولتۇرغان پويىز سامارادا ۋولگا دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن قايتا

كۆرۈلمىدى.

موسكۋا بىلەن پېتروگرادتا ( ئۇنى كىشىلەر شۇ چاغدا شۇنداق دەيدىكەن ) بىز كۆڭۈللۈك ئويناپ ئوبدان ئارام ئېلىۋالدۇق. قەشقەردە تونۇشقان دوستلىرىمىز بىلەن كۆرۈشتۇق. رۇسىيىدىكى بۇ قېتىمقى سەپىرىمىز ئۆتكەن قېتىمقىلاردىن ۋە بىز بۇرۇن ئويلىغاندىنمۇ بەكرەك ئوڭۇشلۇق، كۆڭۈللۈك بولدى. چار پادىشاھ ھاراقنى چەكلەش پەرمانى ئېلان قىلغانىكەن، بۇ پەرمان كىشىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشىدا زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىپتۇ. ئىلگىرى دېھ-قانلارمۇ كىيىملىرى جۇل - جۇل، يۈز - كۆزى قاسماق يۈرەتتى، گەپ - سۆزى قوپال ئىدى. ۋودكا ئىچىپ مەست - ئەلەس بولۇپ، ياۋا-يىلارغا ئوخشايتتى. ھازىر تىنچ، تەرتىپلىك، رەتلىك يۈرىدىغان بوپتۇ. جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلام ۋە سىنىپلىرىدىمۇ ئۆزگىرىشلەر بولغانىدەك ئىدى. قىممەت باھالىق مېھمانخانا ۋە رېستورانلاردىن كىشىلەر ئازراق ئىسپىرت ئارىلاشقان ئىچىملىكلەرنى زادى سېتىۋالالمايتتى.

رۇسىيە ئارقىلىق ئەنگلىيىگە قايتىدىغان بىردىنبىر يول شىمال ئىدى. بۇ يول بىلەن فىنلاندىيىدىن ئۆتۈپ بوسنىيە قولتۇقىنىڭ بېشى-دىكى تورنېغا بېرىپ تورنې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، خاپاراندا تۆمۈر يول-نىڭ ئاخىرقى بېكىتىدە كرىستانىنا ( ھازىرقى ئوسلۇ ) غا بارىدىغان پو-يىزغا ئولتۇرۇپ، ئۇ يەردىن يەنە پويىز بىلەن پېرگىنغا، پېرگىندا كې-مىگە ئولتۇرۇپ نيۇكاسىلغا بېرىشقا توغرا كېلەتتى.

پويىز بىلەن پېتروگرادتىن يولغا چىقىپ ئۇزۇن ماڭمايلا، پو-يىزغا كازاك ئەسكەرلەر چىقتى، دېرىزىلەر ئېتىۋېتىلدى ھەمدە قايسى ۋاگوننىڭ دېرىزىسى ئېچىلىدىكەن، ئۆۋەتچى كازاك ئەسكەر شۇ ۋاگوننى ئوققا تۇتىدۇ، دېگەن بۇيرۇق بېرىلدى. پويىز فىنلاندىيە قولتۇقىنىڭ ئەڭ بېشىدىن ئۆتتى. بۇ يەردە مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى، قورغانلار ياسى-لىۋېتىپتۇ. كىشىلەر نېمىسلار مۇشۇ تەرەپكە ھۇجۇم قىلىدۇ، دېگەن قى-ياس بىلەن جىددىيلىشىپ كېتىپتۇ.

بىرى كازاكلارنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغانىكەن، دېرىزىدىن

ئۇققا تۇتۇپ ئېتىۋېتىلىپتۇ ،دەپ ئاڭلاپ ، يول بويى باللار قىزىقىش تۇپەيلى دېرىزە بىلەن ئېتىشىپ قالارمىكىن ، دەپ دەككە ـ دۈككىدە غەم ـ ئەندىشىدە ماڭدىم .

بىر سائەتلەردىن كېيىن ، دېرىزىلەر ئېچىۋېتىلدى . پويىز توختاپ ، ھەربىيلەر يولۇچىلارنى تەكشۈردى . بۇنداق تەكشۈرۈش بولىدىغانلىقى ئالدىن ئۇقتۇرۇلمىغانلىقى ئۈچۈن ، مەن بارىدىغان جايغىچە خېلى ئۇزۇن ۋاقىت پويىزدا ئولتۇرىمىز ، دەپ ئويلاپ ساپما كەش كېيىپ ، كىتاپ ئوقۇپ ئولتۇراتتىم ، باللار ئويۇنچۇق ئويناۋاتاتتى . ئەمما بىزگە بارلىق نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئېلىپ پويىزدىن چۈشۈش بۇيرۇلدى . بىز ھاپىلا ـ شاپىلا ئۆتۈك ، ئويۇنچۇق ۋە باشقا جىمى نەرسىمىزنى ئېلىپ ، ئالاقىزادىلىك بىلەن پويىزدىن چۈشتۇق .

بارلىق يولۇچىلار يوغان بىر لاپاسقا كىردى . ھەربىيلەر تەكشۈرۈشنى باشلىدى . ئاخبارات ھۆججىتى ۋە باشقا نەرسىلەر تىقىپ قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن ، دېگەن گۇمان بىلەن سەللا پومپايغان جاينى تېپىش ئۈچۈن ، يانچۇقلىرىمىزنى تېشىغا ئۆرۈپ تەكشۈردى ، قولىمىزنى باشتىن ئېگىز كۆتۈرگۈزۈپ بەدىنىمىزنى باشتىن ئايىغىمىزغىچە تۇتۇپ تەكشۈردى . ھەتتا بەزى يولۇچىلارنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ تەكشۈردى . كېيىن ، ئۇلار بەزى ئاياللارنىڭ ئېگىز پاشنىلىق ئاياغلىرىنىڭ پاشنىسىنى سۆكۈپتۇ ، دەپ ئاڭلىدۇق . چۈنكى بىر ئايالنىڭ كوبادا تىكىلگەن ئېگىز پاشنىلىق ئايىغىنىڭ پاشنىسىدىن مەخپىي ئاخبارات چىققانىكەن . قول سومكامدىكى چاژا ، ئىلغۇچ ، قىرىنداش ، ئۆچۈرگۈچ ، يۆتەل دورىسى قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى جوزا ئۈستىگە تۆكۈلدى . بالا ـ چاقىسىنى ئېلىپ ئۇزۇن سەپەر قىلىۋاتقان ئانا ئېلىپ يۈرگەن بۇ ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەر لازىملىق بولسىمۇ ، جوزا ئۈستىگە يېيىلغىنىدىن خىجىل بولۇپ كەتتىم .

تەكشۈرگۈچىلەر ئېرىمنىڭ يانچۇقىدىن بىر قەغەز تېپىۋېلىپ ، ئۇنى گۇمانلىق نەرسە دەپ قاراپ ئۆزلىرىچە خۇشال بولۇپ كەتتى . بۇ قەغەزدىكى خەتلەر پارسچە بولۇپ ، بۇ يەردە ھېچكىم ئوقۇيالمايتتى . ئې-

رىنىمۇ باشتا بۇ قەغەزنىڭ قانداق بولۇپ يانچۇقىغا كىرىپ قالغانلىقىنى
بىلەلمەي ئىنگىرقاپ قالدى. كېيىن ئويلاپ، بۇنىڭ تاغ ئارىسىدا
ئاتقا يەم - خەشەك سېتىۋالغاندا ئالغان تالون ئىكەنلىكىنى يادىغا ئالدى.
تەكشۈرگۈچىلەر بۇ گەپكە ئىشەنمەي، ساپاقىغا ئېسىلغىلى تۇرغانىدى،
ئېرىم ئۇلارنىڭ مەسئۇل ئوفىتسېرىغا، بۇ تالوننىڭ ھېچقانداق لازىمى ۋە
خەتىرى يوق، بۇنى كۆيدۈرۈپ تاشلاش بىلەن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ،
دەپ چۈشەندۈردى. ئوفىتسېر ئۇنى كۆيدۈرۈۋەتتى.

كېيىن، يەنە بىرقانچە ئەسكەر كىرىپ، يولۇچىلارنى بىر - بىر-
لەپ، بىر ئۆيگە چاقىرىپ ئەكىردى. ئۇ يەردە بىرقانچە ئادەم يولۇچىلار-
دىن رۇسىيەدىن قانچىلىك پۇل ئېلىپ چىققانلىقىنى سورىدى. چۈنكى ئۇ
چاغدا ھەربىر يولۇچىنىڭ مەلۇم ساندىلا پۇل ئېلىپ چىقىشىغا رۇخسەت
قىلىناتتى. بىرىنچى بولۇپ ئېرىمنى ئەكىرىپ تەكشۈرۈشتى. ئۇ تېزلا
قايتىپ چىقتى. بىرمەر چاتاققا ئۇچرىمىغاندەك قىلاتتى. ئۇ تەكشۈرگۈ-
چىگە ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي پاسپورتىنى كۆرسىتىپتۇ. ئۇنىڭدا پۈتۈن ئا-
ئىلىدىكىلەرنىڭ ئىسمى بار ئىدى. ئۇنىڭدا يەنە دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىق
پاسپورتىمۇ بار بولۇپ، پاراخوت بىلەن شىمالىي دېڭىزدىن ئۆتكۈچە نې-
مىسلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇ ئۆز سالاھىيىتىنى
ئاشكارىلاشنى خالىمىغان ۋە بۇ پاسپورتنى كۆرسىتىشكە ئالدىرىمىغانى-
دى. ئارقىدىنلا ئۆيگە مېنى ئەكىرىشتى. شىرە يېنىدا بىر ئوفىتسېر ئول-
تۇراتتى، شىرەدە ئىككى تاپانچا قويۇقلۇق ئىدى، ئارقىسىدا ئۈچ كازاك
ئەسكەر پالىلداپ تۇرغان خەنجىرى بار مىلتىقىنى تۇتۇپ ئۆرە تۇراتتى.
خەنجەرنى كۆرۈپلا دۈمبەمدىن سوغۇق تەر چىقىپ تىترەپ كەتتىم. ئو-
فىتسېر مەندىن قانچىلىك ئۈنچە - مەرۋايىت، پۇل بارلىقىنى سورىدى.
قەشقەردىن ماڭىدىغان چاغدا كىيىمىمگە 60 تىللانى تىكتۇۋالغانىدىم. ئۇنى
رۇسىيىلىكلەر بىلەن مۇناسىۋەتسىزغۇ دېگەن ئوي بىلەن ئۇلارغا رۇسىيە
پۇلىنى كۆرسەتتىم. ئۇ پۇلنى ئېلىپلا تارتمىغا سېلىپ قويۇپ، ئېرىڭىز
يېتەرلىك پۇل ئاپتۇ. سىزنىڭ پۇل ئېلىپ مېڭىش ھوقۇقىڭىز يوق،
دېدى. مەن نارازىلىق بىلدۈرۈپ، بۇ جەھەتتە مېنىڭ باشقا ئايال يو-

لۇچىلار بىلەن ئوخشاش ھوقۇقۇم بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈچ بالا بىلەن مېڭىۋاتىمىز. ئېرىمدىكى پۇل بىزنىڭ ئەنگلىيىگە قايتقۇچە يەتمەيدۇ، دېدىم. ئوفىتسېرنىڭ ئاچچىقى كەلدى ــ دە، مېنىڭدىن ئالتۇن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش پۇللۇق نەرسىلەر بار ــ يوقلۇقىنى سورىدى. ئېرىم يېنىمدا ئىدى. ئۇ ماڭا تىللانى بېرىشىمنى ئىشارەت قىلدى. ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدىم دە، تىللانى ناھايىتى تەسلىكتە تىككەن جايدىن ئېلىپ بەردىم. ئوفىتسېر تىللانى ئېلىپلا تارتمىسىغا سېلىۋېلىپ، پاسپورتۇمنى سورىدى. ئېرىم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىق پاسپورتىنى كۆرسەتتى. ئۇنى كۆرۈپلا ئوفىتسېر چىچاڭشىپ كەتتى ــ دە، نېمىشقا ئۆزۈڭنىڭ ئەنگلىيىنىڭ باش ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى بالدۇرراق ئېيتمايلا، بۇ پۇللارنى ئېلىشىمغا قاراپ تۇرىسەن، دەپ ئېرىمنى سوراق قىلىپ كەتتى. ئارقىدىن تارتمىدىن پۇللارنى ئېلىپ شىرەگە تاشلاپ، ماڭا بۇلارنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى ئېيتتى. بۇرۇلۇپ يېنىدىكى بىر رۇسىيىلىككە ئاچچىقى بىلەن رۇسچە بىر نېمىلەرنى دېدى. بىز ئۇنىڭ، ئەگەر بۇ پۇلنى بۇ ئەخمەق ئىنگلىزغا قايتۇرۇپ بەرمىسەم، مېنى ئەس بېسىشى مۇمكىن دېگەن گېپىنى ئاڭلىدۇق. بۇ ئارىلىقتا باللار ئۆزلىرىنىڭمۇ يېنىدا تىقىپ قويۇلغان مەخپىي ھۆججەت ياكى پۇل بار دېگەن گۇمان بىلەن تەكشۈرۈلىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي، كىيىملىرى ۋە ئويۇنچۇقلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، سەۋرچانلىق بىلەن بىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

بىز يەنە پويىزغا چىقتۇق. بۇنداق تەكشۈرۈشلەرنىڭ ئەمدى بولماسلىقىنى تىلىدۇق. ئەمما، شۋېتسىيە چېگرىسىغا بارغۇچە ئارىلىقتا يەنە مەجبۇرىي يوسۇندا پويىزدىن چۈشۈرۈلۈپ، جىق تەكشۈرۈشلەردىن ئۆتتۇق. ۋاگون جۇڭگو، پارس ۋە شەرقتىكى باشقا دۆلەت، رايونلاردىن ئەنگلىيىگە قايتىۋاتقان ئەنگلىيىلىكلەر بىلەن تولغانىدى. بۇ رايوننىڭ مەنزىرىسى ئاجايىپ گۈزەل ئىدى. فىنلاندىيىنىڭ « كۆل دۆلىتى » دېگەن نامى ھەقىقەتەن بىكار قويۇلمىغانىكەن. بۇ دۆلەتكە ئورمانلىقلار، كۆللەر، تاغلار ئاجايىپ كۆركەم، گۈزەل تۈس بەرگەنىكەن.

بىز ئاخىر فىنلاندىيە تۆمۈر يولىنىڭ ئاخىرقى بېكىتى بولغان، بوسنىيە يېرىم ئارىلىنىڭ ئەڭ چېتىگە جايلاشقان تورنېغا يېتىپ كەلدۇق. تورنېغا تاڭ ئەمدى سۈزۈلگەندە كەلدۇق. پويىزدىن چۈشۈپلا سوغۇق شامالدىن شۈركۈنۈپ توڭلاپ كەتتۇق. دەريادا يوغان - يوغان مۇزلار ئېقىۋاتاتتى. يولۇچى ۋە يۈك - تاقلارنى ئېلىپ مېڭىش ئۈچۈن بىر كېمە كۈتۈپ تۇراتتى. بىز سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان سوغۇقتا قىستىلىشىپ كېمىگە چىقتۇق. كېمە مۇز يارىدىغان ئەسۋابى بىلەن مۇزنى يېرىپ ئاستا مېڭىپ ئۇ قاتقا باردى. ئۇ قاتتا بىزگە يەنە بىر دەريادىن ئۆتىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇرۇشتى. بۇ، بىز ھازىر ئۆتكەن تورنې دەرياسىنىڭ يەنە بىر تارمىقى بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدىم. ئەمما بىز بۇ دەريادىن كېمە بىلەن ئەمەس، كۆۋرۈك بىلەن ئۆتتۇق. كۆۋرۈك ئۈستىگە چىقساق، ئادەمنى ئۈچۈرۈپ كەتكۈدەك قاتتىق بوران چىقتى. خىلۋىيا بىلەن روبىن ماڭالمايلا قالدى. بىزنىڭ قىينىلىپ تۇرغانلىقىمىزنى بىر چاقلىق ھارۋىنى ئىتتىرىپ كېتىۋاتقان بىر ئاق كۆڭۈل شۋېتسىيىلىك دېھقان كۆرۈپ، ئىككى بالىنى ھارۋىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈزۈپ قويدى. كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسى شۋېتسىيە چېگرا سىزىقى بولۇپ، ئۈستىدە شۋېتسىيە دۆلىتى بايرىقى لەپىلدەپ تۇرغان كىچىككىنە بىر ئۆي بار ئىدى. بۇ، چېگرادىن ئۆتكۈچىلەردىن پۇل ئېلىش ئورنى ئىدى. بىز بۇ ئۆي يېنىغا كەلگەندە، كۈلۈپلا تۇرىدىغان شۋېتسىيىلىك بوۋايغا پۇل تاپشۇردۇق. ئۇ ھارۋىدا ئولتۇرغان بالىلارنى كۆرۈپ كۈلۈپ كېتىپ، ئۇلارغا يۈك - تاق ھېسابىدا پۇل ئالدى.

كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپلا، بەدەن تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. شۇ چاغدا رۇسىيىدە داغلىق ئەسۋە، كېزىك بەك كۆپ ئىدى. شۋېتسىيىلىكلەر بۇ كېسەللىكلەرنىڭ ئۆز دۆلىتىگە تارقىلىشىنى قاتتىق تۇسۇۋاتاتتى.

بىزنى تەكشۈرگەن دوختۇر بەك ئوبدان ئادەم ئىكەن. بىزنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىمىزنى سوراپ، قەشقەردىن كەلگەنلىكىمىزنى ئاڭلاپ تۇۋلاپ دېگۈدەك:

— قەدىردان دوستۇم سۈبھىددىن دوكتورنى تونۇمسىلەر ؟ — دەپ سورىدى. سۈبھىددىننىڭ بىزنىڭمۇ دوستىمىز ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، بىزنى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا باشلىدى ۋە قەھۋە دەملەپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، بىزنى تەشۋىشكە سالغان تەكشۈرۈش ئىنتايىن دوستانە كۆرۈشۈشكە ئايلىنىپ كەتتى. دوختۇر بەك كەيپچى، خۇش چاقچاق، قىزىقچى ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ گەپلىرى كۈلدۈرۈپ كۆڭلىمىزنى ئاچقان بولسا، مەززىلىك قەھۋە تېنىمىزنى ئىسسىتتى.

شۇ كۈنى پويىز يېرىم كېچىدە ماڭىدىكەن. شۇڭا يېڭى تونۇشقان دوستىمىز بىزگە مۇشۇ ئەتراپتا بىر مېھمانخانا بارلىقى، شۇ يەردە دەم ئالغاچ پويىزنىڭ مېڭىشىنى كۈتسەك بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ يەرگە بارساق، بىزنىڭ ھەمراھلىرىمىزنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە ئىكەن. گېرمانىيىلىك بىر ئائىلە كىشىلىرىمۇ بار ئىكەن. بىردەمدىن كېيىن كارىدوردا ۋاراڭ – چۇرۇڭ بولۇپ كەتتى. چىقىپ قارىساق، ئارايىك نېمىس بالا بىلەن بۇ قېتىمقى دۇنيا ئۇرۇشىدا كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەقلىقىنى تالىشىپ مۇشتلىشىپ كېتىپتۇ. بىز قاتتىق سىلكىشلەپ بالىلارنى ئاجرىتىپ، ئۇلارغا ھازىر بىز بىتەرەپ دۆلەتتە تۇرىۋاتقانلىقىمىز، بۇ يەرنىڭ تىنچلىقىنى ساقلىشىمىز لازىملىقىنى چۈشەندۈردۇق.

ئۇرغۇن ئادەم ئىسسىق رايونلاردىن كەلگەن، ھاۋاغا لايىق كىيىملەرنى ئالمىغان بولغاچقا، زۇكام بولۇپ بەك جاپا تارتتى. پارستىن بىرنەچچە كىچىك بالىنى ئېلىپ كەلگەن بىر ئائىلە ناھايىتى نېپىز كىيىنگەنىكەن. ئەتىسى بىر بالىسى قاتتىق ئاغرىپ قالدى. بۇنداق ئىشلاردىن ئەجەبلەنگىلىمۇ بولمايتتى. ھېلىمۇ ياخشى بىز تاغلاردا كىيگەن كىيىملىرىمىزنى ئېلىۋالغانىكەنمىز.

كېچە سائەت سەككىزلەردە مېھمانخانا ئالدىغا دېھقان ھارۋىلىرى، تۆت چاقلىق يۈك توشۇيدىغان ھارۋا، چوڭ ۋە كىچىك پەيتون بولۇپ بىرمۇنچە ھارۋا، تۆت ماشىنا بىزنى ئالغىلى كەلدى. بىز يۈك – تاقلارنى ئېلىپ ئۈستى ئوچۇق بىر پەيتونغا ئولتۇردۇقتە، تورنې دەرياسىنى بويلاپ يىگىرمە نەچچە ئىنگلىز مىللىق يول مېڭىپ خاپاراندا ۋوگزالىغا

باردۇق .

ئىشىنىمەنكى ، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ، شۋېت-
سىيە ۋە فىنلاندىيە تۆمۈر يولى تۇتاشتۇرۇلۇپ ، بۇ يولدا مېڭىش ئاسان-
لىشىپ كېتىدۇ . لېكىن ئۇ چاغدا بىز تاللىغان بۇ يولنىڭ فىنلاندىيە تۆ-
مۈر يولى ئۇدۇلىدىكى خاپاراندىغىچىلا بارغان بولۇپ ، كۆۋرۈك سېلىنمى-
غانىدى . شۇڭا قىشتا كىشىلەر دەريادىن ئات قوشقان چانا بىلەن ئۆ-
تەتتى .

بۇ يەر شىمالىي قۇتۇپقا يېقىن ئىدى ، ھەر يىلى مۇشۇ
ئايلاردا ( 5 ـ ئايدا ) كۈن يېرىم كېچە مەھەلدە ئولتۇراتتى . شۇڭا ھاۋا
سوغۇق ، يەر مۇز ، سوغۇق شامال ئۇرۇپ تۇرغان بولسىمۇ ، ۋوگزالغىچە
ئارىلىقتىكى بىز ئىلگىرى كۆرگەنلەرگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان كېچە
مەنزىرىسى ۋە زېمىن بىلەن كۆك ئارىسىدىكى ئاجايىپ گۈزەل رەڭلەر
بىزدە ئىنتايىن ياخشى خاتىرىلەرنى قالدۇردى .

يول تاغ ئارىسىدىكى قارىغايلار ئارىسىدىن ئۆتكەنىدى . بۇ
ئەتراپتا ماشىنا كۆپ ئەمەس ئىدى . ئاندا ـ ساندا ئۆتكەن ماشىنىلار ئا-
دەم ياكى يۈك بېسىپ ماڭغان ھارۋا ، پەيتونلارغا قوشۇلغان ئاتلارنى
ئۈركۈتۈۋېتەتتى .

بىز خاپاراندادا پويىزغا ئولتۇرۇپ ، شۋېتسىيە دۆلەت چېگرىسى-
دىن ئۆتۈپ ئورېبروغا باردۇق . ئۇ يەردە پويىز ئالمىشىپ كرىستاناغا
بېرىپ ، ئۇ يەردىن ئوڭۇشلۇق ھالدا بېرگىنغا بېرىۋالدۇق . ئاق قار قاپ-
لىغان تاغ ئېغىزىدىن ئۆتكەندىن كېيىن تولىمۇ گۈزەل مەنزىرىلىك بىر
قولتۇق كۆزىمىزگە چېلىقتى . بۇ قولتۇق بېرگىندىكى دېڭىزغا تۇتىشات-
تى .

بېرگىندىن پاراخوتقا ئولتۇرۇپ نيۇكاسىلغا بارغىچە جېنىمىز
تۇمشۇقىمىزغا كېلىپ قالدى . بۇ ، سەپىرىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر بۆ-
لىكى ئىدى . پاراخوت جىق يۈك بېسىلمىغاچقا يېنىك ئىدى . يولغا چى-
قىشىمىزغىلا دەھشەتلىك دولقۇنلار پاراخوتنى ھېلى كۆتۈرۈپ چوققىغا
ئېلىپ چىقسا ، ھېلى پەسكە ئاتاتتى ، ھېلى ئىككى ياققا قاتتىق چايقايت-

تى. ھەممىلار ئادەمنىڭ بېشى قېيىپ كۆڭلى ئاينىپ ئېغىر كېسەل ئادەمدەك بولۇپ قالدى. بىزمۇ بۇنىڭدىن خالىي ئەمەس ئىدۇق.

پاراخوتتا مەن ۋاقتىنىڭ كۆپىنى پاراخوت بېشىدىكى كۆرۈنۈش سۇپىسىغا چىقىۋېلىپ سۇ مىناسى ئىزدەۋاتقان ئادەمگە قاراپ ئولتۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. دېڭىزدا بىرەرمۇ كېمە ـ پاراخوتنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. بىر كۈنى كېچىدە مەن ئۆز بۆلمەمگە قايتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەنگلىيىلىك بىر بالا مېنىڭ بۆلمەمگە كېلىپ، پاراخوتىمىزنىڭ سۇ مىناسىغا سوقۇلۇپ كەتكىلى تاس قالغانلىق خەۋىرىنى ماڭا ئالايتەن يەتكۈزدى. ئەلۋەتتە، مەنمۇ بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولغانىدىم.

قاتتىق بوران ـ چاپقۇن بىز شوتلاندىيە ئەتراپىغا كەلگەندە سەل پەسلىدى. دېڭىز يۈزى تىپتىنچ بولغاندا، يولۇچىلار پالوبىغا چىقتى. قىرغاققا يېقىنلاپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن خاتىرجەم بولۇپ، ئۆزىمىزنى بىخەتەر سەزدۇق. خۇشال بولغان يولۇچىلار ئارىسىدا كۈلكە ـ چاقچاق كۆتۈرۈلدى، بىر ـ بىرىگە ئۈلىنىپ ناخشا ئېيتىلدى. نيۇكاسىلغا كەلگەندە، بىرى توساتتىن پاراخوتىمىز ئابېردىن ئەتراپىدىن ئۆتۈشىنىڭ بىر ـ ئىككى سائەت ئالدىدا، يوغان سۇ پاراخوتى سۇ مىناسىغا سوقۇلۇپ چۆكۈپ كېتىپتۇ، دېگەنىدى، ھەممىمىز قورقۇپ، دېمىمىز ئىچىمىزگە چۈشۈپلا كەتتى. كېيىن ئاڭلىساق، بىز ئولتۇرغان پاراخوتمۇ قايتىش يولىدا سۇ مىناسىغا سوقۇلۇپ كېتىپتۇ.

پاراخوتتا رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ نيۇكاسىلدا قىرغاققا چىقتۇق. پاراخوت شوتىسى يېنىدا ئىككى ھەقىقىي ئەنگلىيە ساقچىسى تۇراتتى. ئۇلارنى كۆرۈپلا كۆڭلۈم ئاجايىپ بولۇپ كەتتى. يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇلارنى قۇچاقلاپ راسا يىغلىغۇم، شۇ ئارقىلىق يول بويى چەككەن رىيازەتلىرىمدىن قۇتۇلغۇم كېلىپ كەتتى. ساقچىلارنى قۇچاقلاشقا مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىمكانقەدەر كىشىلەرگە كۆرسەتمەستىن ياش تۆكتۈم.

ئەتىسى ئۆيىمىزگە ئامان ـ ئېسەن يېتىپ بېرىپ، ئاپام بىلەن سالامەت كۆرۈشتۈم. قەشقەردىن ئايرىلىدىغان چاغدا ئاپامغا يازغان خې-

تىمدە، ئۇنى كۈن ساناپ، يولىمىزغا بەك تەلمۈرۈپ كەتمىسۇن، نيۇكاسلغا بارغاندا، تىنچ-ئامان يېتىپ كەلگىنىمىزنى خەۋەر قىلىۋەتسەملا بولىدۇ، دەپ ئويلاپ يولغا چىقىدىغان ئېنىق ۋاقتىمىزنى ئەتەي يازمىغاندىم.

مەن ئەنگلىيىدە يېرىم يىل تۇرغاندىن كېيىن، بالىلارنى مەكتەپكە بېرىپ ئەنگلىيىدە قالدۇرۇپ، ئۆزۈم ئېرىم بىلەن قەشقەرگە قايتىمەن، دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق ئۇرۇش داۋام قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئاياللارنىڭ سىرتلارغا چىقىپ سەپەر قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمىدى. شۇڭا ئېرىم ئۆزى يالغۇز قەشقەرگە قايتتى. ئۇ يەنە ئۈچ يىل ۋەزىپە ئۆتىگەندىن كېيىن، ۋاقتى توشۇپ قايتىپ كېلەتتى. مەن قەشقەردە 17 يىل تۇرغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇ ئۆيۈمدىن ئاخىر خوشلىشىپ، پۈتۈنلەي ئايرىلدىم.

بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1997 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1997 ـ يىل 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据新疆人民出版社1997年9月第1版、1997年第1次印刷本翻译出版.

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇختار مامۇت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ماۋيۇلۇڭ

دىپلوماتىيە ئەمەلدارى خانىمنىڭ ئەسلىمىسى.
قەشقەرنى ئەسلەيمەن
ئاپتورى: كاتارىن ماكارتنىي (ئەنگلىيە)
تەرجىمە قىلغۇچى: مەريەم مەمتىمىن
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 8.5 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2000 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3,000
ISBN7—228—06035—0/K·873
باھاسى: 11.90 يۈەن